# زور مەغلۇبىيەت

# 大失败



## 20-ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى

## - 二十世纪

## 共产主义的兴亡

ھەربىي ئىشلار ئىلمى نەشرىياتى

军事科学出版社

قۇتادغۇبىلىك
Qutad.Biz

www.kitaphumar.com

# زور مەغلۇبىيەت

## 20-ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى

زبىگنېۋ برېزىنسكىي



**تەرجىمانلار:** شەھىدە (كەڭساي مۇنبىرىدىن)، تۇنىيۇقۇق (لوپنۇردىن)، نەپرەت2009 (ئوكيان توردىن)، نوشىرۋان (ئەلبەھرە توردىن)، ئايسۇلتان (باغداش مۇنبىرىدىن)، شاكىرە (باغداش مۇنبىرىدىن)، نۇرئەخمەت نامەت (يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازار ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، سەھران (قەشقەردىن)، ئابدۇۋەلى ئالىم ئويتاغ (ئاقتۇ ناھىيىسىدىن)، تۇرسۇنجان ھىمىت (يوپۇرغا ناھىيە باي ئاۋات ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، باسمىل (ئۈرۈمچىدىن)، سەۋرىيار (باغداش مۇنبىرىدىن)؛ (يەنە بىر تورداش بىلەن ئالاقە قىلالمىغانلىقتىن ئىسمى بېرىلمىدى، كېيىن ئالاقە قىلالىسام تولۇقلاپ قويىمەن).

زبىگنېۋ بېرزىنسكىينىڭ «زور مەغلۇبىيەت: 20-ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىنى 1989-يىلى نيۇيورك ماكمىللان نەشرىياتى نەشر قىلغان. خەنزۇچە نەشرى موشۇ نەشرىياتنىڭكىگە ئاساسەن 1989-يىلى تەرجىمە قىلىنغان، جۇڭگو ھەربىي ئىشلار پەن-تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلغان. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى جۇڭگو ھەربىي ئىشلار پەن-تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى، نيۇيورك ماكمىللان نەشرىياتى نەشر قىلغان ئىنگلىزچە نەشرىگە سېلىشتۇرۇلدى.

تەھرىرلىگۈچى: نەپرەت

# ئاپتور ھەققىدە:

زبىگنېۋ برزىنسكى - ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىستراتېگىيىچىسى، جۇغراپىيىۋى سىياسەتچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ئېستراتېگىيىلىك نەزەرىيە ئاساسىنى ياراتقۇچىسى زبىگنېۋ برزېنسكىي 1928-يىلى3-ئاينىڭ 28-كۈنى پولشانىڭ پايتەختى ۋارشاۋادا تۇغۇلغان. 1938-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن كانادادا كۆچمەن بولۇپ بارغان. 1949-يىلى كانادا مونترېئال شەھىرىدىكى مجىل ئۇنىۋېرسىتېتى (McGillUniversity) نى پۈتتۈرگەن. ئىككىنچى يىلى ئامېرىكا خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1958-يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 1960-يىلى، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ۋە ھۆكۈمەت ئىلمىنىڭ مۇئاۋىن پرافېسسورى بولغان. 1961-يىلى،پرېزىدېنت كېنىدى بىرژىنسكىينى دېپلوماتىيە سىياسىتى مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان. 1962-يىلى، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پرافېسسورى بولغان، بىرلا ۋاقىتتا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى كوممۇنىزم مەسىلىلىرى تەتقىقات ئورگىنىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1966-1968-يىللىرى، جونسۇن ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي پىلان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1977-1981-يىللىرى، پرېزىدېنت كارتېرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بولغان. سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت فاكولتېتىنىڭ پرافېسسورى ،ئامېرىكا جورجى شەھىرى ئۇنىۋېرستېتى (Georgetown Unive) خەلقئارالىق ئېستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان.

# ئاساسلىق ئەسەرلىرى:

1.مەڭگۈلۈك تازىلاش_سوۋېت ھاكىم مۇتلەقلىقىدىكى سىياسەت
Totalitarianism) The Permanent Purge: Politics in Soviet
((1956

2.سوۋېت گۇرۇھى:بىرلىك ۋە ئىختىلاپ
Unity and Conflict) :Soviet Bloc &

3.ئىككى دەۋر ئارىسىدا:ئامېرىكىنىڭ ئېلېكترون تېخنىكىسى دەۋرىدىكى رولى
America's Role in the Technetronic : Between Two Ages

4.ھوقۇق ۋە پىرىنسىپ:دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسىنىڭ ئەسلىمىسى /
and Principle: Memoirs of the National Security Power)
Adviser

5.مۇسابىقە لاھىيىسى:ئامېرىكا سوۋېت رىقابىتىدىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە تۈزۈلمىسى
Conduct of Game Plan: A Geostrategic Framework for the)
(the U.S. - Soviet Contest)(1986

6.زور مەغلۇبىيەت: 20-ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولىشى
MGrand Failure: The Birth and Death of Communism in the
Century Twentieth

7.كونتروللۇقنى يوقىتىش: 21-ئەسىر ھارپىسىدىكى دۇنياۋى قالايمىقانچىلىق ,
Turmoil on the Eve of the 21st Out of Control: Global)

Century)

8.چوڭ شاھمات تاختىسى-ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورنى ۋە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىملىقى -
The Grand Chessboard: American Primacy and Its )
Imperatives) Geostrategic

9.تاللاش-يەرشارىۋى ھۆكۈمرانلىق ياكى يەرشارىۋى رەھبەرلىك
The Choice: Global Domination or Global Leadership (2004) ;

10.ئىككىنچى قېتىملىق پۇرسەت-ئۈچ پرېزىدېنت ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ كىرزىس
Second Chance: Three Presidents and the Crisis of American)
Superpower
(The Choice: Global Domination or Global Leadership) (2004)

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................................................... 11

**بىرىنچى قىسىم: زور مەغلۇبىيەت ................................. 30**

1 ـ باب لېنىنىزمنىڭ مىراسى.......................................... 32

2 ـ باب ستالىنىزمنىڭ ئاپىتى.......................................... 40

3 ـ باب قاتماللاشقان ستالىنىزم......................................... 57

4 ـ باب ئىسلاھات قىيىنچىلىقلىرى..................................... 70

**ئىككىنچى قىسىم: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى .............. 84**

5 ـ باب خام خىيالدىن رېۋىزىئونىزمغىچە ............................... 87

6 ـ باب پارچىلىنىشنىڭ ئون چوڭ سەۋەبى ............................. 101

7 ـ باب كوممۇنىزم تەرەققىي قىلىۋاتامدۇ ياكى يىمىرىلىۋاتامدۇ؟

150 ...........................................................

**ئۈچىنچى قىسىم: ئورگاننىڭ يەكلىنىشى............................ 162**

8 ـ باب ئىدىئولوگىيىنىڭ كۆچۈشى ۋە ئۆزگىرىشى ....................... 165

9 ـ باب پولشا جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئازاد قىلىشى ............. 176

10 ـ باب ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىقتىن سىياسىينىڭ كۆپ خىللىقىچە'

184 ...........................................................

11 ـ باب رايونلۇق مالىمانچىلىقنىڭ كۆرۈلىشى ......................... 199

12 ـ باب ئىمپېرىيىنىڭ تارىيىشى........................................ 216

**تۆتىنچى قىسىم: سودا كوممۇنىزمى ................................ 223**

13 ـ باب جۇڭگو ئىككى قېتىم يولغا قويغان ئۈچ قېتىملىق سىناق
228 ........................................................................................
14 ـ باب سىياسىي توقۇنۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ دۇنياغا كېلىشى
238 ........................................................................................
15 ـ باب ئىسلاھات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ جانلىقلىقى
248 ........................................................................................
16 ـ باب ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى ................................ 265

**بەشىنچى قىسىم : سىبىق نامى پۈركەتكەن كوممۇنىزىم ئەمەلىيىتى** ........................................ **281**

17 ـ باب ئىنقىلابىي كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن يىللىق پارلامېنتقىچە ........................................................ 286
18 ـ باب كوممۇنىزىم بىلەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئادا ـ جۇدا بولۇشى ........................................ 298
19 ـ باب كوممۇنىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىي ساھەسىدىكى مەغلۇبىيىتى ........................................ 313
20 ـ باب يەر شارىۋى ئىدېئولوگىيىنىڭ زور بۆلۈنۈشى ................ 334

**ئالتىنچى قىسىم: كوممۇنىزىمنىڭ ئازابلىق تىركىشىشى ......... 340**

21 ـ باب كوممۇنىزىمنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسى............................ 342
22 ـ باب تارىخىي خاتىرىلەر ................................................ 352
23 ـ باب كەلگۈسىگە نەزەر................................................. 364
24 ـ باب كېيىنكى كوممۇنىزىم .............................................. 377

# قوشۇمچە

ئىنگلىزچە مۇندەرىجىسى

The Grand Failure

The Grand Failure.....13

The Leninist Legacy......17

Catastrophe......22 The Stalinist

Stalinist......33 Stagnant

of Reform....41 The Paradox

Disunion The Soviet Ⅱ

Revisionism......55 From Vision to

Dynamics of Disunion .....65 The Ten

An Evolving or Decaying Communism.....95

Organic Rejection....103 Ⅲ

Transmutation....107 Ideological Transplantation and

Society's Self_Emancipation.....114 Polish

From Social Solidarity to Political Pluralism....120

Unrest....129 The Emerging Regional

Imperial Retrenchment....140

Commercial Communism....145

150.... China's Double Three Tries

Conflict and the Birth of Political d) \9 G' Z) |: h0 N 6

Reform.....157

Reform Strategy and Ideological Flexibility.....164

Revolution.....175 The Real Cultural

Praxis V Discredited

Revolutionary Comintern to Annual Convention ....192 From

Political Irrelevance in the Developed World ....200

Developing Countries....210 Socioeconomic Failure in the

Global Ideological Disintegration....225

The Agony of Communism...229 VI

232.... The General Crisis

Historical Record.....236 The

Future Prospects.....243

Post_Communism.....252

# كىرىش سۆز

بۇ كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىرزىسىنى بايان قىلغان كىتاب. كىتابتا كوممۇنىزم تۈزۈمى ھەمدە ئەقىدىسىنىڭ پەيدىنپەي يىمىرىلىش باسقۇچى، كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىنى تەسۋىرلىگەن ھەم تەھلىل قىلىنغان. كىتابتا كېسىپ ئېيتىدۇكى، كېلەركى ئەسىرگە بارغاندا، كوممۇنىزم ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە تارىختىن يوقىلىدۇ، كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئەقىدىسى ئىنسانلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى قالمايدۇ. كوممۇنىزم پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىدىن (گەرچە بەزى سىرتقى بەلگىلىرىنى ساقلاپ قالسىمۇ) ۋاز كەچكەندە ئاندىن گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ، كوممۇنىزم 20-ئەسىردىكى ئەڭ غەيرىي بولغان سىياسىي بىلەن ئىدراكنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى.

مەزكۇر كىتابتا ئالتە تەرەپتىن ئىسپاتلاش قىلىنغان. بىرىنچى قىسىمدا كوممۇنىزمنىڭ تارىخىي كىرزىسىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى مەغلۇپ بولغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئىككىنچى قىسىمدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلاھات قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر لاپ تەكشۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئىچكى يىمىرىلىش ياكى مالىمانچىلىقنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىدۇ. ئۈچىنچى قىسىمدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا مەجبۇرىي تاڭغان كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى كەلتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاقىۋەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، شەرقىي ياۋروپا پولشانىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىشىنى يول باشچى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەجبۇرىي تاڭغان كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىنى ئەيىبلەش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى قىسىمدا جۇڭگونىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە كوممۇنىزم سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارقىلىق، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەمدە بۇرۇنقى

تەلىماتلىرىدىن ۋاز كېچىشى سەۋەبلىك، جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ئاشماقتا دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. بەشىنچى قىسمىدا خەلقئارالىق كوممۇنىزمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە زەئىپلىشىشىنى نۇقتىلىق شەرھىيلەيدۇ. ئالتىنچى قىسمىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كوممۇنىزمنىڭ قىيامىتىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، كېيىنكى كوممۇنىزم دەۋرىدىكى كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھادىسىلەرگە نەزەر سالىدۇ.

كوممۇنىزم 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقىتتا دەۋر سۈرۈشىنىڭ سەۋەبى كوممۇنىزم زامانىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا «زور ئىخچاملاش» ئېلىپ باردى. كوممۇنىزم مال-مۈلۈكنى شەخسلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى رەزىللىكنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۆزىچە مال-مۈلۈكنى شەخسلەشتۈرۈشنى بىكار قىلسا ھەقىقىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئىنسانىي پەزىلەتنى مۇكەممەللىككە يەتكۈزىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كەلگۈسى نەچچە مىليونلىغان خەلقنىڭ قوللىشى ۋە تەلپۈنۈشىگە ئېرىشتى، ئۇلارغا ئۈمىد ئاتا قىلدى. شۇڭا، كوممۇنىزم پىسخىك جەھەتتە سىياسىيدا يېڭىلا ئويغانغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا دەل ماس كەلگەن ئىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزم بىلەن نەچچە چوڭ دىنىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدە مەلۇم ئوخشاشلىقى بار. نەچچە چوڭ دىنىنىڭ ھەر بىرى بىر خىل مەركەز تەلىماتىنى يارىتىپ، ھاياتنىڭ ئۆزلىكى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈشەندۈرۈش ئەتراپلىق ھەم ئىخچام بولۇپ، ئىنتايىن چاقىرىق قىلىش كۈچىگە، تەسەللى بېرىش كۈچىگە.

كوممۇنىزم تەلىماتى نەچچە چوڭ دىنغا ئوخشاش، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى كىشىلەرگەن ئوخشىمىغان شەرھىيلەرنى بېرىدۇ، ئەڭ ئاددىي يەشمىسى بار، خىلى مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئۇقۇملىرى بار. مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىنىپىي كۆرەش ھاياتنىڭ بارلىق قىسمى ھەممە كوممۇنىزم جەمئىيىتى كىشىلەرگە غايەت زور بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلسىلا يېتەرلىك. پىسخىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى» گە قارشى تۇرۇشتەك دەھشەتلىك زوراۋانلىقنىڭ ھەققانىي قىلمىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش نۇقتىئىنەزىرى ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن كىشىلەرنى ئالاھىدە خوش قىلىدۇ. «خەلق دۈشمەنلىرى» دەل ئۆتمۈشتە نۇرغۇن ماددىي بايلىقى بولغان،

هازىر كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىۋاتقان، ئېزىلىۋاتقان ۋە يوقىتىلىۋاتقان كىشىلەردۇر.

ئەمما، كوممۇنىزم كىشىلەر قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ كۆز قارىشى كەسكىن جاۋابى بولۇپلا قالماي، ئۆزىنى جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئەقىدە دەپ قاراپلا قالماي، يەنە بىر خىل ئامىباب ئىدىيە سىستېمىسى، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنى ئۆزگىچە چۈشەندۈرىدۇ. كوممۇنىزم يېقىندا بىلىمگە ئېرىشكەن قاتلامنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيانى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ بېقىش ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈردى. شۇڭا، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماركسىزم نەزەرىيىسى ئىنسانىيەت تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچىنى تەمىن ئەتكەندەك بولدى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىگە باھا بېرىشتىكى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، بىر خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش سىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان زىل نەزەرىيە ۋە بىر قاتار ئىجتىمائىي مەقسەت ئامىللىرىغا ئالاقىدار چۈشەنچە ئىدى. «تارىخىي دىئالېكتىكا» نىڭ نۇقتىئىنەزىرى قارىماققا رېئالىي زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قىممىتى بار ئۇسۇلدەك قىلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا، سىياسىي ھەرىكەت ئارقىلىق دۇنيادىنى قوزغىلىدىغان «ئىنقىلاب»نى ئىلگىرى سۈرۈشنى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دۆلەت كونترولى ئارقىلىق مۇۋاپىق پىلانلانغان ھەققانىي جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەكىتلەيدىغان، ئىدراكنى ئاساس قىلغان ھەرىكەت قوللىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچى بار.!

شۇڭا، كوممۇنىزم كاللىسى ئاددىي ۋە كاللىسى مۇرەككەپ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئوخشاشلا جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ھەر بىر كىشى كوممۇنىزمدىن نىشان تۈيغۇسى، رازى بولغان چۈشەنچىگە ۋە بىر خىل مەنىۋى ئىشەنچە ئېرىشكەندەك بولىدۇ. كوممۇنىزم بۇ ئىشەنچ كوممۇنىزم مۇرىتلىرىغا ئۆزىنىڭكىنى توغرا ھېسابلايدىغان، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، ئىشەنچكە تولغان تۈيغۇغا چۆمدۈرىدۇ. كىشىگە ھەممە ئىشلار شەكسىز دەپ ھېس قىلدۇرىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىنى پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن دەپ جاكارلىدى. شەخسىنىڭ ئەقلىي تەربىيىلىنىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياكى تەربىيىلىنىشى ئەسلىدىنلا كەمچىل بولسۇن، كوممۇنىزم دەل ۋاقتىدا يېتەكچىلىك ۋە تارىخىي تەسەللى بېرىدۇ، ئىنتايىن

مۇھىم بولغىنى، كوممۇنىزم بىۋاستە سىياسىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرغان.

بۇنىڭدىن سىرت، كوممۇنىزم نەزەرىيىسى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىدراكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنسانلار قىلمىشىنىڭ بۇ ئىككى خىل مەركىزىي مەنبەسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر قىلغان. سىياسىي ھېسسىيات ئېھتىمال غايەت زور سىياسىي كۈچكە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بىلىم ساھەسىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش نەزەرىيىلىرى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىدى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش يەنە سىياسىي كۈچنى تەڭشەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. سىياسىي ھېسسىيات بىلەن ئىدراك بىرلىكتە غايەت زور، كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن دۆلەت ھاكىممۇتلەقلىكىنى بەرپا قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 20-ئەسىر دۆلەتلەر ئەسىرى بولۇپ قالدى. بۇ تەرەققىياتنى ئاساسىي جەھەتتىن ھېچكىم ئويلاپ يېتەلمىگەن. دەرۋەقە، ئەينى چاغدىكى داڭلىق كىشىلەرمۇ سەرگەردان گېرمانىيىلىك كۆتۈپخانا باشقۇرغۇچى ئىنچىكىلىك بىلەن شەرھىلىگەن، 19-ئەسىر بىلەن 20-ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان روسىيىلىك رىسالە يازغۇچىسىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغان كۆز-قاراشىنىڭ 20-ئەسىردە بىر مەھەل گۈللەنگەن تەلىماتقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپامۇ بۇ تەلىماتنىڭ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان تۈزۈلمىنىڭ ماھىيىتىگە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن خىرىس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى، ھازىرقى پەلسەپە ئاساسى ئادەتتە مۇستەھكەم، ھەتتا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

خۇددى ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك، 1900-يىلىنىڭ بىرىنچى كۈنى كېلىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ ئاخىرقى بىر ئەسىرىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئادەتلەنگەن پەرەزلىرى تولۇپ كەتتى. پەرەزلەر تەبىئىيلا ھەر خىل بولىدۇ. ئىككى ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە، غەرب دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق ژۇرناللىرى ۋە سىياسىئونلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاساسىي مۇقام چوڭ جەھەتتىن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى، ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسا ھازىرقى ھالەتكە بولغان بىر خىل ئۆز ئۆزىدىن كۆرەڭلەش، گۈللەپ ياشنىغان كەلگۈسىگە بولغان مەستلەرچە مەدھىيە، ئىقتىساد ۋە سىياسىي ئەمەلىي كۈچنى زورايتىشقا بولغان (ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا) زور ئۈمىدلەر ئىدى.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» 1900 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «سودىغا نەزەر» سەھىپىسىدە:«گۈللىنىش ئامېرىكا ساناڭئىتىنىڭ ھەر بىر كەسپىگە كىردى. دېھقانلار كان، زاۋۇت ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارغا ئوخشاش ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنى-شكە ئېرىشتى» دەپ جاكارلىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ تەكشۈرۈش ئانالىزى ئەڭ ئاخىرىدا كېسىپلا:«ئامېرىكىدا، بىز ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدا چەكسىز گۈللىنىشكە ئېرىشەلەيمىز، گۈللىنىش دۆلىتىمىزنى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ۋىليام ماككىنلىي 1900 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋە ئامېرىكا پرېزىدېنتى سېئودورې روزىلۋېت 1902 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلان قىلغان دۆلەت ئەھۋالى دوكلاتىدىمۇ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان مۇقام تووۇلانغان ئىدى. ئەمما سېئودورې روزىلۋېت بىرلا ۋاقىتتا:«20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، بىز نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئېغىر تاشقى مەسىلىلەر ۋە تېخىمۇ ئېغىر دۆلەت ئىچى مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما ئۇمۇ تەكىتلەپ:«خەلقىمىزدە ماددىي پاراۋانلىق ئەزەلدىن ھازىرقىدەك مۇنداق ئومۇملىشىپ باققان ئەمەس......ئەلۋەتتە، ئوبيېكتىپ شەرت مۇنداق كۆپ نەرسىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغاندا، ھەم بەزى نۇقسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا پايدىلىق......بۇ نۇقسانلار ئەمەلىي مەۋجۇت، بەزىلىرىنىڭ تەھدىتى بار. ئەمما بۇلار ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە چۈشكۈنلىكنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس، بەلكى گۈللىنىشنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى» دېدى.

ئاخبارات ساھەسىنىڭ باش ماقالىسى قارىغۇلارچە ئەگىشىشى بۇ خىل كەيپىيات بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. دېموكراتىيەگە ئىشىنىش بىلەن ئامېرىكىغا ئىشىنىش بىر ئىش دەپ قارالدى. «شىمالىي ئامېرىكا ئوبزورلىرى» ئېلان قىلغان «20 ـ ئەسىرنىڭ يۈكى» ناملىق ماقالىدە كەلگۈسىدىكى دېموكراتىيەلىشىش مەسىلىسىنى مەركەزلىك بايان قىلغان. مەزكۇر ژۇرنال ئىنتايىن ئىشەنگەن ھالدا:«بىز چوقۇم ئامېرىكىغا ئۈمىد باغلىشىمىز كېرەك ھەمدە پەقەت ئامېرىكىغىلا ئۈمىد باغلىغىلى بولىدۇ...... بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر قانچە كۆپتۈرسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، 1999 ـ يىلى ياكى 2000 ـ يىلى ئىنسانلار ئارىسىغا

قايتىپ كېلشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇ چاغدا ئاڭلىغان جاۋابىمىزنىڭ دېموكراتىيەگە پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ جاۋابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاۋاب بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن ئىدى. 1900ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» كۆرەڭلىگەن هالدا ئامېرىكىنىڭ چەتئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرىدىكى بۇرچىنى تەكىتلىدى، بۇ ئارقىلىق يېڭى ئەسىرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. مەزكۇر گېزىت خوشال-خورام هالدا: «مۇستەملىكىلەر بىزنىڭ، كېڭىيىشكە قارشى تۇرىدىغان بارلىق گەپلەر سېغىزخاننىڭ قاقىلدىغىنىدەك يېقىمسىز ئاڭلىنىدۇ» دېدى.

ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا، كىشىلەر ئوخشاشلا ئىشەنچە تولغان، كەلگۈسىگە قارىتا ئوخشاشلا ئۈمىدكە تولغان ئىدى. ئەنگلىيەدە، «لوندون ۋاقىت گېزىتى» (بۇ گېزىت تېخىمۇ توغرا هالدا 1901ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى يېڭى ئەسىرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋالغان) ئېلان قىلغان ئوبزوردا ئۈمىدۋار شوۋىنىزم تۇيغىسى تولغان بولۇپ:«بىزنىڭ ئىشىنىشىمىزچە ئاساسىمىز بار، ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئەۋلادلىرى 20ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكىگە ئوخشاش ئېغىر سىناقلاردىن مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۆتەلەيدۇ. ئۇ چاغدا، ئۇلار ئىتتىپاقلاشقان بىر ئىمپېرىيىۋى مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ياشايدۇ ۋە گۈللىنىدۇ، 'ئىنسانىيەت ئىشلىرىنىڭ قورغىنى' بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. ئەمما، ئامېرىكا ساناڭەت كۈچىنىڭ گۈللىنىشى ئەكسىچە ئەنگلىيىنىڭ زومىگەرلىك ئورنى قارىتا پەيدا قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تەهدىتى مەسىلىسىدە، مەزكۇر گېزىتنىڭ هۆكۈمى كۆپ سوغۇققان ئىدى. 1900ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنىدىكى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» «لوندون ۋاقىت گېزىتى» دىن نەقىل قىلغان بىر جۈملە سۆزدىن ئەنگلىيەنىڭ ئەندىشىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئەنگلىيەنىڭ كۆپ ئارقىسىدا قالغانلىقىدەك رېئاللىقنى يوشۇرۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق» دېگەن جۈملە نەقىل قىلىنغان ئىدى.

فرانسىيە ۋە گېرمانىيەدە، مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئۈمىدۋارلىق شۇ چاغدىكى ئاساسىي مېلودىيە بولۇپ قالدى. «مۇنبەر گېزىتى» نىڭ هەممە ماقالىسىدە مۇهاكىمە قىلغىنى دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ساقلانغىلى بولمايدىغان مەركىزىي تېما ئىدى. 1901ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى، مەزكۇر گېزىت:«بۈگۈن، ئۈچتىن بىر قىسىم ئىنسانلار قانۇن ئىتراپ

قىلىدىغان ۋە كاپالەت بەرگەن ھوقۇق-مەنپەئەتكە ئېرىشتى» دېدى. ئوخشاش بىر كۈنى، «فىگارو گېزىتى» ئوبزور ئېلان قىلدى، ئوبزوردا سۆزلىگىنىنىڭ ھەممىسى ئىلىم-پەن بولۇپ، ھەتتا سىياسىي ساھەدىكى ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدىغان ئۈمىدلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. «فىگارو گېزىتى»:«ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ خاتا-لىقىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى، ئىلىم ئارقىلىق كۆكسى-قارنى كەڭلىدى» دېگەن ئىدى.

گېرمانىيەدە، ئېھتىمال ياۋروپانىڭ مەركىزىدە تۇرغانلىقىدەك سەۋەبلىك، گېزىتلەردە ئادەتتە خەلقئارا ئىشلاردىكى داۋاملىشىۋاتقان توقۇنۇشلاردىن ھوزۇرلىنىش ھەمدە قەد كۆتۈرۈۋاتقان گېرمانىيەگە دىققەت قىلىش ئىپادە قىلغان ئىدى. 1900-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، بېرلىن «كۈندىلىك ئوبزورلار گېزىتى» باش ماقالە ئېلان قىلىپ: «مۆمىنلىك بىلەن باش ئېگىپ تۇرىدىغان ۋە ئۆز ئارا تالان-تاراج قىلىدىغان دەۋرنىڭ ئاللىقاچان ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدۇق، ئەنگلىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پايدىلىق بىر ساۋاق. ۋاقتى كەلگەندە، بىز پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان قىياپەتتە ئەنگلىيەگە يۈزلىنىمىز، تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىمىز» دېدى. پەقەت سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ «ئالغا گېزىتى» لا دوستانە بولمىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ نوتىسىنى يازدى. يېڭى يىل ۋە يېڭى ئەسىرگە بولغان تەبرىك سۆزى كاپىتالىزم مۇقەررەر يوقىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى. ئەمما بۇ گېزىتمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىزگە ئېنىقكى، ھازىرقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ يوقىلىشى سىنىپىي ئاڭغا ئىگە پرولېتارىيات ياكى داڭلىق سوتسىيالىزم مۇتەپەككۇرلىرى 30 يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئۇنداق تېز بولمايدۇ» دېدى.,

كۆپچىلىكنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن بۇ كەلگۈسى مەنزىرىلەردە، دەرۋەقە ئىدېئولوگىيە ياكى تۈزۈلمە تەلىماتىغا قارىتىلغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. فرانسىيە ۋە گېرمانىيەدە، سوتسىيالىزم پارلامېنت ئورگانلىرىدا ئاللىقاچان پەيدا بولغانلىقتىن، سوتسىيالىزم ئاندىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا سازاۋەر بولدى. ئەمما، دەل فرانسىيە ۋە گېرمانىيەدە كىشىلەرنىڭ ئاشكارا گەپ-سۆزلىرىدە ئىدېئولوگىيە ئۆزگىرىشىدىكى ھەر قانداق ئېھتىماللىقنى ئويلاشمىغان ئىدى، ئىدېئولوگىيىنىڭ توقۇنۇشىنى تىلغا ئېلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

ئەكسىچە، «فىگارو گېزىتى» نىڭ پارىژلىق ئوبزورچىسى ئەينى چاغدا مودا بولغان قاراشلارنى دەل جايىدا ئىپادىلىدى. ئۇ يېڭى ئەسىرنىڭ قايناق ھېسسىياتقا ئەمەس بەلكى ئىدراكقا تولغان ئەسىر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان ئىدى. ئۇ:«20-ئەسىرنىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغىنى ئىلىم-پەننىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسكە سىڭىپ كىرىشى بولۇپ، ئىلىم-پەن بىزگە ھەرىكەت مىزانى بېرىدۇ، سانلىق ۋە پارلاق كەلگۈسى، مەن شۇ پەيتنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز 19- ئەسىردىكى ئەخمىقانە ئۆچمەنلىك، تېتىقسىز كۆرەش ۋە نومۇسسىز تۆھمەت قىلىش ئەنئەنىمىزنى چۆرۈۋېتىپ، ئەسىرنىڭ تېگى يوق ھاڭلىرىغا تاشلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ نەرسىلەر 19-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرى غۇۋالىشىدۇ، ئىدراكلىق كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ» دېگەن ئىدى.

ئەمما، كېيىن ئىپادە قىلغىنىغا ئوخشاش، 20-ئەسىرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىغا ئىدېئولوگىيىنىڭ قايناق ھېسسىياتلىرى يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى ئىلمىي نەزەرىيە دەپ ئاتىۋالغان كوممۇنىزمنىڭ قايناق ھېسسىياتى يېتەكچىلىك قىلدى. دەرۋەقە، 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغا قەدەر، ئېلبې (Elbe) دەرياسىدىن كامچاتكا يېرىم ئارىلى ۋە شاڭخەيگىچە بولغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا كوممۇنىزم پەيدىنپەي كەڭ تارقالدى، بىر مىلياردتىن ئارتۇق خەلق كوممۇنىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاشقا باشلىدى. غەربىي ياۋروپادا كوممۇنىزم ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا باشلىدى. لاتىن ئامېرىكىسىدا، كوممۇنىزمنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ئامېرىكىغا قارشى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى بىرىكىپ كەتتى. غەرب دۇنياسىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدا، مۇستەملىكىگە قارشى ھەرىكەتلەردە ماركسىزم كەڭ تارقالدى، خاراكتېرى ئۆزگەرگەن ھەرىكەت بولۇپ قالدى.

سىياسىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىش، يېڭىدىن ئېرىشكەن ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش (سانائەتچىلىكنىڭ گۈللىنىشى ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى) قورالىنى ئىشلىتىشى بىلەن، دۆلەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش، جەمئىيەت بويى سۇندىغان ۋە شەخس ساداقەتمەنلىكىنىڭ مەركىزىگە ئۆزگىرىپ قالدى. گەرچە بۇ خىل تەرەققىيات دۇنيا دائىرىسىدە بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەرەققىيات ئەڭ كەسكىن شەكىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرۈلدى. مەسخىرە تۇسىگە ئىگە بولغىنى، سوۋېت

ئىتتىپاقى دۆلەت ئەڭ ئاخىرى «ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ» دېگەنگە ئىشەنگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ھاكىم مۇتلەقلىق دۆلەت.

كوممۇنىزم 20-ئەسىردىكى مۇھىم سىياسىي ھادىسە سۈپىتىدە كۆرۈلىشى فاشىزم ۋە ناتسىتزمنىڭ گۈللىنىشى بىلەن باش ئاخىرى ماسلاشقان مۇناسىۋىتى بار. ئەمەلىيەتتە، كوممۇنىزم، فاشىزم ۋە ناتسىتسىزم تومۇرداشتۇر، تارىخىي مۇناسىۋىتى بار. سىياسىي جەھەتتە ھەم ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدۇ. سانائەت دەۋرىنىڭ جاراھىتى، بىرىنچى ئەۋلاد ھېچنېمىسى يوق سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، دەسلەپكى كاپىتالىزمنىڭ رەزىل قىلمىشى ھەمدە بۇ سەۋەبلىك پەيدا بولغان كۈچلۈك سىنىپىي ئۆچمەنلىك يۇقىرىقى ئۈچ ئىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى چارروسىيە ۋە گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى قىممەت قارىشى ۋە سىياسىي تەرتىپىنى يىمىرىپ تاشلىدى، بىرلا ۋاقىتتا يېڭىدىن سانائەتلىشىشنى يولغا قويغان ئىتالىيەدە شىددەتلىك ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۇقىرىقى بارلىق ئامىللار ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قوزغىۋەتتى، بۇ ھەرىكەتلەر جەمئىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكنى جەمئىيەتكە سىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىدىيىنىڭ سىرتىغا يوشۇردى ھەمدە تەشكىللىك دۆلەت زوراۋانلىقىنى جەمئىيەتنىڭ قۇتقۇزۇشنىڭ قورال دەپ جار سالدى.

گىتلېرنىڭ ناتسىت گېرمانىيىسى بىلەن ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا پارتلىغان ئۇرۇشتا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ بىر خىل ئورتاق ئېتىقادنىڭ ئىككى مەزھىپى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. دەرۋەقە، بىرى بولسا ئۆزىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ماركسىزمغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان مىللىي ئۆچمەنلىكنى تەرغىب قىلدى، يەنە بىرى ئۆزىنى ماركسىزمنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي ۋارىسى دەپ قاراپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سىنىپىي ئۆچمەنلىكنى قۇتراتتى. ئەمما بۇ ئىككى دۆلەت دۆلەتنى كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنى دەپ قاراپ، دەھشەتلىك تېررورلۇقنى جەمئىيەتنى باش ئەگدۈرۈشتىكى ۋاستە قىلدى، ئىككىسىلا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ قىرغىنچىلىق قىلدى. ئىككى دۆلەت يەنە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋاستە بىلەن جەمئىيەتنى كونترول قىلدى، مەسىلەن ياش كوللېكتىپ قۇردى، قوشۇنلار

ئارا مەخپىيەتلىك يەتكۈزگۈچلەرنى تەربىيلىدى، ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك مەركەزلە -شتۈرۈپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىككىلا دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك «سوتسىيالىزم» دۆلىتى قۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، گىتلېر ستالىن ۋە مۇسسولىنى باشلىغان سىياسىي پائالىيەتلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋالغان ئىدى. لېنىن ۋە مۇسسولونى گىتلېرنىڭ ئۇستازى، ئۇلار يېڭى تەشۋىقات ۋاستىسى ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە يېڭىلا ئويغانغان ئاممىنى ھەرىكەتكە ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتە تېخمۇ شۇنداق ئىدى. ئەمما، ھاكىم مۇتلەقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۇچىسىلا ئەڭ ئاۋانگارتتۇر، بولۇپمۇ سىياسىي قىزغىنلىقتىن پايدىلىنىپ ئىنتىزامى قاتتىق سىياسىي كوللىكتىپ قۇرۇشقا ماھىر. ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئىدى. شۇڭا، ھاكىم مۇتلەق دۆلەتلەردە يېڭى تىپتىكى سىياسىي تەرتىپ بارلىققا كەلدى.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، لېنىن بىلەن گىتلېر دارۋاڭ قىلغىنى ئوخشاش بىر ئىدىيە، بۇ ئىدىيە جەمئىيەتكە كەڭ كۆلەملىك، پىلانلىق كونترول يۈرگۈزۈشنى، ئۆزىنى ھەقىقەتنىڭ كىيسىم چىقارغۇچىسى، جەمئىيەتنى ئىدىيىۋى ئەخلاققا بوي سۇنۇشى (لېنىننىڭ ئەخلاق قۇرۇلىشى سىنىپي كۈرەش نەزەرىيىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان، گىتلېرنىڭ بولسا مىللىي ئۈستۈنلۈك نەزەرىيىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان) ھەمدە ئۇلارغا بېرىلگەن تارىخىي بۇرچنى ئېلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق ھەرىكەت قوللانسا ھەققانىي بولىدۇ دەپ قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىياسىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە، گىتلېر بولسا بولشېۋىك ۋە لېنىننىڭ ئەستايىدىل ئوقۇغۇچى، ئۇ بولشېۋىكلارنىڭ ھەربىيلەشكەن ئاۋانگارت پارتىيە قۇرۇش ئىدىيىسىنى ۋە لېنىننىڭ ئىستراتېگىيىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە قوللانغان تاكتىكىلىق مۇرەسسە قىلىش ئىدىيىسىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. تۈزۈم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گىتلېرنىڭ لېنىننىڭ دۆلەتنى قانداق قىلىپ تېرورىزم ئاساسىدا قۇرۇشنى، يەنە مەخپىي ساقچى ئاپپاراتىنى، ئەدلىيەدىكى چېتىپ جازالاش قانۇنى ۋە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوچۇق سوت ئارقىلىق دۆلەت ئورگىنىنى

ياخشىلاشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق سەپسەتىلىرى ۋە بەلگىلىرىنى قوللاندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ستالىن مىللەتچىلىك شوئارىدىن پايدىلاندى. مۆلكىي ئەمەلدارلارغىمۇ ساختا ھەربىي كىيىم كىيگۈزدى ۋە «چوڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى» نىڭ ئۇلۇغ جاسارىتى ھەققىدە گەپ سېتىش (بۇ كىشىگە ناتسىتلارنىڭ ئۇسۇلىنى ئەسلىتىدۇ) ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئۆزىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىق باسقۇچىنى ئۆزلۈكسىز قانۇنلاشتۇردى. گىتلېرمۇ گەرچە ستالىن بىر «مەخلۇق» بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مۇستەبىتى ھېچ بولمىغاندا بىر «ئۇلۇغ» مەخلۇق، كىشىلەر «چەكسىز ھۆرمەتلىمىسە» بولمايدىغان «تالانتلىق شەخس»، ئەگەر ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ يەنە 10 ـ 15 يىل قولىدا تۇتسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى «دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت»كە ئايلاندۇرىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى پات ـ پات دەپ قوياتتى. 1944 ـ يىلى گىتلېرغا قارشى ئىشقا ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناتسىي ھاكىمىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان سىنىپىي ئۆچمەنلىك سۆزلىرى بىلەن گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرىنى يوقىتىشنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ستالىن لېنىنىزمغا لوگىكىغا ئۇيغۇن نەتىجە چىقارغان ئىدى. گىتلېر ھەتتا ئەكسىچە ھالدا ستالىنغا ھەۋەس قىلدى. ئۇ:«مەن ستالىنغا ئوخشاش ئوفىتسېرلار قوشۇنىنى تازىلىمىغانلىقىمغا ناھايىتى ئېچىنىشلىق پۇشايمان قىلىمەن» دېگەن.:

ئەمەلىيەتتە، گىتلېرنى لېنىنىزمچى ياكى ستالىننى ناتسىت دېسەك قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. تىپىك ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي مەنبەسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى مۇستەبىت داھىينىڭ قىزىقىشى ھەققەتەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىككى زالىم يېڭى ئۇتوپىيە تەرتىپى قۇرۇشتىكى دوگماتىك ۋە مۇجمەل ئۇقۇمغا ئاساسەن، ئۆزىدىن باشلاپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى ئاشكارا تەشۋىقاتىنىڭ نىشانى قىلدى، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق يۈرگۈزدى. پەقەت دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈچىنى بىۋاستە ئىشلىتىش ئارقىلىق بولىدىغان ئۆزگەرتىشتىلا، ئەنئەنىۋى جەمئىيەت شەكلىنى پاچاقلاش ۋە ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ يوقىلىشى ستىخىيىلىك ھادىسىسى

ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھاكىم مۇتلەقلىق ئەڭ مۇكەممەل دۆلەتچىلىكنىڭ مەنىداش سۆزى بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دۆلەتنى تارىخ ئۇچۇن مەدھىيىلەيدىغان ئەڭ ئالىي ۋاكالەتچىدىكى مۇھىم بىر شەخسنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما، ئۇرۇش يەنە بىر مۇھىم شەخسنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. 1917-يىلدىن بۇيان ئاساسلىقى سابىق چارروسىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىلا يولغا قويۇلغان كوممۇنىزم تۈزۈمى ئۇچقاندەك كېڭىيىشكە باشلىدى. 1947-يىلغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ياۋروپا ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قالدى. 1949-يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىكى كوممۇنىزم تۈزۈمگە سادىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1945-يىلى شىمالىي كورىيەدە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى. 1954- يىلى شىمالىي ۋېيتنامدىمۇ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 10 يىلدا، بىر مىلياردتىن كۆپ ئادەم كوممۇنىزم تۈزۈمىدە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى دېگۈدەك كوممۇنىزمنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى، پەقەت ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق، غەرب ئىككى ئۇچىدىكى رايون يەنىلا ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ قوغدىشىدا تۇردى. غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، ئېھتىمال ئامېرىكا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىغا زور مىقداردا مەبلەغ ۋە ھەربىي كۈچ سالغانلىقتىن، كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمۇ مۇھىم بولغىنى، كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرىنىڭ ۋاستىلىق تارقىلىشىدۇر. ئۆتكەن 40 يىلدا، دۆلەتنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشىغا تايىنىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي نۇقسانلارغا تاقابىل تۇرۇش خاھىشى ھەممە ياققا تارقالدى. دەرۋەقە، مۇستەھكەم دېموكراتىك ئەنئەنىگە ئىگە جەمئىيەتتە، كىشىلەر سىياسىي ھوقۇقنىڭ زىيادە مەركەزلىشىشى ۋە قالايمىقان ئىشلىتىشىنى توساشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تاللىغان ئەركىنلىكى ئاشكارا سىياسىي رىقابەت ۋە ئاساسىي قانۇننىڭ قوغدىشىدا ساقلىنىپ قالدۇ. ئەمما، ھەتتا يۇقىرى دېموكراتىيەگە ئىگە جەمئىيەتتە دۆلەتنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشى ئىقتىسادىي پاراۋانلىق ۋە ئىجتىمائىي ھەققەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ

ياخشى ئۇسۇل دەپ قاراشمۇ كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق كۆزقارىشى بولۇپ قالدى.

بۇ دېموكراتىك سوتسىيالىزم ياكى پاراۋان دۆلەت كوممۇنىزمنى تارقىتىشتىكى قەبىھ نىقاب دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، دېموكراتىك سوتسىيالىزم ۋە پاراۋان دۆلەت ھەمىشە كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ ۋە كوممۇنىزم ئەندىزىسى ئۈچۈن باشقا بىر دېموكراتىك تاللاشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك ئامال تەمىنلەيدۇ. ئەمما، دۆلەتنى جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇشتىكى ئاساسلىق ۋاستە قىلىش ئۇسۇلى ۋاستىلىق ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمى دۆلەت پىلانلايدىغان ۋە دۆلەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ يېڭىلاشتىكى ئەڭ تىپىك نەمۇنە.

بۇ يۈزلىنىش يېڭى قۇرۇلغان نەچچە ئون سابىق مۇستەملىكە دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ھەر خىل دۆلەت سوتسىيالىزمنى قۇرۇش لاھىيىسىنى قوللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. كۆپلىگەن دۆلەتلەر دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىلھام ئېلىپ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىنى دورايدىغان ئۈلگە قىلماقچى بولدى، يۇقىرى يۈزلىنىش بۇ ئۇسۇلنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 50-يىللار ۋە 60-يىللاردا، نۇرغۇن ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ تېز يول دەپ مەدھىيىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى چەتئەللەردە ساياھەتتە بولغاندا مەدھىيە سۆزلىرى ۋە خوشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، باشقىلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمى يولىدا قانداق مېڭىش تەكلىپلىرىنى ئۆز مەيلىچە بەردى.

7 ئىلغار دۆلەتلەردە، ئوخشاش ئىدىيە ئېقىمى ئىلىم ئەھلىدىمۇ ناھايىتى مودا بولدى. پائۇل خوللەندېر (Paul Hollander) دەل ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «سىياسىي تاۋاپچى» دە تەسۋىرلىگىنىدەك، 20 ۋە 30-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان زىيالىيلار كوممۇنىزم تەمىنلىگەن ئىخچاملاشقان نەزرىيىنى چۈشەنمەيلا تولۇق قوبۇل قىلدى. گېرمانىيە يازغۇچىسى لىئون فىشتۋانگېر (Lion Feuchtwanger):«پەقەت ئىدراكقا تايىنىپلا دۆلەت قۇرىدىغان بۇ تەجرىبىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمىدىم» دەپ يازغان. نۇرغۇن ئاكتىپ دىنىي داھىيلارغا ئوخشاش،

ئامېرىكا دوستلار جەمئىيىتى مۇرتى ھېنرى خودكىڭ (Henry Hodgking) سوۋېت ئىتتىپاقى بۈيۈك بىرلىك دېگەن ياغلىما گەپلەرنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى. ئۇ:«بىز روسىيەنىڭ بۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئۇلۇغ تەجرىبىسىنى كۆرگەندە، تەجرىبىنى پۈتۈنلەي نامەلۇم، ئەيسا پەيغەمبەرچە شەكىلدە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەر بىلىمەس ھېس قىلىمىز» دېگەن ئىدى. ئېدمۇند ۋىلسون (Edmund Wilson) نىڭ كۆرگىنى بولسا تېخىمۇ ھەقىقىي ئۇتوپىيە ئىدى، ئۇ:«سوۋېت ئىتتىپاقىدا، سەن دۇنيا ئەخلاقىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن، ئۇ يەردە نۇر ئەزەلدىن ھەقىقىي ئۆچۈپ باققان ئەمەس» دېگەن.

بۇ زىيالىيلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىچە «دېموكراتىيە» غەربنىڭ دېموكراتىيىسى بىلەن ئوخشاشلا ئەقىلگە مۇۋاپىق (ھەتتا تېخىمۇ مۇۋاپىق) دەپ قارالدى، ھېچكىم ستالىننىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىنى تىلغا ئېلىپ باقمىدى، ئەيىبلەشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. سىدنېي (Sidney) ۋە بېئاترىس ۋېب (Beatrice Webb) ستالىننىڭ مۇكۇمرا- نلىقى زالىم مۇكۇمرانلىق ئەمەسلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ، «ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەتتا ئامېرىكا پارلامېنتى رىزۋېلىتقا ۋاقىتلىق ھوقۇق بەرگەندەك ئۇنداق چوڭ ئەمەس، ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىدا ھەر بىر پرېزىدېنتىنىڭ 4 يىلدا بەھرىمان بولىدىغان ھوقۇقلىرىدەك ئۇنچە چوڭ ئەمەس» دېگەن ئىدى.

ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان توققۇز تەزىم قىلغۇدەك قايىللىق ھەتتا «گۇلاگ» لاگېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ئامېرىكا سوتسىئولوگىيە كېڭەشىنىڭ رەئىسى بولغان ج ل گىللىن (J. L. Gillin)دوكتور: «ئېنىقكى، مۇنداق تۈزۈمنىڭ تەسىس قىلىنىشى جىنايەتچىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئۇنى جەمئىيەتكە يېڭىدىن قايتۇرۇپ كېلىش» دەپ يازغان ئىدى. ئەنگلىيە سىياسىي ئىقتىسادشۇناسى خارولد لاسكى (Harold Laski) سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمىدىن بايقىغانلىرىنى قۇۋۋەتلىگەن ھالدا: «كىشىلەر قەتئىي تەشەببۇس قىلىدۇكى، پەقەت شارائىت يار بەرسە، مەھبۇس چوقۇم مۇكەممەل ھەمدە قەدىر-قىممەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ» دەپ يازغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇزۇن مۇددەت خەۋەر قىلغان مۇخبىر مائۇرىس ھىندۇس (Maurice Hindus) بۇ مەسىلىدە ھەقىقەتتىن تېخىمۇ يىراق بولۇپ:«ئۆچ ئېلىش، جازالاش، قىيناش، شەپقەتسىزلىك ۋە ھاقارەت قىلىش بۇ تۈزۈمدە

قەتئىي پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دېگەن. جورجى بېرنارد شوۋ ( George Bernard Show) ھەتتا ستالىننىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى تۈزۈمىدىن ئۆز رازىلىقى بىلەن بولغان تەركىبلەرنى بايقىغان، ئۇ: «ئەنگلىيەدە، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم تۈرمىگە كىرگەندە نورمال ئادەم، چىققاندا بولسا جىنايەتچى بولۇپ قالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئادەم تۈرمىگە كىرگەندە بىر جىنايەتچى، چىققاندا بولسا نورمال ئادەمگە ئايلىنىدۇ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىشقا نەسىھەت قىلىش ناھايىتى تەس ئىش. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇلار تۈرمىدە قانچىلىك تۇرۇشنى خالىسا شۇنچىلىك تۇرسا بولىدۇ» دەپ يازغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 30-يىللاردىكى يېڭى بىر جەمئىيەت قۇرۇش تىرىشچانلىقىدىكى ئەڭ دەسلەپكى سېھرىي كۈچ دەل بۇ كىشىلەرنىڭ تۇيۇق يولغا باشلايدىغان كۆزقاراشلىرىدىن ئەكس ئەتكەن ئىدى، ستالىننىڭ گىتلېرنى مەغلۇپ قىلىشى بۇ سېھرىي كۈچنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ھەتتا كېيىنكى سوغاق ئۇرۇشمۇ نۇرغۇن غەربلىك زىيالىيلارنى كوممۇنىزم ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش خام خىيالىدىن ئويغىتالمىدى. پۈتكۈل 50-يىللاردا، ھەتتا 60-يىللارغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، نۇرغۇن غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مودا بولغان ئىجتىمائىي كۆزقاراشلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم شەكىلدىكى «سولچىل قاراش» لار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا دۆلەت رەھبەرلىك قىلغان ئىجتىمائىي تەجرىبە زىيالىيلارغا قارىتا غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچى بولغاچقا، ئۇلار ھەمىشە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمانلىق جايلىرىغا خەيرخاھلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش بەردى.

تېخىمۇ دائىملىق كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولسا، ئورسودوكس ئىلمى ئالدى بىلەن سىياسىي ئارقىلىق ئىجتىمائىي پىلانغا يېتەكچىلىك قىلىشنى پىلانلايدۇ. دۇنيا چوڭ ئىقتىسادىي كىرزىس ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مالىمانچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن يېڭى دەۋرگە قاراپ قەدەم باستى. ئۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىجتىمائىي قىلمىش پەيدىنپەي سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق راۋانلاشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي پائالىيەت پىلانلىق سىياسىي يۆلىنىشكە بوي سۇندى. ئورسودوكس تەلىماتىنىڭ نۇرغۇن داۋاڭ قىلغۇچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېئاللىقى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ غايىسىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىگە يوشۇرۇنغان، شۇڭا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ يۈزەكى غەلىبىسى پەيدىنپەي پەيدا قىلغان مۇھىم تەسىرى 20-ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاساس قىلغان دەۋرگە ئايلاندۇرۇۋە-تكەندەك بولدى. گەرچە ئامېرىكا 20-ئەسىردە ئەڭ قۇدرەتلىك دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش شەكلىمۇ تەڭداشسىز زور سېھرىي كۈچ تارقاتسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەم ئادىل بولمىغان ھالدا ئامېرىكا بىر مەيدان مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، ساقلانغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن بىكار ئاۋارە بولماقتا دەپ قارىدى. كوممۇنىزم ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە جۇڭگوغا تارقالغانلىقتىن، ئاندىن دۇنيانىڭ سىياسىي ئەندىزىسى تۈپتىن ئۆزگەردى. كوممۇنىزم ئىلىم ئەھلى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئاساسلىق تېما بولۇپ قالدى ھەمدە تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىگە ۋەكىللىك قىلغاندەك بولدى.

ئەمما، كوممۇنىزم بارلىققا كېلىپ 100 يىل بولمايلا زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىدى. كوممۇنىزمنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى كوممۇنىزم دۇنياسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا پۇر كەتتى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئالغا باسالمىغان ئىقتىسادنى قوزغىتىش، تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇش، ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ قايتا-قايتا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلىرى ئامېرىكا ياساش سودىگەر- لىرى كېڭەشىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلىرى بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. 1988-يىلى 8-ئاينىڭ 11- كۈنىدىكى «ھەقىقەت گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالكساندىر ياكوۋلېۋ (Aleksandr Yakovlew) (ئەينى چاغدا ماركسىزم -لېنىنىزم نەزەرىيىسى مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىنىڭ كومىسسارى ئىدى) سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلىرىغا بۇگۈنكى «خوجايىنلارنىڭ ئىدىيىسى چوقۇم ھەممىنى بېسىپ چۈشىشى كېرەك» دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئۇ يەنە:«ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئېگى ئەسلى ياخشى ئىش، چۈنكى بىر ئىشچى بىلەن

مەلۇم ئىشنىڭ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بولسا، ئۇ تاغنى تالقان-چۆلنى بوستان قىلىۋېتىدۇ، ئەگەر ئىشچى بىلەن ھېچقانداق پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھەرگىز كارى بولمايدۇ» دېگەن. سىياسىي بۇيرونىڭ ھەيئىتى ستانلىسلوۋ كوسىك (Stanislaw Ciosek ) بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك پولشا ئىشچىلىرىغا ئەسكەرتىپ : «ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۇخشاش دەرىجىدە ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت ئىقتىسادى ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشقان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشى كېرەك، تېخىمۇ يۇقىرى ئىش ھەققى ئېلىشى كېرەك» دېدى. بۇ ئىدىيىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ستانلىسلوۋ تولۇقلاپ:«بۇ دەل ئىقتىسادنىڭ شەپقەتسىز قانۇنىيىتى» دېدى. دەل بۇنىڭدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى، كوممۇنىزم دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدە، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن سىياسىي بۇيرونىڭ خادىمى خۇچىلى ئىدىيە جەھەتتىن جۇڭگو ئىشچىلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ:«ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بارلىق نەرسىلەر دەل سوتسىيالىزم ئېھتىياجلىق ياكى رۇخسەت قىلىدىغان نەرسىلەر» دېگەن ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 10 يىلىنىڭ ھارپىسىدا، ھەر بىر كوممۇنىستىك پارتىيە دۆلىتى دېگۈدەك ئىسلاھات ھەققىدە تىمسىقلاپ يۈردى، بۇ ئەمەلىيەتتە ماركسىزم-لېنىنىزم تەجرىبىسىنى ئەيىبلىگەنگە باراۋەر ئىدى. ئەڭ مۇھىمى پەلسەپە جەھەتتىن كوممۇنىزمنىڭ تۈپكى ئاساسىغا قارشى تۇردى. دۆلەتنى مەدھىيىلەش ھەممە يەردە شەخس، ئىنسانىي ھوقۇق، شەخسنىڭ ئىجادىيەت كۈچى، ھەتتا شەخسىي كارخانىلارنى مەدھىيىلەشكە ئورۇن بەردى.

دۆلەتچىلىكتىن ئەڭ ئاخىرى يۈز ئۆرۈش، ئىنسانىي ھوقۇققا ئۈزلۈكسىز ئەھمىيەت بېرىش، ئىقتىسادىي سۇيىئىستېمالچىلىقنىڭ كېچىكىپ قوللىنىشلارنىڭ ھەممىسى كۆزقاراش ۋە ئاساسىي تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى غايەت زور ئىنقىلابتىن بەلگە بېرەتتى. بۇ ئىنقىلاب ئېھتىمال چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزۇن تەسىرگە ئىگە بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن. دۇنيانىڭ سىياسىيسى بىلەن ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاۋام ئارىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالدىن كۆرۈشىچە، 2000-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگە كەلگەندە، كوممۇنىزم تەلىماتى 21-ئەسىرنىڭ كەلگۈسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى قالمايدىكەن، كەلگۈسىنى پەرەز قىلغۇچىلارنىڭ مۇنداق

پەرەزلەرنى قىلىشىنىڭ تولۇق ئاساسى بار، 100 يىل ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرى چىقارغان پەرەزلەرنىڭ تولۇق ئاساسى يوق ئىدى.:

بۇگۈنكى دەۋردىكى كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىرزىسى تۇيۇقسىزلا كەلدى، شۇڭا تارىخىي كومېدىيەگە ئېخمۇ باي بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر مۇنداق بىر سوئالنى قويۇشنىڭ ۋاقتى كەلدى: زادى نېمە 20-ئەسىرنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقتىدا كەلگۈسى ئېقىم بولۇپ قالاي دېگەن بۇ تەلىمات بىلەن ئەمەلىيەتنى يىمىرىپ تاشلىدى؟ ئۇمىدسىزلىك، مەغلۇبىيەت، بولۇپمۇ جىنايەت ئەڭ دەسلەپتە بۇ دۇنيادىن ھالقىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلنىڭ ئىدىيىسى، سىياسىي ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبە دەپ قارىلىپ يۈزى تۆكۈلگەن ئىدى. ئۇنداقتا، زادى نېمە سەۋەب بۇ ئۇمىدسىزلىك، مەغلۇبىيەت ۋە جىنايەتلەرنى پەيدا قىلدى؟

# ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە:

1. مەزكۇر ئەسەر پەقەت شەخسنىڭ قىزىقىشى بويىچە تەرجىمە قىلىندى، شۇڭا بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن، باشقا تەرجىمانلار ۋە قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرى ھەمكارلاشقۇچى ۋە ئېلان قىلىشقا سورۇن ھازىرلاپ بەرگۈچى بولۇپ، ھېچقانداق مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

2. مەزكۇر كىتابنى جەمئىي 13 ئادەم ھەمكارلىشىپ تەرجىمە قىلدۇق، تەھرىرلەشنى ئۆزۈم قىلدىم، مەن كەسپىي تەرجىمان ۋە تەھرىر بولمىغانلىق سەۋەبلىك ئىملا خاتالىقى ۋە تەرجىمە خاتالىقى بولۇشى مۇمكىن، تەكلىپ-پىكىر بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ كىتابتىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ۋە ئادەم، يەر-جاي ناملىرى ئېنگىلىزچە ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇلدى، ئېنگىلىزچىسى بېرىلدى.!

3. كىتاب ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، قىزىقىش ۋە ھەمكارلىشىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەرجىمە قىلىنغان، باشقا ئالاھىدە مەقسەت يوق، باشقا شەخس، تور بەت ياكى ئورگانلارنىڭ پايدا

ئــېلىش ۋە تەشــۋىقات غەربىزنــدە ئىشلىتىشــكە رۇخســەت قىلىنمايــدۇ، تەرجىمىسىنىڭ بارلىق ھوقۇقى قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرىغا تەۋە.

4. كىتاب تەرجىمىسىگە قاتناشقان توردا شلار ناھايىتى ئاكتىپ بولۇپ، ئــۆزىگە بۆلــۈپ بېرىلگەن ۋەزىپىنــى چــن دىلــدىن تامــاملاپ، ۋاقتىــدا تاپشــۇرۇپ بەردى. تەرجىمانلارغــا تىخمــۇ كــۆپ غەيــرەت-جاســارەت، ئائىلىسىگە تىنچلىق، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن. بىرلا ۋاقىتتا، تەرجىمىگە قاتنىشىش باھانىسىدە كىتابنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن، ۋەزىپىنــى ئېلىۋېلىــپ ئــۈن-تىنســىز يوقــاپ كەتــكەن، تەرجىمىــگە قاتناشقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قەستەن بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كەينىگە سۈرگەن كىشىلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن.

5. كىتاب ئىنكاس شەكلىدە داۋاملىق يوللىنىدۇ، ئېلان قىلىش تاماملىنىپ بولغانــدىن كېيىن ئېلكىتــاب قىلىنىــپ تارقىتىلىــدۇ، تارقىتىلغانــدا ئــايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ..

6. زېبىگنېۋ بېرژىنىسكېينىڭ يەنە بىر داڭلىق ئەسىرى «تاللاش: يەر شارىۋى ھۆكۈمرانلىق ياكى يەر شارىۋى رەھبەرلىك» ناملىق كىتابنىڭ تەرجىمىسىمۇ پۈتۈش ئالدىدا، پات ئارىدا قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ، داۋاملىق ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

# بىرىنچى قىسىم: زور مەغلۇبىيەت

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتى كوممۇنىزىمنى تۈيۈقسىزلا غايەت زور مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. 20-ئەسىر ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى بىر مەھەل ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئۇلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارالغان ئىدى، ھەقىقەتەن ئىشىنىش بەك تەس. بۇ مەغلۇبىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئابرويىنىڭ چۈشۈپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئەمما يېقىن ئۆتمۈشتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ ھەقىقەتەن بىر مەزگىل ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان، ھەتتا تالىشىپ تۇرۇپ ئۇلگە قىلىدىغان مەزگىلى بولغان. شۇڭا، بىز: زادى نېمە چاتاق چىقتى؟ نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ دەپ سوراپ بېقىشىمىز كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى قايتا ئويلىنىش بىلەن بىرگە، روسىيەنىڭ ماركىسىزم تەجرىبىسى ماڭغان مۇساپىسى ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ باقايلى. يەھۇدىي قان سىستېمىسىدىن بولغان گېرمانىيەلىك بىر كۈچمەن زىيالىي بۈيۈك برىتانىيە موزېيخانىسىنىڭ ئاممىۋى قىرائەتخانىسىدا كاللا قاتۇرۇپ ئويلاپ چىققان، ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي ياۋروپاغا تەۋە ئىدىيىنى خېلى يىراقتىكى ياۋروئاسىيا ئىمپېرىيىسى بولغان غەيرىي شەرق مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئەنئەنىسىگە كۆچۈرۈپ بېرىپ، يەنە رىسالە يازىدىغان روسىيە ئىنقىلابچىسىنىڭ تارىخنى ئوپېراتسىيە قىلغۇچىسى بولۇشىنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر يالغان-ياۋىداق بولىدۇ.

ئەمما، روسىيە ئىنقىلابىي پارتلاشتىن ئىلگىرى، ماركىسىزم پەقەتلا مۇتەئەسسىپ كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىسىنىڭ نەزەرىيىسى بولماي قالدى. ئاللىقاچان ياۋروپادىكى بىر مەيدان زور ئىجتىمائىي سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ قالدى، غەربىي ياۋروپادىكى نەچچە دۆلەتتە مۇھىم رول ئوينىماقتا ئىدى ھەمدە روشەن سىياسىي خاھىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ خىل خاھىش جەمئىيەتكە قاتنىشىش ئېگىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئىدى. ئەينى

چاغدا بارلىق ماركسىزمچىلار دېگۇدەك ئۆز-ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە دېگەن بۇ سۆز سىمۋوللۇق ھالدا نىسبەتەن ياش سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ ئېتىقادىنى بىلدۈردى. شۇڭا، سوتسىيالىزم ھەمدە ماركسىزم غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە ئىدىيە بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە، ئىككى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ھارپىسىغا كەلگەندە، ماركسىزم تەرەپدارلىرىنىڭ كىچىك بىر تارمىقى زوراۋانلىق ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيىسىنى داۋاڭ قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇلار يەنە پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتۇرا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوتسىيالىزمنىڭ ھەر قانداق نامدا قەد كۆتۈرۈشىدىن قورقىدىغان كىشىلەر 1871-يىلدىكى قورقۇنۇچلۇق پارىژ كوممۇناسىنى ئويلىسىلا تېنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كېتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كوممۇنىزم دېموكرا تىيەنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى بولۇپ قالدى. شۇڭا، چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى غەربتە مۇرەككەپ بىردەك بولمىغان ئىنكاس پەيدا قىلدى، دېموكراتىيەنىڭ كېلىشىگە بولغان زور ئۈمىدلەرنى قىلىش باشلاندى، كوممۇنىزم دىكتاتۇرىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تەشۋىشلىنىش باشلاندى.

# بىرىنچى باب لېنىنىزمنىڭ مىراسى

بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن روسىيەدە يۈز بەرگەن بارلىق ۋەقەلەر ۋىلادىمىر ئىلىئچ لېنىننىڭ ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ باققان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تاسادىپىيلىق ئەمەس. روسىيە ماركسىزم رادىكال پارتىيىسىنىڭ بۇ داھىيسى ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرمىغان. ئۇنىڭ رىسالىسىدە، ئۇنىڭ ھەر بىر نۇتۇقلىرىدا، دېموكراتىيە يولىغا مېڭىشنى قوللايدىغان ماركسىزمچى شېرىكلىرىگە كۆچىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئېنىق ئىپادىلىدى، روسىيەدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيت تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، روسىيە سوتسىيالىزمنى «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ» قۇرۇپ چىقىشى كېرەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئارقىلىق قۇرۇلىشى كېرەك دەپ قارىدى.

ئەكسىچە، بۇ دىكتاتۇرا پەقەت پرولېتارىياتلارنىڭ نامىدا ئەمەلگە ئاشتى. لېنىننىڭ قارىشىچە، روسىيەدە سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي پەيتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنگە ئوخشاش، يېڭى ھۆكۈمران سىنىپ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان سىياسىي شارائىتنى ھازىرلىمىغان. شۇڭا يېڭى دىكتاتۇرا قەتئىي، كەسكىن ھەمدە يىراقنى كۆرەلەيدىغان رەھبەرنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئورنىنى ئېلىشىغا موھتاج ئىكەن. دەل روسىيەنىڭ ئەھۋالى قالاق بولغانلىقتىن، مەيلى جەمئىيەت بولسۇن ياكى نىسبەتەن ئاجىز ئىشچىلار سىنىپى بولسۇن، ھەممىسى تېخى سوتسىيالىزمغا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا، چوقۇم ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئىنقىلابچىلاردىن تەشكىللەنگەن تەشكىلىلىك «ئاۋانگارت ئەترەت» تارىخنىڭ مۇساپىسىنى تېزلىتىشى كېرەك. بۇ ئىنقىلابچىلار تارىخنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق چۈشەندى ھەمدە ئۆز ئۆزىنى تەيىنلىگەن تارىخنىڭ ھامىيسى بولۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشقا تەييارلاندى. لېنىننىڭ بۇ ئاۋانگارت تەشكىلاتىنىڭ ئىدىيىسى روسىيە ھەمدە روسىيە پرولېتارىياتلىرىنىڭ تېخى ماركسىزم ئىنقىلابىغا

ماسلىشالماسلىقىدەك نەزەرىيۋى قىيىن مەسىلىنى ئىجادىي ھەل قىلدى.

لېنىننىڭ تۆھپىسى ھەمدە بىر تارماق تەشكىلچان، ئىنتىزامچان كەسپىي ئىنقىلابچىلار قوشۇنىنى چېنىقتۇرۇپ چىقىش ئىرادىسى سوتسىيالىزم پرىنسىپىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن بىرىنچى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىكىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغىنىمىز ئۇ يولغا قويغىنى نوقۇل سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىمۇ يوق دېگەن مەسىلە ئەمەس، بەلكى لېنىن ھەمدە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ نامىنى بىرلەشتۈرۈش مۇۋاپىقمۇ يوق دېگەن مەسىلە. دېموكراتىك سوتسىيالىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى ھەر قانداق مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسى بىر خىل قارغىشتۇر. ئەمما ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىكى لېنىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزىنى داڭلاپ ماركسىزمچىلار دەپ لاپ ئېتىشتى، ئۆزىنى ئالدى بىلەن سوتسىيالىزمغا كىرىپ بولدۇق، كېيىن كوممۇنىزم يولىغا كىرىمىز دەپ قارىدى. شۇڭا، مەيلى ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلار سوتسىيالىزم ھادىسىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن سىرت، يېڭى بولشېۋىك ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنى سوتسىيالىزم دەپ كۆككە كۆتۈرۈشى ئۇلارنىڭ غەربنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەقىقەتەن كۆپ ياردىمى بولدى. كۆككە كۆتۈرۈش مەيلى ھەقىقىي ياكى پەقەتلا نەيرەڭۋازلىق بولسۇن، ھەممىسىلا ئۇلارنى قاتتىق پايدىغان ئېرىشتۈردى. ماختاپ ئۇچۇرۇش غەربتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى قوزغىدى. بۇ كىشىلەر بىر تەرەپتىن دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ غەلبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىنغان كاپىتالىزم تۈزۈمى قورغىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ئىشەنچىسى يوق ئىدى. گەرچە سوتسىيا لىزمنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكى بولسىمۇ، گەرچە دەسلەپتە شەكىللىنىشى يېتەرلىك مۇكەممەل بولمىسىمۇ، كىرمىل سارىيىدىكى قىزىل يۇلتۇز سوتسىيالىزم تاڭ سەھىرىنىڭ سىمۋول بولماقتا ئىدى.

روسىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا، لېنىنىزم باسقۇچى چوڭ ھەق-ناھەق مەسىلىلىرىدىكى لىگىلتاقتاق ئالاھىدىلىكىمۇ غەربنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا

كەلتۈرۈشكە ياردىمى بولدى. گەرچە دېموكراتىيەدىن يىراق بولسىمۇ، باشتىلا ئۆكتىچى تەرەپلەرنى دەھشەتلىك باستۇرغان بولسىمۇ، لېنىنىزم دەۋرى (لېنىن 1923-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن يەنە 2، 3 يىل داۋاملاشتى) ھەقىقەتەن زور كۆلەملىك جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەجرى ـ بىسى قىلدى. ئىسلاھات يېڭىلىق يارىتىش، خۇراپاتلىقنى يوقىتىش، ئىلىم-پەننىڭ يېڭى ساھەسىنى ئېچىش، سەنئەت، قۇرۇلۇش، ئەدەبىيات ھەممە پۇتكۇل ئىلىم-پەن ساھەسىدە تەرەققىي قىلماقچى بولدى. بىلىمىنىڭ كۈچى بىلەن لېنىننىڭ غايىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا تەڭ ئىلگىرلىشى روسىيەنىڭ قالاق ھالىتىگە ماس كېلىدىغان ھەمدە دەسلەپكى كاپىتالىزم ئىقتىسادىنى ياراشتۇرىدىغان لاھىيىنى بارلىققا كەلتۈردى. داڭلىق يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت (ئاساسلىقى بازار مېخانىزمى ۋە شەخسىي كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى قوزغىتىشقا تايىنىدۇ) تارىخىي خاراكتېرلىك مۇرەسسە قىلىش لاھىيىسى بولۇپ، يېڭى پرولېتارىيات سىنىپى دىكتاتۇرىسىدا دەرھال قىلىشقا تېگىشلىك سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنى كەلگۈسىگە كېچىكتۈرۈپ تاشلىدى.

بۇ قىسقا مەزگىلگە ئوبيېكتىپ قارىغاندا، 20-ئەسىر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن مەدەنىيەت يېڭىلىق يارىتىش دەۋرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. (1917-يىلىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن ئالكساندىر كرېنسكىي (Aleksandr Kerensky) رەھبەر ـ لىكىدىكى دېموكراتىيە دەۋرى زىيادە قىسقا بولغانلىقتىن، تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلالمىدى) دەرۋەقە، يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت جانلىقلىقنى ئېچىش، مۇقىملىقنى ئاجىزلىتىشتىكى تەجرىبە ھاسىل قىلىشنىڭ مەنىداش سۆزىگە ۋەكىللىك قىلدى. 60 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇن سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار يەنىلا ھېلىقى نەچچە يىلنى 1917-يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى يىللار دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، 20-يىللاردىكى شەھەردىكى گۈزەل ئەسلىمىلەردە زور مىقداردا غايىۋىلاشقان تەركىب ئارىلاشقان، بۇ ئاساسلىقى ستالىن دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن پەيدا بولغان، گەرچە ئەينى چاغدا موسكۋا، لېنىنگراد ھەمدە باشقا نەچچە چوڭ شەھەرنىڭ تۇرمۇشىدا، قارىماققا زور بىر تۈركۈم جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىسلاھات ھەدى بارلىققا كەلگەندەك

بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقى ھەممە ئىشلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغىنى باشقىچە بىر مەنزىرە: يېڭى بىر پارتىيىلىك تۈزۈم پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە مۇستەھكەملەندى، كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي زوراۋانلىق تۈزۈملەشتى، ئەنئەنىۋى كۆز قاراش مەجبۇرىي سىڭدۈرۈلدى ھەمدە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىيدىئولوگىيىنىڭ نىشانى ئارقىلىق سىياسىي ۋاستىنىڭ (ئەڭ مۇستەبىت ۋاستىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوللىنىلىشىنى بەلگىلىدى.

لېنىننىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك بۇ مىراسىدا ئىككى ئالاھىدىلىكى ئەڭ كاتالىزلاش رولىغا ئىگە، يەنى سىياسىي ھوقۇق ئايرىم كىشىلەرنىڭ قولىغا ۋە بۇ كىشىنىڭ تېرورىزم ۋاستىسىغا تايىنىشىغا مەركەزلىشىپ قالغان. ئالدىنقى ئالاھىدىلىكى كەلتۈرگەن ئاقىۋەت بولسا كۈنسېرى بىيۇروكراتلاشقان ئاۋانگارت پارتىيە بارلىق سىياسىي ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ قولغا كىرگۈزۈۋالدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا تەيىنلەش تۈزۈمىدە سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئورگانلارنى كونترول قىلدى. بۇ خىل تەيىنلەش تۈزۈمى بارلىق ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە تەيىنلەش تۈزىمىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا كونتروللۇق يۈرگۈزۈشتىكى تەشكىلى قاتتىق، قاتلاملىرى ئېنىق بولغان تۈزۈم. لېنىن تېرورىزم ۋاستىسىنى خالىغانچە ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەقىقىي ياكى پەرەز قىلىپ چىقالىغان ئۆكتىچى تەرەپلەرگە تاقابىل تۇردى، كوللىكتىپ جىنايەتنى قەستەن قوللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي زىيانكەشلىك قىلدى، تەشكىللىك زوراۋانلىقنى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىغا ئايلاندۇردى. زوراۋانلىق ئالدى بىلەن سىياسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا جەمئىيەت ياكى مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

تېرورىزم ۋاستىسىغا تايىنىش سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنى مەخپىي ساقچىلاردىن بارغانسېرى ئايرىلالماس قىلىۋەتتى (لېنىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىلا مەخپىي ساقچى تەشكىلاتى قۇرغان ئىدى). بۇ ئەھۋال تاسادىپىيلىق ئەمەس ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك. لېنىن ئۆلۈپ 60 نەچچە يىلدىن كېيىن،

سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ساقچىلىرىنىڭ ئاتامانى (ViktorM. Chebrikov) ۋىكتور چېبىركوۋ 1987-يىلى 9-ئايدا بىرىنچى نۆۋەتلىك مەخپىي ساقچى ئاتامانىنى خاتىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، لېنىننىڭ چوقۇم تېرورىزم ۋاستىسىنى قوللىنىپ روسىيە دېھقانلىرىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ئالاقىدار كۆز قارىشىنى نەقىل قىلغان ئىدى، بۇ كۆز قاراشنىڭ ئاساسى «باي دېھقانلار سوۋېت ھاكىمىيىتىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ ھەمدە نەچچە مىليون ئىشچىنى ئوجۇقتۇرۇشقا ۋە قىرغىن قىلىشقا تەييارلانماقتا» ئىدى.

ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، لېنىن قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا زوراۋانلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك تېرورلۇق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى دارۋاڭ قىلغان ئىدى. ئۇ 1901- يىلىلا: «پىرىنسىپ جەھەتتە، بىز ئەزەلدىن تېرورلۇق ۋاستىسىنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىپ باقمىغان ھەم ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا، لېنىن «دۆلەت بىلەن ئىنقىلاب» ناملىق كىتابىدا دېموكراتىيەنىڭ مەنىسىنى:«بىر سىنىپ باشقا بىر سىنىپقا، بىر قىسىم ئاما باشقا بىر قىسىم ئاممىغا سىستېمىلىق زوراۋانلىق ئىشلىتىدىغان تەشكىلات» دەپ يازغان ئىدى. ئۇنىڭ «لېنىن توپلانما ئەسەرلىرى» دە توپلانغان باشقا ماقالىلىرى ۋە نۇتۇقلىرىدا، بۇ قارىشىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرغان ئىدى. ئۇ ئاشكارا جاكارلاپ، ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا دېموكراتىيە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، «بەزىلەر بىزنى بىر پارتىيىلىك دىكتاتۇرىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ......بىز 'شۇنداق، بىز بىر پارتىيىلىك دىكتاتۇرا ھەمدە شۇنداق بولمىساق بولمايدۇ' دېدۇق» دېگەن. ئۇ يەنە:«دىكتاتۇرىنىڭ ئىلمىي ئېنىقلىمىسى ھەر قانداق قانۇننىڭ چەكلى مىسىگە ئۇچرىمىغان، ھەر قانداق بەلگىلىمىنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىمىغان، بىۋاستە ھەمدە زوراۋانلىقنى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەت» دەپ يازغان.

لېنىن ھاكىمىيەتنىڭ تارتىۋېلىپلا پەيتنى قولدىن بەرمەي ئۆز نەزىرىيىسىنىڭ شەكلى ياكى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ زوراۋانلىققا تايىنىشى چېكىگە يەتتى، تېرورلۇق ۋاستىسىنى پۈتكۈل جەمئىيەتنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىپلا قالماي، ھەتتا يەنە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە بيۇكرات

خاتالىقلارنى تازىلاشقىمۇ ئىشلەتتى. 1918-يىلى 1-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى پەرمان جاكارلىدى، پەرماننىڭ مەقسىتى ھەر قانداق شەكىلدە بولشېۋىكلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنى جازالاش سىياسىتى بەلگىلەپ بېرىش ئىدى. بۇ پەرماندا، لېنىن ھاكىمىيىتى دۆلەت ئورگانلىرىنى «بارلىق زىيانداش قۇرۇتلارنى روسسىيە تۇپرىقىدىن تازىلاپ تاشلاش» قا چاقىرىق قىلدى. لېنىن يەنە شەخسەن ئۆزى مەلۇم رايوندىكى پارتىيە رەھبەرلىرىگە «شەپقەتسىز تېرورلۇق ۋاستىسى بىلەن باي دېھقان، روھانىيلار ۋە ئاق پارتىيە ئۇنسۇرلىرىغا تاقابىل تۇرۇش» قا ھەمدە «بارلىق گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى شەھەر سىرتىدىكى يىغىۋېلىش مەركىزىگە قاماۋېتىش» كە دەۋەت قىلدى. سىياسىيدىكى ئۆكتىچى تەرەپلەرگە قارىتا، لېنىن كىچىككىنە ئىنتىقامنى ئالماي قويمىدى. ئۇ:«مىلتىق ئارقىلىق سۆزلىشىش قارشى ماقالە يېزىپ سۆزلەشكەندىن كەسكىندۇر» دەپ قارىدى.

مەركەزلەشتۈرۈلگەن تېرورلۇق ۋاستىسى شۇنىڭ بىلەن بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مەمۇرىي تەدبىر بولۇپ قالدى. ھورۇن ئىشچىلارغا قارىتا، لېنىن «ئىشنى ئاقساتقان جىنايىتى بار ھەر ئون كىشىدىن بىرىنى ئېتىۋېتىش» تەكلىپىنى بەردى. ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان ئىشچىلارغا قارىتا، ئۇ:«ئۇنداق ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى ئېتىۋېتىش كېرەك» دېدى. بىر قېتىم تېلېفون ئالاقىسى نورمال بولمىغانلىقتىن، ئۇ ستالىنغا كۆرسەتمە بېرىپ:«ئۇلارغا ئاگاھلاندۇر، تېلېفون ئالاقىسىغا مەسئۇل ھېلىقى نائېپىنى ئېتىۋېتىمىز، ئاۋاز چوڭايتقۇچنى ئوبدان ئورنىتىشنى بىلمەيدىغان، تېلېفون ئالاقىسىنى قانداق نورمال قىلىشنى بىلمەيدىغان دۆتنى ئېتىۋېتىمىز» دېگەن. كەنت ئاممىسىنىڭ ھەر قانداق قارشىلىق كۆرسىتىش قىلمىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىش بولسىمۇ، لېنىن ھۆكۈمىتى قارار ماقۇللاپ، «چوقۇم دېھقانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىش كېرەك، ئەگەر يىغىلىپ قالغان قارلارنى پاكىز تازىلىمىسا، ئۇلارنى ئېتىۋېتىش كېرەك» لىكىنى تەلەپ قىلدى.

جاھىل، ئەسەبىي بۇ كۆز قاراش جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى، ماھىيەتتە سۇيىقەستچى ھوقۇقدارلار گۇرۇھىنى

بارلىققا كەلتۈردى. گەرچە 20-يىللارنىڭ بېشىدا، جەمئىيەتتە سىياسىيدىن سىرتقى ساھەدىكى ئۆزلۈكسىز ستىخىيىلىك ھەرىكەتلەر ۋاقىتلىق سىغدۇرۇلدى، ھەقىقىي رېئاللىق بولسا لېنىننىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى سىياسىي جەھەتتە ھەمدە روھىي جەھەتتە جەمئىيەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك تىركىشىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولغان ئىدى. جەمئىيەتنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ توغرا خاتالىقىنى تارىخىي ئىسپاتلاشقا ئامالسىز ئىدى، جەمئىيەتنى ئەڭ ئاخىرقى زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىشقا مەجبۇر بولدى، سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزىدىكى ئەندىزىگە ئاساسەن جەمئىيەتنى قايتا بەرپا قىلىشقا ئۇرۇندى. لېنىنچە سىياسىي تۈزۈلمە ئاساسلىقى ستىخىيىلىك ھەرىكەتنى ئاساس قىلىپ پائالىيەت قىلىدىغان جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئېھتىمال سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ چىرىكلىشىشىنى ياكى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

لېنىننىڭ ئالاھىدە ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا تەڭداشسىز ھوقۇق بىرلىگەن پارتىيە قۇرۇپ، دۆلەتنى ئەمەس بەلكى جەمئىيەتنى مەجبۇرىي يوقىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇستەقىل ئەمەلىي گەۋدە سۈپىتىدە ساقلىماسلىقتۇر. جەمئىيەت چوقۇم پاچاقلاپ تاشلىنىشى كېرەك، بولمىسا ئاسسىمىلياتسىيە بولىدۇ، چىرىيدۇ، ھەتتا كوممۇنىزم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يۇزىدىكى سىياسىي نىقابنى ئېچىپ تاشلايدۇ. لېنىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھوقۇقنىڭ لوگىكىسى چوقۇم: ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي بەلباغنى يېشىش ئۈچۈن، چوقۇم دۆلەتنىڭ يادرولۇق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ تارىخنىڭ زورۇر قورالىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك، دېگەن ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، 1987-يىلى، مىخائىل گورباچېۋ كۈچىنىڭ بارىچە ئىسلاھات قىلغاندا، تۇيۇقسىز قوزغىغان تالاش-تارتىشلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئىلىم ساھەسىدىكى بىر رەھبىرىي شەخس يەڭگىللىك بىلەن ئاشكارا ھالدا:«ستالىننىڭ تۈزۈمىنى زادى ستالىن بەرپا قىلدىمۇ ياكى بۇ تۈزۈم ستالىننى بارلىققا كەلتۈردىمۇ؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ئەگەر دەل بۇ سوئالدا

كۆرستىلگەندەك بولسا، تۇزۇم ستالىننى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇنداقتا بۇ ئەمىسە كىمنىڭ تۇزۇمى؟ دەل لېنىن ستالىننى بارلىققا كەلتۈرگەن تۇزۇمنى بەرپا قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، لېنىن ستالىننى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، لېنىن ئىدىيىسىدىكى ھاكاۋۇرلۇق، سىياسىيدىكى ئىچى تارلىق باشقا ھەر قانداق شەخسنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى زور دەرىجىدە توساپ قويىدى. ئەمەلىيەتتە، لېنىنىزمنىڭ ئۆچمەس مىراسى دەل ستالىنىزمدۇر. بۇمۇ لېنىنىزمنىڭ روسىيە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدا ئوينىغان رولىغا قارىتا ئەڭ كۈچلۈك تارىخي شىكايەتتۇر.

# ئىككىنچى باب: ستالىنىزمنىڭ ئاپتى

جوسىف ستالىنىنىڭ تالانتى دەل ئۇنىڭ لېنىنىزم مىراسىنىڭ يادرولۇق مەنىسىنى ھەقىقى چۈشەنگەنلىكىدە. ئۇنىڭ ئاساسلىق رەقىبى لېۋ تروتسكىينىڭ ئۆتكۈزگەن ئاساسلىق خاتالىقى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىنقىلاب قىلىش بىلەن بىرگە پۈتۈن يەر شارىنى داۋالغۇتۇشقا ئۇرۇندى. تروتسكىينىڭ كۆز قارىشى بولسا غەرب كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى ئىنقىلاب قىلىشقا ئاللىقاچان شەرت ھازىرلاپ بولدى، روسىيە كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقى بۇ ئىنقىلابنىڭ تېز غەلبە قىلىشىغا باغلىق، ئىدى. لېكىن، ئۇ «ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب» ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، نەتىجىدە پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېقىندىلا رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلىگەن بيروكراتلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى، ئۇلاردا «ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ» دېگەن خاراكتېر بار ئىدى. بۇ بيروكرات ئەمەلدارلار تېخى پۇرسىتى پىشىپ يېتىلمىگەن دۇنيا ئىنقىلابىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىدىغان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا تەييارلانمىدى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ستالىن ئۇلارنىڭ«ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ» غان خاراكتېرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدە بىر مەيدان ئىچكى ئىنقىلاب قوزغاپ، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي كۈچلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالدى. بۇ قىلمىش ئۇلارنىڭ جانى-جان مەنپەتىگە ماس كەلدى، يەنە ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيىدىكى ئەسەبىي تەلپىنىمۇ قاندۇردى.

«بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش» بولسا، ستالىن تەشەببۇس قىلغان دولەت ئاپاراتى ئارقىلىق جەمىيەتكە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىكى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى. بىرئۇچۇم ھىيلە-مىكىرگە تولغان رەھبەرلەر كېچىلەپ كېرمىل سارىيىدىكى بىر قانچەئېغىز ئويىدە ئۆزلىرىگە تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلەرنى بىكىتىپ چىقتى: يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتا جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش، خېلى بىر قىسىم دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە يوقىتىپ، مىليۇنلىغان

كىشــىلەرنى ئــۆز يۇرتــىدىن ئــايرىش. شــۇنىڭ بىــلەن بىــرگە، دۆلەت ھــاكىمىيىتىنى ئىلگىــرى كۆرۈلــۈپ باقمىغــان دەرىجىــدە كۈچلەنــدۈرۈش. شــۇنداق قىلىــپ،«بىــر دۆلەتــتە سوتسىــيالىزىم قــۇرۇش» بىــر دۆلەتنــى ھەممىــدىن ئۈستۈن تۇرىــدىغان دۆلەت ئاپاراتىغا بويسۇندۇرۇش جەريانى بولۇپ قالدى.

ستالىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنى ۋە دۆلەت ھوقــۇقىنى جەمئىيەتنــى ئۆزگەرتىــدىغان قــورال سۈپىتىدە پايــدىلىنىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ھەممە دېگۈدەك دىكتاتورۋە ئۇنىڭ كونتىروللىقىدىكى دۆلەتكە بوي سۇنۇشى كېرەك. ســتالىن ھەممە يەرنــى قاپلىدى،ناخشا ـ مۇزىكىلاردا مەدھىيە ۋە ئالقىشلارغا ئېرىشتى، ھەممىلا يەردە ئۇنىڭغا تەرجىمھال يېزىلىــپ ئابىــدە تىكلەنــدى، ئــۇ ھەممىــگە خوجايىنلىق قىلاتتى. ئۇ گەرچە تارىختا ئــاز كۆرۈلــىدىغان زالىم پادىشاھ بولســىمۇ، ئەمما يۇقــۇرى دەرىجىــدە بىيرۇكراتلاشــقان ۋە تۈزۈملەشــكەن مــۇرەككەپ دۆلەت ھوقــۇق ئاپــاراتى ئــارقىلىق ھۆكۈمرانلىــق قىلــدى. ستالىننىڭ بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزىم قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئاپاراتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى، ھوقۇقىنى بارغانسېرى زورايتتى.

ھاكىمىيەت ئېھرامىنى تېرورلۇق تۈزۈمى ئــارقىلىق يــۆلەپ تــۇردى. بــۇ خىل تېرورلۇق كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالدى،ھەتتا ســتالىننىڭ ئەڭ يــېقىن ئادەملىرىدىمۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوق ئىدى. ھېچكىم بــۇ ئۆزگىرىشچان مۇستەبىتنىڭ قۇربانى بولۇشتىن خالى بولالمايتتى. بۇگۈنلا ستالىننىڭ ئەڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن سىياسىي بۇيرۇنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئەتىلا سوتقا تارتىلىــپ، ئېتىــپ ئۆلتۈرۈلۈشــى مــۇمكىن ئىــدى. مەســىلەن: ئــا.ئــا. ۋوزنېسېنسكىي 40 ـ يىللارنىــڭ ئاخىرىــدا شــۇنداق كۈلپەتلىــك تەغدىرگە ئۇچرىدى، نۇرغۇن كىشىلەر ســتالىن ئــۇنى مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دەپ قارايتتى. ستالىنغا چەكسىز سادىق، ھەتتا ئۇنىڭ جىنايىتىنى پۈتۈن كــۈچى بىــلەن ئاقلىغــانلارمۇ ئۆزىنىــڭ ئۆلتۈرۈلمەســلىكى يــاكى ھاقارەتلەنمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايتتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان يولداشلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۈزۈشقا بىۋاستە قاتناشقان مولوتوۋ بىلەن كالىنىن سىياسىي بۇيرودىكى ئۈستىلىدە داۋاملىق ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما

ئۆلارنىڭ ئايالىرى ستالىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ھەيدەلدى.

تەخمىنەن 25 يىل ۋاقىت ئىچىدە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆلتۈرۈش ياكى ھايات قالدۇرۇش ھوقۇقىنى بىر ئوچۇم شەپقەتسىز سۇيىقەستچىلەر ئىگەللىۋالدى دېسەك قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سانسىزلىغان ئاتالمىش «خەلق ـ نىڭ دۈشمەنلىرى» نى ئۆلتۈرۈش بىيۇروكرات ھۆكۈمەتنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر ئىشى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن ئارخىپ خاتىرلىرى ئاشكارىلانغاندىمۇ (موسكۋادا نەشىر قىلىنغان ئوخشىمىغان سىياسىي كۆزقاراشتىكىلەر باشقۇرۇشىدىكى «ئاشكارىلىق» ژورنالىنىڭ 1987 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئىلگىرىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ك گ ب 30 ـ يىللاردىن40 ـ يىللارغىچە بولغان چوڭ تازىلاشتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئارخىپىنى ھەر ئايدا 5000 پارچىلىق سۈرئەتتە كۆيدۈرگەن)، كىشىلەر ستالىن چوڭ قىرغىنچىلىقىنىڭ بارلىق ھەقىقى ئەھۋالىدىن مەڭگۈ خەۋەردار بولالمايدۇ. بىۋاستە ئېتىۋېتىلگەن ياكى ئاستا ـ ئاستا خورلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر تۆۋەند ـ ىكى تۈرلۈك كىشلەردىن ئىبارەت: سىياسىي ئۆكتىچىلەر، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى قارشىلاشقۇچىلار، گۇمانلىق پارتىيە ئەزالىرى، ئەيىبلەنگەن ئوفىتسېرلار، باي دېھقانلار، ئاغدۇرۇلغان سىنىپلارنىڭ ئەزالىرى، سابىق ئاق سۆڭەكلەر، ساداقەتسىزلىك قىلىش ئېھتىماللىقى بار دەپ قارالغان ئازسانلىق مىللەت زاتلىرى، دۈشمەن دەپ جاكارلانغان ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى، دىنىي زاتلار، ئىخلاسمەن مۇرتلار، ھەتتا يۇقىرىقىلارنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرى ۋە (كۆپىنچە ئەھۋالدا) ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر.

كىشىلەر ستالىننىڭ شەخس ۋە كوللىكتىپقا كەلتۈرگەن ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزىم قۇرۇش نامىدا، مىليونلىغان دېھقانلارنى يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلدى، ئەڭ ئىپتىدائى تۇرمۇش شارائىتىدا تەلىيى كېلىپ ئەڭ ئاخىرى ھايات قالغانلىرى سىبىرىيەدە ماكانلاشتى. چوقۇم ستالىن مەسئول بولۇشقا تېگىشلىكلىرىدىن يەنە: 30 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىكى چوڭ قەھەتچىلىك مەزگىلىدە، نەچچە مىليونلىغان ئۇكرائىنا دېھقانلىرى

ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتتى. كومپارتىيە ئەزالىرى بۇ ئاچارچىلىقتىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلەتتى، بۇ قەھەتچىلىكنىڭ يۈزبېرىشىنى ياۋايىلارچە كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چوڭ تازىلاش مەزگىلىدە، كومپارتىيەنىڭ ئۆزىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، كومپارتىيەنىڭ كۆپ قىسىم ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئېتىۋېتىلدى، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى .قولغا ئېلىش ۋە ئېتىۋېتىش بۆھرانى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاپلىدى. چېتىشلىقى بارلارنىڭ سانى مىليونغا يەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت ھەربىي ساھەدىلا ئاز دېگەندە 37 مىڭ نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى، 3000 مىڭ دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى 1937-يىلى ۋە 1938-يىلى ئېتىۋېتىلگەن. بۇ سان سوۋېت-گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى ئىككى يىلدىكى سوۋېت ئارمىيىسىدىن ئەمەلىي قۇربان بولغان ئوفىتسېرلارنىڭ سانىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.

ستالىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، «گۇلاگ» ئورگىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. يەككە قولغا ئېلىش بىلەن كوللېكتىپ قولغا ئېلىش توختىماي يۈز بەردى. ھەتتا پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەتلەر كوللېكتىپ بويىچە مىللىي يوقىتىشنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. 1939-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشنىڭ ئالدىدىلا، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت-پولشا چېگرىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان پولشالىقلار تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، پەقەت ئاياللار بىلەن بالىلارقازاقلار رايونىغا كۆچۈرۈلۈپ ماكانلاشتۇرۇلدى. ئەرلەر تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلاندى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، قىرىم رايونىدىكى تاتارلار ۋە شىمالى كاۋكازدىكى چېچىن-ئىنگۇشلار(ئومۇمى سانى 100 مىڭغا يېتىدۇ) نىڭ ھەممىسى سىبىرىيەگە قوغلىۋېتىلدى. گەرچە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارنى قاتتىق قىرغىن قىلغانلىقى ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى تۇيۇقسىزلا موسكۋا ۋە لېنىنگراتتا تۇرۇشلۇق يەھۇدىيلارنى باستۇرۇش نىشانى قىلدى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى يوقىتىلدى. 1949-يىلى، بالتىق دېڭىزى رايونىدىكى يۈز مىڭلىغان ئاھالىلەر كوللېكتىپ ھالدا سىبىرىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇرلاندى. 1988-يىلى 9-ئاينىڭ 22-كۈنى، ۋىلنىيۇس (Vilnius)

رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دېيىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتتىق مەخپىي تۇتقان سانغا ئاساسلانغاندا، پەقەت لىتۋادىلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار سانى 108362 گە يەتكەن. ستالىن ئالەمدىن ئۆتۈش ھارپىسىدا، «يەھۇدىي دوختۇرنىڭ قەستلەش دېلوسى» سوت قىلىش تەييارلىق خىزمىتى يەنىلا ئىشلىنىۋاتاتتى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى كېرمېل سارىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىنى قەستلىگەن دەپ ئەيىبلەنگەن ئىدى.

شۇڭا، مىليونلىغان ئادەم ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن دېسەك قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. مەيلى تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالار ياكى جەمئىيەتتىكى ئاتاقلىق ئەربابلار بولسۇن،ھەممىسى بۇ تەغدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ستالىن ئۇنسۇرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاشكارىلاش 1987 ـ يىلى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت ـ ژۇرناللىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە ئەيىبلىگەن ماقالىلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. 1987 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات گېزىتى»غا بېسىلغان بىر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ژۇرنال ئوقۇرمەنلەرنىڭ ستالىننىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان، خەتلەر ئىچىدە ئادەتتىكى بىر ئايالنىڭ خېتمۇ بار ئىكەن. بۇ خەت ئىنتايىن ھەققىي يېزىلغاچقا، كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالغان. ئۇنىڭ يازغىنى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ تەسىراتى بولۇپ، ناھايىتى ۋەكىللىككە ئىگە ئىدى:

مەن سىلەرنىڭ ژۇرنىلىڭلارنىڭ سادىق ئوقۇرمىنى. ئۇزاقتىن بۇيان، مەن ئىزچىل ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن سىلەرنىڭ ماقالەڭلارنى ئوقۇپ كەلدىم. يېقىندا، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى ژۇرنىلىڭلاردىن ئوقۇدۇم. بەزى ماقالىلەرنى ئوقۇسام يۈرۈكۈم لەختە بولىدۇ.مەن ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاياتىنى ئەسكە ئالدىم.بىز بۇ ئۆمرىمىزدە كۆلپەتلىك 30 يىلنى ئۆتكۈزۈپتىمىز، كېيىن يەنە ئۇرۇش مەزگىلى ۋەئۇرۇشتىن كېيىنكى جاپالىق يىللارنى باشتىن كەچۈردۇق. ھازىر قەلىمىم ئارقىلىق كىروۋ (Kirov )، تۇخاچېۋسكىي (Tukhachevskiy)، ياكىر (Yakir) ۋە باشقا بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىي ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى بايان قىلىمەن. ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ تەقدىرىنى

جامائەتچىلىككە ئاشكارلايمەن، بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشۈنىشكە بولىدۇ. ناۋادا ئۇلۇغ شەخسلەرمۇ قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالسا، ئادەتتىكى ئادەملەر قانداق بولماقچىدى؟

مېنىڭ ئېرىم ئا.بوگومولوۋ (A.I.Bogomolov) بىر ئاددى ئادەم. ئۇ سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان ھەمدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. كېيىن جىنايى جازاسى 10 يىلغا قىسقارتىلىپ، سىياسى ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىنغان. ئۇسوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرىدا 4 يىل جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى.كېيىن، ئۇ يەنە قولغا ئېلىنىپ، جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ، بىر يەرئاستى ئۆيىدە 15 ئاينى ئۆتكۈزدى. بۇ ئىككى قېتىملىق قولغا ئېلىنىشتا، ئۇ ھۆكۈمنامىگە قول قويمىغان. ئۇ شىمالدا جەمئى 12 يىل جازا ئۆتەش جەريانىدا سالامەتلىكى ئېغىرزىيانغا ئۇچراپ، ئېغىر كاناي ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرىدىن چىققاندىن كېيىن سايكتىۋكار (Syktyvkar) دا تۇردى.

ئەر-ئايال ئىككىمىز 42 يىل ئايرىلىپ ئاخىرى جەم بولدۇق، ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتىمىز 1940-يىلى بولۇپ، مەن ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلۇمنى ئېلىپ، لېنىنگىراتتىكى بىر ۋاقىتلىق تۇرمىگە ئۇنى كۆرگىلى باردىم. بىز ئاخىرى يەنە بىرگە بولدۇق......مەن ئېرىشكەن تەسىرات تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق، ئەمما بىز ئەمدى ئايرىلماسلىقنى قارارقىلدۇق. ئۇنىڭ قايتا ئۆيلەنگەندىن كېيىنكى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن، مېنىڭمۇ ئىككىنچى ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن، بىزنىڭ بالىمىز چوڭ بولدى. شۇڭا، بۇ بەش يىلدىن بۇيان مەن ئۇنىڭغا دوختۇر، سېستىرا، ھەدە، سىڭلىسى ۋە دوستى بولدۇم. ئېرىمنىڭ سالامەتلىكى ئۇزۇل-كېسىل ناباۋۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما 74 ياشقىچە خىزمەت قىلدى. بىز ئاممىۋى ياتاقتا ماڭا بەرگەن بىر ئېغىز ئۆيدە تۇردۇق، قوشنا ئۆيدە بىر ساراڭ بار ئىدى. بۇ ئۆيدە دائىم جېدەل بولاتتى،تىللىشاتتى، قوشنا ئۆيدىكى ئۇ ئايال ھەمىشە مۇشت ئېتىپ ئۇرۇشاتتى. ئالاقىدار ئورۇنلار بىزگە كورپۇسلۇق تۇرالغۇ ئۆي بەرمىگەن ئىدى، چۈنكى بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ 6 كىۋادىرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان تۇرالغۇ يېرىمىز بار ئىدى.

ئەمما، مەن سىلەرگە تۆۋەندىكى ئىشنى دېمەكچى. 1955 -يىلى

ئېرىمگە ئىككىنچى قېتىم جازاھۆكۈم قىلىنغاندا مەن ئۇنى ئاقلىدىم. ئەمما 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن جىنايىتى بىكار قىلىنىپ، نامىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇ بىر يىلدا، مەن ئەرز سۇنۇپ، ھەقىقى ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم. لېنىنگىرات ھەربىي رايونىدىكى ھەربىي سوت ئېرىمنىڭ 1940 ـ يىلدىكى دېلوسىنىنقايتا قاراپ چىقتى. «جىنايى پاكىتلار يېتەرلىك ئەمەس» نى سەۋەب قىلىپ ئەسلىدىكى ھۆكۈم بىكار قىلدى. ئېرىم ئاقلانغاندىن كېيىن پەقەت 270رۇبلى تولۇقلىمىغا ئېرىشتى. مۇنچىلىك پۇل ئۇنىڭ سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ئىككى ئايلىق مۇئاشىغا باراۋەر. ئۇ شىمالدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا 12 يىل قامىلىپ، توختىماي سوراق قىلىندى، كان ۋە دەرەخ كېسىش مەيدانىدا جان تىكىپ ئىشلىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنى پەقەت 270 رۇبلى بولدى! مەن ھەر قېتىم سۈرۈشتۈرگىلى بارغىنىمدا ئېرىشكەن جاۋاب ھەمىشە بۇ قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ، 1955 ـ يىلدىكى قانۇن ـ بەلگىمنى كۆتۈرۈپ چىققاتتى.

ئېرىمنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئاقلاشتىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كەلگەنلىكى جاكارلاندى. ئۇ ھازىر بىرىنچى دەرىجىلىك مېيىپ، كۆزى كۆرمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا ماقالە ئوقۇپ بېرىمەن، ئۇ ھەمىشە ئۇن ـ تىنسىز ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ 113 رۇبلىلىق پېنسىيە مائاشىنىڭ 15 رۇبلىسى بىرىنچى دەرىجىلىك مېيىپلارنىڭ «كۈتىنىش»خىراجىتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئالاقىدار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا داۋاملىق خەت يېزىپ ئەرز قىلدىم، چۈنكى مەن پۈتكۈل ئىشلار ئادىل بىر تەرەپ قىلىنمىدى دەپ قارىدىم. پەقەت ئۇ ھايات بولسىلا، مىنىڭ كۈچۈملا بولىدىكەن خەت يازىمەن، كۈيۈپچىلىككە مىنىڭ ئېرىمگە ئوخشاشلارنىڭ قانداق ئازاپ چەككەنلىكىنى ۋە ھېچقانداق تولۇقلىمىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن. ئۇلار ئۆز دۆلىتىگە يۈز كېلەلەيدۇ، بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋەيران بولدى. ئۇلار جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالمىدى، ئۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولالمىدى. شۇ سەۋەپلىك شەرەپلىك مېيىپ ھەربىي ياكى پىشقەدەم جەڭچى دېگەن نامغا ئىگە ئېرىشەلمىدى، بايرام مەزگىللىرىدە كىشىلەرنىڭ تەبرىكلىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ!

سىلەردىن ماگا بىر يۇرۇش ئۆي بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىم يوق. بىز ياشنىپ قالدۇق، بىر يۇرۇش ئۆي بەرگەن تەغدىردىمۇ، بىزگە نىسپەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ كىچىكتى. ئېرىم هازىر 82 ياشقا كىردى. يېقىندا، ئۇ سەكتە كېسىلى بولۇپقالدى. ئەمما مەن سىلەردىن ئەشۇ بارلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، «هۆكۈمگە قارىتا شىكايەت قىلىشقا بولمايدۇ» غالىلىقتىن ئۆزىنى قوغداشقا قۇربىتى يەتمىگەن كىشىلەرگە ياردەم بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

بۆگۆن ئۆلار رادىئو ئىستانسىسىدا تۋاردوۋسكىي (Tvardovskiy) نىڭ «هوقۇقنى سىغىنىش» دىگەن شېئىرىنى ئاڭلاتتى. ئاڭلىغاندىن كېيىن هاياجاندىن بەدەنلىرىم تىترەپ كەتتى. ئېرىمنىڭ بىر جۈپ ئەما كۆزىدىن توختىماي ياش ئاقتى. ئىلگىرى ئۇ ئىزچىل بىر ئەمگەكچى، كومسومول ئىدى، بالقاش كۆلىنىڭ كۇزنېتسكسچروي (Kuznetskstroy) دا ئەمگەك قىلدى، ئۇنىڭ بىر جۈپ قولىنى قاداق قاپلاپ كەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالدى. ئەمما ئۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلىپ يەتتى هەمدە بۇ قېتىمقىسىنىڭ هەقىقى ئىنقىلاب ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندى. بۆگۆنكى كۈندە نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۆزگىرىش بولدى. كىشىلەر ئەشۇ پىشقەدەم جەڭچى ۋە پىشقەدەم ئىشچىلارنى ئىنتايىن هۆرمەتلەش بىلەن بىرگە، ئەگەر ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان بولسا ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. 1955-يىلى ماقۇللانغان قانۇننى نىمىشقا تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتمەيدۇ؟ هاقارەتكە ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان كىشلەر نىمە ئۇچۇن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولۇقلىمىغا ئېرىشەلمەيدۇ؟ ئەجىبا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى باقالمىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆزگە ئىتتىرىپ قويۇش كېرەكمۇ؟

مەن سىلەردىن ماگا، ئەشۇ ياردەمگە موهتاج بولغان ۋە ياردەمگە ئېرىشىش مۇقەررەر بولغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. هازىر، سىلەر بەزى ۋاقىتلاردا بەزىلەرنىڭ ئۇ ئادەم ياكى بۇ ئادەم ئىلگىرى خەلقنىڭ دۈشمىنى ئىدى دىگەن گەپلەرنى ئاڭلايسىلەر. ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ئەمەس. مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم پۇل مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت خەلققە مەسئول بولۇشى كېرەك.

ۋالېنتىنا زىنوۋېۋنا گروموۋا (Valentina ZinovevnaGromova)،

لېنىنگراد گەرچە كىشىلەر ستالىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ئومۇمىي سانى زادى قانچە ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلمىسىمۇ، ئەمما مۇتلەق ئىشەنچلىك ھالدا 20 مىليوندىن ئازئەمەسلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، 40 مىليون ئادەمگە يېتىشى مۇمكىن. ئەنگىلىيىلىك تارىخشۇناس روبېرت كونكۇېست (Robert Conquest) يازغان «چوڭ تېررورلۇق» (1968-يىلى نەشىر قىلىنغان) ناملىق كىتاپتا ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىياللارتوپلانغان بولۇپ، ئەڭ ئەتراپلىق پەرەز قىلىنغان، ئۇ ئەستايىدىل ھېساپلاش ئارقىلىق يۇقىرىقى پەرەزنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە قوشۇلغان. ئومۇملاشتۇرغاندا، ستالىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۆلتۈرگەن ئادەم سانى ئەڭ كۆپ ئادەم بولۇشى مۇمكىن، ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ھەتتا گىتلېردىن ئېشىپ كەتكەن.

چوڭ سۈيقەستلەر سوۋېت تۈزۈمىنى قۇرۇشنىڭ مەھسۇلاتى. سوۋېت تۈزۈلمىسى كوللىكتىپ قىرغىن قىلىشقا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، تەرەققىي قىلغان ۋە بيۇروكراتلاشقان، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئورنىنى تىكلىگەن. ئەمما، بۇ جەريانىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بىر نۇقتا بولسا: گەرچە بۇ جىنايەتلەر سادىر بولغان بولسىمۇ، ئەمماستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكىلەر ۋە زور بىر قىسىم يېڭى شەھەر ئاھالىلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقىي نەتىجە قازانغانلىقىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ھېس قىلدۇردى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىدىكى، ئۇ كىشىلەرگە ئۇنىڭ سىياسىتى ۋە ئۆزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىش، سانائەتلىشىش بىلەن شەھەرلىشىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرغۇنلىغان سوۋېت پۇقرالىرى ستالىن دەۋرى جەمىيەت بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرغان، ھەتتا كىشىلەر دۆلەتنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازانغانلىقىدىن ھەقىقىي ئېتىخارلىنىدىغان دەۋر دەپ قارىدى.

ئالدى بىلەن نىكىتا خىروشوۋ 50-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا، كېيىن مىخائىل گورباچېۋ 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ستالىننىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارلىدى. نۇرغۇن ئاددىي سوۋېت

پۇقرالىرىنىڭ بۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرى كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ-زىيالىيلار ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇققانلىرى ۋە دوستلىرىدىن سىرت، ئادەتتىكى ئامىمىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى سۇس بولدى. بۇخىل ئىنكاس مەلۇم دەرىجىدە روسىيەلىكلەرنىڭ رەزىل ئۆتمۈشىنىڭ ئاشكارىلىنىشى دۈشمەنلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا دائىم مۇنداق بىر قاراش پەيدا بولىدۇ: ستالىنىزم دەۋرىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا بولمايدۇ. بەزى پۇقرالار ستالىننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇردى، سەۋەبى مۇنداق قىلغاندا ئۆتمۈشكە ئادىل بولمايدۇ،سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئابرويى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

1987-يىلى7-ئاينىڭ 23-كۈنى «ھەقىقەت گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان «ئۇقۇرمەنلەردىن كەلگەن تەسىرلىك خەت» ماقالە ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ھەم ئويغىتىش رولىغا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. ماقالىدە پارتىيە گېزىتى نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى، خەتتە كىشىلەر ھازىرقى زامان سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى ستالىنىزمغا قارشى خاھىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ۋە ئۇمىدسىزلە-نگەنلىكىنى ئىپادىلىدى دېيىلگەن. 74 ياشلىق ئوقۇرمەن ۋاسىلىي پېترووۋىچ پېشكېتوۋ (Vasiliy Petrovich Peshketov) (ستالىن پەيدا قىلغان تېرورلۇق ئەڭ ئېغىر ۋاقىتلاردا، ئۇ ئاران 24 ياشتا ئىدى) دىن كەلگەن خەتتە دېيىشىچە، ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا «ۋەتەن ئۈچۈن، ستالىن ئۈچۈن» دېگەن شوئارنى قاتتىق تۇۋلاپ ناتسىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان. بۇ مىسال كىشىلەردىكى كەڭ تۈردە مەۋجۇت قاراشنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پېشكېتوۋ يەنە: «كىشىلەرنىڭ بۇ شوئارنىڭ سادىقلىقىغا قىلچە گۇماندا بولۇشىغا قانداقمۇ يول قويغىلى بولسۇن؟» دەيدۇ. ئەسلىدىكى قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشنى ئېنىقلا خالىمايدىغان بۇ قېرى خېتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ستالىنغا قارشى ھەركەتنىڭ ئالدامچىلىق ۋە ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ئاساسىغا قۇرۇلغان دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ: «نېمىشقا ئالدامچى مۇھاكىمىلەر ئابرويلۇق ژورنالدا ئېلان قىلىندۇ؟» دەپ سورايدۇ.

«ھەقىقەت گېزىتى» ئۆزىنىڭ ئوبزور ماقالىسىدىمۇ يۇقۇرىقى خەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ: بۇ

پىشقەدەم ئەسكەر مۇبالىغە قىلىشقۇدەك ياكى ئەتەي سىرلىقلاشتۇرۇپ تۇرىۋالغان. كەلگەن خەتتىن ئۇنىڭ پۈتۈنلەي مۇبالىغە قىلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. نۇرغۇن خەتلەر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەت ئۈستىلى ئۈستىدە، زورلۇق سانىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئوخشاش نەچچە سوئالنى سورايدۇ، پەقەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ خالاس...... قانداقسىگە ئاشۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغان، خىلمۇ خىل، ئۆز ئارا زىددىيەتلىك ۋە مەزمۇنى تامامەن ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ھادىسىلەر، چوڭ-كىچىك ۋەقەلەر ۋە پاكىتلارنى قانداق قىلغاندا ھەممىنى بىر رامكىغا سېلىپ، بىرلا فورمۇلا، يەنى «شەخسكە چوقۇنۇش» قا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى، پاسسىپ ھادىسىلەرنى، جىنايەتلىرىمىزنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە لېنىنىزمغا خىلا-پلىق قىلغان پارتىيە ئىچىدىكى تۈرمۇش مىزانىنى، يەنە دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، ۋەتەننى قوغداش ئۇلۇغ ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى قانداقمۇ ئەيىبلىگىلى بولىدۇ......بىزنىڭ قورقماس روھىمىزغا، قىزغىنلىقىمىز، ياشلىق باھارىمىز ۋە بىزنىڭ مارشلىرىمىزغايەنە قانداق باھا بېرىشكە تېگىشلىك؟ ئەجىبا بىز بولارنىڭ ھەممىسىدىن بىراقلا ۋاز كېچەمدۇق؟

زالىم ستالىن ئۆلۈپ 30 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، زور ساندىكى ماقالىلەردە ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ كۆلىمى ۋە دەھشەتلىكى ئاشكارا ئېچىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ستالىنىزمنىڭ شۆھرىتى بىر قىسىم سوۋېت ئىنتېپاقى پۇقرالىرىدا قايتىدىن باش كۆتۈردى، بۇ ستالىنىنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئاممىسىنىڭ قەلبىدە يەنىلا بىر ئۇلۇغ شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ستالىن يەنە دۆلەت سىرتىغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ توغرىلىقىنى ناھايىتى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى ھەمدە بەزى چەتئەللىكلەر ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مۇۋەپپىقىيەتلىرى بار دېگەن قاراشقا كەلدى. مەسىلەن، نۇرغۇن غەربلىك ئوبزورچىلار كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ روسىيەدە پەيدا قىلغان تېررورلىقىنى ئەيىبلەشنى خالىمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ روسىيەگە ئاتا قىلغان سانائەتلىشىشىگە ھەۋەس قىلدى.

شۇڭا،نۇرغۇن كىشىلەر ستالىن دەۋرى جەمئىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان، يېزا ئىقتىسادىنى شەھەر ئىقتىسادىغا ئاساسىي جەھەتتىن بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىگەن دەۋر دەپ قارايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى قىسمەن ئەھۋاللار ھەقىقەت. ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلىپ مۇھىم سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. زورمىقداردىكى نوپۇس يېزىلاردىن شەھەرلەرگە ئېقىپ كىردى. تۈزۈملەشكەن، مەركەز ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلغان سوتسىيالىزم تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىمۇ ئىزچىل بىر قەدەر يۇقىرى سۈرئەت بىلەن داۋاملىق ئاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىرىنچى بەش يىللىق پىلان ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىگىلىكى كىرىمى تۆت ھەسسە ئاشقان، يىللىق ئېشىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاندا 15% كە يەتكەن. بۇئەھۋال نوپۇسنىڭ زور كۆلەمدە ئېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە 13 يىل ئىچىدە شەھەرنوپۇسى بىر ھەسسە ئاشقان. 1928-يىلدىن 1940-يىلغىچە، ئېلېكتر كۈچى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى غايەت زور ئېشىپ، 5 مىليارت كىلوۋات سائەتتىن 48 مىليارد 300 مىليونكىلوۋات سائەتكە يەتكەن. پولاتنىڭ يىللىق ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارى 4 مىليون 300 مىڭتوننىدىن ئېشىپ 18 مىليون 300 مىڭ تونغا يەتكەن، ستانوكنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2000 دىن 58400 دانىغا يەتكەن، ماشىنا يىللىق ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارى 8000 دانىدىن 145 مىڭغا يەتكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى مىقدارىنىڭ 84.7% نى ئىگىلىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت خەۋىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇ زور نەتىجىلەرنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

ستالىن دەۋرىنىڭ دەسلىپىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى نېمە ئۈچۈن غەربتىكى قىسمەن كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن ئۆلگەندىن كېيىنكى پەقەت 3 يىل ئىچىدىلا، شۇنچىلىك كومىدىيىلىك ھالدا ستالىنغا قارشى ھەركەت كۆرۈلگەنلىكىدىن قاتتىق ھەيران قالغانلىقىنى قىسمەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەركەت

تۆۋەندىكى ئەھۋالنى جامائەتچىلىككە ئاشكارلاپ بېرىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ نەپرەتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كونا ئۆچ- ئاداۋەتلەرنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز، خەلق غايەت زور ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرىدى. زور ساندىكى گۇناھسىز پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ستالىن «مۇۋەپپىقىيەت» نىڭ كۆرۈنمەس بەدىلى. 1956-يىلى، خرۇشوۋ داڭلىق نۇتۇقنى ئېلان قىلدى. 1961-يىلى، 22-قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا 2-قېتىملىق ستالىنغا قارشى دولقۇن كۆتۈردى ھەمدە ستالىنغا قارشى دوكلاتلارنى ھۆججەت قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. يۇقىرىدا دېيىلگەن نۇتۇق ۋە ھۆججەتلەردە ستالىن دەۋرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنىڭ تۆلىگەن غايەت زور بەدىلى ئېچىپ تاشلاندى.

ئېنىقكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ھەقىقىي ئاخىرقى ئۆزگىرىشلەر... تېخىمۇ ئەيىبلەشكە تېگىشلىكى، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەتلىشىشى دەسلەپكى مەزگىلدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ستالىن دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆلىگەن بەدىلىنى: سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئۆزگىرىشى ۋە زامانىۋىلىشىش ئەندىزىسى قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات سۈرئىتى دۇنيادىكى باشقا رايونلاردىن تېز بولدى، دېگەن قاراش ئارقىلىق ئەقلىگە ئۇيغۇنلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىلدىكى ئەقلىي خۇلاسىلەرنى ئەخلاقىي ۋە ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ دېمەسلىك پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، بۇ قاراش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا، ياپونىيەنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مەيلى «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش» تىن كېيىنكى 19-ئەسىردە بولسۇن، ياكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بولسۇن، ياپونىيەنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى باشقا دۆلەتلەردىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى ھەمدە كۆپ ئادەممۇ ئۆلمىدى. ئوخشاشلا، 20- ئەسىردە ئىتالىيە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپا-قىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.(21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىتالىيە بىلەن روسىيەنى جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى).. ئەڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتا بولسا: چارروسىيە 1890-يىلدىن 1914- يىلغىچە ستالىن دەۋرىدىن تېخىمۇ تېز بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

ستالىن چارروسىيە پۇقرالىرىغا ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلدى.

قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، ھەتتا مىخائىل گورباچېۋنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى تۆرلۈك ئامىللار بىلەن گىتلېر گېرمانىيىسى قەد كۆتۈرگەن ئەھۋالدا، سانائەتلىشىش ۋە كوللېكتىپلاشتۇرۇش جەريانىدا بەلگىلىك ئىجتىمائىي بەدەل تۆلەش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرىيېزىپ چىققان «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» دېگەن كىتابىدا:«20ـ30 يىللىق سانائەتلىشىش ھەقىقەتەن پەۋقۇلئادە قاتتىق سىناق بولدى. بىز ھازىر بۈگۈنكى نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىدىغان بولساق: سانائەتلىشىش كېرەكمۇ-يوق؟ ئەجىبا بىزگە ئوخشاش بىر چوڭ دۆلەت سانائەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتكە ئايلانمىسا، 20ـ ئەسىردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ يەنە باشقا بىر سەۋەپتىمۇ ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتمەي بولمايتتى. فاشىستلارنىڭ تەھدىتى 1933 ـ يىلدىن باشلاپ تېز سۈرئەتتە ئاشتى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىپ گىتلېرنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسمىسا، دۇنيا قانداق ئەھۋالدا قالاتتى؟ دۆلىتىمىز خەلقى 20ـ30 يىللاردا توپلىغان كۈچى ئارقىلىق فاشىستلارنى بىتچىت قىلدى. ئەگەر سانائەتلىشىش بولمىغان بولسا، بىز فاشىستلانىڭ ئالدىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا قالاتتۇق» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ئەمما،سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەنى زىل-زىلىگە سالغان قارار 1933ـ يىلى ئەمەس، بەلكى 1928ـ يىلىدا چىقىرىلغان قاراردۇر. ئۇ ۋاقىتتا، مىلىتارىزملاشقان گېرمانىيە تەھدىتى ئەمدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، ستالىن سالماق تەلەپپۇزدا ئەنگلىيەدىن كەلگەن «ئۇرۇش تەھدىتى» گە تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى، موسكۋا گېرمانىيە بىلەن ئاكتىپ ھالدا ھەربىي ۋە سىياسى ھەمكارلىق ئورناتتى. ئەمەلىيەتتە، 1932ـ يىلى يازدا، ستالىن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا تۆۋەندىكى كاپالەتنى بەردى، بۇ كاپالەتنامە ئېمىل لۇدۋىگ (Emil Ludwig) بىلەن دارۋاق قىلغان كۆرۈشۈشتە ئوتتۇرىغا قويغان. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئورۇندا خەۋەر

قىلغان: سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلغان ئەھۋالدا پولشا چېگرىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تەييارلانمىدى.

ئېنىقكى، قىلچە مۇبالىغە قىلماي ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى نىسپىي ئېيتقاندا موشۇنداق كىچىككىنە ئىجتىمائىي مەنپەت ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدىكى ئاۋامنى شۇنچىلىك غايەت زور قۇربانلىق بەرگۈزدى، بۇ ئەھۋال ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخشۇناسى سايرىل بلەك (Black Cyril) يازغان «سىلىشتۇرما ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىگە نەزەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ ( بۇ ئەسەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلغان) يەكۈن قىسمىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن :

50 يىلدىن كېيىن، كىشى بېشىغا تۇغرا كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ بويىچە رەتكە تىزغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئېرىشكەن چەكلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، كىشى بېشى بويىچە ھېسابلىغاندا، 1917 ـ يىلدىن بۇيانقى سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچقانداق دۆلەتكە يېتەلمىگەن ياكى ئېشىپ كېتەلمىگەن....... بۈگۈنكى كۈندە روسىيەنىڭ ئالدىغا تىزىلغان 19 ياكى20 دۆلەت 1900 ـ يىلى ۋە 1919 ـ يىلمۇ روسىيەنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

بىراق، ھەتتا 50 ـ يىللار ۋە 60 ـ يىللارغا كەلگەندىمۇ، غەربلىكلەر يەنىلا مۇنداق بىر نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ كەلدى: تارىختىن قارىغاندا، ستالىنىزمدا ياخشى بىلەن يامان ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆز ئارا زىددىيەتلىك. غەرب دۆلەتلىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەرلا ستالىنىزم پەيدا قىلغان تارىخىي رېئاللىقنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى تەس دەپ قارىمايدۇ. مەلۇم تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ قىيىنچىلىققا پېتىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ستالىننىڭ دۆلىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ «سوتسىيالىزم» قۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر ئەمەلىي مىسالى. بۇ پارتىيەلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللىقىغا ئۇچرىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە بەك چوڭ تاللاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. تۆۋەندىكى پاكىت ستالىننىڭ

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتىكى تەجرىبىسىنىڭ 20-ئەسىردىكى ئالىملار نى نىمە ئۈچۈن جەلىپ قىلغانلىقىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ: غەرپتىكى نۇرغۇن ئالىملار تارىخشۇناس ( Issac Deutscher) ئىساك دېيشېر (ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرى بولۇپ، باشقىلار ھەممىسى نەقىل ئېلىشىدۇ)تارقاتقان ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ئىدىيە ستالىنىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى تارىخىي زۆرۈرلۈك، ئىنتايىن ئىپتىدائىي بىر جەمئىيەتكە سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق زورلۇق كۈچ بىلەن سانائەتلەشتۈرۈشنى تېز سۈرئەتتە ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم زۆرۈر دەپ قارايتتى.

خرۇشوۋ قوزغىغان ستالىننى پاش قىلىش ھەرىكىتى بۇ خىل كۆزقاراشنى بىتچىت قىلىشقا ياردىمى ناھايىتى زور بولدى، ئالېكساندىر سولجېنىتسىين (Solzhenitsyn Aleksandr) نىڭ «گۇلاگ ئارىلى» ناملىق كىتابى ستالىن «تارىختا ئاكتىپ رول ئوينىغان» دىگەن ئەپسانىنى جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تال مىخنى قاقتى.

ھەتتا غەرب دۆلەتلىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەرمۇ ستالىنىزمنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى بىر سىياسىي كۈلپەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىنى ئەيىبلەشتە تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. ئەمما، ماركسىزىمغا مايىل غەربى ياۋروپا زىيالىيلىرى ستالىننى پاش قىلىش ھەرىكىتىدە ئۇچرىغان سىلكىنىش تېخىمۇ چوڭ بولدى. شۇڭا، كىشىلەر پەيدىنپەي ستالىنىزمنى كوممۇنىزم ئەمەلىيىتىدىكى غايەت زور خاتالىق، ئىبرەت ئېلىش ۋە ساقلىنىش كېرەك دەپ قارايدىغان بولدى.

بىراق، ستالىن پەيدا قىلغان بالايى-ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى لىنىندىن سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، يەنى ئۇ مىراس قالدۇرغان مۇستەبىت پارتىيە ۋە تېررورچى مەخپىي ساقچىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ. ستالىننىڭ غايەت زور بيۇروكرات ئاپاراتى ھەممە چوقۇم ئاۋانگارت پارتىيەگە بويسۇنۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان. مۇبادا ئۇ پارتىيەجەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالسا، دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى مۇقەررەر ھالدا كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ستالىننىڭ ئۆزى قالدۇرغان مىراس بولسا: دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنى قىلچە تەپ تارتماي پايدىلىنىش ئارقىلىق جەمىيەتكە تاقابىل

تـۇرۇپ، ئىجتىمـائىي ئىجاتچـانلىقنى چەكـلەپ، ھەر قانــداق ئىــدراكلىق يېڭىلىق يارىتىشنى بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرىدىغان ساقچى دۆلىتىنى قـۇرۇپ چىقىــپ، تەبىــقە ئالاھىــدە ھوقـۇق تـۈزۈمىنى شـەكىللەندۈرۈپ، ھەممىنــى مەركەزنىــڭ سىياســي كــونتروللىقى ئاســتىغا ئېلىشــتۇر. ســتالىننىڭ بــۇ مىراسىنىڭ زور كۆپ قىسمى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەۋجـۇت بۇلـۇپ، ھەتتـا خروشــېۋ قوزغىغــان كۈچلـۈك ھۇجۇمــدىن كېيىنمـۇ يەنــىلا ھېچنــېمە بولمىدى. شۇڭا، ستالىنىزم سوۋېت ئىتتىپـاقى ئەندىزىسـىنىڭ شـۆھرىتىنى پۈتكـۈل دۇنيـادا يوقىتىــپ قالـماي، خروشــوۋدىن كېـيىن لېئونىــد برېژنېــۋ رەھبەرلىكىدىكى 20 يىلـدىن ئـارتۇق سىياســي ۋە ئىجتىمـائىي قاشـاقلىق كۆرۈلدى.

# ئۈچىنچى باب: قاتماللاشقان ستالىنىزم

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن ئادەمدە ستالىنىزمىنى لاشتۇرۇشقا زىددىيەتلىك پىسخىكا مەۋجۇت، بۇ دەل برېژنېۋ دەۋرىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن داۋاملىشىشىنىڭ ھەمدە قوللانغان شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى. برېژنېۋ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە زامانىۋىلاشتۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خرۇشچوۋ يولغا قويغان بوران-چاپقۇن شەكلىدىكى ئىسلاھات بىلەن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ستالىن ھاكىمىيىتىگە ئوخشايدىغان كونا يولغا ماڭدى. جەمئىيەتتە، ئىقتىساد ھەتتا سىياسەت پەيدىنپەي چېكىنىش بىلەن بىرگە، ستالىن تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، بولۇپمۇ كىشىنى بوغىدىغان مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىش، ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمان بولغان پارتىيە كادىرلىرى ھەمدە دۆلەتنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرىنىڭ تەڭداشسىز ھوقۇقى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالدى. بىردىنبىر ئۆزگەرگىنى ستالىن يولغا قويغان كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى سەل پەرىقلىنىدىغان ئەمما يەنىلا زالىم ئەزگۈچى سىياسەت ئالدى. بۇئاساسلىقى ھۆكۈمران قاتلامنىڭ ئازاپلىق تەجرىبىدىن تېررورلۇقنىڭ ئۆزىدە ئوت بىلەن ئويناشقۇچىغا ھامان زىيان سالىدىغان ئىچكى كۈچنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدە ئىدى.

دۆلەت قوزغىغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات بولمىغان ھەم كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇق بولمىغان ستالىنىزم شۇنداق قىلىپ يەنە 25 يىل داۋاملاشتى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم دەۋرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم مۇساپىسى ستالىنىزمنى ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، تارىختا ئاتالمىش كوممۇنىزمنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بولۇپ قالدى. ستالىن تۈزۈلمىسىنىڭ داۋاملىشالىشىنىڭ سەۋەبى برېژنېۋ ھەمدە ئەتراپىدىكى يولداشلارنىڭ بۇ تۈزۈلمىگە يەنىلا سادىق بولۇشى ھەمدە مەنپەئەتدار بولۇشىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، بۇ تۈزۈلمىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ، ھۆكۈمرانلىق ، مۇكاپات

ۋە جازا ھەمدە ئەڭ زور پايدىغان ئېرىشكىلى بولىدىغان غايەت زور تۈزۈلمە بولۇپ قالغانلىقىغا، يەنە يېڭىلا شەھەرلىشىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ئاممىسىغا بۇ قاراشنى قايتا-قايتا سىڭدۈرۈشكە باغلىق، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ غايەت زور ئىلگىرىلەشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇلار باشقا ئالاھىدە نەرسىنىڭ نۆۋەتتىكى تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

ستالىنىزم داۋاملاشتى ھەم بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ئالغا باسالمىدى، ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ھەقىقىي سىياسىي تۇرمۇشى بولمىغان سىياسىي گەۋدە ئىدى. ئەڭ ئاخىرى ستالىنىزم مىراسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ئوچۇق-ئاشكارا مۇنازىرە كۆرۈلدى. تارىخشۇناس (Leonid Batkin) لىئونىد باتكىن 1988-يىلى «يەكشەنبە» ھەپتىلىكىنىڭ 26-سانىدا:

20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، سىياسىي بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىن يوقالدى......سىياسىي ھازىرقى زامان ئىنسانلار پائالىيىتىدىكى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ساھە بولۇش سۈپىتى بىلەن قايتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى. بۇ ساھەدە، بارلىق گۇرۇھلار ۋە سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ئوخشاش ئەمەس، ئۆز ئارا توقۇنۇشىدۇ، ھەر قايسى سىنىپلار بىۋاستە ئاشكارا كۈچ سىنىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك چارە-تەدبىر قوللىنىشى زىددىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە ياراشتۇرىدۇ.سىياسىي مۇبادا يوقالسا، بارلىق شەئىيلەر «سىياسىيلىق» قا ئىگە بولىدۇ. دەپ كۆرسەتتى.

پۈتكۈل جەمئىيەت سىياسىيلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئەمما ھەقىقىي سىياسىي پەقەت ئەڭ يۇقىرى قاتلام بىلەنلا چەكلەندى. بۇتۈزۈلمە شۇ سەۋەبلىك قوغداپ قېلىندى، ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. ئەمما، مەجبۇرىي ئۆز-ئۆزىنى قامال قىلىش مۇقەررەر تۈلەيدىغان بەدەل تۈزۈلمىنىڭ قاتماللىشىشىدۇر.

بۇ قاتماللىققا ھېچكىم پەرۋا قىلماي تۇرالمايدۇ. برژنېۋ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكى بەزىلەر بۇ ھادىسىدىن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. كىشىلەر ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى، ئىدىيىنىڭ چىرىكلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. زىيالىلاردىن سىرت، سىياسىي

ساھەدىكى بەزى سەرخىللارمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇلار ئىلگىرىلىشى ئاستا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن رەقىبى ئامېرىكا ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ئۇزلۇكسىز چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەيدىنپەي ھېس قىلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخشۇناسنىڭ ئېيتقىنىچە بولغاندا : «ستالىن تۈزۈلمىسى نەچچە مىليون خەلقنى قىرغىن قىلىۋاتقاندا، بور، ۋىنېر، ۋاتسون، كىرىك قاتارلىق ئالىملار ئۆز خىزمىتىنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتاتتى. برېژنېۋ تۈزۈلمىسى دۆلىتىمىزنى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇچاغدا، دۇنيادا لازېر نۇرى ۋە كومپيۇتېر بارلىققا كەلگەن ئىدى ھەمدە كېيىنكى سانائەت ئىنقىلابى پارتلىدى.»

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى تارىخىي ئۈمىدسىزلىك بىلەن خرۇشوۋ دەۋرىدىكى قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق روشەن سېلىشتۇرما بولدى. 1958 ـ يىلىلا، باش سېكرېتار نىكىتا خرۇشوۋ ئاشكارا ھالدا : سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي رىقابەتتە ئۇزاق ئۆتمەي ئامېرىكىنى «دەپنە قىلىۋېتىدۇ» ، دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئېھتىمال ئامېرىكىدىن ئىلگىرى يولغا قويغان بوشلۇق پىلانى سوۋېت ئىتتىپاقى سۇنئىي ھەمراسىنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىشى خەلقئارا جامائەت پىكرىدە غەلبە قىلىشى بىلەن مەس بولۇپ كەتكەن بولۇشى، ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق ئېشىش نىسبىتى ستاتىستىكىسىغا ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى نۇرغۇن ئاشكارا سورۇنلاردا سۆز قىلىپ، 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدا «سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» ، بۇ «خەلقىمىزنى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمان بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ جار سالغان بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكىنى، ئاشكارا ئاتقان پولارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق ئەمەس، چۈنكى 1961 ـ يىلى رەسمىي ماقۇللانغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىدىيە پروگراممىسىدا، ھەممىسى قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىشارەت ئاتالمىش ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئىزچىل توغرا بولغان ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەلىماتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى: «

نـۆۋەتتىكى 10يىـل ئىچـىدە، يەنـى 1961ـ يىلـىدىن 1970 ـ يىلىغىـچە، سـوۋېت ئىتتىپـاقى كوممۇنىزمنىـڭ مـاددى ۋە مەنـىۋى ئاساسـىنى قۇرغـان ۋاقىتتا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەڭ كۈچلـۈك، ئەڭ بـاي كاپىتالىسـتىك دۆلەت ئامېرىكىـدىن ئېشىـپ كېتىدۇ».

بۇلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ، پارتىيە پروگراممىسى ئارقىدىنلا كېيىنكى 10 يىلدا «پۈتكۈل خەلق تولۇق مـاددى ۋە مەدەنىيەت بايلىقىغا چوقـۇم ئىـگە بولـىدۇ....شـۇنداق قىلىـپ، كوممۇنىزم سـوۋېت ئىتتىپاقىـدا ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئىسمى جىسمىغا لايىق كوممۇنىزم باسقۇچىغا كىرىش سـوۋېت ئىتتىپـاقى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرى تارىخىي غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتى ئامېرىكىدىن تېخىمۇ باي، ئىقتىسادى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرىدۇ، «ئۇلۇغ كوممۇنىزم بىناسى» نىڭ «ئېھتىياجغا ئاساسـەن تەقسـىملەش پرىنسـىپى» نـى ئىزچىللاشـتۇرۇش شـەرتى ھازىرلىنىدۇ.

ئەمىلىيەتـتە، لاپ ئېتىشـلار 60 ـ يىللارنىـڭ ئوتتۇرىـدا ئىقتىسـادنىڭ توختاپ قېلىشىدەك ئاچچىق رېئاللىقنى يوشۇرۇشنىڭ ئەۋرەت لاتىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئېھتىمـال برېژنېۋنىـڭ ئاخىرىـدا پەرقنـى يوقىتىشتا ئۈمىدى تۈگۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. 1970 ـ يىلى، سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ ئىقتىسـادىي ئەمەلـىي كـۈچى ئامېرىكىنىـڭ يېرىمىـدىن ئېشىـپ كەتتـى ھەمـدە ئېشىش سۈرئىتى ئامېرىكىنىڭكىـدىن سـەل تېـز بولـۇپ، باشـقا بـارلىق رەقىبلىرىنـى خېلـى پەرق بىلـەن ئارقىـدا قويـدى. دۇنيا مىللىـي ئىشـلەپ ـ چىقىـرىش ئومۇمى قىممىتىـدە، سـوۋېت ئىتتىپـاقى 15.3 پىرسـەنتىنى، ئامېرىكا 27.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. لېكىن، 70 ـ يىللارغا كەلگەنـدە. سـوۋېت ئىتتىپـاقى ھەيۋىسـىنى يوقـاتتى، ئىقتىسـادى چېكىنىشـكە باشـلىدى. 1985 ـ يىلىغـا كەلگەندە، سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ دۇنيا مىللىـي ئىشـلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلـىگەن نىسبىتى 14.7% كە چۈشـۈپ قالـدى، ئامېرىكىنىـڭ ئېشىپ 28.5 پىرسەنتكە يەتتـى. تېخىمـۇ چاتـاق بـولغىنى، 80 ـ يىللارنىـڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا ئىتراپ قىلىـدىغان ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي زومىگەرلىـك ئورنىـدىن ئايرىلىـپ قالـدى. 70 ـ يىللارنىـڭ

باشلىرىدا ئۆزىنى دۇنيادىكى ئىقتىسادىي باي دۆلەتكە ئايلاندۇرماقچى بولغان دۆلەتنىڭ ئورنىنى ياپونىيە ئالدى. ياپونىيە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتىلا ئەمەس، تېخنىكا جەھەتتىمۇ كۆپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

دەرۋەقە، سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلام زاتلىرىدىكى كۆزىتىش ئىقتىدارى بار كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخنىكا جەھەتتىكى تېزلىكتە چوڭايغان پەرق شەك-شۈبھىسىزكى ئۇلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. ئۇلار ئىقتىسادنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەن-تېخنىكىسى ئېغىر دەرىجىدە قالاق بولۇپ، بولۇپمۇ يېڭى تېخنىكىلار ئىجتىمائىي ئىقتىسادتا قوللىنىشى تېخىمۇ زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان ئىدى. بۇ ئەھۋاللار ھەممىگە ئايان بولغاچقا، مەسىلىنى ناھايىتى ئاسان چۈشەندۇرگىلى بولاتتى. ئۆزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتا دادىللىقىنى شۇنچە دارۋاڭ قىلغان دۆلەت سانائەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە قىينچىلىققا چۈشۈپ قېلىشى ستىخىيىلىك ئەمەس. پەقەت تۆۋەندىكى بىر قانچە مىسال بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ .

| | ئامېرىكا | ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى | ياپونىيە | سوۋېت ئىتتىپاقى |
|---|---|---|---|---|
| چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كومپيۇتېر (دانە) | 965 00 | 23400 | 169 00 | 3040 |
| 1983-يىلى ھەر مىليون ئادەمگەتوغرا كېلىدىغىنى | 412 | 135 | 142 | 11 |
| كىچىك تىپتىكى كومپيۇتېر (دانە) | 100 0000 | 240000 | 700 00 | 22000 |
| 1983-يىلى ھەر | 427 | 1387 | 588 | 80 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مىليون ئادەمگە توغرا كېلىدىغىنى | 3 | | | |
| ماشىنا ئادەم | 447 00 | 51877 | 674 35 | 3000 |
| 1981 ـ يىلى ھەر مىليون ئادەمگە توغرا كېلىدىغىنى | 196 | 201 | 571 | 11 |

سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن ئىقتىسادى ۋە تېخنىكىدا ئارقىدا قالدى، بىر تەرەپتىن يەنە ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئىسراپچىلىق مەۋجۇت ئىدى. رىقابەتكە ئۈندەيدىغان ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ۋە يېڭىلانغان ئىچكى مېخانىزم بولمىغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت تارماقلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ئوتتۇرا ياۋروپادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي ئەندىزە يولغان دۆلەتلەرمۇ بيۇروكراتلىقتىكى تۆۋەن ئۈنۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا زىيان سالىدىغان بايلىقنى ئىسراپ قىلىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. پولشالىق ئىقتىسادشۇناس جېن ۋىنىئېكى (January Winiecki) ئىخلاس بىلەن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان بولۇپ، 1987 ـ يىلى لوندوندا «غەرب ۋە شەرقنىڭ ئىقتىسادىغا نەزەر» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى بىر مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئېنېرگىيە بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغان غەرب دۆلەتلىرى سەرپ قىلىدىغان ئېنېرگىيىدىن 2 ـ 3 ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

| | | |
|---|---|---|
| | ئېنېرگىيە(ھەر مىڭ ئامېرىكا دوللىرى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى) | پولات ـ تۆمۈر (ھەر مىڭ ئامېرىكا دوللىرى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى) |
| سوۋېت گۇرۇھىدىكى دۆلەتلەر | | |

| | | |
|---|---|---|
| سوۋېت ئىتتىپاقى | 1490 | 135 |
| پولشا | 1515 | 135 |
| شەرقىي گېرمانىيە | 1356 | 88 |
| ھونگىرىيە | 1058 | 88 |
| غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى | | |
| فرانسىيە | 502 | 42 |
| غەربىي گېرمانىيە | 565 | 52 |
| ئەنگلىيە | 820 | 38 |

ستالىنىزمنىڭ ئىقتىسادىي مىراسىدا، ئىدىئولوگىيىدىكى يالغانچىلىقنىڭ يىزا ئىگىلىكىگە سالغان بۇزغۇنچىلىقى تېخىمۇ زور بولدى. 70 ـ يىللارغا كەلگەندە، كوللېكتىپلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئۇزۇن مەزگىل پەيدا قىلغان تۆۋەن ئۈنۈم ھەمدە ناچار ھاۋارايىنى كۆرۈلىشى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنى ھەر يىلى نەچچە مىليارد دوللار سەرپ قىلىپ ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ھۆكۈمەت شۇنداق قىلىپ ئاشلىق باھاسىغا تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق باھا زىيادە يۇقىرى بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقى سەۋەبلىك ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلانمىسا بولمىدى. بىرلا ۋاقىتتا ، كەنتلەردە ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئۆز يېرى گەرچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ پەقەت 4% نى ئىگىلىسىمۇ، قىسمەن يەرلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقتىدارى سەخسىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى سەۋەبلىك سوۋېت ئىتتىپاقى يېمەكلىك تەمىنلىشىنىڭ 25% نى ئىگىلىدى.

ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىقتىسادىي ئىسراپچىلىق ۋە تېخنىكىدىكى قالاقلىق سەۋەبلىك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا سودىسىغا قاتنىشىش ئىقتىدارىغىمۇ پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. كۆپ ساندىكى ئۆچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ پەيدىنپەي ئاشلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ قالدى. تاموژنا بېجى

ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمىنىڭ يىللىق دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش جەھەتتە 1973 ـ يىلىدىكى 11 ـ ئورۇندىن 1985 ـ يىلى 15 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. بۇ مەزگىلدە تەيۋەن، جەنۇبىي كورىيە، شىياڭگاڭ ۋە شىۋېيتسارىيەلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كەتتى.

تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ 40 يىلدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدە قىسمەن يېمەكلىكلەر يەنىلا نورمىلىق تەمىنلىنۋاتاتتى، ئىستېمال بويۇملىرىمۇ داۋاملىق كەمچىل بولدى. ھەر كۈنى نەچچە سائەت ئۆچرەتتە تۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقى شەھەرلىرىدىكى كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىدى. ھاراقكەشلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئادەتتىكى ئامىمىنىڭ داۋالىنىش شارائىتى ئومۇمىيۈزلۈك ياماللاشتى. 1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن سەھىيە مىنىستىرىنىڭ ئاشكارىلىشىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن دوختۇرخانىلاردا ئىسسىق سۇ يوق، پاسكىنا سۇ چىقىرىش سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس، يەنە ئاساسىي سەھىيە ئەسلىھەلىرىمۇ كەمچىل ئىكەن. بىرژنېۋ دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى زور دەرىجىدە قىسقىراپ، 66 ياشتىن 62 ياشقا چۈشۈپ قېلىشى، (ئامېرىكا ئەرلىرىنىڭ 71.5 ياش)، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئامرىكىنىڭ 2.5 ھەسسە ئېشىپ كېتىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادا ئارباب دوستىن كېيىن 50 ـ ئورۇندا تۇرۇشى قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىجتىمائىي ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ھەقىقى تۇرىدە قېچىپ قۇتۇلغانلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان پارتىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك شەخسلەر بولدى، ئۇلار مەخسۇس ئىچكى ماگىزىنلاردىن مال سېتىۋالاتتى، شارائىتى ياخشى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتەتتى، يەنە تېخى مەخسۇس بېكىتىلگەن ئارامگاھلارغا بېرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، بىر سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سوتسىيالىزمدىن مەنپەئەتلەندى.

سوتسىيالىزم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك رېئاللىق بىلەن جەمئىيەتتىكى ئورتاق ھۆكۈمەت ئەپسانىسى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئاخىرى جەمئىيەتتە نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىنى

كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1988-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى، «موسكۋا خەۋەرلىرى» دە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئەل رايىنى سىناشنى خەۋەر قىلدى. تەكشۈرۈشتە ئايان بولۇشىچە، تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەك سوۋېت ئىتتىپاقى ئاھالىسى ئۆزىنى «ئىجتىمائىي ئادىللىق بولغان جەمئىيەتتە» ياشاۋاتىمەن دەپ قارىمايدىكەن. خەلق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان تۈزۈمگە كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرگەن. كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدە ھوقۇقلارغا نارازى بولۇش دەرىجىسىنى رەتكە تىزغاندا، ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ئىچكى دۇكانلاردىن يېمەكلىك ۋە بۇيۇملارنى تاللاپ سېتىۋېلىش» ، «ھەقسىز تىياتىرخانا قاتارلىق سورۇنلاردىكى ئورۇنلار ۋە ھەر خىل كىتابلار» ، «كىشىلەرنىڭ ياقتۇرىشىغا ئېرىشكەن ئولتۇراق رايوندىكى ئالىي دەرىجىلىك تۇرالغۇلاردا تۇرۇش» ھەمدە «دۆلەت تەمىنلەيدىغان داچا» قاتارلىقلاردۇر. ئامىمىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كىشىنى رازى قىلىدىغان سۈرئەتتە پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى، ئەكسىچە بەزى مۇھىم جەھەتلەردە ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. بۇ رېئاللىقلارمۇ جەمئىيەتتىكى نارازى كەيپىياتنى كەسكىنلەشتۈردى.

تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، تېخىمۇ كۆپلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئامىسى، بولۇپمۇ نۇرغۇن كەسپىي تېخنىك خادىملار چەتئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوخشاش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. 70-يىللاردا،خېلى بىر قىسىم زىيالىيلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قالاقلىقى ھەمدە تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ستالىن دەۋرىدىكىدەك ياسالما ھالدا سوۋېت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭكىدىن بەختلىك دېيىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىلگەن نۇرغۇن سوۋېت ئىتىپاقى ئامىسى تاكى 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىدىمۇ يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشىنەتتى.

1987-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى، سوۋېت ئاكادېمىيە ئورگىنىنىڭ رەھبىرى يېۋگىنىي ئافاناسىيېۋ (Yevgeniy Afanasyev) بۇداپىشت رادىئو ئىستانسىسىدا ھونگرىيە ( ۋېنگرىيە) ئامىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە تۆلىگەن بەدەللىرىنى تۆزلا قىلىپ چۈشەندۈردى. ئۇ:

سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدىكى ئاۋام ئېگى شەك-شۈبھىسىزكى پۈتۈنلەي بىنورمال ئەھۋالدا بارلىققا كەلدى . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئاۋام ئېگى بىلەن تارىخىي قاراش ۋە جەمئىيەت قارىشىغا ئوخشاش بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە .... سوۋېت ئىتتىپاقى جەمىيىتى ئۆزى خالاپ (ئەسلى مەنبەدە شۇنداق) مەدەنىيەت بىكىنمىچىلىكىنى يولغا قويىدى، يەنى غەرب دۇنياسى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ.... بىز مەكس ۋېبېر (Max Weber) ياكى داركھېيم (Durkheim)، فروئىد، تويىنبى ياكى سپېنگلېر (Spengler) لارغا كۆڭۈل بۆلمەيمىز. بۇلار پەقەتلا نەچچە ئىسىم ئەمەس، ئۇلار بەزى ساھەگە ھەمدە بۇ ساھەنىڭ سىستېمىسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار. ئەگەر بىر جەمىيەت بۇ ساھەلەردە پىشىپ يېتىلمىسە، 20-ئەسىر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ، بۇ ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم كەشپىياتلارنىڭ سىرتىغا قېقىلىدۇ دېدى.

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۆز ئۆزىنى يەككە-يېگانە تۇتۇش ھەمدە بيۇروكرات ھاكىم مۇتلەق ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈزۈلمىنىڭ ئىقتىساد ياكى جەمئىيەتكە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئەمەلىي مىسال يوق. مۇنداق تۈزۈلمىدە، ھەر قانداق بىر ئىستېمال بۇيۇمىنى ئىشلەپچىقىرىش سىياسىي بۇيرۇقنىڭ سىياسىي قارار چىقىرىشىغا موھتاج بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 70 يىللىق مۇساپىسىدە، موشۇنداق ياساپ چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ بىرىمۇ خەلقئارا بازاردا پۇت دەسسەپ تۇرالمىدى. بۇ دەل ستالىن مىراس قالدۇرغان ھەمدە برېژنېۋ ۋارىسلىق قىلغان مىراستۇر. مۇنداق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە، تۈرلۈك-تۈمەن مەھسۇلاتلارنىڭ نورمىسى ۋە باھاسىنى دۆلەتنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرى بېكىتىدۇ، مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياساشقا يېتەكلىق يارىتىشقا قەتئىي كۆڭۈل بۆلمەيدىغان باشقۇرغۇچىلار نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ياكى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاكتىپلىقى قىلچە ئاشمايدۇ. ھەتتا باشقۇرغۇچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ يۇقىرىغا خىزمەت ئەھۋالىنى يالغان دوكلات قىلغاندا مەنپەئەتى بىردەك. ئاقىۋەتتە، يېقىنقى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ستاتىستىكىلىغان سانلىق مەلۇماتلار بارغانچە ئىشەنچىسىز بولۇپ قالدى، مۇۋاپىق پىلان تۈزۈشنىڭ ئاساسىي قىلىشقا تېخىمۇ بولمايتتى.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى توختىماستىن ماختاپ ئۇچۇرغان بولسىمۇ، ھەقىقىي ئەھۋال يەنىلا ئاشكارىلاندى: سوۋېت ئىتتىپاقى مەھسۇلاتلىرى نىڭ سانى ۋە سۈپىتى قالاق، ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇننى ساقلاپ قالالىسا چوڭ ئىش. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىمۇ يوشۇرۇن تەھدىتكە ئۇچراشقا باشلىدى، ئەڭ ئاخىرى بەزى ساھەدە ئىسلاھاتقا ئەھمىيەت بەرگەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ خەۋپ-خەتەر شەك-شۈبھىسىزكى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمىدا نىسبەتەن كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەندىشىگە سالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيە تىلىرىنى تېز سۈرئەتتە قوللىنىش ئىقتىدارىغا كۆنسېرى تايىنىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىپ يەتتى، شۇڭا بۇ كىشىلەر يۇقىرىقى مەسىلىدىن ئالاھىدە ئەندىشە قىلدى.

مەسىلىلەرنى تارىخىي نەزەر بىلەن تەھلىل قىلىشقا ماھىر روسىيە يۇقىرى قاتلامدىكى شەخسلەرگە نىسبەتەن، سوۋېت ئىتتىپاقى 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى نەچچە ئون يىلىدىكى روسىيەنىڭ زاۋاللىققا يۈز لىنىشىنى قايتا تەكرارلاۋاتتى. 1815-يىلى، روسىيە ناپالىئوننى مەغلۇپ قىلىش ئۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، چار پادىشاھ ئالېكساندىر I ئات مىنىپ پارىژغا غالىبلارچە كىردى، روسىيە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي دۆلەتكە ئايلاندى. ئىقتىساد كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، سىياسىيدىمۇ ئۆزگىرىش ئۈمىدى بار ئىدى. ئەمما قاتماللىشىش باشلاندى. 1870-يىلدىن 1890-يىلغىچە، روسىيە - نىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەلەر ئۆتۈپ كەتتى . فرانسىيە ۋە خابسبۇرگ خان جەمەتىمۇ يېتىشىۋالدى. غايەت زور چىقىم كەتكەن ھەمدە قىلچە نەتىجىسى بولمىغان قىسمەن ئۇرۇش قىرىم ئۇرۇشى، بولغارىيە ۋە كاۋكاز ئۇرۇشى ھەمدە پولشا قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتى روسىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى شىددەت بىلەن تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىنقىلابىي مالىمانچىلىق يۈز بەردى، ئىنقىلاب كىشىلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە

كۈنسىرى ئاشقان نارازىلىقنى ئەكس ئەتتۈردى.

تارىخ ھەمىشە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھالدا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. 1945-يىلى ستالىن بېرلىننى بوي سۇندۇردى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربى كۈچكە ئايلاندى. 60-يىللارغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بارغانسېرى مۇقەررەرلەشتۈرگەن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزاق ئۆتمەي دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادى 70-يىللارغا كەلگەندە تەرەققىي قىلالمىدى. 1990-يىللارغا بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭلا ئەمەس، يەنە ياپونىيە ۋە غەربى ياۋروپانىڭ كۆپ كەينىدە قالدۇ. ئافغانىستاندا 9 يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە مالىمانچىلىق كۆرۈلدى، ھەربىي چىقىمنىڭ زىيادە يۇقىرى بولۇشى ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسەتتى، بۇ ئەھۋاللار سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ناراز-ىلىقىنى قوزغىدى، چەتئەللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى.

تۆرلۈك ئالامەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئىقتىساد رىقابىتىدە ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى بىشارەت ئەمەس، لېكىن ئىشلار بۇلارلا ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەمنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدىغىنى 1988-يىلىدىكى «ئامېرىكا ئۇنىۋېرسال ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە كومىتېتى» قىلغان ئۈمىدسىز پەرەزدۇر. پەرەزدە دېيىلىشىچە، 2010-يىلىغا بارغاندا، دۇنيادىكى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتلەردە، سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت 5-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇ چاغدا، ئامېرىكا يەنىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ، كېيىنكىلىرى تەرتىپ بويىچە غەربى ياۋروپا (غەربىي ياۋروپا ئېھتىمال يەنىلا ئۇنىۋېرساللاشقان سىياسىي ھەربىي كۈچ شەكىللەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن)، جۇڭگو ۋە ياپونىيە بولىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى كەينىگە تىزىلىپ، شۇ چاغدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئامېرىكىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، ئالدىنقى تۆت كۈچلۈكنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

كېرمىل سارىيى شۇ سەۋەبلىك ئېھتىمال يوشۇرۇن رەقىبى ۋەئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت قورشاۋىدا قېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل كەلگۈسىنىڭ ئىستىراتېگىيە ۋە ئىدېئولوگىيەدە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. ھوقۇقنى كوممۇنىزم چوقۇم گۈزەل كەلگۈسىگە تۇتاشقان ئىشكنى ئاچالايدۇ دېگەن ئېتىقادىنىڭ ئۈستىگە قۇرغان كىشىلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدۇ.

# تۆتىنچى باب: ئىسلاھات قىيىنچىلىقلىرى

1982 ـ يىلى برېژنېۋ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىلەر سىياسىي جەھەتتە ئۆزگەرتىش، ئىسلاھات ۋەيېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئاخىرى تونۇپ يەتتى. ئەمما، 20 نەچچە يىلنى بىكاردىن ئىسراپقىلىۋەتتى. نەتىجىدە، كونا ئەنئەنىلەر بىكار قىلىنمايلا قالماي، ئەكسىچە يامان ئايلىنىش يۈز بېرىپ، كىرىزىس يامراپ كۆنسېرى يامرىدى. ئەينى چاغدىكى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى تۆۋەندىكى ئۈز ئارا زىچ ئالاقىسى بار، گىرەلىشىپ كەتكەن ئۈچ تەرەققىيات دەۋرىنىڭ قاتماللاشقان مەھسۇلى:

1. لېنىن رەھبەرلىكىدىكى، سوۋېت جەمئىيىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان ھاكىم مۇتلەق سىياسىي پارتىيە دەۋرى؛
2. ستالىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقنى تەلتۆكۈس ئىتائەتمەن قورالغا ئايلاندۇرماقچى بولغان ھاكىم مۇتلەق دۆلەت دەۋرى؛
3. برېژنېۋ ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىرىكلەشكەن ھاكىممۇتلەق سىياسىي پارتىيەگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك قاتماللاشقان دۆلەت دەۋرى.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بۇ ئۈچ تارىخىي توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك. ھالبۇكى، بۇنداق قىلىش مۇھىم ھوقۇق ئورگانلىرى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئامىسىدىكى ستالىنلىشىپ بولغان كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماقچى بولىدىكەن، چوقۇم تەرتىپلىك پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. چوقۇم بىرقەدەم بىر قەدەمدىن بېسىلىشى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىنى مۇستەھكەملەشكە دىققەت قىلىشى، يەنە ئېھتىيات قىلىشى ، بىرلا ۋاقىتتا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ جەھەتتە

مەنپەئەتلەنگۈچىلەرگە چېقىلىپ قويماسلىقى كېرەك.

برېژنېۋنىڭ چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىشى ۋە بۇ دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئالغا باسالماسلىقى ھەمدە بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتقان ئىقتىسادىي چېكىنىش سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئەنئەنىسى بىر پەشۋاغا يارىمىدى. ستالىنىزمنىڭ ئەنئەنىسىنى بيۇروكراتلار قاتلىمىنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ۋە قىسمەن پېشقەدەم بىر ئەۋلاد سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ ستالىنىزمنىڭ قالدۇقىغا ساداقەتمەنلىكى سەۋەبلىك خاتىمە بېرىش تەس. لېكىن، ھۇجۇمقىلىش ئەڭ قېيىن بولغىنى يەنىلا لېنىنىزمنىڭ ئەنئەنىسى، چۈنكى لېنىنىزم كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى سىغىنىشى بىلەن ئاز سانلىق ئىلغار زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان ئاۋانگارت قوشۇنىنىڭ ئۆزگىچە تارىخى رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تەشەببۇسىنى بىرلەشتۈرگەن ھەمدە ھۆكۈمرانلار گورۇھىنى تارىخىي قانۇنلۇققائىگە قىلغان ئىدى.

برېژنېۋنىڭ ۋارىسى يۇرى ئاندروپوۋ (Yuri Andropov) باشلامچىلىق بىلەن كونا تۈزۈمنى تەنقىد قىلدى، پەقەت ناھايىتى قىسقا بىر مەزگىل داۋاملاشتى. ئۇ چاغدا، ئىجتىمائىي چىرىكلىكنىڭ يامرىشى ۋەئىقتىسادنىڭ ئۇدا توختاپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەزىپىنى قوزغىغان ئىدى، ھەتتا ئىلگىرى لېنىنىزم بىلەن ستالىنىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ساداقەتمەن كىشىلەرمۇ برېژنېۋغا قارشى ئىسلاھاتچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى. لېكىن، ئىسلاھاتچىلارنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرغىنى، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي رەھبەر 1984-يىلى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىكتىن، ئاندروپوۋ دەۋرى تېزلىكتە ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، نىسبەتەن قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە، كونستانتىن چېرنېنكو (Konstantin Chernenko) (برېژنېۋ ئەسلىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى) نىڭ رەھبەرلىكىدە، كونا تۈزۈم تىنىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى . ئەمما، ئۇ ۋاقىتتا داۋاملىق ئىسلاھات قىلىشتىكى كۈچلۈك سادالارنى ئەمدى چەكلەپ قالغىلى بولمىدى، كىشىلەر بۇ ئىسلاھاتنىڭ ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يېقىندىكى بىر يۈرۈش ئۈسۈللىرىدىن ۋازكەچتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 1985-يىلى. چېرنانكونىڭ ۋاپاتىنى پۇرسەت قىلىپ، باشقا بىر ئاچچىقى يامان، ئاندروپوۋ غا ئوخشاش رەھبەرلىكى قىسقا، يېرىم يولدا مەغلۇپ بولغان ئىسلاھاتنىڭ رەھبىرىگە قاتتىق ئوخشايدىغان شەخسنى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقاردى.

مىخائىل گورباچېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنى قايتىدىن ئىسلاھات يولىغا باشلاش لازىملىقىنى مۇجمەل ھېس قىلدى. ھەتتا ئىسلاھاتنى قايسى دەرىجىگىچە قىلىش ۋە قانداق تارىخىي ئەندىزىگە ھۆرمەت قىلىش ئازراقمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. كونكرېت ئېيتقاندا ، ستالىنىزمنى ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ يوق ؟ قايسى باھانىدە ئاغدۇرۇش كېرەك ؟ ئەگەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر لېنىنىزمنى ستالىنىزمنى تۈزەيدىغان قورال قىلغاندا ، لېنىنىزمنىڭ قايسى مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك؟ ئۇنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسىتىنىمۇياكى ئۇنىڭ يېڭى ھاياتى كۈچكە ۋە جەڭگىۋارلىق روھىغا باي، قەتئىي ئېتىقادقا ئىگەسىياسىي پارتىيەنىڭ نەزەرىيىسىنىمۇ؟ بۇنىڭدىن سىرت، ئەمەلىي مەسىلەبولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىخىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، يەنە رېئاللىقتىمۇ ستالىنىزمنى ئىنكار قىلىشتا لېنىنىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىنى قانچىلىك ئىنكار قىلىش كېرەك؟ بارلىق بۇ مەسىلىلەرگە قارىتاگورباچېۋنىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق سان يوق.

بىراق، شۇنى ئېنىق كۆرسىتىش كېرەككى، گورباچېۋنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس ، بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم . گورباچېۋنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى يېپيېڭى رېئالى ۋەزىيەتكە ئىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋەكىللىك قىلماقتا، مەيلى ئوبيېكتىپ ياكى سوبيېكتىپ ئۆلچەم بىلەن دەڭسىگەندىمۇ ھەممىسىدە شۇنداق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، گورباچېۋ تەختكە چىقمىغان تەقدىردىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا بىر ئىسلاھاتچى رەھبىرى 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا تەختكە چىقىشى ئېنىق. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ماددى جەھەتتىن نامرات ھەمدە ئۇزۇن مەزگىل سىياسىي سىڭدۈرمىچىلىكنىڭ ئازابىنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغاكەلگەندە، ئۇلار خېلى كۆپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولدى، يۇقىرى قاتلامدىكى نۇرغۇن كىشىلەر سىرتقى ئەھۋاللارنى خېلى پىششىق بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇرۇنقىغائوخشاش ئالدامچى ئىدىيىۋى تەشۋىقاتلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ قالمايدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى كەسپى ئىقتىسادشۇناسلار، دۇنيا ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى، خەلقئارا ئىشلارنى باشقۇرۇدىغان پارتىيە ئورگانلىرى خىزمەتچىللىرى ئارىسىدا كىرىزىس كۈنسېرى ئېغىرلاشقان تەقدىردىمۇ، ئىسلاھاتنى چوقۇمئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەن قاراش ئۇمۇمىيۈزلۈك شەكىللەندى. ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەلىيىتى ئەكسىچە يوقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

گورباچېۋ ئىلگىرىسۈرگەن مەشھۇر « ئاشكارىلىق» ھەرىكىتى يۇقىرىقى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتىگىيىلىك تاكتىكا بىلەن دەرھال تەمىنلىيەلىشى ناتايىن، ئېھتىمال دەرھال تەمىنلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، «ئاشكارىلىق» ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى نەچچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. 1985 ـ يىلى ھەرىكەت باشلانغاندا، ئاشكارىلاشنىڭ تىغ ئۇچى ئاساسلىقى دۆلەت ئورگانلىرىغا، ھەتتا بۆگۈنكى كۈندىمۇ چىقىلغىلى بولمايدىغان ساقچى ئورگانلىرىدىكى ناموۋاپىق ئىستىل، ئىقتىسادىي تارماقلاردىكى خالىغانچە ئىسراپچىلىق قىلىش ۋە باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىقتەك نۇقسانلارغىمۇ قارىتىلغان ئىدى.ئۇزۇن ئۆتمەي، «ئاشكارىلىق» ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىغا تەنقىدىي خاراكتېردە قايتىدىن باھا بېرىشكە كېڭەيدى، مۇھىم نۇقتىسى ستالىن دەۋرىدىكى دېمىسىمۇ چۈشۈ ـ نىشلىك بولغان ئىش ئۇسۇللارغا قايتىدىن باھا بېرىش ئىدى.لېكىن، بۇ ھەرىكەت زۇلمەتلىك دەۋردىكى ئەنئەنىۋى سىستېمىغا ئومۇمىيۈزلۈك زەربە بېرەلمىدى، چۈنكى مۇنداق قىلغاندا پۈتكۈل سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەۋرىتىپ قويۇشتەك يوشۇرۇن تەھدىت پەيدا قىلىشى مۇمكىن .

گەرچە «ئاشكارىلاش» ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپتە ناھايىتى چەكلىك دائىردە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم شەھەر رايونلىرىغا ئىسلاھاتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يەتكۈزگەن ئىدى. بۇ گورباچېۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ھەرىكەتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بەردى. 1987 ـ يىلغاكەلگەندە، ئۇ مىللىي ئىقتىسا ـ دىنى ئىسلاھ قىلىش پىلانى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاساسلىغان تېخىمۇ ئۇلۇغۋار پىلانلارنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ «ئىسلاھات» نامىدىكى پىلان «ئاشكارىلاش» ئاتا قىلغان ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، توختاپ قالغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى كۈچەيتىش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.ئەمما، بۇمۇ ئوخشاشلا مۇنداق بىر مەسىلىنى تۇغدۇردى : ئەگەر كەڭ كۆلەمدە سىياسى تۈزۈلمىگە تېگىش قىلمىغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ ئىشكىنى ئاچمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا، ئىسلاھاتنىڭ دائىرىسىنى قانداق بەلگىلەش يەنىلا ھەل بولمىغان

مەسىلە بولۇپ قالدى.گەرچە گورباچېۋ بەزى نۇتۇقلىرىدا كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات قىلىشنىڭ بىشارىتىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئېنىق جاۋابىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىپلان قىلغان بىرەسىمىي ۋە زىياپەتلەردىكى نۇرغۇن سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك تارماقلىرىغا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ ئىپلان قىلغان رەسىمىي سۆزلىرىنى سېلىشتۇرساق، ئالدىنقىسىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ چوڭقۇر ، تەسىرى تېخىمۇ كەڭ. 1987 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدىكى ئاخبارات تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاتالمىش ئىجادىيەت كېڭىشى يىغىنىدا، گورباچېۋ نۇتۇق سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى «سىياسىي مەدەنىيەت» نى ئىلگىرى سۈرۈشكە دەۋەت قىلدى . «سىياسى مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆز غەربلىك سىياسىي سوتسىئولوگلاردىن كەلگەن، گورباچېۋ بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ كىشلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. گورباچېۋ دېموكراتىيىلىشىشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يولغا قويۇشقا چاقىرىق قىلىپ:« بىز ھازىر دېموكراتىك مائارىپنى قايتىدىن قوبۇل قىلىساق بولىدۇ. بىز ئۆگۈنۋاتىمىز. بىزنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىمىزدە يەنىلا كەمچىلىك بار، بىزنىڭ دەلىللەش ئۆلچىمىمىزدىمۇ كەمچىلىك بار، ھەتتا بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ دوستى ۋە يولداشلىرىمىزنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىقتىدارىمىزدىمۇ نۇقسان بار» دېگەنىدى.

ئۇ نەپرەتلەنگەن شۇنچە كۆپ «كەمچىلىك» لەر پەقەتلا لېنىنىزىم ـ ستالىنىزمنىڭ مىراسلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە روسىيە تارىخىدا چوڭقۇر مەنبەسى، شۇڭا گورباچېۋنىڭ يېڭى تىپتىكى سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇشى ناھايىتى تەس.ماركىس ئاستولفى (Marquis Astolphe) روسىيەنى ئۇزۇن مەزگىل زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، 1939 ـ يىلى«روسىيەدىن كەلگەن خەتلەر» (Letters from Russia) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋاللار ئېپادىلىدىكى، 19 ـ ئەسىردىكى روسىيە بىلەن بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي جەھەتتە روشەن ئۇزلۇكسىزلىككە ئىگە. دى كۇستىن ( De Custine) غا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى ئەينى ۋاقىتتىكى «رەزىللىك، ھورۇنلۇق ۋە چىرىكلىك ئۇستىگە قۇرۇلغان» دۆلەت ئاپپاراتلىرى ىنىڭ ھەممەيەردىكى رولى ھەمدە دۆلەتنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرى ىدىكى «ھەممىگە سىرلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش» تەك ھادىسىلەر ئىدى. ئۇ:«بۇ زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ ئىجادىيلىقى پەقەتلا ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز

ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ» ھەمدە «بۇ زوراۋان ھاكىمىيەت ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن دېگەن ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ئەڭ رەزىل ۋاقتى، چۈنكى موشۇنداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى باھانەقىلىپ، ئۆزلىرى يۈرگۈزۈۋاتقان زوراۋانلىق قىلمىشىنى پەردازلايدۇ، ناۋادا نىجادلىق دورىسى دېگەن چاپاننى كىيۋالسا، ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى بىر باشلىسىلا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېدى . ئۇنىڭ روسىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتىگە بولغان باھاسى ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىغىمۇ ماس كېلىدۇ، «مەن ئۈلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ھېچقانداق پايدىلىق نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدى دېمەكچى ئەمەس، پەقەتلا مۇشۇ پايدىلىق نەرسىلەر ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچىمەن» دېدى.

دى كۈستىننى ئوخشاشلا ھەيران قالدۇرغىنى ئىدىيە ئەركىنلىكى چەكلىمىسى ھەمدە ھوقۇقدارلارنىڭ تارىخنى دەپسەندە قىلىشى ئىدى. ئۇ «تارىخ چار پادىشاھنىڭ بايلىقى، ئۇ پەقەت خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغىنى بىلەن بىردەك بولغان تارىخىي ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە يول قويىدى» دەپ باھا بەردى. ئۇ مەسىلىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدىغىنى ئېھتىمال «روسىيەنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى غەربىي ياۋروپا بىلەن20 يىللىق ئەركىن سۆزلىشىش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ» غانلىقى بولۇشى مۇمكىن دېدى.

شۇڭا، يولغا قويۇلغىلى 50 يىل بولغان بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ستالىنىزمدىكى دۆلەت تۈزۈمى ۋە 70 يىللىق لېنىنىزمدىكى سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى بىر سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇشى چوڭ بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. گورباچېۋ 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋېنگىرىيە كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق شەخسى سۆھبەتتە بۇ نوقتىدىن بىشارەت بەردى ( ئىككىنچى كۈنى ۋېنگىرىيە رەھبىرى بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى بۇ كىتاپنىڭ يازغۇچىسى بولغان ماڭا ئېيتىپ بەرگەن). گورباچېۋنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپا ـ قىنىڭ 1921 ـ يىلىدىن بۇيانقى تەجرىبىسىنىڭ ھەممىسى خاتا ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى گورباچېۋنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغان بولۇپ ، ئىنكار قىلىش ياكى بولمىسا تۈزىتىش كېرەك ئىكەن.

بۇ نوقتىدا گورباچېۋنىڭ سىياسىي بيۇروردىكى خىزمەتداشلىرىنىڭمۇ تامامەن قوشۇلۇش قوشۇلماسلىقى گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلاردىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئېھتىمال لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئۇلار تايىنىدىغان قانۇنلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ستالىنىزمنىڭ كۆپ قىسىم تەجرىبىسى ئۇلارغا ھوقۇق ئاساسى تەمىن ئەتكەنلىكىنى ئۆزلىكىدىن ھېس قىلىپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ستالىنىزم تۈزۈلمىسىنى قىسمەن تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا زۆرۈر دەپ قارالدى. لېكىن ، ئۇلار پۈتۈنلەي ئىنكارقىلىش پۈتكۈل سوۋېت تۈزۈلمىسىنى تەۋرىتىپ قويۇۋشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان پوزىتسىيىسى ئانچە بىردەك بولمىدى. زىيانلىق لېنىنىزم ئەنئەنىسىنى يەنىلا مۇقەددەس ، چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسە سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، بىخەتەر ، ئېشەنچىلىك ھالدا يەنە قانچىلىك ستالىنىزم مىراسلىرىنى تازىلىغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە بىردەك پىكىرنى ساقلاش ناھايىتى تەس.

ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئەڭ تۈپكى (ئەمما ئاشكارا ئەمەس) تالاش-تارتىش ئىسلاھات مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى لېنىنزمدۇر. مەسلەن، غەرب ئىسلاھاتپەرۋەر گورباچېۋ بىلەن مۇتەئەسسىپ ۋە ئىسلاھاتقا قارشى دېيىلىدىغان يېگور لىگاچېۋ (Yegor Ligachev) ئارىسىدىكى توقۇنۇش ھەققىدە ھەر خىل تەھلىل ۋە پەرەزلەرنى قىلىشتى . 1988- يىلى كۈزدە، يېگور يەنىلا سىياسىي بيۇرودىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ھەم پارتىيىنىڭ سېكرىتارى ئىدى. گەرچە «ئاشكارىلىق» بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر كىشىلەر يوقۇرى قاتلام رەھبەرلىك گۇرۇھىدىكى ئىچكى ئىختىلاپ ھەققىدە ھېچنىمە بىلمەيدۇ. ئەمما، ئىگور ئېنىقكى گەرچە ئىسلاھاتقا قارشى تۇرمىسىمۇ ،لېكىن «لېنىنزم شەكلى»دە يوقۇردىن تۆۋەنگە تەشكىللىك ئىسلاھات قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى. ئۇلار موشۇنداق قىلغاندا ئاندىن پارتىيەنىڭ ئىسلاھات مۇساپىسىغا ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلمايدۇ دەپ قارىمايدۇ.

ئالكساندىر گېلمان(Aleksandr Gelman) بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ پەرقىنى ياخشى يىغىنچاقلاپ بەردى. ئۇ سوۋېت كىنو ئوپېراتورلىرى تەشكىلاتى (Soviet cinematograhpers party) نىڭ پائالىيەتچان ئەزاسى ھەم

گورباچېۋنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى. ئۇ «دېموكراتىيىلىشىش» ۋە «ئەركىنلىشىش» تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم ئارىسىغا ئېنىق چېگرا سىزىپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى (1988- يىل 4- ئاينىڭ 9- كۈنىدىكى«سوۋېت مەدەنىيەت گېزىتى» دە نەقىل ئېلىنغان)زور تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇ:

دېموكراتىيىلىشىش ھوقۇق، ھوقۇق-مەنپەئەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن يەنە تەقسىملەش قىلىدۇ، نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل باشقۇرۇش ۋە ئۆچۈر قۇرۇلمىسى قۇرۇشقا شارائىت يارىتىدۇ. لېكىن ئەركىنلەشتۈرۈش بولسابارلىق مەمۇري تۈزۈلمىنىڭ ئاساسىنى قوغداش، بۇ خىل قوغداش قوللانغىنى پەقەت مۆتىدىل شەكىل. ئەركىنلەشتۈرۈش تۈگۈلمىگەن بىر مۇشت، لېكىن بۇ يەنىلا ئوخشاش بىر قول، خالىغان ۋاقىتتا تۈگۈلگەن مۇشت بولالىشى مۇمكىن. ئەركىنلەشتۈرۈش بەزىدە كۆرۈنۈشتە دېموكراتىيەلەشتۈرۈش بىلەن ئوخشاش -لىققا ئىگە. ئەمما ماھىيەتتە، دېموكراتىيەلىشىشكە قارىتا تۈپكى ۋە تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بۇرمىلاش دېگەن ئىدى.

گەرچە بۇ سۆزلەردە سەل مۇبالىغە بولسىمۇ، ئەمما «دېموكراتىيىلىشىش» كە رەھبەرلىك قىلىش بىلەن «ئەركىنلەشتۈرۈش» كە رەھبەرلىك قىلىش ئوتتۇرسىدىكى پەرق ئاساسى جەھەتتىن توغرا . ستالىنىزمنىڭ مىراسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسلىسىدە، «دېموكراتىيىلىشىش» رەھبەرلىرى ئۆتمۈش بىلەن تەلتۆكۈس ئادا-جۇدا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، «ئەركىنلە شتۈرۈش» رەھبەرلىرى بولسا ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكنى ساقلاپ قېلىشقا مايىل. يېگور لېگاچېۋ 1987- يىلى 12- ئاينىڭ 4- كۈنى فرانسىيە «دۇنياگېزىتى» نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا سەل ئالاھىدە قىلىپ:«مەركىزي كومىتېت كاتىبات باشقارمىسىدىكى يىغىنغا مەن رىياسەت -چىلىك قىلىمەن،... ھەمدە خىزمەتلىرىنى تەشكىللەيمەن» دېدى، لېكىن «گورباچېۋ سىياسىي بۇيرو يىغىنىغارىياسەتچىلىك قىلىدۇ». ئىگورنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتمۈشگە باھابېرىشى گورباچېۋنىڭ باھاسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاكتىپ ئىدى. يېگور لېگاچېۋ ھەمىشە ئىسلاھات قىلىشنى تەشۋىق قىلىدۇ ھەمدە «ئىسلاھات» پىلانىنى تامامەن قوللىدى، شۇنداقلا ئۇ برېژنېۋ دەۋرىنىڭمۇ نېمىلا بولمىسۇن «كىشىگە چوڭقۇر تەسىرقالدۇرغان» نەتىجىلەرگە ئېرىشتى دەپ قارايدىغانلىقىنىئۇچۇق بىلدۈردى. «ھەقىقەت گېزىتى» نىڭ 1987- يىلى 8- ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ:« ئۇ چاغلار ئۇنتۇلغۇسىز

ۋاقىتلار، كىشىلەر ھەقىقەتەن مەنىلىك ياشىغانىدى، دەل ئاشۇ چاغدا، جاپالىق شارائىتتا، ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلارنى بارلىققا كەلتۈردى» دېدى. ئۇ يەنە تەكىتلەپ:« بىز لېنىنىزم يولىدىن مەڭگۈ چەتنىمەيمىز» دېدى. سۆزىدە ئۇ لېنىنىزم يولى بىلەن «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتكۈل 70 يىللىق شانلىق تارىخى» نى ئالاھىدەمەقسەت بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى .

كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات تەلەپ قىلىشىدىكى بىردەك ساداسى ئەمەلىي مەسىلىلەردىكى ئۆز- ئارا يول قويۇشنى گەۋدىلەندۈردى ھەم نۇرغۇن تارىخىي مەسىلىلەردىكى مۇھىم ئىختىلاپلارنى يوشۇرۇپ قالدى. بۇ خىل يول قويۇش ئىككى قىرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە: بىر تەرەپتىن، ستالىن مەزگىلىدىكى خاتالىقلارنى ئاشكارىلاش ھەمدە خاتالىقلارنى تەنقىد قىلىشىغا يول قويۇپ،، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسى ۋە نەمۇنىسىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەم لېنىنچە، ئۆزىنى تارىخنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگىچە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارايدىغان ھاكىم مۇتلەق سىياسىي پارتىيەنى ساقلاپ قېلىش ھەم ستالىنچە، خەلقنىڭمۇتلەق بويسۇنىدىغان ئورۇندا تۇرغۇزىدىغان دۆلەت ئاپاراتلىرىنى ساقلاپ قېلىش كېرەكبولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي ھاكىم مۇتلەقلىق دۆلەت ئالاھىدىلىكى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ كۆلىمىنى قاتتىق چەكلىدى . سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ سەۋەبلىك ئىككى قىرلىق بەدەل تۆلىدى. ئىدىئولوگىيىدىكى جەلپ قىلىش كۈچىنى داۋاملىق يوقاتتى،ھەقىقىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئارقىلىق بۇ زىياننى تولۇقلاشقا ئامالسىز قالدى.

شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسى ئېھتىمال: ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىپ، غەرب دۇنياسىدىن بارغانسېرى كەينىدە قالدۇرىدۇ،گەرچە گورباچېۋ كۈچىنى ئايىمىغان تەغدىردىمۇ، گەرچە ئۇ خەلقئارادا يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشكەن تەغدىردىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق پايدىسى يوق. مۇنداق غۇۋا كەلگۈسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر مەيدان سىياسىي مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنقىلاب قىلىشقا موھتاج بولۇپلا قالماي، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قوش قىرلىق مەنبە — ستالىنىزم بىلەن لېنىنىزمنى تۈزۈلمە جەھەتتىن ھەقىقىي تەلتۆكۈس بولغان تۈزۈلمىدە ئىنكار قىلىش كېرەك. ئەگەر ستالىنىزمنى بىكار قىلمىسا، لېنىنىزمنىڭ

تەسىرىنى زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇرمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئىجابىي جەمئىيەت مەزمۇنى بولمىغان، غايىزم ياكى تارىخىي يىراقنى كۆرەرلىكى بولمىغان غايەت زور جىسىم بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى شەخسنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى دۇنياۋى يۈزلىنىشىنى بوغۇپ، ئىجتىمائىيلىق ۋە تېخنىكا يېڭىلىق يارىتىشنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش موھتاج بولىدىغان ئالدىنقى شەرت داۋاملىق كەمچىل بولىدۇ.

لېكىن، ھەقىقىي سىياسىي رېئاللىق بولسا ستالىنىزمنى يوقىتىش ۋە لېنىنىزمنى سۇسلاشتۇرۇش ئەڭ ياخشىسى پەيدىنپەي بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ لېنىنىزمنىڭ ئەنئەنىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ستالىنىزمنى ھەقىقىي يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدە تەڭداشسىز ھوقۇققا ئىگە دۆلەت بيۇروكرات ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك ھەمدە يېزا ئىگىلىكىدىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يىمىرىپ تاشلاش كېرەك. ھۆكۈمران گۇرۇھ پايدىغا ئېرىشكەن ئەھۋالدا، بولۇپمۇ روسىيەدە ئۈزۈن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەتنىڭ جەمىيەتكە بولغان تەڭداشسىز ھوقۇقدار ئەنئەنىسى شەرتى ئاستىدا، بۇ ۋەزىپىلەر مۇشەققەتلىك ھەمدە زور بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىمۇ تېخىمۇ مۇرەككەپ ئەھۋال، چۈنكى ھەر قانداق بىر ستالىنىزمسىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتى روس مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىشۋاتقان مىللەتچىلىك ئىشەنچىنى قوزغايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىغىمۇ تەھدىت پەيدا قىلىدۇ.

لېنىنىزم مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇش تېخىمۇ تەس. ئالدى بىلەن، لېنىنىزمنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ستالىنىزمنىڭمىراسىغا ھۇجۇم قوزغاش نىسبەتەن قارىغاندا سەل ئاسان. «مۇكەممەل لېنىن» دىن پايدىلىنىش ستالىنىزمنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى قانۇنلۇقنى ئاتا قىلىدۇ. ستالىن دەۋرىنى قانچە ئەيىبلەش لېنىن دەۋرىنى شۇنچە مۇكەممەللەشتۇرگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، تاكتىكا ئېھتىياجى جەھەتتىن ئويلاشقان تەغدىردىمۇ، ستالىنىزمنى تەنقىدلەش بىلەن لېنىنىزم مىراسىنى تۈزۈتىش ياكى سۇسلاشتۇرۇشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. لېنىنىزمنىڭ مىراسى نېمىلا بولمىسۇن يوللۇق ھالدا ستالىننىڭ ئىسلاھاتىغا قارشى تۇرغىلى ھەمدە ئاتالمىش ئىسلاھات رېۋىزىئونىزمىغا ۋەكىللىك قىلىدى دېگەندەك ئەيىبلەشلەرگە رەددىيە بېرىشكە ئەڭ

قولايلىق مەۋقە تەمىن ئېتىدۇ. لىكىن، مۇنداق قىلىش ئاقىۋەتتە لېنىنىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىيسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كۈچەيتتى.

شۇڭا، لېنىنىزم نەزەرىيىسى يەنىلا ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مەركىزىي تۈۋرۈك. لېنىنىزم ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ھوقۇقلۇق ئورنىنى يوللۇق قىلىدۇ. لېنىنىزمنى ھەر قانداق ئىنكار قىلىش پىسخىكا جەھەتتىن كوللېكتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن باراۋەر. شۇنچە ئۇزۇن يىلنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ تۇتقان يولىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى غەرب سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيىسى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى مېنشېۋىك پارتىيىسىدەك ( لېنىن بىتچىت قىلۋەتكەن) سىياسىي پارتىيە دەپ ئاتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى غەربىي ياۋروپا كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەجرىبىسى بۇنىڭ ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. مەسىلەن، فىرانسىيە كوممۇنىستلىرى دېموكراتىك ئەنئەنە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن مۇھىتتا خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرغان، گەرچە ئۇلار نۇرغۇنلىغان سىياسىي باھانىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بايرىقىنى ئۆزگەرتىشكە بولسىمۇ، لېكىن بوگۈنگە قەدەر، ئۇلار يەنىلا بۇ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى.

شۇڭا، چوقۇم ئادىللىق بىلەن گورباچېۋنىڭ بۇ مەسىلىدە باشقا تاللاش ئىمكانىيىتى يوق دېيىشىمىز كېرەك. ستالىنىزمنى قىسمەن ئىنكار قىلغان تەغدىردىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئېشىپ قالىدىغىنى پەقەت يەنىلا لېنىنىزم بولىدۇ. ئەگەر، ھەم ستالىنىزمنى ھەمدە لېنىنىزمنى ئىنكار قىلسا، كوممۇنىزم دەۋرىنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز گورباچېۋنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇقلىقىنى بولشېۋىكلاردىن بۇرۇنقى تارىخ ئۇستىگە ياكى مەلۇم بىر سوتسىئال دېموكراتچىنى ئۆزىنىڭ پېشۋاسى قىلىش ئاساسىغا قۇرۇۋېلىشىدىن ئۈمىد قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ باشقا تاللىشى يوق ، پەقەت «ئىسلاھات» نىڭ لېنىنىزمنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، لېنىنىزمغا يىلتىز تارتقانلىقىنى، تامامەن لېنىنىزمنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىشى كېرەك. ئەمما، مۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى بولسا گورباچېۋ كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمران گۇرۇھىنى دوگمىچىلىقنىڭ ئىخچاملاش يولىغا قايتا دەسسىتىدۇ، كوممۇنىزم بارلىق ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ماختاپ ئۇچۇرىدۇ، كوممۇنىزمنىڭ ھوقۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك مونوپول

قىلىشىنى قايتىدىن تەلەپ قىلدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىلا بولمىسۇن لېنىنىزىمنىڭ ماھىيىتى، لېكىن بۇ ماھىيەت يەنە ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا ستالىنىزمنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقىي «ئىسلاھات» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى سىياسىي توسالغۇ كىشىنى ۋەھىمىگە سېلىپلا قالماستىن، بۇ توسالغۇدىن ھالقىشمۇ تەس بولۇشى مۇمكىن. لېنىنىزمنىڭ مىراسى بىلەن ئادا-جۇدا بولۇش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەنىڭ ماھىيىتى، تارىخىي رولى ھەمدە بۇ قانۇنلۇقلىقنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي ئادا- جۇدا بولۇش ئۈچۈن چوقۇم چوڭ ئىختىلاشنىڭ مەركىزىي ئاساسىنى ئىنكار قىلىش كېرەك. بۇ ئاساس دەل ئاتالمىش مۇكەممەل جەمئىيەت تۈزۈمى سىياسىي پەرمان شەكلىگە تايانسا بولىدۇ، بۇ پەرمانلارغا ئاساسەن خەلق چوقۇم دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز، بىلمەيدىغىنى يوق تارىخىي ۋاكالەتچىگە بويسۇنۇشى كېرەك. ھەقىقىي ئادا-جۇدا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنتۈۋەندىكى كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلىش كېرەك، يەنى كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تاساددىپىي،غۇۋا ماھىيەتكە ھەمدە ھەمىشە ستىختىيىلىققا ئىگە، شۇڭا، شۇنچىلىك مۇرەككەپ جەمئىيەتنى ئىدېئولوگىيەگە زورلۇق بىلەن چېتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

ئۆتمۈش بىلەن ھەقىقىي ئادا-جۇدا بولۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئىجادچانلىقنىڭ ئازاد قىلىنىشىدا چوقۇم مەلۇم تەرەپتىن لېنىنىزم ئەنئەنىسىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. گورباچېۋنىڭ بىر قىسىم قوللىغۇچىلىرى بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. 1988-يىلى يولغا قويۇلغان «ئاشكارىلىق» ھەرىكىتىنىڭ كەسكىن كەيپىياتىدا، ھۆرمەتكە ئېرىشكەن «يېڭى دۇنيا» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 5-ئايلىق سانىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى . ئاپتورى ۋ.سېلىيۇمىن (V. Selyumin) لېنىننىڭ كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ھەرىكىتىنى سىياسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ، كېيىن يەنە ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىشنى ئوچۇق-ئاشكارا ئەيىبلىدى. يەنە بىر سوۋېت ئىتتىپاقى مەتبۇئاتى «دەۋرداشلىرىمىز»ژۇرنىلى 1988-يىلى 4- ئايدا ماقالە ئېلان قىلىپ، لېنىن دەۋرىدە ئۆلگەنلەر ستالىن دەۋرىدە ئۆلگەنلەردىن تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاشكارىلىدى.

لېكىن، بۇ يەنىلا ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى. گورباچېۋنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى لېنىنىزمنى تەلتۆكۈس ۋە ئاشكارا ئىنكارقىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ قانۇنلۇق ئۇلىنى بىكار قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلاھاتچىلىرى مۇشۇ سەۋەبتىن بىر مەيدان يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشقا دۇچ كېلىدۇ: قايتا پەيدا بولغان لېنىنىزمنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ستالىنىزمغا ھۇجۇم قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يولەش ۋە قوغداش ستالىنىزمنىڭ قىسمەن ئىدىيۋى سىياسىي كۈچىنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تېخىمۇ ئەمەلىي ئۇسۇل بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم جاسارەتلىك ئىسلاھات داھىيسى لېنىنىزمنىڭ مەنىسىنى مەلۇم ۋاقىتتا قايتىدىن شەرھىيلىشى بولشېۋىكلارغا ئەمەس بەلكى سوتسىيال دېموكراتىزمغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. گورباچېۋنىڭ بەزى سۆزلىرى لېنىنىزم بىلەن دېموكراتىيەنى بىرلەشتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ موشۇ خىل ئۇسۇلنى تاللاشقا مايىل ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ بەزى ئەسەبىي قوللىغۇچىلىرى بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىۋاتماقتا، ئۇلار ئاشكارا ئوبزور ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زاماندىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا بولغان چۈشەنچىسى ستالىنىزم دەۋرىدە بۇرمىلىنىپ كەتتى دېدى. 1988- يىلى 4- ئاينىڭ 20- كۈنىدىكى« ئەدەبىيات گېزىتى» دە، فېدور بۇرلاتسكىي (Fedor Burlatskiy) ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىپ: ستالىننىڭ سوتسىيالىزمنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىشىنى ئاقلاش نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بىزنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە سوتسىيالىز-مىمىزنى ستالىندىن بىر قوللۇق ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، مائارىپ تۈزۈلمىسى ستالىن يازغان «لېنىنىزم مەسىلىسى» ۋە ئۇ تەھرىرلىگەن «بارلىق بىرلەشمە پارتىيە (بولشېۋىك) تارىخ توغرىسىدا قىسقىچە دەرسلىك » ۋە شۇنداقلا ئۇ يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىدىكى ئىقتىساد مەسىلىسى» قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان. ھازىر بارلىق دەرسلىكلەر، مەسىلەن پارتىيە تارىخى، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىلمىي كوممۇنىزم ۋە پەلسەپە ھەممە ئىجتىمائىي پەنلەرساھەسىدىكى كۆپ قىسىم نەزەرىيە تەتقىقات ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇ كىتابلارنى ئاساس قىلغان دەپ كۆرسەتتى.

ئەمما، لېنىنىزمنى سوتسىئال دېموكراتچىلار نەزىرىيىسىگە قايتىدىن بۆلۈشتەك ئاساسىي ئۆزگىرىش ھاكىمىيەت يۈرگۈزۋاتقان پارتىيىنىڭ ھوقۇق

مونوپوللىقىغا كۆرۈنەرلىك تەھدىت پەيدا قىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بيۇروكرات گۇرۇھلىرى بۇ خىلدىكى ئۆزىنىڭ مەنبەسىنى قايتىدىن بېكىتىش ئۇسۇلىنى بايقىۋېلىپ قىلدى. ئەكسىچە، بۇ ئىجادچانلىق ۋە پىلۇرالىزم (كۆپ خىللىق)ئۆز ئارا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان دەۋردىن دېرەك بېرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ھاكىمىيەت مونوپوللىقىدا چىڭ تۇرغان، دىكتاتورلۇقى ۋە ئىجتىمائىي كىلىمات كىشىنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ئورگانلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، يەنىلا لېنىنىزم تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. بۇ تەشەببۇس پەقەت پارتىيە بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، پارتىيە بولغاندىلا ئاندىن ھوقۇقنى ئېرىشكىلى، ھەقىقەتنى جەمئىيەتكە مەجبۇرىي تاڭىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

تۆپكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك گۇرۇھى دۇچ كەلگىنى ئىنتايىن مۇشكۈل تارىخىي قىيىن مەسىلە: كوممۇنىزمنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى چوقۇم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قىسىم كوممۇنىزم تارىخىنى ئىنكار قىلىشى كېرەك. 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم تەجرىبىسى دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن گۈزەل كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرەتتى. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا كەلگەندە، گۈزەل بىر كەلگۈسىنى قۇرۇۋاتاتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھەتتا 60-يىللارغا كەلگەندىمۇ، يەنىلا كەلگۈسى يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىدى. لېكىن، 20-ئەسىر ئاخىرلىشاي دېگەندە، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاللىقاچان ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىياتى ئاستىلىغان، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى قالمىغان ئۆلگىگە ئايلىنىپ قالدى.

پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسى ئەمدى كىشىلەرچوقۇنىدىغان مەبۇد ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر قايتا دورىمايدۇ، پەقەتلا يىراقتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەمدى كىشىلەر ئۆلگە قىلىدىغان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىمۇ بولۇنمايدۇ.

# ئىككىنچى قىسىم: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى

1988 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چىرايى كەسكىن مىخائىل گورباچېۋ: «ئىسلاھات بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتىمىز،ئىسلاھاتنى توختىتىش بىزنىڭ قىيامىتىمىز» دېدى. بۇ سۆزنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك يىغىنىدا ئېيتقان، كېيىن «موسكۋا ئاخبارات گېزىتى» نىڭ ئالاھىدە تەكىتلىشى بىلەن كەڭ تارقالدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلام زاتلىرى كەڭ نەقىل قىلدى.

گورباچېۋنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى نىكىتا خرۇششېۋنىڭ قىزغىن ئۇمىدۋارلىقى ئىنتايىن روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈردى. خرۇششېۋ 30 يىل ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلغان ئىدى. ئۇ غەلىبە قىلغان سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كوممۇنىزم دەۋرىگە كىرىش مەنزىرىسىنى بىر ـ بىرلەپ تەسۋىرلەپ:«1965 ـ يىلدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، مەسىلەن 5 يىل ئىچىدە دەپ ئېيتساق، سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئامېرىكا بىلەن تەڭلىشىدۇ ياكى ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ چاغقا بارغاندا ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى دۇنيا بويىچە مۇتلەق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ سوۋېتلىكلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ سۆزنى خرۇششېۋ 1958 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىنىستىتۇتىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېيتقان.

بۇ قارا ش تومتاقلا جۆيلۈش ياكى تاسادىپىي سەل قارىغانلىق ئەمەس. بۇ ئۇلۇغۋار ئىرادە سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار دائىم گېپىنى قىلىدىغان «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۇلۇغۋار تىزىسلىرى» دا ئۇزلۇكسىز كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەزكۇر تېزىس سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنى يېقىنكەلگۈسىدە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكۈزۈۋېلىدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتەدەل ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ سۆز ھەتتا سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1961-يىلى ماقۇللىغان پارتىيە نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلىدى. مەزكۇر نىزامنامىدا يەنەنۇۋەتتىكى بىر ئەۋلاد سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ كوممۇنىزمنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇقەددەس باسقۇچقا كىرىدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن ئىدى.

30 يىلدىن كېيىن، تارىخىي جىددىيلىك تۇيغۇسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى باش سېكرېتارى ھەمدە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئاساسلىق كاپىتالىزم رىقابەتچىسىنىڭ پەرقى چوڭىيىپلا قالماي، 20~30 يىل ئىچىدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ياپونىيە ئاللىقاچان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كەتتى. پۈتكۈل دۇنيا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇيۇق يولدا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۇ. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارالىق شۆھرىتىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا يېتەرلىك.گورباچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن تۈزۈمنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، دەرۋەقە كوممۇنىزم ھايات-ماماتلىق پەيتتىگە كېلىپ قالدى دېگەن ئىدى.

غەرب ئومۇميۈزلۈك ھالدا: سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بۇيروسىدا «ئىسلاھاتچىلار» ۋە «مۇتەئەسسىپلەر» بار. «ئىسلاھاتچىلار» ئىسلاھات قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، «مۇتەئەسسىپلەر» ھازىرقى ھالەتنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ دەپ قارىدى. لېكىن، ئەھۋال بۇ قاراش بىلەن دەل ئەكسىچە ئىدى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى چوقۇم تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك دەپ قارىدى. ھەقىقىي قارشىلىق

ئاساسلىقى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ۋە ئوبلاستلارنىڭ بىرىنچى قول سېكرېتارىدىن كەلگەن. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى كۈچى چوڭقۇر يىلتىزتارتقان، ئۇلاردا كېرىمل سارىيى رەھبەرلىرىدەك كەڭ يەر شارىۋى نەزەر كەمچىل. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدە ئىختىلاپ قانداق ئىسلاھات قىلىش، ئىسلاھاتنىڭ كۆلىمى ۋە ئاخبارات تەشۋىقات خادىملىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئامىسىنىڭ ئىسلاھات مۇساپىسىغا قانچىلىك دەرىجىدە قاتنىشىشىنى قانداق بەلگىلەش مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم ئالىي رەھبەرلىرى تېخىمۇ ئېھتىياتچان ھەمدە پۇختا قەدەم ئېلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ قايتىدىن جانلاندۇرۇش خىزمىتىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما ئۇلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپەت خاراكتېرلىك زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىن ساقلانماقچى بولسا، زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ قارىدى. ئالدىنقى باپتا بايان قىلىنغانىدەك ئېيتساق،ئۇلار «دېموكراتچىلار» ئەمەس بەلكى «ئەركىنلىكپەرۋەرلەر» دۇر.

گورباچېۋ ئوخشىمىغان سىياسەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ، تۆۋەندە قەستەن جەمئىيەت بېسىمى پەيدا قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دەل «ئاشكارا» ھەرىكەتنىڭ تاكتىكىلىق مەنىسى. «ئاشكارلىق» كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتىگە بولغان مەملىكەتلىك بەس-مۇنازىرىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەس-مۇنازىرە جەريانىدا، ئۆتمۈشتە مۇقەددەس دەپ قارالغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئاشكارا ھاقارەت قىلىندى؛ كۆپ يىللاردىن بېرى ھېچكىم بىلمىگەن ئىشلارئاشكارىلاندى؛ دۆلەتنىڭ يۈزەكى بىردەكلىكى بۇزۇلدى؛ بىر قىسىم كىشىلەر بۇ تۈزۈمنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتتى. بەس- مۇنازىرە 1988-يىلى 6-ئايدا ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 19-قېتىملىق دائىمىي بولمىغان ۋەكىللەر يىغىنىدا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر نەچچە يىل ئىلگىرى رېۋىزىئونىزم دەپ ئەيىبلىگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. باشتىن-ئاخىر قاتماللاشقان ئەنئەنىۋى تەلىماتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پارتىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، رېۋىزىئونىزم ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈزەكى

بىردەكلىكى ئىغىر سىياسىي توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر قاتار مەسىلىلەرگە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆچمەنلىك تەرپىدىن چاك ـ چىكىدىن ئاجراپ كەتتى. ئاقىۋەت ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەر ۋاقىت پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن بولۇپ قالدى.

# بەشىنچى باب: خام خىيالدىن رېۋىزىئونىزىمغىچە

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى رەھبىرى مىخائىل گورباچېۋ ئىسلاھات جەريانىدا پەيدىنپەي رېۋىزىئونىزىم يولىغا ماڭدى، بۇ جانلىق يېڭى رېئاللىقنى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەقىقەتتىن باشقا تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە يوق ئىدى. گورباچېۋنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئارقىلىق ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن تېخىمۇ تەل تۆكۈس ئىسلاھات قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئۇ سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىyقۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىنىڭ ئىدىيە ئاساسىنىمۇ، ھەتتا بەلگىلىك دەرىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنىمۇ ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كىرىزىسىنى چوڭقۇرلاپ ھېس قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى ھەم ئۇنىڭ ئاجايىپ تالانتى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ يوق دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇزۇن مۇددەتلىك، بۆلۈنۈش خاراكتېرىدىكى سىياسىي توقۇنۇشتىن بېشارەت بەردى. پارتىيە ھەتتا ھامان بىر كۈنى جەمئىيەتنى مونوپول كونترول قىلىشنى يوقىتىشى مۇمكىن.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ھەرىكىتىدە، «رېۋىزىئونىزم» ئۇقۇمى ئۇزۇن ۋە ئازابلىق تارىخنى باشتىن كەچۈردى. سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي لۇغىتىدە بۇ سۆزئالاھىدە سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان پارتىيىنىڭ ئاساسلىق تەلىماتىدىن يىراقلاپ كەتكەن، روشەن سوتسىيال دېموكراتىزم خاھىشى بارلارنى كۆرسىتىپ كەلدى. لېنىن سوتسىيال دىموكراتىزىمدىن يىرگىنىدىغان ۋە رەت قىلىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن خەتەرلىك دەپ قارايدۇ؛ ستالىن بولسا بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولدى. لېنىنىزمنىڭ مىراسى سوتسىيال دىموكراتىزىمغا دۈشمەنلىكىنى ئىپادىلىدى، چۈنكى سوتسىيال دېموكراتىزم ھەققىي دېموكراتىيىنى، ئاشكارىلىقنى، ئامىمىنىڭ تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشىنى، ئوخشىمىغان قاراشلارنى سىغدۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. سوتسىيال دېموكراتىزم ھەتتا ئۆز ھەرىكىتىدىمۇ قانۇنلۇق رىقابەت ئارقىلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېنىن ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بۇ ئىدىيەلەرنى «كىچىك كاپىتالىزم» دەپ ئەيىبلەپ، پرولېتارىيات سىنىپى ئېھتىياجلىق بولغان، كەسپىي ئىنقىلابچىلاردىن تەركىب تاپقان تۈزۈمى قاتتىق پارتىيە بىلەن سىغىشالمايدۇ دەپ قارايدۇ. 1917-يىلىدىن كېيىن، بۇ سىياسىي پارتىيە كەسپىي سىياسىي پارتىيە بولۇپلا قالماي، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى.

لېنىنىنىڭ بولشېۋىزمى مېنشېۋىكلارنىڭ سوتسىيال دېموكراتىيىسى بىلەن بولغان كۆرەشتە يېتىلگەنىدى. بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن دەرھال مېنشېۋىكلارنى قىرىپ يوقاتتى. ستالىن بۇ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، سىياسىي رىقابەتچىلىرىگە سوتسىيال دېموكراتىك رېۋىزىئونىزم قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، نەزەرىيىۋى تەنقىد قىلىشنى ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىشنىڭ ھەققانىي باھانىسى قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچى شەرقىي ياۋروپاغىچە كېڭەيدى،سوتسىيال دېموكراتىزم ستالىن تەرىپىدىن غەرب ئىمپېرىيالىزمىنىڭ بويسۇندۇرۇش قورالى دەپ تۆھمەت چاپلىنىپ، ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالاھىدە نىشانى بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، سوتسىيال دېموكراتىك سولچىللىرىنىڭ خىرىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدا ئىزچىل ئىنتايىن خەتەرلىك دەپ قارالدى، بۇ ئىككى تەرەپ ئورتاق چوقۇنىدىغان ماركسىزم پېشۋالىرىنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلارنى رەزىل تەلىمات دەپ قاراشقا مايىل

بولغانلىقتىن بولۇپلا قالماستىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ: سوتسىيال دېموكراتىزمچىلار ئىشلەتكەن سۆز ۋە سىمۋوللۇق قول ئىشارەتلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىي كونتروللۇقىدىكى ئاممىغا نىسبەتەن غايەت زور يوشۇرۇن چاقىرىق قىلىش كۈچىگە ئىگە، دەپ ھېس قىلغانلىقىدا ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت يۆرگۈزۈۋاتقان كومپارتىيىنىڭ ئىچكى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بارلىق رېۋىزىئونىزم ھادىسىسىگە ئىنچىكە ئالاھىدە كۆچلۈك دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ كەلدى. يۇگوسلاۋىيەنىڭ يوز ئۆرۈشى، بولۇپمۇ تىتو يۈرگۈزگەن ھەر خىل ئىشچىلار كومىتېتى سىناقلىرى رېۋىزىئونىزمنىڭ ئالاھىدە ئەكسىل ئىنقىلابىي ئىپادىسى، ماركسىزم-لېنىنىزمغا قىلىنغان ئاسىيلىق دەپ دەپ ئەيىبلەندى. بۇ ئەيىبلەش 40-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كۆپلىگەن ئاشكارا سوتلاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى بەردەك رېۋىزىئونىزمچى ئۇنسۇر، خائىن ۋەغەربنىڭ جاسۇسى دەپ بېكىتتى.

1956 -يىلى ھونگرىيە ۋە پولشادا ستالىنىزمغا قارشى مىللىي ھەرىكەت پارتلىغاندىن كېيىن، موسكۋا رېۋىزىئونىزمچى قالپىقىنى 1958-يىلى ئېتىۋېتىلگەن ھونگرىيە رەھبىرى ئىمرې ناگىي (Imre Nagy) نىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، ئۇنى بىتەرەپ مەيداندىكى، ئەمەلىيەتتە سوتسىيال دېموكراتىزمدىكى ھونگرىيە قۇرماقچى بولدى دەپ ئەيىبلىدى. موسكۋا يەنە تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچىنى پولشا كومپارتىيىسىنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشى بار رەھبىرى ۋلادىيسلاۋ گومۇلكا (Wladyslaw Gomulka) غا قاراتتى. موسكۋا گومۇلكادىن قاتتىق گۇمانلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىگىلىك ھوقۇقى نىسبەتەن كۆپ بولغان پولشا كومپارتىيىسى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كىشىنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغايدىغان كوللېكتىپلاشتۇرۇش تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىپ، دېھقانلار ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، پارتىيىنىڭ ئىدېئولوگىيىدىكى كونتروللۇقىنى بوشىتىشقا تەييارلاندى. گەرچە كرېمىل سارىيى ئاخىرى گومۇلكا بىلەن يارىشىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مەجبۇرىي قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما پولشانىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ تۇردى. 50-يىللارنىڭ

ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىتلىرى پولشانىڭ بارلىق رېۋىزىيونىزىمغا ئۇزلۇكسىز ھۇجۇم قىلىپ، پولشادا رەزىل سوتسىيال دېموكراتىزىمنىڭ قايتا تىرىلىشىدا يوشۇرۇن خەۋپ بار دەپ قارىدى.

رېۋىزىيونىزىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قىينىشى 1968 ـ يىلىدىكى «پراگا باھارى»دا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. چېخوسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە «ھەرىكەت نىزامى» دا چېخوسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ يېڭى رەھبىرى، بولۇپمۇ بىرىنچى سېكرېتار ئالېكسا نىدىر دۇبچېك (Alexander Dubcek) تەشەببۇس قىلغان ئىدىيىنى شەرھىيلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى باركۆچى بىلەن بۇ ئىدىيىنى ئەيىبلىدى. «ھەركەت نىزامى» دا چېخسلوۋاكىيەنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىنى تارقاقلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىدېئولوگىيىنى ئېچىۋېتىش ۋە ستالىنىزمنىڭ جىنايىتىنى ئومۇميۈزلۈك پاش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. موسكۋا بۇ تەشەببۇسلارنى «ئوڭچىل رېۋىزىيونىزم» ، «كاپىتالىزمغا قايتىش ۋە ۋارشاۋا ئەھدى تەشكىلاتىدىن چېكىنىشكە يول ئاچقانلىق» دەپ ئەيىبلىدى. برېژنېۋنىڭ ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ، دۇبچېك ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشى «پراگا باھارى» نىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

لېكىن، ئەگەر گورباچېۋنىڭ80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى قارىشى بىلەن كېرمىل سارىيى ئىلگىرى قارىغان رېۋىزىيونىزم قارىشىنى سېلىشتۇرساق، ئىككىسى ئارىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. شۈبھىسىزكى، گورباچېۋنىڭ ئىدىيىسى توساتتىنلا شەكىللەنگەن ئەمەس. گورباچېۋ ھاكىمىيەت تۇتقان دەسلەپكى مەزگىلدە سىياسىي بۇيرۇدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىدە بۇرۇنلا ئىسلاھات قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ دەسلەپتە دىققىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراتتى. ئېھتىياتچانلىقنى چىقىش قىلغان ئەمەس، بەلكى باشقۇرۇش ۋە پىلانلاش نى ياخشىلاش ئارقىلىق ئىقتىسادىي سەۋىيىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقتىن ئىدى، گورباچوف دەسلەپتە ئامىغا ئىسراپچىلىق، ئىقتىساد باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار بولۇش، ئىنتىزامسىزلىق، ھاراقكەشلىك ۋە

ئومۇميۈزلۈك هورۇنلۇقنى تۆگىتىش توغرىسىدا چاقىرىق قىلدى. كىشلەرگە: گورباچېۋ دەسلەپتە شەرقىي گېرمانىيەنى ئۆلگە قىلىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئىنتىزامچان، تېخنىكىسى ئىلغاركوممۇنىزم تۈزۈلمىسى بەرپا قىلماقچى دېگەن تەسرات بەردى.

لېكىن، گورباچېۋ روسىيەلىكلەرنىڭ گېرمانلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى چوڭايتىلغان شەرقى گېرمانىيە قىلىشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى تېزلا بىلىپ يەتتى. بۇ ئېنىقلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق غەش قىلدۇ. ئۇ رېئاللىققا يۈزلەنمىسە بولمايدۇ: ئۇ دۇچ كەلگەن مەسىلە مەدەنىيەت ۋە تۈزۈلمىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئەمەلىيەتتە، گورباچېۋ قىسقىغىنە 2 يىللىق ئىزدىنىش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھاتى غەلبە قىلماقچى بولسا، چوقۇم خەلقنىڭ كۆز قارىشىنى، جەمئىيەتنىڭ «سىياسىي مەدەنىيىتى» نى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسى تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پارتىيىنىڭ 19 ـ قېتىملىق ئالاھىدە ۋەكىللەر يىغىنىدا بۇرۇلۇش بولدى، گورباچېۋ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى سۆزىدە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. ئۇ:«بىز بۈگۈن نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق، بىراق قايسىسى ئەڭ ھالقىلىق؟ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھالقىلىق مەسىلە سىياسىي تۈزۈلمىمىزدە دەپ قارايدۇ» دېدى. ئىقتىسادى ئىسلاھات پەقەت سىياسى ئىسلاھات يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىنلا مۇۋاپىقىيەت قازىنالايدۇ، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى ئېخمۇ ئىلغار جەمىيەتلەردىن قېلىشمايدىغان تۇرمۇش سەۋيىسىنى قوغلاشسا، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ يىللار ئىلگىرى كىشىلەرگە بەرگەن «سوتسىيالىزم» ئۇلۇغ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدېئولوگىيە تەشەببۇسىنىڭ مول ماددىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا بولىدۇ. كىشلەردە مۇنداق تۇيغۇ بار: 1988 ـ يىلى، گورباچېۋ ھونگىرىيە ئىسلاھاتىدىن ئىلھامغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە بولدى.

ئىسلاھات مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ئىقتىسادتىن سىياسىيغا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، گورباچېۋ 1987 ـ يىلى باشقا بىر خىل ئۇسۇلنى قوللاندى:

يۇقىرىـــدىن تـــۆۋەنگە چۈشـــۈرگەن مەقســـەتلىك بىســـم (يەنـــى مەشـــھۇر ئاشكارىلىق) يۇقىرىدىن تـۆۋەنگىچە ئومومىيۈزلـۈك ئـۆزگەرتىش ( ئىسـلاھات) نــى ئىلگىــرى سـۈردى، ھەتتـا تـۈرتكە بولـدى. ئاشـكارىلىق يەنە سـوۋېت ئىتتىپاقىنىــڭ يۈتكـۈل تۈزۈلمىــدە كەڭ دائىرىلىــك دېموكراتىيەلەشتۈرۈشــنى يولغا قويۇشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز چوقۇم «ئاشـكارىلىق» ۋە «دېمـوكراتىيە»نىـڭ يۇقىرىـدىن تـۆۋەنگە ئومۇمىيۈزلـۈك كـونترول قىلىشـنى تەكىتلەيـدىغان ئەنئەنـۋى لېنىنىـزم پرىنسـىپىغا خىـلاپ ئىـكەنلىكىگە دىقـقەت قىلىشـىمىز كېـرەك. ئىسـلاھات تەرەققىيـاتىنى ئىلگىـرى سـۈرۈش جەريانىـــدا، «ئاشـــكارىلىق» ۋە «دېموكراتىيىلىشـــىش» بـــۇ تۈزۈلمىنىـــڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. گورباچېۋ بـۇ قىتىمقـى ئالاھىدە ۋەكىلـلەر يىغىنىــدا يۇقىرىــدىن تــۆۋەنگە ئىسـلاھ قىلىشـتا قـول قوۋۋەشـتۈرۈپ قـاراپ تۇرغانلارنى تەنقىد قىلدى، يۇقىرىدىن تـۆۋەنگە بىسىم چۈشـۈرۈۋاتقانلارنى ئىلھاملاندۇردى. ئۇ نۇتۇقىـدا:«ھەرقايسـى جـايلاردىكى خەلـق خەت يېزىـپ ياكى مۇنازىرە قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ تېخى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلمىگەنلىكىنـى ئىنكاس قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار قاچان ئىسلاھات بولىدۇ دەپ سوراۋاتىدۇ. ئەمما، ئىسلاھات ئاسماندىن چۈشىدىغان پىچىنە ئەمەس، ئىسلاھاتنى شەھەر-يېـزا خەلقــى ئــۆزىگە تايىنىــپ قىلىشــى كېــرەك، ھەرگىزمــۇ بىــرەر كىشــىنىڭ ئىسلاھاتنى بىر يەردىـن ئەكىلىـپ بېرىشـنى كۈتـۈپ تۇرماسـلىقى كېـرەك» دېدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىسلاھاتنىڭ ئالغا بېسىشـنى ئىلگىـرى سـۈرۈش تۈزۈلمىـــدىكى «ئەركىنلەشـــتۈرۈش» كە مۇھتـــاج بولۇپلاقالمـــاي، يەنە تۈزۈلمىدىكى «دېموكراتىيەلىشىش»كىمۇ موھتاج.

شەك-شۈبھىسىزكى، گورباچېۋئۆزىنى ھەقىقى لېنىنىزمچى سۈپىتىدە ھەرىكەت قوللاندىم، پارتىيىنى لېنىنىزمنىڭ ھەقىقي نەزەرىيىي ئاساسىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ستالىنىزمنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋاتىمەن دەپ قارايـدۇ. ئەمما ناھـايىتى ئېنىقكـى، ئـۇ تېخمـۇ يۈكسـەك ،ئەتراپلىق، جانلىق ئۇسۇلنى قاتتىق داغدۇغىلا بىلەن تەشۋىق قىلىشقا مەجبۇر بولـدى، چۈنكى ئۇ بۇخىل ئۇسۇلدا ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا، ئۆزىنىڭ ھـېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ چوقـۇم: ئەگەر لېنىنىزمنىــڭ ئەنئەنـۋى پرىنسـىپى بولغـان يۇقىرىـدىن تۆۋەنگە قارىتىلغان كونتروللۇق ئاندىن تۆۋەن قاتلام جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش

پەيدا قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا داۋاملىق ھۆرمەت قىلسا، ستالىنىزم بەرپا قىلغان ھوقۇق ۋە ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ قالدۇق تەسىرىدە مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ تەرىپى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەئەسسىپلىرى رېفورمىزىمغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، گورباچېۋنىڭ ئاشكارا نۇتۇقى رەسمىي سۆزلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپلىگەن رېفورمىزىم نەيرىڭىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ رەسمىي سۆزلىرى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سىياسىي بۇيرۇقنىڭ كوللىكتىپ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەن. بۇنىڭدىن گورباچېۋنىڭ بۇ ئىشتىكى شەخسىي ھېسسىياتىنى بىلىۋالالايمىز. مەيلى قانداقلا بولسۇن، گورباچېۋ رەئىس نۇتۇقى ۋە رەسمىي سۆزلىرىدە تەكىتلەنگەن باش تېما بەزى سەزگۈر نۇقتىلاردا دۇبچېك كۆپ يىللار ئىلگىرى تەكىتلىگەن مەسىلىلەرنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالاتتى، ھەتتا گومۇلكا ياكى تىتونىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتىنى تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشنى ئېتىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. گورباچېۋ قەتئىي ئۈمىدسىزلىككە تولغان تەلەپپۇزدا مەسىلىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ سوتسىيالىزم «چوقۇم» غەلبە قىلىدۇ دېگەن ئۈمىدۋار كەيپىياتى بىلەن بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان ئىدى. گورباچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىيامىتىدىن بېشارەت بەرگەن سۆزلەرنى بىر قانچە قېتىم ئىشلىتىپ تۇرۇپ بۇ مەسىلىلەرنى تىلغا ئالدى. 1988- يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «يولداشلار، ئەڭ مۇھىم دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ... ئىسلاھاتنىڭ يېڭى باسقۇچىدا، پارتىيە پەقەت دېموكراتىك شەكىلدىن پايدىلىنىپلا ئۆزىنىڭ ئاۋانگارت-تىلقى ۋە رەھبەرلىك رولىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. قىلچىمۇ كۆپتۈرمەي ئېيتىشقا بولىدۇكى،بۇگۈنكى بارلىق ئىشلار بۇ ۋەزىپىنىڭ ھەل قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېدى.

تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى قايتا-قايتا تەكىتلىنىدىغان تېما بولۇپ قالدى. گورباچېۋ ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچىلارغا كۆپ قېتىم ئەسكەرتىپ: ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىز چوقۇم ھازىردىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات قىلىشىمىز كېرەك، دېدى. 1987-يىلى 10-ئايدا، ئۇ لېنىنگراد

كوچىسىدىكى كىشىلەرگە:«ئىككى يىلدىن بۇيان، بىز سىلەر بىلەن كېڭەشتۇق، مۇنازىرە قىلدۇق، تالاش-تارتىش قىلدۇق، ئويلاندۇق، توغرا جاۋابنى تېپىپ چىقىپ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تىرىشتۇق. بىز چوقۇنمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ ھازىر، بىز چوقۇم ئىسلاھات يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەت چوقۇم موشۇ پىرىنسىپلار بويىچە باشقىچە يول تۇتۇشى كېرەك: ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت مەنىۋى تۇرمۇشىدا دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەممىنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك!» دېگەن. ئۇ مەركىزى كومىتېت خادىملىرىدىن ئاغرىنىپ:«بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا دائىم قارشى ئاكتىپ روھقا ۋە ئاكتىپ روھنى پاسسىپ بايقۇت قىلىدىغان ئەھۋالغا ئۇچرايمىز. مۇنداق بولۇپلا قالماستىن، نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ پىكرىنى چۈشىنىشكە تىرىشمايدۇ، ئەكسىچە قەستەن باھانە ئىزدەپ، ئاكتىپلىق بىلەن پىكىر قىلغۇچىنى ئەيىبلەيدۇ. بۇ ھادىسە يەنىلا ئىنتايىن ئومۇملاشقان» دېدى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ:«بىز بۇ ئەھۋالغا ئەمدى چىداپ تۇرالمايمىز، بولمىسا ئىسلاھات مەغلۇپ بولىدۇ» دېدى.

گورباچېۋ بولشۋىكلارنىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچىگە تولغان شەھىرى لېنىنگرادتىكى يەنە بىر نۇتۇقىدا ئاممىنى تېخىمۇ بۇيۇك ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىسلاھات-سىياسىي ئىسلاھاتنى قوللاشقا چاقىرىق قىلدى. بۇ باسقۇچتىكى ئىسلاھات مەلۇم تۈزۈلمىدىكى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا:«ئىككىنچى باسقۇچ كەم بولسا بولمايدىغان ھەل قىلغۇچ باسقۇچ، شۇڭا بىز قەغەز يۈزىدە قاراردا توختاپ قالساق بولمايدۇ. ئەمما يولداشلار، بىز ئۆتمۈشتە دائىم موشۇنداق قىلدۇق. بۇ بىر ساۋاق. ئۆتمۈشتىن ئېرىشكەن ئاچچىق ساۋاق. بىز نۇرغۇن ئىشلارنى باشلىغان،ھەم توغرا قىلغان، بىراق كېيىن يېرىم يولدا توختاپ قالدۇق، ئەگەر بۇ قېتىممۇ يېرىم يولدا توختاپ قالساق، دۆلەت غايەت زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىز مۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقىمىز كېرەك، چۈنكى بۇ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. ئىسلاھات ئويۇن ئويناش ئەمەس، دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىسلاھاتقا باغلىق» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

لېكىن، كىشىلەرنىڭ گورباچېۋنىڭ تەشەببۇسىغا بولغان ئىنكاسى بىردەك ئەمەس. گورباچېۋنىڭ قوللىغۇچىلىرى (ئاساسلىقى موسكۋادىكى ھەرقايسى تەتقىقات ۋە ئىلىم ساھەسى) نىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى،بىراق ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ھەرقايسى بيۇروكرات ئورگان ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سوغۇق پوزىتسىيىسى يوققا چىقاردى. ئورنى مۇستەھكەم ئەمەلدارلار گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىغا ئومومىيۈزلۈك گۇمان بىلەن قارىدى. گورباچېۋ يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ «دېموكراتىيىنىڭ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماسلىقىنى تىلەيمەن» دېگەن ئادەتلەنگەن قارشىنى ئالدى بىلەن نەقىل قىلىشقا، ئاندىن قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى، بۇنىڭدىن گۇمانىي پوزىتسىيەنى كۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ بۇ خىلدىكى تەنقىدلەرگە قايتۇرما زەربە بەرگەندە، موشۇنداق ئەندىشىسى بار پارتىيىلىك ئەمەلدارلار «شەخسىي مەنپەئەتى ئۆچۈن كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋاتىدۇ» دېدى. ئەمما، مۇنداق قاراشلار ئېھتىمال ئەمەلدارلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىشى مۇمكىن.

تېخىمۇ مۇھىمى، «ھەقىقەت»گېزىتى 1988-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى خەۋەر قىلغىنىدەك، گورباچېۋ ئۆزىنى تەنقىد قىلغۇچىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا، پىلانىنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بەزىلەر پارتىيىنىڭ باش سېكرېتارى رىۋىزىئو نىزىمنى تەشۋىق قىلىپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدى دەپ ئەيىبلىدى. گورباچوفنىڭ رەددىيىسى بۇنىڭ ئادەتتىكى ئەيىبلەش ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى، ئۇ:«كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلاشتى، بىزنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن چېكىنىۋا تامدۇ يوق دەپ گۇمانلىنىۋاتىدۇ...بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆزگەرتىۋاتقان ياكى ئۆزگەرتمەيۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ. ماركسىزمنىڭ 'قوغدىغۇچىلىرى' بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ گۈركارلىرى بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغانلىقىنىڭ قىلچە ئەجەبلىنەرلىكى يوق. ئۇلار ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن ئىدى.

پارتىيىنىڭ بيۇروكراتلىرى دېموكراتىيەگە تەبىئىي قورقۇنچ بىلەن قارايدۇ، گورباچېۋدىن ئومۇمىيۈزلۈك گۇمانلىنىش بۇ قورقۇش پىسخىكىسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ئۇلار گورباچېۋ خەلقنىڭ مەزمۇنى كەڭ

«ئىسلاھات» نى قوللىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا خەلقنىڭ بيۇروكراتلىققا قارشى كەيپىياتىنى قوزغىتىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىدۇ. بۇ ئەيىبلەشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار. ئىسلاھاتقا قارشىلىق قىلغان قارشىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى گورباچېۋنىڭ باشقا تاللىشى يوق بولۇپ، پەقەت ئاقلاپ تۇرۇپ تۈزۈلمىدىكى لايغەزەللىك ۋە سىناققا بولغان پاسسىپ پوزىتسىيە ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ دېيىشكە مەجبۇر بولىدى. بۇنىڭدىن سىرت، دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، گورباچېۋ مىللەتچىلىك شوئاردىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئۆزى ئۆز بەختىنى پىلانلاش ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم كىشلەرنى ئەنسىرىتىپ قويدى، ئۇلار باش سېكرىتار خەلقنى پارتىيىلىك كادىرلارغا قارشى قوزغىتىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلاندى.

گورباچېۋ بۇ ئەندىشىلەرگىمۇ ناھايىتى سەزگۈر، بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى. گورباچېۋ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم كاپالەت بېرىپ، يۇقىرى رەھبەرلەرنىڭ ھەرگىزمۇ خەلقنى پارتىيىلىك كادىرلارغا قارشى چىقىشقا قوزغاتمايدىغانلىقىنى، جوڭگودىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دەك ئەھۋالنىڭ كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەسىلەن، ئۇ 1987-يىلى 10- ئاينىڭ 13-كۈنى سۆز قىلىپ:«ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىقتىدارلىق ۋە ئېڭى يۇقىرى كادىرلارغا موھتاج، بۇ كادىرلار خەلققە يېقىنلىشىدۇ، جەمئىيەتنى جانلاندۇرىدىغان ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە...

مېنىڭ بۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىشىم كىشىلەرگە بۇ مەسىلىنى جوڭگودىكى' مەدەنىيەت ئىنقىلابى' غا ئوخشاش كىشىلەرنى ئورگان خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىش دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەمەس. ياق، يولداشلار، مەندە ھەرگىزمۇ بۇنداق خىيال يوق... » دېدى. گورباچېۋ باشقا بىر قېتىملىق سۆزىدە، ئىسلاھاتقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كادىرلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ئۈستىدە توختالغاندا، دەرھال تولۇقلاپ:«بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ كادىرلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىشتىن

دېــرەك بەرمەيــدۇ، چــۈنكى بىزنــىڭ كـــادىرلىرىمىزۋە زىيـــالىيلىرىمىز ئىقتىدارلىق، قوغداش كېرەك» دېدى.

گورباچىۋ گەرچە قايتـا ـ قايتـا كاپـالەت بەرگەن بولســىمۇ، ئەممـا پارتىيىلىـك كادىرلارغـا ماختـاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشـنى تەڭ قوللانـدى. ئـۇ ئەگەر پارتىيىلىـك كـادىرلار يېڭـى دەۋر روھىغـا ماسلىشىشـنى خالىمىسـا، ئۇلارنى ئالماشتۇرماي بولمايدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم «لېنىنىزمچى كادىرلار»نىڭ ئالاھىدە، ھەتتا تەڭداشسىز رولىنى ماختىغاندا، ھەر قېتىمدا دېگــۈدەك ئاگاھلانــدۇرۇپ، پاســسىپلىق ۋە ئىســلاھات روھــى كەمچىلىــك بولۇشــنى تــاقەت قىلغىلــى بولمايــدىغانلىقىنى ئېيتــدۇ. ئــۇ بىــر قېــتىم كوچىــدىكى كىشــىلەرگە نۇتــۇق ســۆزلەپ: «دۆلىتىمىزدىكــى بىــر قىســىم كىشلەر يا شەيئىلەرگە ۋە خەلققە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتسۇن، يـا بىر چەتكە ئۆتۈپ باشقىلارغا يول بەرسۇن» دېگەنئىدى.

گورباچىۋ گەرچە لېنىنىزم تونى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن باشقىچە يول تۇتقان ئىدى، ئۇنىـڭ مەيدانى ئېــنىقلا كونســىرۋاتىپلارنى ئەندىشــىگە ســالىدۇ. لېنىنىزمــدىكى پــارتىيە نەزەرىيىۋى ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىــر قوغدىغۇچىســى دېــگەن ئــىدىيە پــارتىيە ئەمەلدارلىرىــــدا چوڭقــــۇر يىلتىــــز تارتقــــان، گورباچىۋنــــىڭ ئاشــــكارا مۇزاكىرىلىرىدىكى دەۋەت قىلىشلار ئەلۋەتتە ئۇلارغا تىنچلاندۇرۇش دورىسى بولالمايــدۇ. ئۇنىــڭ ئــىنچىكە كۆرســەتمىلىرى گەرچە نەزەرىيە جەھەتــتە رېۋىزىئونىزملىــق تۈســى ئــۇنچە قويــۇق بولمىســىمۇ، يەنىــلا كىشــىنى ئەندىشىگە سـالاتتى. كىشـلەر ھۆججەتسـىمان ئەسـەر «ئىسـلاھات ۋە يېڭـى تەپەككۇر» دېگەن كىتابنى گورباچىۋنىڭ قوللىغۇچىلىرى يازغان بولۇشـى مۇمكىن دەپ قىيـاس قىلىشـتى، ئەممـا بـۇ كىتابتـا ئېـنىقلا گورباچىۋنـىڭ كەسكىن ئىدىيىسىنىمۇ ئـۆز ئىچىگە ئالغان ئىـدى. كىشـلەر بـۇ كىتـابتىن ســوۋېت ئىتتىپاقىنىــڭ رېئاللىقى ۋە تارىخىنىــڭ ھەممىنــى ئــۆز ئىچىــگە ئالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. گورباچىۋ گەرچە ناھايىتى ئېھتىياتچا ـ نلىق بىلەن ئۆلچەملىك لېنىنىزم پرىنسىپلىرىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قاراشـلىرى كىشـىگە بىـر قـانچە شـەرقىي ياۋروپـا كوممۇنىسـتىك پـارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ۋە نەزىرىيىچىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسكە سـالاتتى، كېرمىل سارىيى ئۇلارنى رېۋىزىئونىزمچى دەپ ئەيىبلىگەن ئىدى.

گورباچېۋنىڭ ئەسرى بىلەن 1968-يىلى دۇبچېك دەۋرىدىكى چېخسلوۋاكىيەنىڭ «ھەرىكەت نىزامى» بەزى تەرەپلەردە بىردەك ئىدى. بۇ بىردەكلىكلەر چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقى كونسىرۋاتىپ رەھبەرلىرىنى ئارامىدا قويمىدى. دەرۋەقە، گورباچېۋ تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتى ھەقىقىي لېنىنىزم پرىنسىپىغا قايتىش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ ھەر قانداق جەھەتتە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە دېموكراتىيەنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئاجىزلىتىش ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. دېموكراتىيەنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدىكى مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، گورباچو ـ فىنىڭ ئەسرى بىلەن دۇبچېكنىڭ«ھەركەت نىزامى»ئارىسىدىكى پەرق روشەنلىشىدۇ. دۇبچېكنىڭ دېموكراتىيىسى بېلەت ساندۇقى ئىشلىتىشكە تەييارلاندى، بىراق گورباچېۋ بولسا دېموكراتىيىنى پىكىر ساندۇقى ئىچىدە چەكلىدى. دۇبچېكنىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈشى بولسا كومپارتىيەنىڭ سىياسىي ھوقۇقتىكى مونوپوللىقىنى بۇزۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. گورباچېۋنىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈشى بولسا كۆپ ھاللاردا پارتىيىنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، ھەر ئىككى ھۆججەت ستالىنىزمنىڭ ئۇسۇلىنى ۋە بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىياستىنى ئەيىبلەيدۇ، ستالىنىزمنىڭ قوپال شەكىلدىكى تەرەققىياتىنى زىيادە تەكىتلىشىنى تەنقىدلەيدۇ. ئىككى ھۆججەت يەنە بۇ سەۋەبلىك پەيدا بولغان جەمئىيەتتىكى ئالغا باسماسلىق ۋە ئەخلاقتىكى چىرىكلىكنى ئەيىبلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى دېموكراتىيىلىشىش ۋە تېخىمۇ ئاشكارا مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

گورباچېۋ شەرقىي ياۋروپانىڭ دەسلەپكى رېۋىزىئونىزمچىلىرىغا ئوخشاش، پارتىيە نەزىرىيىسىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پەقەت شەرقىي ياۋروپا رېۋىزىئونىزمچىلىرىغا ئوخشاش ئاشكارا دېمىگەنلا يېرى بار. توغرا سىياسەت مۇنازىرە ۋە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، بىراق مۇنازىرە پارتىيە ئەزالىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تېخىمۇ كۆپ ئادەم قاتنىشىشى كېرەك. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر نەزەرىيە پەقەت يۇقىرىدىن بەلگىلىنىپ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ دېگەن قاراشقا بىۋاستە زەربە بېرىدۇ. «دېموكراتىيەلەشتۈرۈش»ئۇقۇمى غەربنىڭ ھەقىقىي

سىياسى تاللىشىنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان دېموكراتىيە ئېڭىدىن تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ، ئوخشاشلا ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ھوقۇق مۇنارىغا تەھدىت سالىدۇ. قايتىلاپ چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى: گورباچېۋ گەرچە قوشۇلمىسىمۇ، ھەم غەربچە دېموكراتىك تۈزۈمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمىدى. بىراق غەرب دېموكراتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى ھالىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، غەرب دېموكراتىيىسىگە قاراپ ماڭغان كىچىككىنە بىر قەدەممۇ (شەرقى ياۋروپا رېفورمىچىلىرى ماختاپ ئۇچۇرغىنىدىنمۇ كىچىك بولسىمۇ) سوۋېت ئىتتىپاقى بېكىتكەن سىياسەتكە زور خائىنلىق ھېسابلىنىدۇ.

گورباچېۋنىڭ رېفورمىزمغا تەدرىجىي بۇرۇلۇشى باشقا بىر قانچە ئاساسىي مەسىلىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىسىگە تېگىپ قويىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ مۇقەددەس تەڭ تەقسىمات ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. 1988-يىلى 2-ئايدا مەركىزىي كومىتېتقا تۇزلا قىلىپ:«تەڭ تەقسىماتچىلىق ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادتا بۇزغۇنچىلىق رولى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەخلاقتا، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل تەپەككۇر شەكلى ۋە ھەرىكەت شەكلىگە بۇزغۇنچىلىق رولى بار. تەڭ تەقسىمات تىرىشچانلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك ئەمگەكنىڭ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئىنتىزامچانلىقنى بوشاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كەسپ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولغان قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ، ئەمگەكتىكى رىقابەت ۋە رىقابەت روھىغا زەربە بەردى. بىز تۇزلا قىلىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن، ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن قەتئىي ئورتاقلىقى بولمىغان كىچىك كاپىتالىزم قارىشىنىڭ ئەكس ئېتىشى دېيىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكىنىدەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، گورباچېۋنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئاساس بولغان مائاش پەرقى بولسا ھەققىي باراۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئامېرىكا كارخانىلىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىغان پىرىنسىپ.

ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم، گورباچېۋ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغا

ئىجتىمائىي ئىسىم شەكىللەندۈرگەن سىياسىي دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئۇۋاستە ئىرلەشتۈرۈشى پارتىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى كونترول قىلىشتىكى مونوپول باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىش خەۋپىنى پەيدا قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى بىر سىياسىي مەدەنىيەتنى يارىتىپ، خەلقنى پارتىيىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش تىرىشچانلىقىغا ياردەم بەرگۈزۈپ، 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى پارتىيىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك ئالاھىدە ئەزالار يىغىنىدا ئۆتكۈزۈلگەن تېلېۋىزىيە مۇنازىرىسىغا ئوخشاش (بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇندىن بار ئاۋام تۈرمۈش ئۆلچىمىگە پۈتۈنلەي خىلاپ)، ھېچ بولمىغاندا ئاشكارا مۇنازىرىلىشىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، ھەتتا ئوخشىمىغان سىياسىي پىكىرنى بايان قىلىشنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئەڭ ئاخىرىدا كۆتۈلمىگەن ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ماركسىزم سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئوبيېكتىپ» جەھەتتە رېۋىزىئونىزىمدۇر.

كېرمىل سارىيىداپەيدا بولغان بۇ رېۋىزىئونالىزىمچى باش سېكرېتار پەيدا قىلىدىغان تەسىر غايەت زوربولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردە قانات يايغان كەسكىنمۇ نازىرىگە ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك تەسىر بېرىپلا قالماي، تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇربولغان شەرقىي ياۋروپا رېۋىزىئونىزىمنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ ۋەتەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا يەنە كېرمىل سارىيىنىڭ ئىدىئولو گىيىدىكى كىيسىم چىقىرىش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. بۇ تەسىرنىڭ ئالاھىدە ئېغىر خەتىرى دۇنيا كوممۇنىزىمغا ئورتاق بولغان ماركسىزم ـ لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى پارچىلىۋېتىدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا، موسكۋادا كىچىككىنە رېۋىزىئونىزم پەيدا بولسىمۇ كوممۇنىزىمنىڭ سىياسىي يىمىرىلىشى ۋە نەزەرىيە مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىدۇ. كوممۇنىزم ئالاھىدە تارىخىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى شان ـ شەرىپىنى ئاللىقاچان يوقاتتى.

# ئالتىنچى باب پارچىلىنىشنىڭ ئون چولۇق

# سەۋەبى (1)

گورباچېۋ ئېھتىمال ماركۇس دى كاستىن (Marquis de Custine) يازغان «روسىيە مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابنى ئوقۇمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ كۆزنىتىشى چوڭقۇر، سەزگۈسى ئۆتكۈر بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى يەنى ئاپتورنىڭ 1839ـ يىلىدىكى روسىيە زىيارىتى بايان قىلىنغان. مۇبادا گورباچېۋ بۇ كىتابنى ئوقۇغان بولسا، فىرانسىيىلىك بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرىدىن چەكسىز لەرزىتلەنگەن بولاتتى. كاستىن كىتابىدا: «بوغۇپ قويۇلغان روسىيە ئەڭ ئاخىرىدا سۆز ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا، كىشىلەر خىلمۇخىل تەشەببۇسلارنى ئاڭلايدۇ، قاتتىق چۆچىگەن دۇنيانى تارىخ يەنە بابىل مۇنارى دەۋرىگە قايتىپتۇ» دەپ يازغان ئىدى.

دەرۋەقە، 80ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەپسانىلەردىكى بابىل مۇنارىدەك بەس ـ مۇنازىرىگە چۆشۈپ كەتكەنىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا دېگۈدەك ھەر بىر چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭرى، ھەتتا يوشۇرۇن پارتىلاش خاراكتېرلىك بەس- مۇنازىرىلەر قانات يايغانىدى. بىر قىسىم مۇنازىرىلەر ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە يۈز بەردى، يەنە بىر قىسىملىرى بولسا ئەمەلىيەت مەيدانغا كەلگەن ، تېخى يېرىم مەخپىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان باشقىچە سىياسى قاراشتىكىلەرنىڭ چەكلىك ژۇرناللىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. يەنە بىر قىسمىلىرى بولسا، كەسكىنلىك بىلەن كوچىلاردا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىش، زورلۇق بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈش شەكلىدە ئىپادىلەندى.

سوۋېت تەۋەسىدە ئىسلاھات ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسلىقى بىر قاتار مۇھىم، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى. ئومۇمىي

جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ مۇنازىرىلەر ئۇزۇن مۇددەت ئازابلىق بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇزەكى بىرلىكىنى كۆچلۈك ۋەيران قىلماقتا. تالاش-تارتىش قىلىنغان ھەر بىر مەسىلىنىڭ باشقا مەسىلە بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇپ، سوۋېت جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ئاڭدىكى گورۇھلار ئارىسىدىكى مۇنازىرە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، مۇنازىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۈچەيتتى. جامائەت مۇنازىرە قىلغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكى 10 تۈرگە يىغىنچاقلىنىدۇ:

1. ئىقتىسادىي ئىسلاھات،
2. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىك تەرتىپى،
3. سىياسىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش،
4. پارتىيىنىڭ رولى،
5. ئىدېئولوگىيە، دىن ۋە مەدەنىيەت،
6. تارىخ (ياكى ستالىنىزم)،
7. دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلە،
8. دۆلەت ئىچىدىكىلەرنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا دىققەت قىلىشى،
9. دىپلوماتىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى سىياسىتى؛
10. سوۋېت گورۇھى ۋە دۇنياۋى كوممۇنىزم ھەرىكىتى؛

## ئىقتىسادىي ئىسلاھات:

گەرچە ئىقتىسادىي ساھەدە ئەڭ كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرلىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنى قوزغىۋەتتى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات داۋامىدا يېڭى كېسەل ۋە كونا جاراھەتلەرنىڭ ھەممىسى كەڭ مۇنازىرىلەردە تەلتۆكۈس ئاشكارىلاندى.

1988-يىلى 1-ئايغا كەلگەندە، تەخمىنەن 60% سانائەت كارخانىسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىشتىكى يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويدى: كارخانا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇپ،

سېتىپ چىقىرىش ئورۇنلىرىنى تاللىدى، ھەتتا مۇئەييەن چەكتە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىغا باھا بېكىتتى ھەمدە قىسمەن پايدىنى ساقلاپ قالدى. دۆلەت يەنە كىچىك كۆلەمدىكى ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا رۇخسەت قىلدى، بولۇپمۇ مۇلازىمەت خاراكتېرلىك كەسىپلەردە شۇنداق قىلدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 1988-يىلىنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، بۇ خىلدىكى ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سانى 13 مىڭغا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 300 مىڭغا يەتكەن. دۆلەت يەنە شەھەرلەرنى يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى باغ-ئېتىزلارنى شەخسلەرگە ئىجارە بېرىشكە رۇخسەت قىلدى. گورباچېۋ يەنە ئىنتايىن يۇكسەك پىلان ئۈچۈن، تۈزۈم ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئارتۇقچە بىيۇروكرات ئورۇنلار ۋە ئوشۇق خىزمەت ئورۇنلىرىنى بىكار قىلماقچى بولدى. ئۇ ئەڭ ئىشىنىدىغان ئىقتىسادشۇناس ئابېل ئاگانبېگيان (Aganbegyan Abel) نىڭ مۆلچەرىچە، ئارتۇقچە خىزمەت ئورنى 16مىليونغا يەتكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادي تۈزۈلمىسى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنلىكتىن، كەسىپلەردە قوللىنىلغان تەدبىرلەركۆپ دېگەندە چەكلىك باشلىنىش ئىدى. گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتى ھېچ بولمىغاندا ۋاقتىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تارماق-كوللېكتىپلاشقان يېزا ئىگىلىكى تۈزۈلمىسگە چېقىلمىغان ئىدى. لېكىن بۇ تارماقنىڭ ئۆزىلا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادي تەرەققىيات ئىستىقبالىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن ئىدى ھەمدە ئەڭ دەسلەپكى ئىسلاھات قەقەتەن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. «ھەقىقەت گېزىتى» نىڭ 1987-يىل 10-ئاي 29-كۈنىدىكى سانىدا جەمئىيەتتە مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تالىشىپ مال سېتىۋالىدىغان ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىپ، ئىسلاھاتقا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان «نەزەرىيىۋى قۇتراتقۇچىلار»نىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئاممىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىنى پەيدا قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئىشسىز قېلىشتىن قورقۇش پىسخىكىسىمۇ بۇ خاتىرجەمسىزلىكنى كۈچەيتتى. بىرلا ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا ئورگىنىدا ھوقۇقنىڭ بىردىنلا قويۇپ بېرىشى تاشقى سودىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. چەتئەللىك نۇرغۇن سودىگەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقى

تاشقى سودا قارار چىقىرىش خىزمىتىنى قالايمىقان دەپ ئاغرىنىشتى. گورباچېۋ دەسلەپكى ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىدا قىسقا مەزگىللىك ئېشىش كۆرۈلدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا چېكىنىشكە باشلىدى، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئېشىش سۈرئىتى 1987-يىلى ۋە 1988 -يىللىرى تۆۋەنلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق ئىقتىسادشۇناسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد بۆلىمىنىڭ باشلىقى (L. I. Abalkin) ل.ئى. ئالبالكىن 1988-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر يىغىنىدا ئاق تۇزلا قىلىپ:«مۇھىمى، بىز ئىقتىسادتا نېگىزلىك بۆسۈش ھاسىل قىلالمىغانلىقىمىزنى، توختاپ قالغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغانلىقىمىزنى چوقۇم ئېتىراپ ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئۆتكەن ئىككى يىلدا، پۇقرالارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ... توختاپ قالغان يىللار (برېژنېۋ دەۋرى) دىكىدىنمۇ ئاستا بولدى» دېدى.

ئىسلاھاتتىكى ئويلىمىغان نەتىجىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ئاۋام يەنە ئىسلاھاتنىڭ يۆنىلىشى ۋە دائىرىسىگە قارىتا كەڭ مۇنازىرىنى قانات يايدۇردى. گورباچېۋنى قوللايدىغان ئالىم ۋە ئىقتىسادشۇناسلار دەسلەپكى ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندىن كېيىن، چوقۇم تېخىمۇ كۈچلۈك، ھەقىقىي ئومۇمىيۈزلۈك بولغان تەدبىر ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلان تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، 24 مىليوندىن ئارتۇق تۈرلۈك مەھسۇلاتنىڭ يىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى بۇ ئورگانلار ئۈستىگە ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇلار چوقۇم ئۆزگەرتىلگەن بازار مېخانىزمى مەركەزلىك پىلانلاش مېخانىزمىنىڭ ئورنىنى ئېلىشنى تەكىتلەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇلما ئىسلاھاتىنىڭ ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدەك رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ھەمدە ئىدېئولوگىيە مەجبۇرىي يولغا قويغان يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇبىيىتىگە يۈزلىنىشىنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ئىسلاھاتتىكى ئويلىمىغان نەتىجىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ئاۋام يەنە ئىسلاھاتنىڭ يۆنىلىشى ۋە دائىرىسىگە قارىتا كەڭ مۇنازىرىنى قانات يايدۇردى. گورباچېۋنى قوللايدىغان ئالىم ۋە ئىقتىسادشۇناسلار دەسلە -

پكى ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، چوقۇم تېخىمۇ كۈچلۈك ،ھەقىقىي ئومۇمىيۈزلۈك بولغان تەدبىر ئارقىلىق يۇكسەك مەركەزلەشكەن پىلان تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، 24 مىليوندىن ئارتۇق تۆرلۈك مەھسۇلاتنىڭ يىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى بۇ ئورگانلار غۇلتىۋەتكەن. ئۇلار چوقۇم ئۆزگەرتىلگەن بازار مېخانىزمى مەركەزلىك پىلانلاش مېخانىزمىنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنى تەكىتلەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇلما ئىسلاھاتىنىڭ ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدەك رىيئاللىقنى قوبۇل قىلىشىنى خالايدىغانلىقىنى ھەمدە ئىدېئولوگىيە مەجبۇرىي يولغا قويغان يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزۈل-كېسىل مەغلۇبىيىتىگە يۈزلىنىشىنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. دەل گورباچيوننىڭ يەنە بىر ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىسى (Nikolai Shmelyov) نىكولاي شمېليوۋ 1987-يىل 6-ئايدا «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىدا:«بىز بىر دەۋرلەردە ‹پومشىچىكلارنى يوقىتىش› نى داۋراڭ قىلغان، ئەمەلىيەتتە، بىز دېھقانلارنى يوقاتتۇق...بىز چوقۇم مۇۋاپىق نام بىلەن شەيئىلەرنى ئاتىشىمىز لازىم: كالۋا دېگەن كالۋا ، ئىقتىدارسىز ھامان ئىقتىدارسىز، ھەرىكەتتىكى ستالىنىزم دېگەن ھەرىكەتتىكى ستالىنىزم...ئېھتىمال بىز ئىدىيۋى ئاڭدىكى ساپلىقنى يوقىتىپ قويىمىز، ئەمما ھازىر پەقەت گېزىتلەردىكى باللار چۆچىكىگە ئوخشاش باش ماقالىلەردىلا بۇ ساپلىق مەۋجۇد. بۇ خىل ساپلىق ھاسىسىنىڭ ئارقىسى چىرىكلىك ۋە بۇلاڭچىلىققا تولغان» دەپ ئېيتقىنىدەك ئىدى.

ئورنى مۇقىم بىيۇروكرات ئورگانلاردىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىسلاھاتنى قوللاش قىزغىنلىقىنىڭ بولماسلىقى قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بەزىلەر 1987-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى «ھەقىقەت گېزىتى» دە ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، بۇ بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېھتىمال «ئۇچىغا چىققان ئەركىنلىشىش، ھۆكۈمەتسىز ھالەت ۋە مالىمانچىلىق» كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئىسلاھاتنى «دېموكراتىيەنى ئەخمەق قىلىدىغان ئويۇن» دەپ ئەيىپلىدى. بۇلار شەخسىي مەسئۇلىيەتكە كۆنمىگەن، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمىدىكى بىخەتەرلىك ئامبىرىدا تۇرۇشنى ياقتۇرىدۇ، پەقەت

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئادەتتىكى خىزمەت قىلىشنى، شۇنىڭ بەدىلىگە ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان مائاشقا ئېرىشىشنىلا ئويلايدۇ . گورباچېۋنىڭ قوللىغۇچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرى زىيادە كۆپ، زور دەرىجىدە قىسقارتىش كېرەك دەپ قارايتتى. بۇ نۇقتا شۈبھىسىزكى سوۋېت ئىتتىپاقى بيۇروكرات ئورگانلىرى كۈچلىرىنى خاپا قىلىپ قويىدۇ. «خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ 1987 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ساندا تەھدىت تەلەپپۇزىدا: «بىزنىڭ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىمىز ھەقىقەتەن زور: خادىملارنىڭ سانى تەخمىنەن 18مىليونغا يېتىدۇ!... ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 15% نى تەشكىل قىلىدۇ، ھەر 6 ـ 7 ئادەمنىڭ بىرسى باشقۇرغۇچى خادىم» دەپ يېزىلغان ئىدى.

1988 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر يىغىنىدا، گورباچېۋ بيۇروكراتچى كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى بايقۇت قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ: «كۆپىنچە ئەھۋالدا، بىز يەنە بەزىلەرنىڭ ئىسلاھاتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى قەستەن بۇرمىلاپ، كونا مەزمۇنلارنى يېڭى باشقۇرۇش شەكلىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىر قىسىم تارماقلار ۋە باشقۇرغۇچى تارماقلار كارخانا قانۇنىنىڭ ماددىلىرى ۋە روھىغا ئاسىيلىق قىلدى، نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي خىزمەتچىلەر ئېيتقاندەك، كارخانا قانۇنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنمىدى» دېدى. ئۇ يەنە مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق كارخانىلارنى جەمئىيەت ئېھتىياجى يوق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇرلايدىغان ئەھۋالنى تىلغا ئېلىپ، «بۇنداق قىلىش پەقەت 'ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى'گە كاپالەتلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس» لىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئىسلاھاتنى بۇرمىلىغانلىق بولۇپ، گورباچېۋ بۇ ئۇسۇلنى «تۇيۇق يولغا كىرمەك » دەپ ئەيىبلىدى.

شۇڭا، كەلگۈسىدىكى خىزمەت كۆنتەرتىپىدە، يەنىلا ئىنتايىن قىيىن مەسىلىلەر مەۋجۇد: كوللېكتىپ دېھقانچىلىق ۋە دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى تارقىتىۋېتىش كېرەكمۇ ـ يوق، قانداق تارقىتىۋېتىش كېرەك، قۇرۇلما ئىسلاھاتى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىشسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي ئەنسىزلىكنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك، بيۇروكرات كۈچلەرنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان

ھوقـۇقنى قويـۇپ بېـرىش تەدبـىرىگە بولغـان قارشـىلىقنى قانـداق بويسۇندۇرۇش كېرەك قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىـدىغان ئىقتىسادىي مۇشـكۇل مەسـىلىلەر ئىـدى، ئىـدىئولوگىيەدىكى سەزگۈرلۈك بـۇ مەسـىلىلەرنى يەنىمـۇ ئىلگىـرىلەپ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەمەلىيەت تەرەپتىن تېخىمۇ قىيىن بولغىنى قانداق قىلىپ ئـۆز-ئـۆزىنى تەڭشـىيەلەيدىغان بـازار مىخـانىزىمىنى ھـازىرقى باھـا سىستېمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىـدى، ھـازىرقى باھا سىستېمىسىنى ئـادەملەر ئـۆز بېشـىمچىلىق بىـلەن شـەكىللەندۈرگەن ھەم ئىشەنچىسـىز ستاسـتىكا ئۇسـۇلى ئۈسـتىگە قۇرۇلغـان ئىـدى. بـۇ مەسـىلىلەرنىڭ ئـۆزىلا ئىنتـايىن مـۇرەككەپ مەسـىلىلەر بولـۇپ ، مـۇقەرەر ھالـدا سىياسـىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتـتە پـارچىلىنىش كەلتـۈرۈپ چىقىراتتـى. نـۆۋەتتە، بىـز تېخى بۇ مەسىلىلەرنىڭ تېزلىكتە ھەل بولۇش مەنزىرىسىنى كۆرمىدۇق.

## ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسى

دۆلەت ئىقتىسـادىنىڭ ئىسـتىقبالى ھەققىـدىكى مۇنـازىرىلەر تەبىئىـيلا ئىجتىمـائىي تەرەققىيـاتتىكى ئىشـنىڭ جىـددىيلىك ۋە مۇھىملىـق دەرىجىسىدىكى ئىختىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيـان، ئېغىر سانائەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈلمىسىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى بولـۇپ كەلگەنىـدى. سوتسىيالىسـتىك قۇرۇلۇشـنىڭ ئاساسـلىق بەلگىسـى ئېغىـر سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىدۇر. جەمئىيەتنىڭ تەلپىنى شىلىپ ئېلىش ئـارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ مەبلەغ سېلىش كوممۇنىزىمنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىلىنىدىغان زۆرۈر قۇربانلىق دېيىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كاپىتالىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قورشىۋالغانلىقىنى باھانە قىلىپ غايەت زور دۆلەت بايلىقىنى سەرپ قىلىپ ( ئۇرۇشتىن كېيىنكى پۈتكۈل ۋاقىتتا ھەتتا ئەڭ ئاز دېگەنـدە دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 20%نى ئىگىلىۋالغان ) قوراللىق كۈچلەرنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە سىرىتقا كېڭەيمىچىلىك قىلدى.

ئىقتىسادقا ئائىت مۇنازىرىلەر ناھايىتى تەبىئىيلا ھالداسوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلۇش خىزمىتىدە ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ يوق دېگەن مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن، 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، كۆپلىگەن سوۋېت ئىتتىپالىقلاردا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا نىسبەتەن خېلى توغرا تونۇش بولغاچقا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تۈپكى جەھەتتىن ئېيتقاندا ھەرقانداق دۆلەتتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلالماس بولدى. ھۆكۈمەت تېخىمۇ كۆپ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىشى تەكىتلىشى، ئەمدى ئېغىر سانائەت ياكى تېخنىكا ئىنقىلابىغا مەبلەغ سېلىشنى تەكىتلىمەسلىكى كېرەك. ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ 1988-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى «ئەمگەك گېزىتى» دە ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ:«ئىستېمال بويۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج شىددەت بىلەن ئېشىۋاتىدۇ ، ئەمما بىز بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجنى قامداشقا ئامالسىز قالدۇق» دېدى. يەنە كېلىپ «15% ئىستېمال بۇيۇمى ...سۈپىتى ناچارلىقىدىن ساتقىلى بولمايدىغان بولۇپ» ، مەسىلىنى تېخىمۇ تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى.

سوۋېت رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىدە تەڭلىكتە قالدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئەمدى بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايتتى. ئەمما سوۋېت رەھبەرلىرى كېيىنكى ئىشلاردىن ئەنسىرەيتتى، ئۇلار ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپالاردىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كېيىن قالدۇرۇپ، خەلقئارا تەسىر ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە كېرىمل سارىيىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلدى. موسكۋانىڭ تاللاش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى غەربتىن قەرز ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، غەربنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچىدىكى بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىملىقى تۆۋەنلىگەن، ئەمما يەنىلا يادرولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە تۈرلەرنى ئالدى بىلەن

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى . لېكىن، بۇ قەرز پۇللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، دىپلوماتىيە سىياسىتىدە بەزى مۇرەسسەلەرنى قىلىپلا قالماستىن، يەنە ـ چەتئەل مەبلىغى، مەبلەغنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، چەتئەل مەبلىغىنىڭ پايدىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئورگانلاردىمۇ زۆرۈر تەكشۈرۈش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ناھايىتى تېزلا ئىدېئولوگىيەدىكى ئەندىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بولۇپمۇ، ئۆتمۈشتە شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر مۇشۇ يۆنىلىشكە قەدەم باسقاندا، موسكۋا تەرىپىدىن «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرىدىغان» رېۋىزىئونىزمچىلىق قىلمىشى دەپ ئەيىبلەنگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئامىل نەزەرىيەدىكى قىيىنچىلىقلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى قىسمىدا ئەمگەك مېۋىسىنى ھەققىي باراۋەر ھالدا تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ھازىرقى مەۋجۇت ئالاھىدە ئىمتىيازنى سۈپۈرۈپ تاشلاش سادالىرى پەيدا بولدى. بۇ تەلەپلەر موسكۋا پارتكومىدا پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش تۈزۈمى مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ توقۇنۇش ھەققىدە كۆپ قېتىم خەۋەرلەر بېرىلدى. بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلار ئالاھىدە تەمىناتلىق دۇكان، مەخسۇس كۈتۈنۈش ئورنى، ھەقسىز تاماق، مەخسۇس مەكتەپ، مەخسۇس شوپۇرلۇق ماشىنا، شەخسىي داچا ۋە مەخسۇس دوختۇرخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بورىس يېلتسىن بىر مەزگىل گورباچېۋنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. ئەمما، 1987 ـ يىل كۈزدە تۇيۇقسىز غۇلاپ چۈشۈپ، موسكۋا پارتكومىنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، بۇ پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقدارلارنىڭ يېلتسىننىڭ دادىللىق بىلەن ئىجتىمائىي باراۋەرلىك نامىدا ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىشنى ئاشكار ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا غەزەپلەنگەنلىكتىن كېلىپ چىققان .

ئىككىنچىدىن، كىشىلەر ئاكتىپلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇپ يەتتى. گەرچە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك كەسىپلەرگە يەككە ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ كىرىش قەدىمى چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ھەسسەت خورلۇق پسىخىكىسى ۋەسۋەسىدىن، ئۇزۇنغا قالماي شەخسلەرنىڭ بېيىش قىلمىشىغا

ھۇجۇم قىلىش كۆرۈلدى. بىر يازغۇچى «ھەقىقەت گېزىتى» نىڭ 1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانىدا غەزەپ بىلەن: «كوممۇنىزىم قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىدا ‹مىليونېر› لارنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىزدۇر ... بەزىلەر غايەت بايلىق توپلاپ بولدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەك ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتتى » دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇزۇن مەزگىل پۇقرالارغا ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيۋى تەربىيە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى سىڭدۈرۈشتە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، ھازىر بۇ نۇقتا ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان شەخسىي ئاكتىپچانلىقنى جارىي قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولدى.

نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەت ياكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىگە ئالاقىدار مۇنازىرىلەر پەقەتلا ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ساھەدىلا چەكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ مۇنازىرىلەر ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا قانداق رول ئوينىشى كېرەكلىكىدە ئاساسى سىياسى مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇنازىرىلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى نۆۋەتتە قانات يايدۇرغان سىياسى قۇرۇلمىنىڭ مۇۋاپىق تەشكىللىنىش شەكلىگە ئالاقىدار چوڭ بەس-مۇنازىرىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

## سىياسىي دېموكراتىيىلەشتۈرۈش

ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ستالىنىزملىق سىياسىي تۈزۈلمە شارائىتىدا تۇرۇۋاتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تېخىمۇ تەكىتلەيدىغان ئۆز ئۆزىنى تەڭشەش تەركىبلىرىنى قۇرۇپ چىققىلى، مەركەزلىك كونترول قىلىش تەركىبلىرى ئاز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بەرپا قىلغىلى بولمىسا، ئوخشاشلا ھەقىقىي يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. ستالىنىزمنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئېنىقلا ھازىرقى ئىسلاھات بىلەن ماسلاشمايدۇ،

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان ئىسلاھاتنىڭ قىزغىن ئۈمىدلىرى بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. بۇ دەل 1988 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىدىكى پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ سىياسىي ئىسلاھات قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

شۇڭا، سىياسىي مۇنازىرىلەرنىڭ يادروسى تۆۋەندىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: گورباچېۋ «دېموكراتىيەلەشتۈرۈش» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى نېمە؟ «دېموكراتىيىلەشتۈرۈش» مۇساپىسى تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە قانچىلىك دەرىجىدە ھەقىقىي سىياسىي ستىخىيىلىككە سەۋر قىلالايدۇ؟ دەرۋەقە، ئەگەر دېموكراتىيەلەشتۈرۈش پەقەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆرسىتىلگەن ھىممەت بولسا ھەمدە بۇ ھىممەت ئەمەلىيەتتە قانچىلىق سېخىيلىق بىلەن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيەلىشىش بولالامدۇ؟ بۇنداق بولغاندا، بۇ قېتىمقى سىياسىي دىئالوگدىكى ئىككى مەركىزىي مەسىلە ھازىرقى سىياسىي رەھبەرلەر قوزغىغان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۇسۇلى ۋە دائىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھۆكۈمەتتە ھازىر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان (ستالىن ۋەيران قىلغان) سىياسىي تۇرمۇش مۇستەقىللىقى تەلىپى بىلەن سىغىشىش دەرىجىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ھەقىقىي دېموكراتىيەنى تېخىمۇ كۆپلەپ يولغا قويۇش تەلەپ قىلىشتەك پىكىر ئېقىمى سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدە تارقىلىشقا باشلىدى، بۇ نۇقتا سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان بەزى ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەتلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نەشىردىن چىققان «خەۋەرلەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان خەتتە ئاتاقتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پارلامېنتى (ئەڭ ئالىي سوۋېت ) نىڭ پائالىيەتلىرىنى تەنقىدلىدى، «ھەممە كىشى بىردەك بىلەت تاشلاپ بىردەك ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزىدىغان ھادىسە باشقا ھېچقانداق دۆلەتتە قەتئىي مەۋجۇد ئەمەس» دەپ ئاغرىندى. خەتتە يەنە ئاغرىنىپ «بىزنىڭ قانۇن تۈرغۈزىدىغان ئورگىنىمىز قانۇن تەستىقلايدىغانغا ئايلىنىپ قالدى، پەقەتلا كۆرسەتمە بويىچە ئىش بېجىرىدۇ خالاس» دېگەن. باشقا

ئوقۇرمەنلەر يەنە پارتىيە تەشكىلى قوزغىغان مۇنازىرىلەرنى ئۆلۈك ھەمدە ۋەكىللىكى كەمچىل دەپ تەنقىد قىلدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ھوقۇقدارلارغا نىسبەتەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان قىيىن مەسىلە، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان. ئۆزۈمچىللىككە ماس كېلىدىغان ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ قارىشىچە، پەقەت ماركسىزم-لېنىنىزملا تارىخىي ھەقىقەتنىڭ غەزىنىسى ۋە سىياسىي ئەقىل-پاراسەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى ئىكەن. بۇنداق ئىدىيىگە مەس بولغان ھوقۇقدارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان چەكلىك دېموكراتىيەلەشتۈرۈشمۇ چېكىنىشتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، سەۋر قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، ئاشكارىلاشنىڭ ئەمەلىي ئاقىۋىتى چوقۇم پارتىيىنىڭ ئاممىۋى مېدىيە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىگە بولغان سىياسىي كونتروللۇقى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئىدىئولوگىيەنىڭ كۆپ خىللىششقا تۇتۇشىدىغان ئىشىكىنى ئاچىدۇ. قانۇن تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكىتلەش يوشۇرۇن ھالدا ك گ ب نىڭ ئۆز بىشىمچى ھوقۇقىنى چەكلىدى ھەمدە ئەكسىچە يەنە سىياسىي تەھدىت سالىدىغان كۈچىنى ئاجىزلاتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش تەرتىپىگە كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىش (نامزاتلارنىڭ سايلام رىقابىتىگە ھەقىقىي قاتنىششىغا رۇخسەت قىلىنىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر يەرلىك ۋە رايونلۇق پارتكوملارنىڭ سىياسىي كونتروللىقىنى چوقۇم ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

شۇڭا، ھازىرقى سىياسىي ھالەتتىن مەنپەئەتدار بولغان كىشىلەر بەزى تەكلىپ-پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. 1987-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى، پارتىيەنىڭ زۇۋانى بولغان «ھەقىقەت گېزىتى»دە بىيۇروكرات قاتلىمىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى ئېلان قىلىندى. گېزىتتە بىر قىسىم ئادەملەر «پارتىيە ئورگىنىنى سايلامغا قاتنىشىدىغان رەھبەرلەر پائالىيىتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ» دەپ ئەيىپلىدى، دېموكراتىيىگە چوقۇنىدىغان كىشىلەرنى «بىر ئوچۇم قارام كۈچلەر» دەپ سۆكتى. مەزكۇر

گېزىت قاراتمىلىق ھالدا ئوقۇرمەنلەرنى ئەسكەرتىپ، پارتىيە يەنىلا «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە»، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن يەرلىك ياكى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ سايلامغا قاتنىشىش تەرتىپىگە قارىتا داۋاملىق بىۋاسىتە كونترول قىلىش ھوقۇقى بار دېدى.

ئەينى چاغدىكى ك گ ب نىڭ رەھبىرى (Viktor Chebrikov) ۋىكتور چېبرىكوۋ (سىياسىي بىيۇرونىڭ ھەيئىتى ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ رۇخسەت قىلىنغان دەرىجىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرىگە بىۋاسىتە قاتناشقان) ئېھتىمال گېزىتلەرنىڭ ساقچىلارنىڭ جىرىكلىكى ۋە قانۇنسىز قىلمىشلىرى كۆپلەپ خەۋەر قىلىشىدىن بىئارام بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭ كۆلەمدىكى ئاشكارىلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1988-يىل 7-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى «كوممۇنىست ياشلار ئىتتىپاقى ھەققىدە گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1985- يىلدىن 1987-يىلغىچە، ھەرخىل قانۇنسىز قىلمىشلار سەۋەبلىك (ساختا دېلو ئويدۇرۇپ چىقىش، تىل بىرىكتۈرۈپ جىرىكلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ) تۆپەيلىدىن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان ساقچى ئەمەلدارلىرى 40 مىڭدىن ئاشقان. 1988-يىل 1-ئاينىڭ 20- كۈنى موسكوۋا رادىئو ئىستانسىسى مۇنداق بىر دېلونى ئاڭلاتتى: جىرىكلىشىپ كەتكەن بىر نەپەر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ئەمەلدارى ئويلىمىغان يەردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ئۆزىنىڭ «يەر ئاستى مەخپىي تۈرمىسى»نى ياساپ... ئۆزىگە قارشى تۇرغانلارنى تۈرمىسىگە قامىغان.

بۇ خەۋەرلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قانۇن ژۇرنىلى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنسىز قىلمىشتا بولغان ساقچىلارنى قانۇن كۈچى ئارقىلىق چەكلەش تەلپى قوشۇلۇپ، ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىغا زور زىيان سالدى ۋە ئاجىزلاتتى. ئېنىقكى، بۇ ناھايىتى ئېغىر يوشۇرۇن سىياسىي ئاقىۋەت كەلتۈرۈپدۇ. شۇڭا، 1987-يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنى، چېبرىكوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ساقچى ئورگىنىنى قۇرغۇچىسى، ئەڭ دەسلەپكى سوۋېت تېرورىزمىنى يۈرگۈزگۈچى فېلىكس دزېرژىنسكىي (FeliksDzerzhinskiy) خاتىرىلەش يۈرىشىدىن پايدىلىنىپ ئاشكارا

سۆزلەپ، تېخىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىدىغان سوتسىيالىزملىق قانۇن تۈزۈمى «سوتسىيالىزملىق قانۇنچىلىق پرىنسىپىنىڭ ماھىيىتىنى چەكلەيدىغان ۋە سىقىپ چىقىرىدىغان» باھانە بولماسلىقى كېرەك دېدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىزملىق قانۇنچىلىق پرىنسىپىنىڭ ماھىيىتى مۇتلەق بويسۇنۇش ئىكەن. بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ تۆۋەندىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى بەردى:

...بىر قىسىم ئادەملىرىمىزنىڭ قاراشلىرى ۋە ئىدىيىسى چەتتىن كەلگەن، ھەتتا سوتسىيالىزمغا ئاشكارا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ھۆكۈمەتكە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. يەنە بىر قىسىملىرى شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، قۇتراتقۇ خاراكتېرلىك گەپ-سۆزلەر تارقىلىق غەرب ئەكسىيەتچى گۇرۇھلىرىغا سېتىلىپ، سىياسىي دەسمايىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ...

دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى خەلق كاپىتالىزمنىڭ ئالاھىدە بۆلۈملىرىنىڭ دىققەت ئوبيېكتى... شۇڭا بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز تۈرلۈك ھىلە-مىكىرلەر بىلەن سەنئەت ساھەسىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەرنى سەھنىگە چىقىرىپ، ئۇلار ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، ئىغۋا تارقىتىپ قۇترىتىپ، ھەممىنى ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزملىق مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي نىشانى بولغان ئەمگەكچىلەرنى مەدھىيىلەشتىن ۋاز كەچمەكچى.

ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ساقچىلىرى كاتتىبېشىنىڭ قارىشىچە، تېخىمۇ كۆپ ئاشكارىلىق ۋە قانۇن تۈزۈمى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىش چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىياسىي ئىغۋاگەرچىلىكى ئىدى. شۇڭا، يەنىلا ئەنئەنىۋى سوتسىيالىزملىق ھوشيارلىقنى ساقلاش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ساقچى ئورگىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھوشيارلىقنى ساقلاش كەم بولسا بولمايدۇ، چۈنكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر تۆۋەننىڭ ستىخىيىلىك دېموكراتىيىلىشىشىنى

ئىلگىرى سۈردى، بۇ خىلدىكى دېموكراتىيىلىشىش مەركەزنىڭ مەركەزلىك كونتروللۇقىغا ئۇچرىمىغانىدى.

تۆۋەننىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈش تەلپىدىكى كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بەلگىسى نۇرغۇن بىرەسمىي سىتىخىيىلىك تەشكىلاتلار يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تېزلىكتە تەشكىللىنىپ، يا ئالاھىدە كەسىپلەرنى كۆچىنىڭ بارىچە تەرەققىي قىلدۇردى يا ھەر خىل رېئال مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلدى. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپچانلىقى پەقەت پارتىيەدىن كېلىدۇ، يەھمەدەپارتىيىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدۇ دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشلارغا خىرىس قىلدى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى، ئىسمى-جىسمىغا لايىق، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇدىغان قاتنىششتا يېڭى باشلىنىشتىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى (ئەلۋەتتە پەقەت باشلىنىش خالاس)، بۇ ئارقىلىق كومپارتىيىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى تەشكىللىك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەردىكى مونوپوللۇق ئورنىغىمۇ خىرىس قىلدى.

«ھەقىقەت گېزىتى»نىڭ 1987-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەخمىنەن 30 مىڭ «بىرەسمىي تەشكىلات» بارلىققا كەلگەن، بۇ تەشكىلاتلارنى ھۆكۈمەت قۇرمىغان، ھەتتا بەزىلىرىنى ھۆكۈمەت تەستىقلىمىغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلەرگە يەنى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، شەھەر قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتى، ياشلار مۇزىكا ئەترىتى، تارىخىي ۋە دىنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراشتىن تارتىپ سىياسىي سەزگۈرلىكى نىسبەتەن كۈچلۈك مەسىلىلەرگىچە، مەسىلەن تارىخىي مەسىلىلەرنى تالاش - تارتىش قىلىش، قانۇنچىلىق، پەلسەپە، مىللىي تىل، دىنىي پائالىيەت ،تارىختىكى سىياسىي قولغا ئېلىشقا ئائىت مەسىلىلەرنى ھەممىدە شۇنداقلا سىياسىي-ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئاساسلىقى موسكۋا، لېنىنگراد ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پايتەختىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەمما ئوتتۇرا-كىچىك شەھەرلەردە (گەرچە ئۇ جايلاردا تەبىئىيلا قاتتىق سىياسىي كونتروللۇق يۈرگۈزۈلسىمۇ) جەمئىيەتنىڭ تەبئىي تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە بۇ خىلدىكى يېڭى ئىشلارغا ئىككى بىسلىق ئىنكاس قايتۇردى. گورباچېۋنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنى (گورباچېۋنىڭ تۆۋەندىن كەلگەن ئىجتىمائىي بېسىمنى مەيلىگە قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۈچىنىڭ بارىچە ئىلگىرى سۈرگەن كىشىلەر ھەممىشە ئاكتىپ، ھەتتا قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولدى. شۇڭا، 1988-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى «موسكۋا رادىئو ئىستانسىسى»نىڭ «ئەڭ مۇھىم» پروگراممىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق ئوبزورچىسى بۇ تەشكىلاتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۇرمۇشىدىكى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ ئىسپاتى، بىرىڭىۋ دەۋرىدىكى كىشىنى تۇنجۇ - قتۇرىدىغان قاششاق ھالەتكە قايتۇرۇلغان تەبىئىي ئىنكاس دەپ قارىدى. مەخسۇس سوۋېت ياشلىرىغا قارىتىلغان، پارتىيىنىڭ ئورگان زۇۋانى بولغان «كوممۇنىستىك ياشلار ھەققىدە گېزىتى» 1987-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى سانىدا ھەتتا تېخىمۇ كۈچلۈك قوللاشنى ئىپادە قىلدى. مەزكۇر گېزىتى كونكرېت سانلىق مەلۇماتلار تەھلىلى ئارقىلىق بۇ ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئىجابىي ئىكەنلىكىنى، سوۋېت تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بىر ئەۋلات ياشلارنىڭ ھۆكۈمەت مونوپوللىقىدىكى تەشكىلات-كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدىكى چىرىكلىشىش ۋە بيۇروكراتلىششىشىغا قايتۇرغان ئاكتىپ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. گېزىت ئىشلەتكەن بەزى سانلىق مەلۇماتلار كىشىنى چۆچۈتىدۇ، قىسقىچە ئېيتقاندا، بۇ يېڭى تەشكىلاتلار تەشكىلىي رەھبەرلىك جەھەتتە نىسپىي مۇقىم بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە كەڭ تۈردە قاتناشتى.

ئەمما، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يېڭىدىن پەيدا بولغان بى رەسمىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى رازى قىلىشى ناتايىن. نۇرغۇن تەشكىلاتلار تېز ئۇچىنى سىياسىي ساھەدىكى مەسىلىلەرگە توغرىلاپ، سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتتە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. بەزى تەشكىلاتلار يېرىم يېرىم مەخپىي ژۇرناللارنى تەسىس قىلىپ، ئىنسانىي ھوقۇق، دىن ۋە مىللەت مەسىلىسىدە كونكرېت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەرىكەت لېنىنىزمنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىي

جەمئىيەتتە بارلىق چوڭ مېدىيەلەرنى كونترول قىلىش پرىنسىپى بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قالدى.

پارتىيە ئاتالمىش دېموكراتىك سولچىللارنىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خىرىسلىرىدىن سىرت، يەنە مىللەتچى ئۇگچىلارنىڭ خىرىسىغىمۇ ئۇچرىدى. يېقىندىن قۇرۇلغان «خاتىرلەش جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشقۇن بىر تەشكىلات ھەقىقىي مەنىدىكى روس تارىخىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى، مىللەتچى ئۇگچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئاۋانگارتلىق رولىنى ئوينىدى .بۇ تەشكىلاتنىڭ ياش ئەزالىرى ئۇچىسىغا قارا مايكا كىيىپ، مەيدىسىگە تارىختىكى مەشھۇر كېرىمل سارىيىنىڭ چوڭ سائىتى بەلگىسىنى ئىزنەك قىلىپ تاقايدۇ. ئۇلار نامايىش قىلىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، روس تارىخى «ئەركىن ماسونچى (Free-mason) يەھۇدىي تىرىلدۈرگۈچىلىرى» نىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن (بۇ خىل تەسىر ماركسىزىمغا سىڭىپ كىردى) ھەقىقىي نىشاندىن ئادىشىپ كەتتى، دېگەننى تەرغىپ قىلدى. ھۆكۈمەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، «خاتىرلەش جەمئىيىتى» كەڭ روس ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللەتچىلىك ھېسسىياتىغا بىۋاستە ماس كەلدى. پارتىيىگە نىسبەتەن بۇ نۇقتا ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.

مۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، گورباچېۋ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى: يۈكسەك ئىجتىمائىي ئاكتىپلىقتىن قانداق پايدىلىنىپ ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ، پارتىيىنىڭ ئۈنۈملۈك سىياسىي كونتروللۇقىغا زىيان سېلىشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ، دېگەن قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلدى. بۇ ئەھۋال ئۇلاردىن ئىدېئولوگىيىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىغا قارىتا بەزىبىر تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بېرىشنى، سىياسىي جەھەتتىمۇ زۆرۈر مۇرەسسە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئاكادېمىكى 1988-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى «ھەقىقەت گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، بىرىنچى مەسىلىنى بايان قىلدى. ئۇ :«تېخى يېقىندىلا، بىز تېخىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىيسى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىرلىكلىكى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئاددىي ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق، كىشىلەر پايدىنىڭ

بىرلىكلىكــــى، ھەتتــــا بىــــردەك بولۇشـــــى يەكـــكە مۇلۇكچىلىــــك ۋە ئېكسپاللاتاتسىيەنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولىدى. ئەمما، رېئـاللىقتىكى شـەيئىلەر ئىنتـايىن مـۇرەككەپ... مەنـپەئەت زىـددىيىتى ۋە ئىختىلاپى تېخى يوقىغىنى يوق. سىنىپ، ئىجتىمائىي كوللىكتىپلار، قاتلاملار ھەمدە مىللىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىگە ئىگە جەمەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئـۆز ئالـدىغا ئالاھـىدە مەنپەئەتـى بـار» دېـدى. ئـۇ ئەمەلىيەتـتە دۇشـمەن بولمىغـان تەشـكىلاتلارنىڭ سىياسـىي پائـالىيەتلەرگە قاتنىشىشـىنى قوبـۇل قىلايلى، بۇ نورمال ئىش، ھەتتا قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، دېمەكچى.

گورباچېۋ پارتىيىنىڭ ئالاھـىدە ۋەكىللـەر يىغىنىـدا بىـر ھەل قىلىـش چارىسـىنى ئوتتۇرىغـا قويـدى، پۈتكـۈل ئاممىنىـڭ سىياسـىيغا قاتنىشىشـىنى كۈچەيتىش، ئەمما تۈپكى ئەركىن سايلامنى يولغا قويماسلىق ئىدى. ئۇ يەنە قۇرۇق ناملا بار جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ رولىنـى يـۇقىرى كۆتـۈرۈش تەكلىپىنـى بەردى. بۇنـداق جـايلارا سـوۋېت ئىتتىپـاقى سىياسـىي تۈزۈمـدە نامدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تونىنى كىيىۋالغان خالاس. ئۇ تەكىتلەپ:«ئەگەر سوۋېتنى بىر چەتكە قايرىپ قويساق، دۆلەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىكى ھەر قانداق مەسىلە ھەل قىلىنمايدۇ»دېدى. ئۇ يەنە يېڭى بىر ھۆكۈمەت ئورگىنى يەنى مەمىلىكەتنىڭ ھەر قايسى مەمۇرىي رايـونلىرى ۋە ئەل ئىچـى تەشـكىلاتلارنىڭ ۋەكىللەردىـن تەشـكىللەنگەن سوۋېت خەلـق ۋەكىللـەر قـۇرۇلتىيى قـۇرۇپ چىقىـش تەكلىپىنـى ئوتتۇرىغـا قويدى. قۇرۇلتاي يىلدا بىر نۆۋەت يىغىن ئېچىپ، مەخپىي بېلەت تاشـلاش ئـارقىلىق ئىككـى پالاتـالىق پـارلامېنتنى تەشـكىللەپ چىقىـدۇ، پارلامېنـت سـايلىمى ئـارقىلىق سـوۋېتنىڭ رەئىسـى ۋە رەئىسـلەر كـوللېكتىپى سـايلاپ چىقىـدۇ، رەئىسـلەر كوللېكتىپىنىـڭ ئىـش بېجىـرىش ئـورگىنى دۆلەتنىـڭ ئىقتىسـاد، دېپلومـاتىيە سىياسـىتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكـى جەھەتـلەردە ئەمەلـىي ھوقۇقىـا ئىـگە بولـىدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن بىـرگە، گورباـچېۋ يەنە سـوۋېت تۈزۈمـدە قانۇنىنـىڭ رولىنـى كۈچەيتىشـنى، ھوقـۇقنى قالايمىقـان ئىشلىتىشنى چەكلەشنى تەكىتلىدى.

گەرچە شـۇنداق بولسـىمۇ، سـىغدۇرغىلى بولـىدىغان ئىجتىمـائىي ئىسـتىخىيلىك بىـلەن سـىغدۇرغىلى بولمايـدىغان سىياسـىي ئاسـيلىق

ئوتتۇرىسىغا ئېنىق چېگرا سىزىقىنى قانداق سىزىش مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولمىدى. سىياسىي ئاسىيلىق بەك چەكلىسە ئىجتىمائىي سىتىخىيلىكنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ، ئىسلاھات ئىشلىرىغا زىيانلىق؛ ئىجتىمائىي ستىخىيلىككە زىيادە كەڭ قورساقلىق قىلسا، سىياسىي ئاسىيلىقلا ئىلھام بېرىپ، پارتىيىنىڭ ھوقۇقنى مونوپول قىلىشنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؛ شۇڭا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسىدە سىياسىي جەھەتتىكى مەركىزىي مەسىلە پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ رولى مەسىلىسى.

## پارتىيىنىڭ رولى :

بۇ مەسىلىدە ئىككى نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم : بىرىنچىدىن، پارتىيە ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە دېموكراتىيەلەشتۈرۈشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈلۈشى قانچىلىك دەرىجىدە بولغاندا پارتىيىنىڭ بىۋاستە ھوقۇق يۈرگۈزۈش رولىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مۇنازىرىلەردە گەرچە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما تېگىش قىلغىنى پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ستالىنىزمسىزلاشتۇرۇش يولىدا قانچىلىك ماڭغانلىق مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ سەزگۈر بولغان مەسىلە يەنى لېنىننىڭ پارتىيە ئىچىدە قاتتىق كونتروللۇق يۈرگۈزۈش ۋە جەمئىيەت قەتئىي بويسۇنۇش نەزەرىيىسىگە قانچىلىك تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسى ئىدى.

كېيىنكى نۇقتا ھەققىدە گورباچېۋ ئىنتايىن جانلىق ھالدا بىشارەت بەردى. دەل ئۇ :«كىشىلەر ھەمىشە سوتسىيالىزمنى ئالدىنقى نەزەرىيە ئەندىزىسى، جەمئىيەتنى بۇيرۇقۋازلار ۋە ئىجراچىلارغا ئايرىۋېتىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. مەن سوتسىيالىزمنى بۇنداق زىيادە ئاددىي، مېخانىك چۈشىنىدىغان قىلمىشتىن يىرگىنىمەن ...» دەپ ئېيتقىنىدەك ئىدى. پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر يىغىنىدا، گورباچېۋ تەكىتلەپ: « لېنىننىڭ كومپارتىيە ئەزالىرى جەمئىيەتنىڭ سىياسى ئاۋانگارىت قوشۇنى ۋە سوۋېت دۆلىتى بولسا خەلقنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قورالى دەيدىغان قارىشىغا ئاساسەن، چوقۇم دۆلەت ۋە پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئېنىق

ئايرىش لازىم» دېدى. لېكىن، كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغىنى شۇكى، پارتىيىنىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى مۇشۇنداق قىلىشقا تەييارلاندىمۇ يوق؟ بولۇپمۇ لىگاچېۋ (Ligachev)، ئۇ ھەر قېتىم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن يادرولۇق رولىنىڭ پرىنسىپىنى تەكىتلەيدۇ.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىشىدىلا رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىچكى قىسمى بىردەك ھالدا پارتىيە تەشكىلى ئىچىدە ئاكتىپ روھنى قايتىدىن تەشەببۇس قىلىش زۆرۈر دەپ قاراشتى ھەمدە خەلقنى قاتتىق كونتروللۇقتىكى ئاستىدىكى سايلام پروگراممىسى رىقابىتىدە ئۆزگە تەۋە ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ رەھبەرلىك گورۇھىنىڭ چەكلىك ھالدا يەرلىك پارتكوم سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى سايلام ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش مېخانىزمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، (ھەتتا بەزى ۋاقىتتا مەخپىي بىلەت تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان) ھەتتا پارتىيىنىڭ ئورگان كادىرلىرىنى دائىملىق ئالماشتۇرۇش تەكىتلەندى. پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى گورباچېۋ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقىت چەكلىمىسى ۋە پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىنى بېكىتىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى قارىماققا جۇڭگولۇقلار بىر يىل بۇرۇن قوللانغان تەدبىرلەرنى قوبۇل كۆردى.

سوۋېت ئالىملىرىمۇ بەزىدە يېڭى سىياسىي تەشكىلات قۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭرى ئىجتىمائىي ۋەكىللىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتلىك مۇنازىرە قىلدى، بۇ خىل مۇنازىرىلەر ھەمىشە تېخىمۇ ئاشقۇن، تېخىمۇ تالاش-تارتىش قوزغايدىغان مەزمۇنلارغا ئىگە ئىدى. ئۇلار مۇنازىرىلىرىدە شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىستىك دۆلەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ دۆلەتلەردە، ئاتالمىش مىللەت ياكى خەلق فرونتلىرىغا كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، نامدا بولسا كومپارتىيەدىن باشقا پارتىيىلەر ئىتتىپاقى ئىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىكەن. 1988-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى چەتئەل مۇخبىرلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پارتىيىلىك ھۆكۈمرانلىق تارىخى توغرىسىدا بىر قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئىككى نەپەر

سوۋېت ئالىمى يۇقارقىدەك مىللى فرونت تەشكىلاتى قۇرۇشنى سىناق قىلىپ بېقىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا قارشىلىق بىلدۈرمىدى. تاس ئاگېنتلىقى خەۋەر قىلىشىچە، ئۇلاردىن بىرى :« نەزىرىيە جەھەتتىن بۇ خىل تەسەۋۋۇرنى سوۋېتتە يولغا قويغىلى بولىدۇ، ئەمما بىر شەرت بار: باشقا سىياسىي پارتىيىلەر مۇنبەر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدىكى ئوخشىمىغان قاتلاملارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك» دېدى.

يېڭى سىياسىي تەشكىلات قۇرۇش تەكلىپىنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىنتايىن جەلپ قىلدى. ئۇ تۆۋەندىكى رېئاللىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتمال سىياسىي تۈزۈلمىسىگە مەلۇم هاياتىي كۈچ بېرىش چارىسى ماھىيەتتىن قارىغاندا ئاكتىپ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى پارتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش سادالىرى پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىسىز خادىملارنىڭ ھەممىسە بىرگە يىغىن ئېچىش ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى مۇنازىرە قىلىشىنى مۇقەررەر ئىلگىرى سۈرىدۇ. پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنىڭ ئۆزىدىلا بار بولغان باشقىلارنى چەتكە قېقىش ئالاھىدىلىكى بۇزۇلماقتا. پارتىيىدىكى ئورنى مۇستەھكەم ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيىسىزلار ئارىسىدىكى چېگرىنىڭ غۇۋالىششى، يېڭى شەكىلدىكى سىياسىيغا قاتنىشىش دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشى 1917 ـ يىلىدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى تۈرمۇشىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن ئالاھىدە ئورۇنغا قايتىدىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

# ئالتىنچى باب پارچىلىنىشنىڭ ئون چوڭ سەۋەبى (2)

## ئىدېئولوگىيە ، دىن ۋە مەدەنىيەت

ئېتىقاد ساھەسىدە، پارتىيىنىڭ تەڭلىكتە قالغان مۇشكۈل ھالىتى ئەڭ كۆرنەرلىك بولدى. يۇقىرىنىڭ خەلققە مەجبۇرىي تاڭغىنى نېمە؟ كىشىنىڭ قىممەت قارىشى، ئېستېتىك قارىشى ۋە دىنىي ئېتىقادى زور دەرىجىدە شەخسكە تەۋە ساھە، پارتىيىنىڭ كونتروللۇقىنى ئۈچۈرمىسىمۇ بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى خۇددى لېنىن بىلەن ستالىن مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋەتكەندەكلا ، ئەمما ھازىر زىيالىلار ساھەسى يەنە قايىنام تاشقىنلىقتا چۆمۈپ، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

شۇنداق قىلىپ، تۈزۈمنىڭ ئىدېئولوگىيە بىناسى بارغانسېرى كىرىزىس ئىچىگە پېتىپ قالدى. ئىقتىساد ، جەمئىيەت ۋە سىياسىي ساھەنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتى بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك قوغداشىنىڭ ھەقىقەتكە ئاسىيلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ جەمئىيەتنىڭ قىممەت سىستېمىسىغا بولغان ئىدىيىۋى كونتروللىقىمۇ تەھدىتكە ئۇچرىدى. ئاشكارا مۇنازىرىلەر پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ دىكتاتورىسىنى تەۋرەتمەكتە، بۇ دىكتاتورىنى ھەممىنى مونوپول قىلىدىغان سىياسىي پارتىيە پەقەت بىر خىل تەلىمات مودا بولغان جەمئىيەتتە يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، بۇ جەمئىيەت يۇكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلاش تۈزۈلمىسىنى يۈرگۈزىدۇ، ئېغىر سانائەتنى ئەڭ ئاۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش نى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئاشكارا مۇنازىرىلەر ھەمىشە ئاللىقاچان ئورناپ بولغان، ئىدېئولوگىيىنىڭ قوغدىشىغا ئۇچرىغان ئۇسۇلغا

خىلاپ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر ئاللىقاچان بەرپا قىلىنغان تەلىماتلارغا ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا دىنمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىشلارنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

مەدەنىيەت ساھەسىدە ئاشكارىلىقنى قوللاپ، دارۋاڭ قىلىدىغان ۋەزىيەت تېزلا پەيدا بولدى، ھەر خىل ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىدا قىزغىن مۇنازىرىلەرنى قوزغىدى، ھەتتا سىياسىي جەھەتتىكى ئاشكارىلاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت تۈرمۇش دەل مۇشۇ تەشكىلاتنى چۆرىدەپ قاناي يايدى. گورباچېۋ ئىسلاھاتىنىڭ دەسلىپىدە (1987-يىلى )، تەھرىر ھەيئىتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، كىنو خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى ۋە ئاساسلىق تىياتىرخانىلارنىڭ كونترول قىلىش ھوقۇقىغا قارىتىلغان ئاشكارا كۈرەش پارتلىدى. 1988-يىل 3- ئاينىڭ 22 - كۈنى نەشىر قىلىنغان «سوۋېت مەدەنىيەت گېزىتى» نىڭ ئاشكارىلىشىچە، يەنە تەخمىنەن 6000 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر تەكشۈرۈپ چەكلەشكە ئۇچرىغان، ئەمما ئۇزۇن مەزگىل چەكلەنگەن بىر قىسىم ئەسەرلەر ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەمدە قايتىدىن نەشىر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇندىن باشقا ، ئىلگىرى بېكىتىلگەن ئىلىم جىنايەتلىرى ۋە تەنقىدلەر بىكار قىلىندى، چەتئەللەردە سەرگەر -دان بولۇپ يۈرگەن زاتلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتىلىپ، ۋەتەنگە قايتىشنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەسلەپتىكى قاتتىق ھاياجانلاردا، ھەقىقىي كەڭرى بولغان، ئاساسىي جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئاشكارىلىقنى يولغا قويۇشنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر نەچچە ئاچقۇچلۇق مەدەنىيەت نەشىر-ئەپكارلىرنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە تىياتىر سەنئىتى ساھەسىنىڭ باشلامچىلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇلار مۇشۇ ئەۋزەللىككە تايىنىپ، بەزى ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، ستالىنىزمنى تەنقىد قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ (مەسىلەن ،ئالقىشقا ئېرىشكەن فىلىم «ئۆكۈنۈش») ھەم كىشلەرنى ئۆزلىرى ئىنتىلگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنى قوللاشقا سەپەرۋەرلىك قىلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاچقۇچلۇق بولغان «سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتى»دە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى نەزىرىيە خىزمەتچىلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان نىشان بولۇپ كەلگەن، جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى رەھبىرى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ قوللىشىدا، ئىسلاھاتچىلارنىڭ نامزاتلىرىنى ئىشقا قويۇش غەرىزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەغلۇپ قىلىدى. ئەمما دەل مۇشۇ يەردە، مۇشۇنداق ھوقۇق كۆرۈشى يۈز بېرىشىدەك رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى رېئاللىقىنى تەنقىد قىلىدىغان ئوبزورلارنى ئېلان قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلار ساھەسى تەبئىيلا گورباچېۋ ئىسلاھاتىنى ئەڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە گورباچېۋنى ئۆزلىرىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارايتتى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، پارتىيىنىڭ نىسبەتەن ئېھتىياتچان ئىسلاھاتچى رەھبەرلىرى ئاللىبۇرۇنلا زىيالىيلارنىڭ ئىدىيىۋى قىزغىنلىقىنى چەكلەشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى باشلىغانىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىر مەيدان قايتۇرما زەربە قوزغىدى، باشلامچىسى گورباچېۋنىڭ ياردەمچىسى، ئەينى چاغدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەر يېگور لىگاچېۋ ئىدى. ئۇ ئىجادىيەتچىلەرنىڭ «جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدۋار تەرىپى» نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى ئاشكارا قوللاپ، ئاممىغا ئىنتايىن تونۇش تىل بىلەن ئۇلاردىن سوتسىيالىزمنى «قىسمەن» ئەمەس ، بەلكى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئاشكارىلىقنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشقا بولغان ھۇجۇمىنى 1941 ـ يىلدىكى گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىغا سېلىشتۇردى ھەمدە 1987 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى«ئەدەبىي روسىيە» (Literaturnaia Rossiya) ژۇرنىلىدا پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانلىق قىلغۇچىنى «پۈرسەتپەرەس ئۇنسۇر، چاكىنا، سېسىق نامى پۇر كەتكەن» دەپ ئەيىبلىدى.

بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بولسا سوۋېت سىستېمىسىنىڭ بىردەكلىكىنى تاشلىدى. ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋەزىيىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرىمۇ ئىسلاھاتنىڭ قىزغىن قاتناشقۇچىسى بولۇپ قالدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاشكارىلىقنى تەشەببۇس قىلسا، بىر تەرەپتىن ئاشكارىلىقنى ئۆزلۈك ـ كېسەل ئەمەلگە ئاشۇردى. باشقا

بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرى زىيادە سوغۇققان بولدى. «يېڭى دۇنيا» ۋە «ئۇچقۇن» قاتارلىق ژۇرناللار بىلەن «موسكۋا خەۋەرلىرى» ، ھەتتا «ھەقىقەت گېزىتى» ۋە «ئەدەبىيات گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرمۇ ئىنتايىن ئۇچۇق ھالدا كەڭرى ئىسلاھات قىلىشنى ئاشكارا قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. موسكۋا نەشرىياتى نەشر قىلىدىغان «سوۋېت روسىيىسى گېزىتى» ۋە ئارمىيىنىڭ «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ستالىنىزمنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاقلىدى. ئۆتمۈشتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخباراتلىرى ھەمىشە ئورتاق ئۆلچەمدە خەۋەر بېرەتتى، 1988 ـ يىلىنىڭ يىل بېشىدا، بۇ خىلدىكى ئادەت خاراكتېرىدىكى جامائەت پىكىرلىرى بىر قېلىپتا بولۇشتەك ۋەزىيەتنى مەشھۇر بىر ۋەقە بۇزۇپ تاشلىدى. 3ـئاينىڭ 13ـكۈنى «سوۋېت روسىيىسى گېزىتى» گەپ-سۆزلىرى كەسكىن بولغان ستالىنىزمنى قوغدايدىغان ماقالە ئېلان قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، «ھەقىقەت گېزىتى» مەزكۇر ماقالىنى ئىسلاھاتقا قارشى خىتابنامە دەپ ئەيىبلىدى. بۇ خىلدىكى ئەنئەنە بىلەن ئادا-جۇدا بولۇش ئۇسۇلى سوۋېت ئىتتىپا ـقىنىڭ ئەنئەنىۋى زاتلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. بۇ ماھىيەتتىن بىر يېڭى شەيئىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن، ھاكىممۇتلەق پرىنسىپتىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

پارتىيىدىكى ئەنئەنىۋى قارشى نىسبەتەن ئېغىر ئەمەلدارلار ئاخبارات ساھەسىدە يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن كۆپ خىللاشقان ۋەزىيەتكە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى، پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، لىگاچېۋ بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ بىنورمال پوزىتسىيىدە قاتتىق چېچىلىپ، موسكۋادىكى بىر مۇھىم گېزىتنىڭ ھەقىقەتنى بۇرمىلىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ :«گېزىتتە بىزنىڭ يەۋاتقان نەرسىلىرىمىزنى سەپلىمە بۇيۇم دەپتۇ، <موسكۋا خەۋەرلىرى> دەك داڭلىق گېزىت مۇشۇنداق دېدى ، مېنىڭ ئۇنى ھەقىقەتەن باشقا بىر نەرسە دېگۈم كېلىدۇ.» ئۇنىڭ سۆزى يىغىندىكى ئەمەلدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەدەبىيات ساھەسى ۋە ئاخبارات ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئومۇمىيۈزلۈك پاراكەندىچىلىك ھۆكۈمەت ئىدېئولوگىيەسىدە تېخىمۇ تۈپكى

كرىزىس يۈز بەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ھەم مۇرەككەپ زامانىۋى تۇرمۇشقا تاقابىل تۇرالمايدۇ ھەم ھازىرقى جەمئىيەت ئەھۋالىغا ۋە يېڭى ئىجتىمائىي تەلەپلەردىكى ئالاھىدە سەزگۈر ئىجادىيەت كۈچىگە ماھارەتنى كۆرسىتىدىغان سەھنە تېپىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ مۇنازىرىلەر بۇگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەنىۋى پۇچەكلىكنى ئېچىپ تاشلاپ، ھۆكۈمەت ھەقىقەتنى قوغدىغۇچىلارنى تېخىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا قويدى. ھۆكۈمەت تارىختىن بېرى ماددىي قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ،ئىجتىمائىي تۈزۈم ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامداشقا ئامالسىز، شۇڭا مەنىۋى پۇچەكلىك ۋە ئومۇملىشىپ قالغان قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىش پوزىتسىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئەخلاق قىياپىتى سىياسىي ۋە ساقچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شەپقەتسىزلىكى ھەمدە بىلەن كەسپىتىكى مەنپەئەتپەرەسلىكتە يىغىنچاقلاندى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئاللىقاچان نامراتلىق ھالەتكە پېتىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

كوممۇنىستىك پارتىيە كۆپ يىللاردىن بېرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە قاراتقان ماركسىزملىق تەربىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئەگە يېڭى سوۋېتلىكلەرنى يېتىشتۈرگەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ روھى قىياپىتىگە قارىتىلغان يۇقىرىقىدەك ئەيىبلەش سالمىقى جەھەتتە تەبئىيلا ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر ئىدى. 1987 ـ يىل 2 ـ ئاي 14 ـ كۈنى، «ھەقىقەت گېزىتى» دە چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ بىر پارچە ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ كەڭ تالاش ـ تارتىش قوزغىغان رومان «قىيامەت» نىڭ ئاپتورى ئىدى. پارتىيىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىغا سادىق مۇرتلار بۇ ئەسەرنى «خۇداغا ئىنتىلگەنلىك» ياكى دىنىي تۈسى ئىنتايىن قويۇق دەپ ئەيىبلەشتى. ئايتماتوف گەپنى تۈزلا قىلىپ، 70 يىللىق سوۋېت ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقى دەرۋەقە خرىستىئان دىنىنىڭ قىممەت قارىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوقاتتى، ئەمما، ھەر قانداق ئاكتىپ نەرسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتمىدى دېدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنى «ھېسداشلىق يوق» ، باشقا بىر خىل قاراش ھۆكۈمرانلىق

قىلىدۇ دەپ ئەيىبلىدى. «پەقەت سودا ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەردە، ھەتتاكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا رەھىمسىزلىككە، بىر-بىرىنى ئەخمەق قىلىدىغان ئەقىدىگە ئەمەل قىلسا، ئاندىن ئېھتىمال تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىشى مۇمكىن. دەل شۇنداق بولغاچقا، (بىزنىڭ) جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەققانىيەت ئىدىيىسى بۇزۇلماقتا» دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر يازغۇچىسى (Daniil Granin) دانىل گىرانىن 1988-يىلى 3- ئاينىڭ 18-كۈنى نەشىردىن چىققان «ئەدەبىيات گېزىتى» دىمۇ ئوخشاش بىر مەسىلىنى مەركەزلىك تىلغا ئالدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتى شەپقەتسىزلىك پەيزىلىتىگە ئىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىممەت سىستېمىسىدا قىلچىلىك ئېچىنىش روھى يوق دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە مەنبەسىنى ئىز قوغلاپ تۇرۇپ، بۇنداق ئەھۋال سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرىدىكى كەڭ ئاممىغا مەجبۇرىي تېڭىلغان كوللېكتىپلاشتۇرۇش ۋاقتىدا ئىپادىلەنگەن ئادەتتىن تاشقىرى ياۋۇزلۇقتىن كەلگەن دەپ كۆرسەتتى. ئۇ :<ھېسداشلىقنىڭ كەم بولۇشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. كۆپچىلىك ئېزىلگەن ئاشۇ يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا، قوشنىلىرىغا، تەگسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ۋە سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە پاناھلىق بېرىشكە بولمايتتى. كىشىلەر ئېغىر جازالاشنى ئاشكارا مەدھىيىلەشكە مەجبۇر قىلىنغان، ھەتتا تۈرمىگە قامالغان كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش چەكلەنگەن. ھېسداشلىقنى يېقىن كېلىدىغان باشقا شەكىلدىكى ھېسسىياتمۇ گۇمان دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن، ھەتتا جىنايەت ھېسابلانغان...

ھېسداشلىق ئەسلىدە قانۇنسىز ۋە زوراۋان قىلمىش، قاماش، پاش قىلىش، قانۇنسىزلىق، دۇمبالاش ۋە جىسمانىي يوقىتىش قاتارلىق قىلمىشلارغا ئارىلىششى كېرەك ئىدى. ئەمما، 30-يىللار ۋە 40-يىللاردا، ھېسداشلىق بىزنىڭ لۇغىتىمىزدىن يوقالدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆزنى قايتا ئىشلىتىپ باقمىدۇق» دەپ يازغان ئىدى.

پارتىيە ئەقىدىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىكى كەسپىي نەزەرىيىچىلەر، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى بولغان ك گ ب دىن پىنسىيىگە چىققان كىشىلەر ۋە پارتىيىنىڭ ئورگان كادىرلىرى

بولۇپ، مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىدا چوقۇم ھەيرانلىقتىن ھاڭۋېقىپ قالىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كوممۇنىزمنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىنى مۇزاكىرە قىلىش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە پارتىيىگە خىرىس قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە، ھازىرقى ھوقۇققا نىسبەتەن يوشۇرۇن تەھدىت ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك مەسىلىسىگە بولغان كۆنسېرى ئايدىڭلىشىۋاتقان يېڭى تونۇشى دىنىي گۈللىنىشكە دەرۋازىسىنى ئاچقان ئىدى.

چوڭ روسچىلىقتا ساقلىنىۋاتقان ئەخلاق ۋاكۇئۇمى ۋە قايتىدىن ئويغىنىلغان مىللىي تارىخ ئېڭى ئۇلارنىڭ روسىيە پراۋۇسلاۋىيە دىنى ۋە بۇ دىنىنىڭ دۆلەت تۇرمۇشىدىكى رولىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى قايتىدىن ئۇلغايتتى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم يېڭى بىر ۋەقە چۈنكى ، سوۋېت رەھبەرلىرى دەسلەپتە روس پراۋۇسلاۋىيە دىنىنى باستۇرغان ۋاقىتتا نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنىلا نىسبەتەن ئاسان، ئاساسلىقى پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ دۆلەت ھوقۇقىغا بويسۇنىدىغان ئەنئەنىسى بولغانلىقىدىندۇر. ئاقىۋەتتە، ھۆكۈمەت تەشۋىق قىلغان خۇداسىزلىق رۇسىيىنىڭ مەركىزىي شەھەر-بازارلىرىدا چوڭ ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى؛ تەشكىللىك دىنىي پائالىيەت، مۇراسىملار شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى، لىتۋا ۋە ئۇكرائىنانىڭ غەربىدىكى ئاز سانلىق كاتولىك مۇرىتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى باشتىن-ئاخىر داۋاملىشىپ كەلدى. دىنىي مۇرىتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىنىي پائالىيەتنىڭ ئۆزىدە مەنىۋى مەزمۇن بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە روس ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر خىل مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتىكى باسقۇچتا، روس پراۋوسلاۋىيە دىنى ئېتىقادىنىڭ كەڭ - كۆلەمدە تىرىلىشى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا تېخى زىيادە بالدۇر؛ پراۋوسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتى كومپارتىيىگە مەلۇم شەكىلدە خىرىس (خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشنىسى كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پولشادا رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش) پەيدا قىلىدى دەپ قاراش ھەم خاتادۇر. بىر تەشكىلات بولۇشى سۈپىتى بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنى

پارتىيىنىڭ قاتتىق كونتروللىقى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ دىنىي خادىملارغا سىياسىي سىڭىپ كىرىشى بەكمۇ ئۈنۈملۈك بولۇپ، ھەتتا مەخپىي ساقچىلار ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرگۈزۈلدى، لېكىن، ئومۇملاشقان خىرىستىئان ئېتىقادى بولغان روس پراۋوسلاۋىيە دىنى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان ھالدا باش كۆتۈردى. پراۋوسلاۋىيە دىنى ئەخلاقىي ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان بىردىنبىر بۇلاق، تېخىمۇ ئۈزاققا سوزۇلىدىغان مىللىي مەدەنىيەت قىممىتىنىڭ ھەقىقى گەۋدىلەندۈرگۈچىسى سۈپىتىدە قايتىدىن باش كۆتۈرسە بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دىنىنىڭ قايتا گۈللىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمىدا كۆرۈلگەن مەنىۋى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قاقاسلىققا قايتۇرغان چوڭقۇر تارىخىي مەنبەلىك ئىنكاسى ئىدى.

1988 ـ يىلى قەدىمىي رۇسلار (بۇگۈنكى ئۇكرائىنلار) خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنىغا 1000 يىل بولغان يىل، بۇ رېئاللىق دىنىي گۈللىنىش يۈزلىنىشىگە ھاياتى كۈچ بەخش ئەتتى. تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاۋامنىڭ دىنغا ھەمدە دىنىنىڭ روس تارىخىدا ئوينىغان رولىغا بولغان دىققىتىنى قايتىدىن ئويغاتتى. زىيالىيلاردا، باشقىلارغا ئۆزى يىغقان دىنىي ئىزناكلارنى نامايان قىلىش، تاشلاندۇق، مەيىنەت بولۇپ كەتكەن چېركاۋلارنى رېمونت قىلىشقا قاتنىشىش، بارغانسېرى مودا پائالىيەت بولۇپ قالدى. بارغانسېرى كۆپلىگەن روس زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىن جانلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ئەمدى خارابلاشتى.

دىنىنىڭ چاقىرىق كۈچىگە باش قويۇۋاتقانلار يالغۇز روسىيە زىيالىيلىرىلا ئەمەس. دىنىي روھنىڭ كۈنسېرى ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغىنى چوڭ تازىلاش يۈز بەرگەن قانلىق يىللاردىكى ستالىننىڭ ئەڭ سادىق ئادىمى مالېنكوۋ (Malenkov) نىڭ روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدەك داڭلىق ۋەقە ئىدى. بۇ ۋەقە چەتئەلدە ھېچقانچە دىققەتنى قوزغىمىدى، ئەمما موسكۋادا بىر مەھەل چوڭ بەس مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر نەچچە يىلدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىنىي ھۆكمەتچىلەر گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى ھەم ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆنى خىرىستىئان مۇراسىمىدا دەپنە قىلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ستالىنىزمنىڭ دۈشمەنلىرى (مالىنكوفقا)

قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ستالىن ئۆزى تاللىغان ئىز باسارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاتىئىزىم (دىنسىزلىق) تەشۋىقاتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھالدا ئەتتۈرۈپ بەردى.

1988-يىلى چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، گورباچېۋ دىنىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا گۈللىنىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقنى تەن ئالدى ۋە قوبۇل قىلدى. ئۇ :«بىز ئۆزىمىزنىڭ دىنىي دۇنيا قارىشىغا بولغان كۆز قارىشىمىزنى يوشۇرمايمىز، بىز دىننى غەيرى ماتېرىيالىزم ۋە ئىلمىي بولمىغان دۇنيا قارىشى دەپ قارايمىز. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەنلا دىندارلارنىڭ روھى دۇنياسىغا ھۆرمەت قىلماسلىقا بولمايدۇ، بۇنىڭلىق بىلەنلا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەرقانداق مەمۇرىي بېسىم ئىشلىتىشكە تېخمۇ بولمايدۇ » دېدى. شۇنداق قىلىپ، گورباچېۋ ئاتېئىزىمنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقنى يوشۇرۇن ئېپادىلىدى ھەمدە ھەقىقىي دىنغا كىشلەر تېخمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئورۇن بەردى.

## تارىخ (ياكى ستالىنىزم)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر بىر تالاش-تارتىش پەيدا قىلغان مەسىلىدە ستالىنىنىڭ سايىسى بار ئىدى. بارلىق مۇنازىرىلەر دېگۈدەك ئەڭ ئاخىرىدا ستالىنىزم سىستېمىسى ۋە ھازىرقى رېئاللىققا ئوخشاش سىياسىيدىكى سەزگۈر مەسىلىلەرگە تاقىشاتتى ھەمدە ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى قانچىلىك دەرىجىدە ئاشكارىلاش، ستالىنىزمنىڭ ئېغىر جىنايىتىگە قارىتا (ستالىن بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ) شەخسلەر قانچىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ دېگەندەك كىشىنى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ستالىنىزمنىڭ مەسىلىلىرى رەھبەرلىك قاتلىمى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئۈچۈن بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. بىر تەرەپتىن ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم بيۇروكرات ئورگانلاردىكى لايغەزەللىكنى

يــوقىتىش كېــرەك بولــۇپلا قالمــاي، يەنە ســـتالىنىزمنىڭ ئـــادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى چوقـۇم بـۇزۇش كېـرەك. ئىسلاھات ئـۇزۇن مەزگىـل داۋامـدا شەكىللەنگەن ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ئۇسـۇللارنىڭ نۇرغـۇنلىرىنى ســتالىن سـوۋېت جەمئىيىتىنــى دەھشــەتلىك ئۆزگەرتكەن چارەك ئەسىردە بەرپا قىلغان. يەنە بىـر تەرەپتىن ئۆتمۈشـنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىش كىشىلەرنى ئېزىلگەن ھېسسىياتلىرىنى تۆكۈشكە، ئـۇزۇن مەزگىــل ئېزىلىشــكە ئۇچرىغــان ئۆتمۈشــنى ئەسلەشــكە، ھەتتــاكى پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسـنى پارچىلاشـنى كەلتـۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بـــۇ ئەھۋالـــدا، رەھـــبەرلەر قاتلىمىنـــىڭ ئىپادىســـى ئورۇنســـىز مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشتا ھەمدە ئازابلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشنىڭ تەس بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، گورباچېۋ مەركىزىي سياسىي بيۇروغا ۋاكالىتەن ستالىنىزمغا بەرگەن باھاسىدا، ئېنىق ۋە ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن ستالىن ۋە ســتالىنىزمنى تەنقىدلىــدى، ئەممــا ئــۇ پەقەت ســتالىننىڭ ئــادەتتىكى «مىڭلىغـان مىليونلىغـان» قۇربـانلىقىنى تىلغا ئالـدى، زىيـادە كونكرېـت سۆزلەشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا گورباچېۋ يەنىلا ئـۆزىنى تۇتۇۋېلىـپ، پەقەت :«بـۇ ھەقـقەت (ھەمـدە بىـز بۈگـۈن چوقـۇم ئېتىـراپ قىلىشـىمىز كېـرەك)، ئـۆكتەبىر ئىنقىلابـى غەلىـبە قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان سياسـىي تـۈزۈلمە مەلـۇم بىـر باسقۇچتا ئېغىـر بۇرمىلىنىش يـۈز بەردى» دېـدى. باشقا يـۇقىرى دەرىجىلىـك ئەمەلـدارلار، بولۇپمـۇ لىگـاچېۋ ئۆتمۈشـكە ئـادىللىق بىـلەن باھا بېرىشنى، ئۆتمۈشـنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىش بىلەن بىرگە، ئاتالمىش نەتىجىلەرنى ئاممىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئۆتمۈشـتىكى شـۇ دەۋرنى ئىنكار قىلىشنىڭ دەرۋازىسى ئاللىقاچان ئېچىلغان بولۇپ، ئېتىلىـپ چىقىۋاتقــان غەزەپلەرنــى، نۇرغــۇن ئەســلىمىلەرنى، كىشــىنىڭ تېنىنــى شــۈركەندۈرىدىغان ۋەھشــىي قىلمىشــلار ھەققىــدىكى ئەســلىمىلەرنى ۋە ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان تۈلەم تەلىپىنى، ھەتتا ئۆچ ئېلىش تەلەپلىرىنى ئەمدى توساپ قالغىلى بولمايدۇ.

ســوۋېت مەتبۇئـــاتلىرى شەخســلەر ۋە كوللېكتىپىنـــىڭ ئـــازاب-

ئوقۇبەتلىرى ۋە كىشىنى ئازابلايدىغان قىسمەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلار بىلەن تولغانىدى. بەزى ماقالىلاردا جانلىق ھالدا زور كۆلەمدىكى، ئەڭ ئاخىرىدا شەپقەتسىزلىشىپ كەتكەن ستالىنىزم تېررورلىقىنىڭ قانداق قىلىپ ساددا ۋە ئاددەتتىكى ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. يەنە بىر قىسىم ماقالىلاردا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق بىر مەھەل داڭقى چىققان كىشىلەرنىڭ قانداق قىين-قىستاققا ئۇچرىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئەينى چاغدا ، نۇرغۇن ھوقۇقدار كىشىلەر توساتتىن غايىب بولدى، ھەتتا بالا- چاقىلىرىمۇ چېتىلىپ قالدى، ئۇيلىمىغان يەردىن جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى ياكى سۈرگۈن قىلىندى، ھەتتاكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى. مەسىلەن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مارشال تۇخاچېۋ سكىينىڭ ئايالى ۋە باللىرىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ماقالىلىرى ستالىننىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى بايان قىلغانىدى، مەسىلەن نەچچە مىليون ئوكرائىن دېھقىنىنى ۋە زور ساندىكى سوۋېت ئوفىتسېرلىرىنى (بۇ 1941- يىلى ناتسىستلار ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى) ئۆلتۈرۈۋەتتى.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، بەزى مەسىلىلەر يەنىلا چەكلەنگەن دەپ قارىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەت مەتبۇئاتلىرى ستالىننىڭ رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەر قانداق كونكرېت مۇنازىرىنى قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئوكرائىنلار ۋە لىتۋالىقلارنىڭ مىللىي تەلپىنى باستۇرۇۋغانلىقى ھەققىدە ھەمدە بالتىق دېڭىزىدىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت خەلقىنى زور كۆلەمدە سۈرگۈن قىلغانلىقى (بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە 1940- يىلى ۋە 1944- 1945- يىللىرى يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق ئىشغال قىلىۋېلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلىش يۈز بەرگەندىن كېيىن) قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پەقەت ئاددەتتىكىچىلا مۇھاكىمە قىلىپ قويىدى. 1940-يىلدىكى زىمىستان قىشتا تەخمىنەن 1مىليون 500مىڭ پولشالىقنى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن سىبىرىيىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈش ۋەقە سىگىمۇ ھەم

شۇنداق قىلدى. بۇ پولشالىقلار ئەسلىدە 1939 ـ يىلى گىتلېر بىلەن ستالىن ئىمزالىغان توختام بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ە تەۋە پولشا زېمىنىدا تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940 ـ يىلى ئەتىيازدا كاتىين ئورمانلىقى ۋە باشقا جايلاردا 1939 ـ يىلى ئەسىرگە چۈشكەن 15000 نەپەر پولشا ئوفىتسېرىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئىزچىل سۈكۈت قىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چوڭ روسچىلىق ئىمپېرىيالىزمى دەپ قارىلىدىغان ستالىنىزم يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

لېكىن، ستالىننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاش چوقۇم يېڭى ئۈچ مەسىلىگە چېتىلىدۇ ھەمدە ھەر بىر مەسىلە بۆلگۈنچىلىك رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. بىرىنچى مەسىلە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، تالاش ـ تارتىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان مەسىلە؛ ئىككىنچى مەسىلە ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تالاش ـ تارتىش قىلغان مەسىلە؛ ئۈچىنچى مەسىلە ئەزەلدىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان، ئەمما تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولسا جەزمەن بۇ مەسىلىگە چېتىلىدۇ.

بىرىنچى مەسىلە شەخسنىڭ جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسى. ستالىن ئۆزى يالغۇز جىنايى جاۋابكارلىقتا مەسئۇل بولۇشى كېرەكمۇ؟ زوراۋانلىقنىڭ كۆلىمىنىڭ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، پەقەت ئۇ بىر ئادەمنىڭ مەسئۇل بولۇشى كىشىنى ئىشەندۈرەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ يالغۇز مەسئۇل بولمىسا، ئۇنىڭ شېرىكلىرى ۋە يېقىنلىرى قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟ جەزملەشتۈرۈ ـ شكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ بىۋاستە قول ئاستىدىكىلىرى ئاساسەن ئۆلۈپ كەتتى،ئەمما ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچى، چوماقچى، سوراقچى، لاگېردىكى مۇھاپىزەتچى، ھەتتا قوماندانلىق شتابىدىكى كوماندىر قاتارلىقلار چوقۇم يەنىلا ھايات. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ تازىلاشتا، جىنايەتچىلەرنى قىيىنىغان ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتىنىڭ ياش مايورلىرى ئەينى چاغدا پەقەت 25 ياش بولۇپ، ھازىر 75 ياشقا كىردى؛ كاتىين ئورمانلىقىدا ئۆز قولى بىلەن پولشا ئوفىتسېرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر 68 ـ 69 ياشقا كىرىپ قالدى ياكى 70 ياشتىن ئاشتى. يەھۇدىلارغا قارشى چوڭ تازىلاشتا

تۇتۇلغانلارنى قىينىغان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خادىملىرى ھەمدە 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تېخىمۇ چوڭ تازىلاش تورىدا خىزمەت قىلغان خادىملار ھازىر 60 ياشتىن ئېشىپ قالدى.

ئەڭ ئاخىرى شەخسىي جىنايى جاۋابكارلىققا چېتىلمىسا، ستالىن نىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس. 1987 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ مەسىلە ئاخىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۇرغۇن سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار ماقالە ئېلان قىلىپ ستالىننىڭ قولچوماقلىرى مەسىلىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ل.گ.ئىونىن ( L.G.Ionin) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىئولوگىيە ژۇرنىلى بولغان «سوتسىيالىزم تەتقىقاتى» (1987 ـ يىل 3 ـ سان) دا مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلىپ، ستالىنىزمنىڭ قارىشى ۋە ماھىيىتىنى غەربنىڭ مۇستەبىتلىك ھەققىدىكى قارىشى بىلەن تەھلىل قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا باشقىلارغا بولغان جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسىگە گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مەقسەتلىك ھالدا گېرمان تىلىدىكى « جىنايى جاۋابكارلىق ـ (Schuldfrage) » ( جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، ناتسىستلارنىڭ جىنايىتى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ تەھلىل قىلغان. شۇنداق قىلىپ بۇ مەسىلىنىمۇ ئاساسلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1987 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى «خەۋەرلەر گېزىتى» دە بىر ئوقۇرمەننىڭ مۇنداق سۆزلىرى نەقىل ئېلىنىدى: نۇرغۇن «زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار چوقۇم يەنىلا ھايات... مەن ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ ھازىر سىلەرنىڭ ماقالەڭلارنى كۆرۈپ كۈلۈپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.»

سوۋېت ئىتتىپاقى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالدى. 1988 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى بىر پروگراممىدا، ستالىننىڭ جىنايى قىلمىشىنى تىلغا ئالغان دىكتورنىڭ دېيىشىچە، ئىلگىرىكى بەزى قولچوماقچىلار ئۆزلىرى قىلغاننى «پايدىلىق خىزمەت» دەپ قارىغان، دىكتور يەنە تولۇقلاپ :

مۇشۇنداق قىلىپ لوگىكىغا ئۇيغۇن بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى: نېمە ئۈچۈن پورتمالنى ئوغرىلىغان ياكى قانغۇچە هاراقكەشلىك قىلغا ندىن كېيىن قوشنىسىنى ئۇرغان ئادەمگە مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش، بۇ قورقۇنۇچلۇق جىنايەتلەرگە باشقىلارنىڭ خىلاپلىق قىلىشىغا بولمايدىغان

چەكلىمە بەلگىلەپ بەرمەيدۇ؟ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ۋە خائىنلارغا بۇنداق چەك\بەلگىلەنمىگەن. ئۇنداقتا، ئۆزلىرىنىڭ قىرىنداشلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ساداقەتمەن سوۋېت ئىتتىپاقلىقلارنى قىينىغان خائىنلارغا نېمە ئۈچۈن چەك بېكىتىپ بېرىشى كېرەك؟ ئۇلار ئۈچۈن بۇ چەكنى قانداق ساقلىغىلى بولىدۇ؟ ئۇلار ۋەتەنىنىڭ خائىنلىرى ئەمەسمۇ؟ دېدى.

ئېنىقلا بۇ سەزگۈر مەسىلىدە بىتەرەپ پوزىتسىيەدە بولۇش ئۈچۈن، تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان «Nedelya» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 1988-يىلى 2-ئايدا نەشر قىلغان سانىدا ئاتاقلىق سوۋېت ئالىمى يازغان مەخسۇس جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسى بايان قىلىنغان ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇ «many Cheksits» (ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە ئىشتا سۇئىستېمال قىلغانلارنى تازىلاش كومىتېتى) نى ئاقلاپ تۇرۇپ، كومىتېتنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى«ئەيىبلىگۈسىز دەرىجىدە لېنىنىزمغا سادىق، چىڭ تۇرىدىغان كوممۇنىستلار» دېدى ھەمدە جەزملەشتۈرۈپ تۇرۇپ:«ھەتتا ئېچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى-دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى (ك گ ب)گە قاراشلىق چوڭ-كىچىك ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تازىلاشقا قەتئىي بىۋاستە قاتناشمىغان» دېدى. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم تەكشۈرگۈچى خادىملار، سوراقچىلار، مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ستالىنىزم ئۈچۈن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتكە مەسئۇل بولغانلارنى ئايرىپ چىقتى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەييارلىق قىلمىغاچقا، شۈبھىسىزكى زىيانكەشلىكتىن ھايات قالغان نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

گەرچە بۇ مەسىلە ئېنىقلا ئاشكارا مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما، چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى. چۈنكى سىياسىي رەھبەرلەر كىشىلەرنىڭ ستالىنىزمنى مۇنازىرە قىلىش داۋامىدا پەيدا بولغان بۆلۈنمىچىلىكنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كېتىشىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تېخى يەنىلا زور ساندىكى ئوفىتسېرلار ۋە پۇقرالار ستالىنغا سادىق بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ھەقىقىي ئەھۋالنى تېخى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا پوزىتسىيە مۇلايىم. كىشىلەر ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقى ياشلىرى ستالىننى تەنقىدلەش خاھىشىدا دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما، تاس ئاگېنتلىقىنىڭ 1988-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە يۇقىرى

دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرى ۋە كۇرسانتلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان راي سىناش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، پەقەت 8% ئادەمنىڭلا ئۆتمۈشكە نىسبەتەن چۈشەنچىسى بار ئىكەن، 3% ئادەم ستالىننى ماختىغان، 18% ئادەم ئۇنىڭ سىياستىنى ئەيىبلىگەن.

ھۆكۈمەتنىڭ سۈكۈت قىلىشى ۋە جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلىك پىسخىكىلار ستالىنىزم مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ ۋىجدانىنى داۋاملىق قىينايدىغانلىقىنى ھەمدە ئاخىرقى يەكۈننىڭ چىقمايدىغانلىقىنى، ستالىننىڭمۇ ئېنىق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ نۇقتا ئىسلاھات مۇساپىسىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە كوممۇنىزمنىڭ ئۆزىمۇ ستالىنىزم پەيدا قىلغان ئەخلاق بۇلغىنىشىدىن پۈتۈنلەي پاكىزلىنىشى تەس.

سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن سەزگۈر بولغان ئىككىنچى مەسىلە بولسا، ستالىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر قىسىم ئەڭ مۇنەۋۋەر بولشېۋىكلارنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قانداق تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن؟ 1936 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە بولغان چوڭ تازىلاشتا لېنىن دەۋرىدىن قالغان بارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا ستالىن ئىشەنچ قىلمىدى، بىر قىسىملىرىنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيىدە ستالىن بىلەن ئىختىلاپى بار ئىدى. بۇ رەھبەرلەر ناھەق، ھەتتا قانۇنسىز ئۆلتۈرۈلدى، بۇ نۇقتا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن قانۇنلۇق ھالدا نام شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى باشلاندى، بۇنداق قورقۇنۇچلۇق ئۇسۇلدا ئۆلگەنلەرنىڭ نامىنى ئاقلاش سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ بۈيۈك ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئاقلاش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىنى تەڭلىكتە قويىدۇ، چۈنكى بۇ پارتىيىنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغان ئىدىيىۋى بىرلىكىنى بۇزۇۋېتىدۇ. مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، كىرمىل سارىيى قانۇن بويىچە ئۇلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارىسىغا بىر چېگرا سىزىقى سىزىپ بەردى. ئاقىۋەت، بۇ خىل ئۇسۇل بىر تەرەپتىن ستالىننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش تىرىشچانلىقىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، يەنە بىر

تەرەپتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئاشكارا نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ستالىنىزملىق مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچىنچى مەسىلە ئەزەلدىن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ئەمما تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، يەنى لېنىنىزم بىلەن ستالىنىزم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئىدى. سولژېنىتسىنىنىڭ «گۇلاگ تاقىم ئاراللىرى» دېگەن كىتابىنىڭ خۇلاسىسى ستالىنىنىڭ تېررورلۇق ئۇسۇلىنىڭ مەنبەسى لېنىنىزم بولۇپ ھەمدە كونكرېت قىلىپ لېنىنىنىڭ مەجبۇرىي ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىشى ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. لېكىن، لېنىنىزمنىڭ تارىختىكى قانۇنلۇقلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سوۋېت رەھبەرلىرى ئامالسىز يىرگىنىشلىك ستالىن بىلەن مۇكەممەل لېنىن ئارىسىغا بىر چېگرا سىزىقى سىزىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىتلىرى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن لېنىنىڭ ستالىنىزمنىڭ جىنايىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئېنىقكى، ھۆكۈمەتنىڭ ستالىنىزىمغا قاراتقان ھەر قانداق سۈرۈشتۈرۈشى كىشىلەرنىڭ جىنايەتنى پەيدا قىلغان مەنبەنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىلگىرى توختايدۇ. بىراق ستالىنىزمنىڭ ئەرۋاھى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىگە داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## دۆلەت ئىچىدىكى مىللەت مەسىلىسى

ستالىن بارلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋەتكەنىدەك ئىدى- يەنى، مۇستەقىل ئاڭغا ئىگە بارلىق رۇس مىللىتىدىن بولمىغان رەھبەرلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغانىدى. لېكىن، قىسمەن ھالدا ستالىنىزمنى تەنقىد قىلغان تەغدىردىمۇ مىللەتلەر مەسىلىسى يەنىلا دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق سىياسىي مۇشكۈل مەسىلىلەر ئىچىدە ئەڭ ئاسان پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يوشۇرۇن مەسىلە ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپى، ھەتتا ئاپتونومىيە تەلىپىنى بىتچىت

قىلىنغاندىن كېيىن، ستالىن مىللەتلەر ئىناقلىقىنىڭ يۈزەكى ھادىسىسىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى، ئاساسلىق ئىپادىسى ئېغىزدا رۇس «خوجا ئاكا» سىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە قىزغىن سۆيۈش بولدى. ھەتتا غەربنىڭ كۆپ ساندىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆزەتكۈچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللەت» مەسىلىسى ھەل بولدى دېگەن قاراشقا ئىشىنەتتى. بۇ غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشنى، يەنى «بۈيۈك رۇس مىللىتى»لا «مىللەت»، سوۋېت ئىتتىپاقى نوپۇسىنىڭ 50%نى ئىگەللەيدىغان باشقا مىللەتلەر «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن قاراشنى ئاقلانە بولمىغان ھالدا قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

مۇبادا ئاشكارىلىق ستالىنىزمنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىسگە تاقالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ساختا قىياپىتى شۇ ھامان كۆلى كۆككە سورۇلدۇ. تارىختا ھەقىقىي سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە نەچچە مىللەت ئارىسىدا، باستۇرۇشقا ئۇچرىغان مىللىي ھېسسىيات ۋە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تېزلىكتە ئاشكارىلىنىپ چىقتى، بۇ «ئاز سانلىق مىللەتلەر» نىڭ ئاللىقاچان تېخمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە بولغان سوۋېت مىللىتى قارىشىنىڭ كۆز بويامچىلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. 1987 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىغىچە، سوۋېت ئىتتىپا قىدا تەخمىنەن 300 قېتىم مىللىي مالىمانچىلىق يۈز بەردى، بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولدى. مالىمانچىلىق ئاساسلىقى رۇس مىللىتىدىن بولمىغان 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ توققۇزىدا يۈز بەردى، مىليونلىغان كىشى ئامموۋى يىغىلىشقا قاتناشتى، نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدەك ئوخشىمىغان گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى.

رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ئىككى تەرەپتىن مەركەزلىك ئەكس ئەتتى: (1) تىك لىنىيە بويىچە موسكۋانىڭ چوڭ رۇسچىلىقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى( 2) تەكشى يۆلىنىشتە رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشنى ئاشكارا ئىپادىلەپ بەردى. چوڭ روسچىلىقنىڭ كونتروللىقىغا قارشى تۇرىدىغان بىر قىسىم مىللەتلەر ئاساسلىقى ئۆتمۈشتىكى ناھەق مۇئامىلىلەرنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشتى، مەسىلەن قىرىمدىكى تاتارلار، ئۇلار 1944 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ستالىن

تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا ئىللىق قارا دېڭىز بويىدىن ئارىلىدىن يىراق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيەگە كۆچۈرۈلدى. باشقا مىللەتلەر، مەسىلەن ئۇكرائىنلار ياكى بېلورۇسلاردىكى زىيالىيلار ئۆز مىللىتىنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ رۇسلىشىپ كېتىشىگە ئاشكارا قارشى تۇردى. باشقا بىر قىسىم مىللەتلەر، مەسىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كېڭەيتىشتە قەتئىي چىڭ تۇردى. يەنە بىر نەچچە مىللەت تېخىمۇ يىراقلاپ ماڭدى، مەسىلەن، لىتۋالىقلار، لاتۋىيىلىكلەر ۋە ئېستونىيەلىكلەر 40 يىللىق ئىزىلىشكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كوچىلاردا نامايىش قىلىپ، 1940- يىلىدىكى مەجبۇرىي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىشكە قارشى تۇردى.

بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى پارتىلاش خاراكتېرلىك بولدى. ستالىنىزم يۈزەكىلا بويسۇندۇرغان لىتۋالىقلار، لاتۋىيىلىكلەر، ئېستونىيەلىكلەر ئەزەلدىن روشەن مىللىي ئېڭىنى ھەقىقىي يوقاتمىغان، بۇ ئاك بىلەن سكاندىناۋىيەدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاشلىقى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان ئورتاقلىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ. گورباچېۋنىڭ ئاشكارىلىقى بۇ كەيپىياتنى تولۇق ئىپادىلەپ چىقتى. كەڭ كۆلەمدىكى ئاشكارا نامايىشتا ئۇزۇن مەزگىل چەكلەنگەن دۆلەت بايرىقىنى لەپىلدىتىشى، ئۇزۇن مەزگىل چەكلەنگەن دۆلەت ناخشىسىنى ئېيتىشى بۇ ھېسسىياتنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولدى، ھەتتا بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كونا ئەسكەرلىرىمۇ ئاساسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچى سۈپىتىدە نامايىشلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. بالتىق دېڭىزى بويىلىرىدىكى جۇمھۇرىيەتلەردىكى بىر قىسىم پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمۇ ئىلھاملىنىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەلىرى»گە تېخىمۇ يۇقىرى يېڭى سىياسىي ئورۇن بېرىشنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى، يەنە موسكۋا كونتروللۇقىدىكى ئىقتىسادىي رايونلارنى «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون» غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشتى (بۇ تەسەۋۋۇر گورباچېۋنىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى ئابېل ئاگېنبېگيا ـ نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى)، بۇ خىل تەسەۋۋۇر جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئەركىن كارخانا قۇرۇپ، چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلغان ئالاھىدە رايونلارغا ناھايىتى

ئۇخشايتتى. ستىخىيلىك قۇرۇلغان بالتىق دېڭىزى خەلق فرونتى دۆلەتنىڭ ھەقىقى ئاپتونومىيەسى ۋە يېرىم مۇستەقىل ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشتى. فرونت يەنە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كومپارتىيە بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان سىياسىي تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. پەقەت ئاشكارلىقنى داۋاملىق يولغا قويغاندا، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ھامان بىر كۈنى ھەقىقىي مىللىي ئىگىلىك ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرلا ۋاقىتتا، ستالىنىزىمنى ئاشكارا ئەيىبلەش روسلارغا قارشى ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەشنىڭ نىقابىغا ئايلاندى، چۈنكى ھازىر بۇ ھېسسىياتنى ئاشكارا ئىپادىلەش يەنىلا ئىنتايىن خەتەرلىك. شۇڭا، 1988-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى نەشر قىلىنغان «ئۇكرائىنا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئۇكرائىن يازغۇچىسى ئولېسكا مۇسىيېنكو () ستالىنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىق ۋاقتىدا ئۇكرائىنانىڭ سىياسىي ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى سەرخىللارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى، ئۇكرائىن دېھقانلىرى چوڭ ئاچارچىلىقنى قەستەن ئېغىرلاشتۇرغان «ئالۋاستى» لىقىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى، چوڭ روسچىلىقنى بىۋاستە ئەيىبلىمىدى. 1987-يىلى كۈز ۋە 1988-يىلى ئەتىيازدا، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى خەلقلەر ستالىن تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈشتى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى، ئەمما روسلارنىڭ ئۆزىنى ئەزگەنلىكىنى بىۋاستە ئەيىبلىمىدى. تاتارلار ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نامايىش قىلىپ، ئۆزلىرىنى مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار دىنىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، قەبرە بېشىدا ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدا ستالىنغا قارشى ھەرىكەتنى باستۇرغاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان موللا ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قىزىل ئارمىيىدە مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى رەت قىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارغا ھازا تۇتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم مىللەتلەر ئەكسىچە گورباچېۋ گۇرۇھى نىڭ چوڭ روسچىلارنى يەرلىك مىللەتتىن بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغانلىقىنى باھانە قىلىپ مەركىزىي كونتروللۇققا قارشى تۇردى، مەسىلەن 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئالمۇتادا نەچچە كۈن

داۋاملاشقان كەسكىن قارشىلىق ھەرىكىتى يۈز بەردى. بارلىق مىللەتچىلىك تەلەپلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى ئىنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بىر ئارزۇ بار: موسكۋا چوڭ روسچىلىرىنىڭ ئۆلارغا زورلاپ تاڭغان رىشتىسىنى ئاجرىلتىش ھەتتاكى ئۈزۈپ تاشلاش.

دىن مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ ئاساسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم. ئوتتۇرا ئاسىيادا 45 مىليوندىن 50 مىليونغىچە مۇسۇلمان بار. «خۇراپاتلىق» نى يوقاتقانلىقىنى جاكارلاپ خېلى يىللاردىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت-ژۇرناللىرى 1987-يىلى ۋە 1988-يىللىرى ئامالسىز ئىسلام دىنىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرگەنلىكىنى، مەخپىي دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئافغانىستان ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار گەۋدىسىنىڭ ئېڭىنى قايتىدىن تىرىلدۈردى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھەتتا مۇسۇلمانلار رايونلىرىدىكى كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆن-تىنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ھەمدە يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلغان. بىر يازغۇچى 1987-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات گېزىتى» دە ئاغرىنىپ تۇرۇپ، تاشكەنتتە «ئومۇميۈزلۈك تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر خىزمەت قىلىدىغان جۇمھۇرىيەتنىڭ مەخسۇس ئالاقە مەركىزىدە، ئېلان تاختىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك غەلىتە ئېلانلار پەيدا بولىدۇ... خىزمەتداشلىرىنى ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، يەرلىكتىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارلىرى يەنە كىشىلەرنى«قۇرئاننى قىرائەت قىلىدىغان مېيىت نامىزىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ» دېگەن.

تۇغرا يۆنىلىشلىك (گورزىنتال) مىللەتلەر توقۇنۇشىدا ئوخشاشلا بۆلگۈنچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر خەۋپ بار. بەزى روستىن باشقا مىللەتلەر ئىچىدە،بولۇپمۇ كاۋكاز رايونىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ئەزەلدىن دوستلۇق-ئىشەنچ بولۇپ باقمىغان. تارىخى ئۇزۇن گىروزىيىلىكلەر، ئەرمەنىيىلىكلەر، ئەزەربەيجانلىقلار ۋە باشقا كىچىك مىللەتلەر ئارىسىدا دىنىي ئېتىقاد ۋە زېمىن ئۈچۈن نەچچە يۈز يىل توقۇنۇشتى. خىرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايوندا (ئۇ يەرلەر ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ تۇرۇشى بىلەن

تېخمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن) مىللىي ئۆچمەنلىك ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان. 1988-يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ خىل ئۆچمەنلىك ئەرمەنلەر بىلەن ئەزەربەيجانلار ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز پارتلىغان قانلىق توقۇنۇش پەيدا قىلدى. بۇ توقۇنۇشنى ئەرمەنلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ناگورنو-قاراباغ رايونىنى ئەزەربەيجانغا بۆلۈپ بېرىش كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، كەلگۈسىدە تېخمۇ كۆپ مىللىي ۋە دىنىي توقۇنۇشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. بۇ توقۇنۇشتا نەچچە ئون ئادەم ئۆلدى، ئەرمىنىيە پايتەختى يېرېۋاننى مىليونلىغان ئامما نەچچە كۈن كونترول قىلىۋالدى. گەرچە بۇ مۇشكۈل ۋە باشقىلارنى خوش قىلالمايدىغان ۋەزىيە بولسىمۇ، كېرمىل سارىيى ئامالسىز مىللىي كەيپىيات ئۇلغايغان ئەرمەنلەر ۋە ئەزەربەيجانلارنى ياراشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

گورباچېۋنىڭ سىياسىتى بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى، سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، مىللىي نارازىلىق كەيپىياتىنى ئاشكارا ئىپادىلەشكە رۇخسەت قىلمىسا، ئاشكارىلىق ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايتتى، باشقا مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ستالىن دەۋرىدىن قالغان ئازاب-ئوقۇبەتكە ھازىرغىچە ئېچىنىدىغان بولغاچقا، چوڭ روسچىلىقنىڭ خالىغانچە قىرغىن قىلىشىنى يەنىلا ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاشكارىلىق ئاتا قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گورباچېۋنىڭ ئۆزىمۇ گورزىنتال مىللىي توقۇنۇش ھەتتا ۋېرتىكال چوڭ روسچىلىققا قارشى توقۇنۇشقا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ 1988-يىلى 7-ئاينىڭ 19-كۈنى سۆز قىلىپ، ئەرمەنلەر بىلەن ئەزەربەيجانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، «كەيپىيات ئالللىقاچان كونترول قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتتى، سوتسىيالىزمغا، سوۋېتكە ۋە روس مىللىتىگە قارشى خاراكتېردىكى شوئارلار پەيدا بولدى» دەپ كۆرسەتتى. يەنە كېلىپ، پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ئازراقلا ھوقۇق بەرسە، يەرلىكنىڭ تېخمۇ كۆپ بىۋاستە كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولاتتى. بۇنداق بولغاندا، ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەلىپى بىلەن تېخمۇ چوڭ پارتلاش خاراكتېردىكى مىللىي

مەسىلە بىرلىشىپ، ئەھۋالنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتەتتى.

كېرمىل سارىيىدىكى ئاقكۆڭۈل، مۆتىدىل رەھبەرلەر بەلكىم ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. مىللىي مەسىلە پارتلاپ چىققاندىن كېيىن موسكۋانىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىدىن قارىغاندا، مەركەز ئۆزىنىڭ تەشۋىقا تىدىن مەست بولۇپ، مىللىي مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ مىللىي مەسىلىگە بولغان ئىنكاسى ئوخشاش ئەمەس. 1988-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى نەشر قىلىنغان «خەۋەرلەر گېزىتى» دە لىتۋانىڭ «ئىدېئولوگىيە بۇزغۇنچىلىقى» نى، ئۇلارنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنى «مىللىي مەنپەئەتنىڭ خائىنلىرى» دەپ قارايدىغانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى. گورباچېۋنىڭ شەخسىي تەھلىلى تېخىمۇ چۈشىنىكسىز، ئالمۇتادا زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ مىللىي مەسىلىنى ئەمدى «كەسكىن ئىلمىي تەتقىقاتتا ئەمەس بەلكى زىيانكەت» تىكى گۈزەل سۆزلەر بىلەنمۇ تەسۋىرلەشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 30-يىللاردىن بۇيانقى سىياسىيدىكى (ئۆزئىنسىز) مىللىي مەسىلە قايتىدىن كۆرۈلدى. بۇ قېتىم كۆرۈلۈشى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئېھتىمال ئىسلاھاتقا بەرگەن ئەڭ ئېغىر خىرىس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

دۆلەت ئىچىدىكى پارچىلىنىشنىڭ قالغان ئۈچ سەۋەبى دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇنازىرىلەر پەقەت تېخىمۇ كىچىك دائىرىدىلا چەكلىنىدۇ، ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنى بەلگىلىگۈچى رەھبەرلەر دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، دىپلوما - تىيە سىياسىتى مەسىلىسى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىش سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىدىمۇ ئىنتايىن ھەيران قالارلىق يېڭى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشتە تېخىمۇ چوڭ تەرەققىيات بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، پارتىيىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن پەيدىنپەي ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## دۆلەت ئىچىنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا دىققەت قىلىشى

دىپلوماتىيە سىياستىدىكى بۇ مەسىلە پەيدىنپەي ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ئاشكارا مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. گەرچە ئاۋام دەسلەپتە بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىگە ئاشكارا گۇماننى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈم-يېتىم ئۇدا كۆپەيگەنسېرى، ئاۋام كېرمىل سارىيىنىڭ ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆچىنىڭ بارىچە يوشۇرۇش ئۇسۇلىدىن بارغانسېرى غەزەپلىنىشكە باشلىدى. ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر مەخپىي دەپنە قىلىندى. قەبرىگە ئازاب-ھەسرەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز «پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزم بۇرچى ئۆچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان» دېگەن سۆزلەر ئويۇلدى. ۋەتەنگە قايتقان كونا ئەسكەرلەر، ھەتتا مېيىپ ئەسكەرلەرمۇ ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمان بولالمىدى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوغرىلىقچە ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن قاچتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل نەپرەتلىك ھېسسىياتنى بارلىققا كەلتۈردى، مۇنداق نەپرەتلىك ھېسسىياتقا مەڭگۇ كارى بولماسلىققا بولمايدۇ، بولۇپمۇ تېخىمۇ كەڭ ئاشكارىلىقنى يولغا قويغان ئەھۋالدا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ ئاغرىنىش (ھەتتا سىياسىيدىكى ئىنتايىن سەزگۈر ئاغرىنىش)لارنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ چىقتى. مەسىلەن، 1987- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈنى نەشر قىلىنغان «ھەقىقەت گېزىتى» دە، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئالاھىدە تەمىنات بەرگەنلىكى مەسىلىسىدە ھەر قانداق قىلىپمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان چۈشەنچە بېرىپ: «بىز مۇنەۋۋەر، شارائىتى ياخشى كىشىلەرنى ئافغانىستانغا ئەۋەتمىز. قارىماققا ناھايىتى غەلىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ھەقىقەتەن بەدەن ساپىتى ناچارلىقى سەۋەبىدىن ئارمىيىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ» دېدى. بۇ چۈشەنچە پەقەتلا ئۇرۇشتا ئوغۇللىرى ئۆلگەن ياكى ياردار بولغانلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى خالاس. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى

شۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1987 ـ يىلى ئالللقاچان ھەممەيلەنگە ئايان بولۇپ، ئۇرۇشنى باشقا بىر تالاش تالاش ـ تارتىش قوزغىغان مەسىلىگە ئايلاندۇردى.

يەنە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغرىنىشى ۋە نارازىلىقى كېرمىل سارىيىنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنى قوزغىشىنىڭ ھەقىقىي ئاقلانىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە بولغان گۇماننى قوزغىدى، مۇنداق گۇماننىڭ تېخىمۇ چوڭ سىياسىي ئەھمىيىتى بار. موسكۋادىن تارقالغان بىر يۇمۇردا دېيىلىشىچە، برېژنېۋ ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەتدىشى غەرق مەس بولغاندىن كېيىن تاجاۋۇز قىلىشقا دائىر ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇققا ئىمزا قويغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىنقى تارىخىدا ھازىرقى دېپلوماتىيە سىياسىتىنى ئاشكارا تەنقىدلەش كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق دېپلوماتىيە مۇتەخەسسىسى، ئاكادېمىك ئو.بوگومولوۋ (O. Bogomolov) 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات گېزىتى»دە ئېنىق ئاشكارىلاپ، تاجاۋۇز قىلىپ 3 ھەپتىدىن كېيىن، سوۋېت ئاكادېمىيىسى دۇنيا سوتسىيالىزم تۈزۈلمىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورگىنى پارتىيە رەھبەرلىرىگە «ھەرىكەت نىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ۋە زىيانلىق خاراكتېرى تەھلىل قىلىنغان» دوكلاتنى تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر دېپلوماتىيە مۇتەخەسسىسى ئا.بوۋىن (A. Bovin) 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى موسكۋا رادىئو ئىستانسىسى پروگراممىسىدا:«پەقەت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇن تۈرغۇزۇش ئورنى مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تەستىقلىغاندىلا، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق قىسىملىرىنى چەتئەلگە ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ۋە مەخپىي ساقچىلار مەغلۇپ بولۇشقا سۈكۈت قىلىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان چوڭقۇر ناچار تەسىردىن ئەندىشىگە چۈشكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارىنى چىقىرىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبىنىڭ دۆلەت ئىچى بېسىمى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى ئاخىرلاشقان تەغدىردىمۇ (بولۇپمۇ ئەگەر بۇ مەغلۇبىيەت شەرقىي ياۋروپادا، ھەتتا سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا)، ئافغانىستان ئۇرۇشىغا ئالاقىدار تالاش-تارتىشلار يەنىلا داۋاملىشىدۇ.

## دىپلوماتىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى سىياستى

گەرچە دىپلوماتىيە سىياسىتىگە دائىر مۇنازىرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەر قايسى ئوخشىمىغان مەخسۇس ئورگانلاردا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىقى خاھىش ئۆتمۈشتىكى تەسەۋۋۇرلارغا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، «يېڭى تەپەككۇر»تەلەپ قىلىش (فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى (Michel Tatu) مىشېل تاتۇ «يېڭى تەپەككۇر»نى ئۆتمۈشتىكى «تەپەككۇرسىزلىق» نىڭ ئورنىغا قويۇلغان سەپلىمە بويۇم دەپ مازاق قىلغان) قا يۈزلەنگەن. گورباچېۋنىڭ ئاقىللار كېڭەشچىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى يې. پرىماكوۋ (Ye. Primakov) بۇنىڭغا قارىتا ئەڭ مۇكەممەل رېۋىزىيونىزم تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ 1987-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى نەشر قىلىنغان «ھەقىقەت گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ يېڭى پەلسەپەسى» ناملىق مۇھىم ماقالىسىدە، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى ئارام ئېلىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارايدىغان قاراشتىن ۋاز كېچىشكە چاقىرىق قىلدى، ئىنقىلاب ئېكسپورت قىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشنى دەۋەت قىلدى ھەمدە يەر شارى خاراكتېرلىك ئۆز ئارا تايىنىدىغان يېڭى رېئاللىقنى تەكىتلىدى. كېيىن، گورباچېۋ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئىدىيىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەربىي ساھەدە سوۋېت ئىستىراتېگىيىچىلىرى «مۇداپىئەلىنىش نەزەرىيىسى» نى تۈزۈشكە باشلىدى ھەمدە بۇنى غەرب بىلەن تېخىمۇ مۇقىم ئىستىراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت قۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلدى. بارلىق مەسىلىلەردە، بۇ قاراشلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى يېقىندىلا يۈرگۈزگەن سىياسىتى روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈردى.

# سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھى بىلەن دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتى

موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 70يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى يىغىنىدا، گورباچېۋ بارلىق دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر نامىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئۇ يەنە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئالاھىدە رەھبەرلىك ئورنىغا ئالاقىدار ھەر قانداق تەشەببۇستىن ئېنىق ۋاز كەچتى. بۇ نەزەرىيە جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسىدىن ئېغىر چەتنەش بولۇپ، ئىلگىرى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتىنى دۇنيادىكى بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ ھەرىكەت قىبلىنەماسى قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. گەرچە ھۆكۈمەت بېرژنېۋئىزمدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما گورباچېۋ برېژنېۋئىزم ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپادىكى پەيدىنپەي ئۆزگىرىۋاتقان تۈسمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. بۇنىڭ ئەكسىچە شەرقىي ياۋروپادىكى بىرقىسىم كىشىلەرنى ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا گورباچېۋ ھوقۇق تۇتقان بولسا، 1968 ـ يىلىدىكى ئەسكەر چىقىرىپ چېخسلوۋاكىيىنى ئىشغال قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى دېگەن قاراشقا كەلتۈردى. بۇ پەرەز گەرچە دەلىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما نەتىجىسى شەرقىي ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسلاھات قىلىشىغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھاتىنىڭ ئالدىدا چوڭ قەدەمدە مېڭىشىنى تەلەپ قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بولدى. بەزى سوۋېت رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، گورباچېۋنىڭ مەيدانى شە ـ شۈبھىسىزكى ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، شەرقىي ياۋروپادا كۆرۈلگەن ھەر قانداق چوڭ داۋالغۇش كېرىمل سارىيىنىڭ دېپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ كەسكىن مۇنازىرىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق باغلىنىشلىق مۇنازىرىلەر شەيئىلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى بارلىققا

كەلتۈردى. ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش تەلىپى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشكە ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش پارتىيىنىڭ ھوقۇق ۋە ئېتىقادقا بولغان مونوپوللۇقىغا تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ، دىن ۋە مىللەتچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدېئولوگىيەگە بولغان رىقابەت كۈچى زورايتتى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزۈن مەزگىللىك، ئېھتىمال تېخىمۇ شىددەتلىك بولغان پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچار قىلدى. بۇ مۇنازىرىلەر ھازىرمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ھەمدە پارتىيىنىڭ ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بۇ پاكىتلار ئەسلىدىلا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك:

بىرىنچى، ئۇزۇن مەزگىلدە شەكىللەنگەن سىياسىي ئەنئەنە بىلەن ئادا-جۇدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى نەچچە ئون يىل مۇستەبىتلىكنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتنى بارلىق نەرسە ئەنئەنىۋى تەلىماتقا تەۋە، سىياسىيدا يۇزەكى بىردەكلىككە ئىگە دۆلەتكە ئۆزگەرتتۈەتتى. ھازىر، ئىجتىمائىي تۈرمۇش ۋە سىياسىي تۈرمۇشتا ھەر كىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان يېڭى رېئاللىق بىلەن 1928- يىلدىن باشلانغان ئىزچىل سۈكۈت ئىچىدە ستالىنىزمغا بوي سۇنىدىغان ئىجتىمائىي تۈرمۇش روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈردى.

ئىككىنچى، ماركسىزمنىڭ بىردەكلىكىگە تەھدىت سالدى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىكىگىمۇ تەھدىت سېلىشى مۇمكىن. ئىلىم ساھەسىنىڭ يېڭى پەن قارىشى بىلەن پەلسەپىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ئاساسىدا قانات يايغان ئەركىن ئىلمىي مۇنازىرىلەر ماھىيەتتە قامال قىلىنغان، ئۆزىنى قىلالمايدىغان ئىشى يوق دەپ قارايدىغان نەزەرىيە بىلەن ئەسلىدىنلا قىلچىلىك چىقىشالمايدۇ. يەنە كېلىپ، نۇرغۇن سەزگۈر مەسىلىلەرگە بولغان مۇنازىرىلەر ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى يا قانۇنلۇق كۆپ قاتلاملىق تۈزۈلمىگە ئېلىپ كىردى، يا بولمىسا باستۇردى، بولمىسا ئىلمىي مۇنازىرىلەر تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ.

ئۈچىنچى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ سوۋېت كوممۇنىزمىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتتى؛ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل كوممۇنىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى.

ئۆتمۈشتىكى جىنايەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە ھازىر بىلەن ئۆتمۈشتىكى ھادىسىلەرنى تەنقىدلەش، ئۆتمۈشتىكى غەرب ئالىملىرى ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ستالىنىزمغا ئالاقىدار بارچە قاراشلارنى ئىسپاتلىدى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت-ژۇرناللىرى ئۇلارغا ھەممىشە «كاللىسى جاھىل كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقاتچىلار» دەپ قارا چاپلىدى. دەرۋەقە، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى يېزىلغان تەپسىلىي، جانلىق ۋە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان بايانلار چەتئەللىكلەر يازغان خەۋەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىدىيە جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭ بۇزغۇنچىلىق رولىغا ئىگە. شۇنداقلا، مۇنازىرىلەردە ئاشكارىلانغان بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار غەربلىك زاتلارنىڭ كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسىگە قاراتقان تەنقىدلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

# يەتتىنچى باب كوممۇنىزم تەرەققىي قىلىۋاتامدۇ ياكى يىمىرىلىۋاتامدۇ؟

كەلگۈسىدىكى ھەقىقى مەسىلە گورباچېۋنىڭ ئۆزۈن مۇددەت ھوقۇق تۇتالامدۇ يوق دېگەن مەسىلە ئەمەس، ھەتتا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنامدۇ ياكى مەغلۇپ بولامدۇ دېگەنمۇ مەسىلە ئەمەس؛ بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمى سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئازادە، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە تۈزۈمگە تەرەققىي قىلىشى كېرەكمۇ ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىش، ھەتتا گۇمران بولۇشمۇ دېگەن مەسىلىدۇر. گورباچېۋ يۇقىرى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىشى مۇمكىن، ياكى چۈشىنىكسىز ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئېلىپ بارغان بىر قىسىم ئىسلاھات ئىشلىرى گەرچە تېخىمۇ ئېھتىياتچان شەكىلدە بولسىمۇ يەنىلا داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئۇمۇ بەلكىم داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشى، ئەمما ئەمەلىي ھوقۇقىنى يوقىتىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ خەلقئارادا ئابرويى چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇنى گرومىيكو (Gromyko) غا ئوخشاش دۆلەت باشلىقلىقىنى ئۆستىگە ئالغۇزۇشنىڭ كېرەملىن سارىيىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور پايدىسى بار. ئەمما، ئۇ بېكىتكەن كۆپ قىسىم سىياسەتلەر ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلدى. بۇندىن باشقا، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاستىلىتىش ياكى تېزلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قالماقچى، بىرلا ۋاقىتتا لىگاچېۋغا ئوخشاش سىياسى رەقىبلىرىنى چەتكە قاقماقچى بولدى.

ھالقىلىق مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمى تەرەققى قىلىپ تېخىمۇ كۆپ خىللاشقان تۈزۈلمىگە ئايلىنامدۇ يوق، تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى ئىجادچانلىق بارلىققا كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا سەھنىدە تېخىمۇ زور رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە قىلالايدىغان تۈزۈلمە قىلالامدۇ يوق دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، يەنە تېخىمۇ كەڭ كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ. نۆۋەتتىكى قالايمىقانچىلىق بەلكىم شۇنداق بىر ئۆزگىرىش يۈز

بىرىشىنىڭ سىگنالى بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمىنىڭ تەدرىجىي يىمىرىلىشكە قاراپ مېڭىشىنىڭ تۈنجى باسقۇچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، جەمئىيەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي تۈزۈمىگە مەجبۇرىي بوي سۇندۇرۇلغانلىقىدىنلا بولۇپ قالماستىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنى ئىدېئولوگىيە لاھىيىسىگە ئاساسەن زورلاۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قايتىدىن ياساپ چىققانلىقىدىندۇر. شۇڭا، سىياسىيسىزلاشتۇرۇلغان كۆز قاراش بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، ھەقىقىي سىياسىي تۇرمۇش مەۋجۇت بولمىغان، ھەممە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۇرۇيدىغان ۋەزىيەت پۇتكۇل جەمئىيەتنىڭ بىردەكلى ـ كىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى، سىياسىي پەقەت يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەرلا بەھرىمان بولىدىغان ئىمتىيازغا ئايلاندى.

شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمىنىڭ مۇستەبىتلىك ئالاھىدىلىكنى تەدرىجىي يوقاتماقچى بولسا، سىياسىيدا تېخىمۇ كۆپ خىللاشقان تۈزۈلمىنى تەدرىجىي قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر، بۇ تۈزۈلمە جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئوينىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، ھەتتا ھەقىقى سىياسىي تۇرمۇشنى جەمئىيەتتە نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قىلىدۇ. مۇشۇنداق تەرەققىيات مەنزىرىسىنىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى بارمۇ يوق؟ بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاۋابى نۆۋەتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېئاللىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆزئارا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئىككى زىددىيەتنىڭ ھەل بولۇش بولماسلىقىغا باغلىق. بىرىنچى، ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە جەمئىيەت باشقۇرۇشتىكى رولىغا قايتىدىن ھەقىقىي تۈپكى ئېنىقلىما بەرمىسە، ئىقتىسادنىڭ جانلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ؟ ئىككىنچى، ئەگەر رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتمىسە، ھەتتا ھوقۇقىنىڭ تارقاقلاشتۇرۇلىشى ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەدرىجىي پارچىلىنىشىنى، ئىقتىسادىي ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇشنى ھەمدە پارتىيىنىڭ مەركىزىي كونتروللۇق ھوقۇقىنى كىچىكلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغىلى بولامدۇ يوق؟

1988 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى سىياسىي

ئىسلاھاتتا ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ئىسلاھات قىلىش كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. پارتىيىنىڭ قاراردا تۈزلا قىلىپ:«بۈگۈنكى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئاساسىي ئىسلاھاتىنى قىلىش» دەپ جاكارلىدى. لېكىن 3 كۈندىن كېيىن، 7-ئاينىڭ 7- كۈنىدىكى «ھەقىقەت گېزىتى» دە «مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ دېموكرا تىيىلىشىش تەرەققىياتى ئاستىلاپ كەتتى»دەپ يازغان ئىدى. پارتىيىنىڭ كادىرلىرى ئىقتىسادىي ئىسلاھات سەۋەبلىك قىسقارتىلمىدى، گورباچېۋ ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيىنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىشتىكى سىياسىي ئىسلاھات ھەقىقىي يولغا قويۇلمىدى. لېنىنىزم مىراسلىرىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋشتەك ئۇسۇل پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە ھوقۇقنى مونوپۇل قىلىشنى ساقلاپ قېلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى ھەمدە بۇنداق قىلىشنىڭ ئىقتىسادتا ئىمكانىيەت بېرىش بەرمەسلىكى بىلەن كارى بولمىدى.

شۇڭا، مەسىلە ئەگەر كومپارتىيە ھوقۇقنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىمىسا، ئىقتىسادىي ئىسلاھات مۇۋاپىقىيەت قازىنالامدۇيوق دېگەنگە باغلىقتۇر. جاۋابى قارىماققا مۇمكىن بولمايدۇ. ھەقىقىي مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىقتىساد چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئالدىنقى شەرت: بازار مېخانىزىمنى كىرگۈزۈش، تەلەپ ۋە تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان باھا قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەركىن يۆتكەش، خەۋپ-خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، مەبلەغ سېلىشقا تەۋەككۇل قىلالايدىغان باشقۇرغۇچىلار قاتلىمىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ بۇيۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ئالدىنقى شەرتلەرمۇ پارتىيىنىڭ رولىنى زور دەرىجىدە كىچىكلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ رولىنى كىچىكلىتىشتەك ئۇسۇللارنى دەل سوۋېت ئىتتىپاقى ئورگان خادىملىرى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. ئاشكارىلىق ۋە ئىسلاھات ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور ھاڭ دەل مۇشۇنداق شەرت ئۈستىگە يىلتىز تارتقان، شۇڭا ۋەيران قىلغۇچ ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئاتا قىلىشى مۇقەررەردۇر.

بۇنىڭدىن سىرت، جەمئىيەتنىڭ زۆرۈر ئىسلاھاتقا بولغان ھەقىقى تونۇشى يەنىلا كەمچىل، كونا قائىدە، ناچار ئادەتلەر ۋە ھورۇنلۇق ئىسلاھاتقا نۇرغۇن توسالغۇلارنى پەيدا قىلدى. ئامما ئىسلاھاتقا گۇمانلىنىش

پوزىتسىيىدە بولدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئىسلاھاتنىڭ دەرھاللا قانداقراق ئىقتىسادىي ئاقىۋەت پەيدا قىلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ كېلىدىغان جازالاش ئۈسۇلىدىن گۇمانلاندى. دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىسى پاك-پاكىز ۋەيران قىلىندى. زاۋۇت باشلىقى ۋە دىرىكتورلار تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا كارخانىچىلىق قىزغىنلىقى كەمچىل. ئەمەلدارلار ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى كۆرىدۇ. رۇسىيەنىڭ تارىخى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېئاللىقى بىرلىشىپ بىر كۈچ ھاسىل قىلىپ ئىسلاھاتنى بايقۇت قىلدى.

مىللىي مەسىلە ئىسلاھات قىيىنچىلىقىنىڭ ئۈستىگە قىيىنچىلىق قوشتى. رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئىنتايىن تېز. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ نوپۇسى 1959-يىلىدىن 1979-يىلىغىچە 72%كە يېقىن كۆپەيدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى سىلاۋيانلىرى تەخمىنەن پەقەت 19% كۆپەيدى. ئىككىسى روشەن سېلىشتۇرما بولدى. بۇنداق بولغاندا، رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر ئۆزىنى ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئاممىسىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن رۇسلار ئەمەلىيەتتە يەنىلا مەركەزنىڭ سىياسى ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرماقتا، باشقا مىللەتلەرنىڭ پەقەت سىمۋول خاراكتېرىدە بىر قىسىم ۋەكىللىرى بار. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى رۇسلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئاسانلا يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتكە كىرەلەيدۇ، سىياسىي بۇيرۇ ھەيئەتلىرىنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتە رۇسلاردىن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىل سىياسىتىمۇ رۇسلارغا پايدىلىق. مىسال ئالساق، 1986-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان ھەربىر رۇس 14 پارچە رۇس يېزىقىدىكى كىتاب نەشر قىلدۇرغان، ئەمما باشقا مىللەتلەر پەقەت 2.4 پارچە ئۆز يېزىقىدىكى كىتاب نەشر قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، كېرمىل سارىيىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىمۇ رۇسلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەگەر ھوقۇقنى ھەقىقى تۈردە تۆۋەنگە چۈشۈرمەكچى بولسا، تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىنى تۈزىتىش تەلىپىنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن، رۇسلارنى مەركەز قىلغان كونترول قىلىش ھازىرقى

مەۋجۇت باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىدا ئاللىقاچان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، زورلۇق تۈزىتىش قىلماقچى بولسا، كەڭ كۆلەملىك قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش. ئىسلاھات قىلمىسا مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىسلاھات قىلسا رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى بولغان ئېڭىلىقى ـ شىنى ئېخىمۇ چوڭايتىشى مۇمكىن. بۆلگۈنچىلىك پوزىتسىيىسى، بولۇپمۇ بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى خەلق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇسۇلمانلىرىنىڭ (دۇنيا مىقياسىدىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئۇچرىغان) بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتى ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىكىگە ھەقىقى تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇكرائىنا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان مىللەتچىلىك ئېڭىدۇر. ئۇكرائىنادا 50 مىليون نوپۇس ۋە مول تەبىئىي بايلىق بار. كىيېۋ ۋە لىۋوۋدا، ئۇكرائىنلارنىڭ يېرىم ئاشكارا بولغان سىياسىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى ئاشكارىلىق ئاتا قىلغان كەڭچىلىكتىن پايدىلىنىشى كۆپەيمەكتە. دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۆتمۈشتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ ئۇكرائىناغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى تەكىتلەش ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ روسلاشتۇرۇشنى قەتئىي بايقۇت قىلىش بولدى. مەيلى خاتا ياكى توغرا بولسۇن، كۆپ قىسىم ئۇكرائىنا ـ لىقلار چېرنوبىل يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىكى ئاپەتنى موسكۋادىن كۆرمەكتە ھەم روسىيەلىكلەردىن كۆرمەكتە. ئۇكرائىنالىقلار بۇ ۋەقە كېرمىل سارىيىدىكى ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ مىللىتىگە كەلتۈرگەن 30 ـ يىللاردىكى چوڭ ئاچارچىلىقتىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئېغىر ئاپەت دەپ قارايدۇ. ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ يېزىق ۋە مەدەنىيەت سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقى ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇكرائىن ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ ئاشكارا ھەم كۈچلۈك ئەكس ئەتتى، ئەگەر بۇ خىل نارازىلىق كەيپىياتى تەرەققى قىلىپ، كۆپ قىسىم ئۇكرائىنا خەلقى قوللايدىغان مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىش تەلىپىگە ئايلانسا، ئۇنداقتا مىللىي مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھايات ماماتىغا

مۇناسىۋەتلىك كىرىزىسكە ئايلىنىدۇ.

1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا موسكۋادا چىقىدىغان«كومسومول ھەقىقەت گېزىتى» لۇۋۇ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىشنى خەۋەر قىلدى، بۇنىڭدىن بۇ بىر مەيدان كىرىزىسنىڭ باش ئاخىرىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى «نەچچە مىڭ كىشىلىك » يىغىلىش يۇزەكى قارىغاندا تارىخىي يادىكارلىقلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا كەڭ كۆلەملىك مىللەتچىلىك نامايىش پائالىيىتىگە ئايلاندى. بۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى مىللەتچى پائالىيەتچىلەر بولۇپ، ھېسسىيات قۇيۇق سىياسىي تەلەپ بۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. روسىيە گېزىتلىرى يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلىگەن ئوكرائىنالىقلارنى«ئادەم قىلىپىدىن چىققان، پۇقرا بولۇشقا ۋە ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ساراڭلار» دەپ ئەيىبلىدى.

ئېنىقكى، مىللى مەسىلە ئىسلاھاتنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى. 1988 ـ يىلى باھارغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپ قىسىم مىدىيەلەر مىللى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشتىن تېخى بەكمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى ئاخىرى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسلار موسكۋاغا قارشى مىللى كەيپىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھوقۇقنى ھەقىقى تۈردە تۆۋەنگە چۈشۈرۈش پۈرسىتى يەنىمۇ ئازايغانلىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يەتتى. ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈم تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن. مىللىي ھەربىر روسىيەلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۆلۈمىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق يولغا قويدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەكچى بولسا، چوقۇم سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى يولغا قويۇش زۆرۈر؛ كۆپ مىللەتلىك ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەكچى بولسا، بۇ ھوقۇقنى ئىلگىرى ھۆكۈمرانلىقنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن مىللەتلەرگە بۆلۈپ بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈر مەكچى بولسا، ئىسلاھات سوۋېتلەر «ئىتتىپاقى» نى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ، ھەقىقىي فېدېراتسىيە

دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ، موسكۋانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش زۆرۈر. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. روسىيەنىڭ سىياسىي ئىمتىيازلىق قاتلىمى ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىقتىسادىي ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئاتا قىلىدىغان پايدىغا ئالماشتۇرامدۇ يوق دېگەن بۇ نۇقتا گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

رۇسلار دېموكراتىيىلەشتۈرۈش باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى باھانە قىلىپ، دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشىغا قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. «موسكۋا خەۋەرلەر گېزىتى» بۇ ھادىسىنى چۆچۈگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. «موسكۋا خەۋەرلەر گېزىتى» گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىنى ئاشكارا قوللايدىغان گېزىت. 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى مەزكۇر گېزىت: «نۇرغۇن كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەسىلە تۇيۇقسىز ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. زۇلمەتلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يېڭىلىق كۈچلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى "بۇرما مىخنى بوشىتىۋەتتى" دېدى. ئۇلار يەنە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئاشكارىلىق ئېچىۋەتكەن مەسىلىلەرنى خاتىرلەپ چىقتى ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاش "سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ" دەپ قارىدى» دېگەن خەۋەرنى بەردى. 1988-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى، ئىتالىيە كومپارتىيىسى گېزىتى بولغان «ئىتتىپاق گېزىتى» خەۋەر بېرىپ، ئىسلاھاتقا ئەڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان ماقالىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە 1988-يىلىنىڭ بېشىدا «سوۋېت روسىيىسى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان، تۆۋەندىكى بىر بۆلەك مەزمۇن ھەتتا ئەنئەنىۋى ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن :«ئەڭ چوڭ خەتەرنى... قىرىم تاتارلىرى ۋە يەھۇدىي تىرىلدۈرگۈچىلىرى قاتارلىق ئوخشاش تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان مىللەتلەردە ئېپادىلىنىپ چىققان نومۇسسىز مىللەتچىلىك پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان».

رۇسلارنىڭ كونسېرى كۆپىيىۋاتقان مىللىي تۇقۇنۇشلارغا بولغان قورقۇش پسىخىكىسى ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغان ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق

قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى كوممۇنىزىمنىڭ ئىجابىي خاراكتېرلىك تەرەققىياتىغا ئەمەس، بەلكى ھالاك بولۇشقا قاراپ مېڭىش ئېھتىماللىقى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. پەقەت پارتىيىنىڭ تەلىماتىنى سۈسلاشتۇرۇش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى تەدرىجىي ھالدا موسكۋانىڭ مەركىزىي كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرغاندىلا ئاندىن يېڭىلىق يارىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى، ئىجادچانلىقا، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋە ھاياتى كۈچكە باي بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئەمما پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكىلەر قانچىلىك تەقەززالىق بىلەن ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسى جەھەتتە بۇنداق يىراققا مېڭىشقا تەۋەككۇل قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا كىشىلەرنىڭ گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ ھەقىقى مۇۋاپىقىيەت قازىنىش قازىنالماسلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسى بار. بىزمۇ ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى بىرىنچى تاللاش دەپ ئاتىساق بولىدۇ. ئەمما ھەم باشقا تاللاشلارنى ئويلىشىمىز زۆرۈر. باشقا تاللاشلار :

ئىككىنچى تاللاش: ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمدە ھېچقانداق نەتىجىسى يوق قالايمىقانچىلىق؛

ئۈچىنچى تاللاش: ئىسلاھات قىزغىنلىقى ئۆتۈپ كەتسىلا، قاتمال ھالەتنىڭ قايتىدىن كۆرۈلۈشى؛

تۆتىنچى تاللاش: ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تاللاشتىكى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چېكىنىش ۋە باستۇرۇش خاراكتېرلىك سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىش؛

بەشىنچى تاللاش: يۇقىرىقى بىر قانچە خىل تاللاش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ئاقىۋەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمران بولىشىدۇر.

بۇ تاللاشلاردا، بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئىككىنچى خىل تاللاش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئىسلاھات دۆلەت ئىچىدىكى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئېھتىمال جەڭگىۋارلىقىنى تەدرىجىي يوقىتىپ قويۇش مۇمكىنلىكى يۇقىرى. كۆنسىرى ئېغىرلىشىۋاتقان دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق، ھەتتا يەنە بىر

قىتمىلىق قاتمال ھالەت پارتىيىنىڭ تەدرىجى ھالدا بىر قىسىم يېڭى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىنتىزامى ۋە سىياسىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىشى مۇمكىن، سىياسىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ئېھتىمال ھەربى مۇستەبىتلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، بولۇپمۇ پارتىيە ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ياكى تەرتىپنى ساقلاۋاتقان باسقۇچتا زىيادە مەنمەنچىلىك قىلغاندا ۋە ئىقتىدارسىز بولۇپ قالغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بۇرۇلۇش يۈز بېرىش كوممۇنىزمنىڭ تارىخي كەلگۈسىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئىقتىساد ۋە تېخنىكىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ رىقابەتلىشىشىگە تېخىمۇ پايدىسىز. باستۇرۇش بۇ ھاكىمىيەتنىڭ خەلقئارادىكى نامىنىڭ يەنە بىر قېتىم يەرگە ئۇرۇلىدىغانلىقىدىن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن ستالىن دەۋرىدىن قالغان مەسىلىلەرنى تېخى تولۇق ھەل قىلىپ بولالمىدى.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىنى ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنىڭ قۇتىسىغا قايتىدىن قاچىلاش ئىنتايىن مۇشكۈل. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاشكارا مۇنازىرە ئاللىقاچان بارلىققا كەلدى، چەتئەلنىڭ ئىدىيۋى ئېقىمىغا نىسبەتەن ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنچە كۈچلۈك ئىممۇنىتېتى يوق. ئاشكارىلاشقا بېرىلىپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى زىيالىيلىرى ھەر قانداق باستۇرۇش قىلمىشىغا چوقۇم كۈچلۈك نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەررەر مەغلۇبىيىتى ياكى جەمئىيەتنى باستۇرىدىغان ھەرقانداق تىرىشچانلىق سىياسىي ۋەزىيەتنى كۈنسېرى يامانلاشتۇرۇۋېتىشى ھەمدە ئەڭ ئاخىرى تۈزۈمنىڭ گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ماركسىزملىق ئاتالغۇ بويىچە يىغىنچاقلىغاندا: ھاكىم مۇتلەق سىياسىدىكى «ئۈستقۇرۇلما» ئۆزىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كونترول ـ لىقىغا ئەمدى بويسۇنمايدىغان «ئىجتىمائىي ئاساس» بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يەنە ماركسىزملىق ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا، گورباچېۋنىڭ سىياسىتى ئاڭلىق ھالدا ئەمەس بەلكى «ئوبيېكتىپ» ھالدا يوشۇرۇن ئىنقىلابى

ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئىسلاھاتى دەل بىر تۈركۈم ئىسلاھاتنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار بەربات بولۇشى ئېنىق بولغان ئۈمىدنى قۇچاقلاپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار مالىمانچىلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا، بۇ قالايمىقانچىلىقلار ھەقىقەتەن كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئېغىر ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. گەرچە ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئاشۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىياسىي ۋەھىمە پەيدا قىلىشنى ئازايتىۋاتىدۇ. بۇنداق ئارىلاشما گەۋدە تەبىئىيكى پارتىلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

بارلىققا كېلىۋاتقان قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشى ھەمدە تەۋەككۇل قىلىپ ئىسلاھات قىلىشى مۇمكىن، ھەتتا يېزا ئىگىلىك جەھەتتە كومپەدىيلىك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى مۇمكىن، يەنە ئالېكساندىر سولژېنىتسىننىڭ ۋەتەنگە قايتىشىنى قارشى ئېلىش قاتارلىق سىمۋول خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈزۈمدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە جەمئىيەتتىكى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ تەدبىرلەر ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ بولغان سىياسىي كرىزىسنى تېزلىتىۋېتىشى مۇمكىن. ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى گورباچېۋنى سىياسىي ئىسلاھاتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ ئىش ئەسلىدىلا كىشىلەرنى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئىنقىلابى ھۆكۈم يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق لېنىنىزىمنىڭ مىراسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە ئەسكەرتىدۇ. بۇ نۇقتا توغرىسىدا گورباچېۋ چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ.

باشقا تاللاش تەمىن ئېتىدىغان تەييار نەزەرىيە ۋە تەشكىل بولمىغانلىقتىن، بۇ مىراستىن ۋاز كەچسىلا ھازىرقى زامان سوۋېت ئىتتىپاقى تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن بار بولغان چىرىكلىك، ئۈمىدسىزلىك ۋە كۈنسېرى تولىۋاتقان قارشىلىق كەيپىياتى قاتارلىق قۇدرەتلىك كۈچنى قويۇپ بېرىدۇ. داۋاملىق ئىسلاھات قىلىشقا ئىزدىنىش ئېھتىمال بۇ زىددىيەتلەرنى ھەقىقەتەن كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، چۈنكى ئىسلاھات سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلىرىنى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى

تۈزۈمــدە بەھرىمــان بولۇۋاتقــان ئاساســلىق مەنپەتــتىن قــۇرۇق قويۇشــى مــۇمكىن، بىــرلا ۋاقىتتــا بــۇ مەنــپەئەتلەر بىــلەن بــاراۋەر پايــدىنغا ئېرىشەلمەســلىكى مــۇمكىن. ئاساســلىق مەنــپەت ئەمەلىيەتــتە ئىشــچىلارنىڭ خىــزمەت ئەھــۋالى ياخشــى يامــان بولســۇن ئىشســىز قالمايــدۇ، يەنە مــۇقىم مائاشــى بــار. شــەھەر پرولېتارىيــاتلىرى ئىســلاھات ئاتــا قىلغــان قىســقا مۇددەتلىــك ئىجتىمــائىي ئــاقىۋەت پەيــدا قىلغــان ئەڭ ئېغىــر زىيانغــا ئۇچرايدىغان بىر سىنىپ بولىشى مۇمكىن. قىسقا مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئاقىۋەت پۇل پاخاللىقى، ئۆي ئىجارىسى قىممەت بولۇش(سوۋېت ئىتتىپاقى 1928-يىلىــدىن باشــلاپ ئــۆي ئىجارىســىنى توڭلاتقــان)، يــاكى ئىشســىزلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىــدۇ كــى، شــەھەر پرولېتارىيــات ســىنىپى مەلــۇم ۋاقىتتــا ئۆزلىرىنىــڭ نــارازىلىقىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. ئاقىۋەت، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئويغانغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلىرى ئارىسىدا كىچىك كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنقىلابىي قوزغىلاڭغا ئايلىنىشى مــۇمكىن. ئــۇلار سوتســيالىزم شــۇئارىغا ئەســتايىدىل مۇئــامىلە قىلىــدۇ، ئىشــچىلارنىڭ دېموكراتىيىســىنى تەلەپ قىلىــدۇ، ئــۇلار يەنە پولشــا ئىتتىپــاق ئىشــچىلار ئۇيۇشمىســىدىن ئىبــارەت ئۆلگىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

موسكۋانىڭ داۋاملىــق ھۆكۈمرانلىــق قىلىشــىغا نــارازى بولغــانلىقتىن، رۇسلاردىن باشــقا مىللەتــلەر ئارىســىدا ئۆزلۈكســىز كۈچىيىۋاتقــان مىللىــي ۋە دىنىي تونۇش ۋە مىللىي بۆلىنىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلىتىدىغان ئامىل بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتچىلىك دەۋرىدىن ئۆزىنى قاچۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ھەمدە نۆۋەتتە ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن پارچىلىنىش ھادىسىلىرى ئۇنىڭدا ئەسلىدىنلا بار بولغان مىللىي ھېسسىيات تونۇشىنى ئاشكارىلىدى. ھېچبولمىغاندا بىر قىسىم رۇس ئەمەس مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلار ھەقىقىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ يەرلىك ئىقتىسادتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش تەلىپى ئاللىقاچان ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا تېخىمۇ كۆپلىگەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشقا تەرەققىي قىلدى. بۇ تەلەپلەر ئەڭ دەسلەپتە سوتسىيالىزم ۋە دېموكراتىزم

شـوئارىنى قالقـان قىلىشـى مـۇمكىن، لـېكىن يوشـۇرۇپ تۇرغـان ئـاخىرقى مەقســـتى ســـوۋېت ئىتتىپـــاقىنى هـــالاك قىلىشـــتۇر. ئەگەر بەزى قـــاتتىق ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلمىسا، كېرمىل سارىيىنىڭ كۈچلۈك مىللەتچىلىك ھېسسىياتىغا تاقابىل تۇرۇشى تەسكە توختايدۇ.

ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى يەنىمۇ يامانلاشسا، مەركەزدە ئارمىيە قاتناشقان ۋە ك گ ب قوللىغان سىياسى ئۆزگىرىش يـۈز بېرىشى مـۇمكىن. ئىچـىدە نـارازى بولـۇپ يـۈرگەن روسـىيە ئوفىتسېرلىرى، كىشنى ۋەھىمىگە سالىدىغان پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىـڭ بيـۇروكراتلىرى ۋە غەزىپىنـى باسـالمىغان ك گ ب ئەمەلـدرلىرىنىڭ ئىتتىپـاق تـۈزۈپ، بـۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە ئورتاق رەھبەرلىك قىلىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. ئـۇلار ســوۋېت ئىتتىپــاقى سوتســيالىزمى نامــدا ئەمەس بەلكــى رۇس مىللەتچىلىكى نامىدا «مىللىي بىرلىكى» نى مەجبۇرىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مــۇمكىن. دۆلەت ئىچـــدىكى قالايمىقـــان ۋەزىـــيەتكە قارىتــا، ئـــۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋە مەجبـۇرىي ئىنتىزامنـى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشنى تارىخىي قانۇنلىققا ئىـگە قىلىشـى مـۇمكىن. بىـر ئىـدېئولوگىيە بولـۇش سـۈپىتى بىـلەن كوممۇنىزمنىـڭ سىيـىق نـامى تېخىمۇ پۈر كېتىدۇ.

قىسقىچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى قىچىپ قۇتۇلالمايدىغان مۇشكۈل ئەھۋال شۇكى، ئىقتىسادتا مۇۋاپىقيەت قازانماقچى بولسا سىياسـىي جەھەتـتە مۇقىملىقتىن مەھـرۇم قىلىشـنى بەدەل قىلـدۇ، سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىقنى ساقلىماقچى بولسا ئىقتىسـادىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنى بەدەل قىلىدۇ.

# ئۈچىنچى قىسىم ئورگانىنىڭ يەكلىشى

تۆۋەندىكى دەھشەتلىك ھەقىقەت كوممۇنىزمنىڭ شەرقى ياۋروپادىكى تەقدىرىنى چۈشىنىشتىكى ھەل قىلغۇچ نۇقتىسىغا ئايلاندى: ماركسىزم-لېنىنىزم ئىمپېرىيە كۈچلىرى ئارقىلىق بۇ رايونغا ئىمپورت قىلىنغان تەلىماتنى كۈچەيتتى. بۇ تەلىماتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەدەنىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت بىلەن قەتئىي سىغىشالمىدى. نەتىجىدە، شەرقى ياۋروپا جەمئىيىتى كوممۇنىزمنى يەكلەشكە باشلىدى، خۇددى ئادەم تېنى كۆچۈرۈلگەن ئەزانى يەكلەش ھادىسىسىگە ئوخشاش ئىدى. مىللى كۈچلەر ئۆز جەمئىيىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەقىدىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئامال ئىزدىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ رايوننىڭ تەقدىرىنى كونترول قىلىدىغان يېڭى ئامال تاپماقچى بولدى، ئورگانىنىڭ يەكلەش جەريانى بۇ كۈرەش داۋامىدا تاماملانغان.

گەرچە ماركسىزم ئەڭ بالدۇر غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما روسىيىنىڭ شەرقچە مۇستەبىت سىياسىي مەدەنىيىتى بىلەن بىرىكىپ كەتكەنلىكتىن، ماركسىزمنىڭ دەسلەپكى گۇمانىزملىق ماھىيىتى ۋەھشىي ۋە رەھىمسىزلىككە ئۆزگەردى. ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىچە كوممۇنىزمنى مەجبۇرلۇق بىلەن شەرقى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە، بىرلا ۋاقىتتا ماركسىزم -لېنىنىزم-ستالىنىزمنى غەربى ياۋروپا مەدەنىيىتى ،دىنى ۋە ئىدراكلىق ئەنئەنىسى بىلەن زور دەرىجىدە بىرىكىپ كەتكەن جەمئىيەتكە يۆتكەپ باردى. نەتىجىدە، شەرقىي ياۋروپادىكى سوۋېت ئىمپېرىيىسى ئىمپېرىيە تارىخىدا تەڭداشسىز بولۇپ قالدى. بېقىندى خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتتە ئۈستۈنلۈكى يوق دەپ قارايتتى.

گەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئۈستۈنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈستۈنلۈك رىم ئىمپېرىيىسى، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ۋە فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىشىدىكى ھەل قىلغۇچ بىر ئامىل ئىدى. ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، شەرقىي ياۋروپادىكى سوۋېت ئىمپېرىيىسى مەيلى

توغرا ياكى خاتا بولسۇن، مەدەنىيەتتە قالاق دۆلەتنىڭ ئېقىمغا قارشى ھالدا بويسۇندۇرغان زېمىن دەپ قارالدى. شۇڭا، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شەرقىي ياۋروپاغا مەجبۇرلۇق بىلەن تېڭىپ 40 يىلدىن كېيىنمۇ، شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىزم ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەت يەنىلا داۋالغۇپ تۇردى.

لېكىن، كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسى بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە بىر مەزگىل ئۇرۇنۇپ باقتى. گەرچە مۇتلەق كۆپ قىسىم شەرقىي ياۋروپالىقلار روسىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەدەنىيەتتىكى چېكىنىش دەپ قارىدى، ئەمما يەنە نۇرغۇن كىشىلەر كوممۇنىزم تەلىماتى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە سانائەتلەشتۈرۈشنى تېزلىتىشتە يوشۇرۇن كۈچى بار دەپ قارىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم ئەمەلىيىتىنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىلاتتى، چۈنكى ئىدېئولوگىيە نەزەرىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كېرمىل سارىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى (تارىخى تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى دەپ قارالدى) قوبۇل قىلىشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئىشلىتىلدۇ.

شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى نەمۇنىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا ھالاكەتلىك ئاپەت كەلتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىمپېرىيە بىرلىكىنىڭ شەرتنامىسى بولغان كوممۇنىزم تەلىماتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاجىزلاشتۇردى، بىرلا ۋاقىتتا ھەم سىرتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقنى كۈچەيتىۋەتتى. كىشىلەر بۇنىڭ مەركىزىي رايوننىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلىدى. موسكۋامۇ يېڭى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەكسىچە، بارلىق ئامىللار باشقا مىللەتلەرنىڭ كېرمىل سارىيىنىڭ ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان كۈچلۈك دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى قوزغىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، كېرمىل سارىيى شەرقىي ياۋروپا بىلەن ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئىزچىل ئۇرۇنۇپ كەلدى. كېرمىل سارىيى باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىكى ئاستىغا ئېلىش ئارقىلىق ،

ۋارشاۋا شەرتنامىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، گورباچېۋ شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىدىن يېڭى تېخنىكا، مەبلەغ، ھەتتا كەسپى ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېرىشىشكە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئاكتىپ تەدبىرلەر بىرلا ۋاقىتتا ھەم موسكۋانىڭ ئىدېئولوگىيەنى بوغۇشىنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي ياۋروپا مىللەتچىلىكىنىڭ قەد كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەيۋىسىنى يوقاتقانلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئاقىۋەتتە، تىركىشىۋاتقان ئىككى خىل كۈچ سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقى ياۋروپادىكى كۈچ تەسىر دائىرىسىگە تەسىر قىلدى، بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيە كونترولىقىدىن قۇتۇلۇشتىكى ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى ئىمپېرىيىنىڭ بوغۇشىنى ئاجىزلاتماقچى، ھەتتابۇسۇپ ئۆتمەكچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بارلىق كۈچى بىلەن بۇ خىل مەركەزدىن قاچما كۈچكە زەربە بەردى. ئالدىنقىسى كۆپ قىسىم شەرقى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كوممۇنىزم گەۋدىسىنى يەكلىشى، كېيىنكىسى كىرمىل سارىيىنىڭ خەيرخاھلىقى ۋە تاكتىكىسىغا داۋاملىق تايىنىپ، شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشى ۋە زېمىن بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

# سەككىزىنچى باب: ئىدېئولوگىيىنىڭ كۆچۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

سزېسلاۋ مىلوسز (Czeslaw Milosz) ئۆزىنىڭ «كىشەنلەنگەن ئىدىيە» دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ دەسلەپتە گىتلېرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، كېيىن ستالىن تەرىپىدىن «ئازاد قىلىنغان» كوممۇنىست بولمىغان شەرقىي ياۋروپالىقلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆچىنىڭ بارىچە كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلدى. ستالىن ھاكىمىيىتى قىنىغا پاتماي قالغان ھوقۇق ۋە كۈچىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە،دېموكراتىك غەرب شەرقىي ياۋروپانىڭ تەقدىرىگە پەرۋاسىز پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى.بۇلارغا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىپ بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك جەمئىيەت سىنىقى قوشۇلۇپ، بۇ رايوندا سوۋېتلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ئىكەنلىكىنى كىشىگەتېخمۇ كۈچلۈك ھېس قىلدۇردى . تەقدىر خۇددى شەرقىي ياۋروپانىڭ كوممۇنىزمنى قوبۇل قىلىشى ھەتتا ئېتىقاد قىلىشىنى بەلگىلەپ قويغاندەك ئىدى.

كوممۇنىزمنىڭ سادىق مۇرتلىرى بولغان يىگىتلەر بارلىققا كەلگەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھوقۇقدارلىرى ئارىسىدا كۆرۈلگەن ئەسەبىيلىك يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تارىخنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتىمىز دەپ قارىدى. 1948 يىلى 7-ئايدا،پولشادىكى ئەڭ ئەسەبىي ستالىنىزمچى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى مېيسزىيسلاۋ موكزار (Mieczyslaw Moczar) پولشادا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە مەركىزى كومىتېتىغا قاتتىق ۋارقىراپ، ناھايىتى ئۇستىلىق ھالدا سادىق مۇرىتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى،« بىزدەك پارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ ۋەتىنىمىز . بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا سىزىقىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېنىق ئېيتىپ بېرىشكە ئامالسىز

مەن، ئېھتىمال بۇگۈن بىرلىندىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەتە گىبرالتارغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن» دېدى.

بۇنىڭدىن سىرت، كوممۇنىزم ئۆزگەرتىشنىڭ بۇ رايونغا دەسلەپتە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئېتىراپقىلىش كېرەك، شۇڭا، بۇ پەقەتلا ئابستراكت ئىدېئولوگىيىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى مەسىلىسى ئەمەس. شەرقى ياۋروپا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن دەس تۇرۇپ ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن شۇنى ھېس قىلدىكى، شەرقىي ياۋروپا سانائەت يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان غەربىي ياۋروپا ۋە يېقىندىلا سانائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ستالىن رۇسىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئارقىدا قالغاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەجبۇرىي يولگەن كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھوقۇقدار ئەمەلدارلىرى ئۇنۇملۇك ئىجتىمائىي ئىسلاھات بىلەن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان سانائەتنى بىرلەشتۈرۈشنى، بولۇپمۇ دېھقانلارغا قايتىدىن تېرىلغۇ يەر تەقسىم ـ لەشتەك مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى قىلىپ بېكىتتى . ئۇلار ئېغىر سانائەتتە 20يىل ئىچىدە يېتىشۋېلىشى، ئاندىن ئىقتىساد يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان غەربىي ياۋروپادىن ئېشىپ كېتىشنى بېكىتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار دەسلەپكى باسقۇچىدىلا سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شەرقى ياۋروپا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىرىنچى 10 يىلى ھەم جەمئىيەتتە ئېزىلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئورنىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرگەن 10 يىل بولدى. بۇ ئەھۋال ئانچە تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك، مەسىلەن رومىنىيە بىلەن بۇلغارىيە؛ ئەمما پولشا بىلەن ۋېنگىرىيەدە ئەھۋال سەل ناچار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە زور ساندا نامرات يېزا نوپۇسى بار بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئاز بىر قىسىم ئاشقۇن سانائەت ئىشچىلىرى بار ئىدى. بۇ ئىشچىلار يېڭى ھاكىمىيەت تەرەپتە تۇرۇشنى خالايدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ . ئۇلارغا نىسبەتەن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېزلىكتە يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ ھەممىسىگە تېخىمۇ كۆپ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ھەمدە يېڭى ھوقۇقلۇق ئورگانلار، بولۇپمۇ ساقچى ۋە ئارمىيىدە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. گەرچە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئادەملىرى

تېخىمۇ كۆپ بولسىمۇ، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن شەرقىي گېرمانىيەمۇ نىسبەتەن كىچىك دەرىجىدە شۇنداق ئىدى.

كوممۇنىزم قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يېڭى ھۆكۈمدارلارمۇ ئوخشاشلا دۆلەت ئۈچۈن تەشەببۇس قىلغان ۋە كوممۇنىزمنىڭ ساختا ئىلىم-پەن خام خىياللىرى تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان زىيالىيلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئىشقا سالالايتتى. دەسلەپكى نەچچە يىلدا، يېڭى تەرتىپ يېڭى دەۋردىكى گۈزەل ئارزۇلار، ھەيۋەتلىك شەھەر، سانائەت پىلانى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك نىشانى تەرىپىدىن جەلىپ قىلىنغان ياشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى .ئۆتمۈشتىكى خارابىلەر ئۈستىگە يېڭى جەمئىيەت تەرتىپى قۇرۇش تەسەۋۋۇرى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا يەتكۈچە ئازاب چەككەن، شۇنداقلا رىئاللىققا ئۈيغۇن ھەم كۆڭۈلدىكىدەك تارىخىي تەرەققىيات يۆلىنىشىنى ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھەقىقەتەن ماس كەلگەن ئىدى.

يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي ياۋروپا كومپارتىيە ھاكىمىيىتى گەرچە ناھايىتى چوڭ دەرىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانسىمۇ، ئەمما قىسمەن ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئاساسى بار ئىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كوممۇنىزم ئەڭ دەسلەپتە چېخوسلوۋاكىيە ۋە ۋېنگىرىيەدە ئەڭ كۆپ قوللاشقا ئېرىشكەن، لېكىن پولشادا ئانچە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن. چېخوسلوۋاكىيە بىلەن ۋېنگىرىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى كىرىشتىن بۇرۇنلا داغدۇغىلىق كوممۇنىزم ھەرىكىتى قوزغىغان، بىرلا ۋاقىتتا رۇسىيە لىكلەر بىلەن ناھايىتى قويۇق ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. لېكىن پولشادا، سوۋېتلاشتۇرۇشنى بايقۇت قىلىش مىللىي قىزغىنلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك ھەمدە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى.

گەرچە كوممۇنىستىك پارتىيە بەزىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق جايدا كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، دەسلەپكى باسقۇچتا، يېڭى ھۆكۈمرانلار پۈتۈن زېھنى كۈچىنى دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي دۈشمەن كۈچلەرنى تازلاش ۋە باستۇرۇش قاراتتى. ستالىننىڭ سىنىپىي كۈرەشكە ئالاقىدار تەلىماتى يەنى سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدا ئۇدا غەلىبىگە ئېرىشىشكە ئەگىشىپ تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن «دىئالېكتىك» تەلىماتى سىنىپىي كۈرەش ئۇقۇمىنى

تولۇقلىدى. بۇ خىل تەلىمات پۈتكۈل رايوندا ستالىنىزم شەكلىدىكى تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتا ئىشلىتىلدى. 1948-يىلدىن 1953-يىلغىچە بولغان ۋاقىت تىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولدى. بۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقى ياۋروپادا قاتتىق سوۋېتلاشتۇرۇش يۈرگۈزدى، كوممۇنىستىك پارتىيە نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى، نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى تۈرمىگە قاۋىدى ھەمدە ئوچۇق سوت ئېچىش ۋە كەڭ كۆلەمدە تەھدىت سېلىش ھەرىكىتى قىلدى.

ستالىنىزمنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى قىلىشى ئىنتايىن رەھىمسىزلەرچە بولۇپ قالماستىن، بەزىدە ئاجايىب-غارايىپ ئىدى. 1986-يىلى، گېرمانىيە يازغۇچىسى خەنس-ھېنىنىڭ پەتزكى (Hans - Henning Paezke) «ۋېنگىرىيەدىكى ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەر» (Andersdenkende in Ungarn) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. كىتابتا ۋېنگىرىيەدىكى ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكى پائالىيەتچىدىكى خىلمۇ خىل شەخسلەرنى زىيارەتقىلغان ئەھۋاللار يېزىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە لاسزلو راجك (LaszloRajk) ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرىنىڭ ئوغلى ، بۇ رەھبەر 1949-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قولغا ئېلىنغان،قاتتىق قىيىن قىستاقتىن كېيىن مەجبۇرى ھالدا ئىلگىرى يەھۇدى زىئونىزمچىلىقىنىڭ جاسۇسى بولغانلىقىنى ئىقرار بولغان، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دارغا ئېسىلغان. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا ئالاقىدار بايانلىرى بەزى شەخسلەر ھەمدە بيۇروكرات ئورگانلارنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق ئىجتىمائىي ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ھەممە يەردە قالايمىقان ئىشلەتكەنلىكىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەردى.

دادىسى قولغا ئېلىنغان ۋاقىتتا كىچىك راجك تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا 4 ئاي بولغانىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن مومىسىمۇ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق دۆلەت تەرىپىدىن «بېقىۋېلىنىپ»، دارىلئېتام ئاپىرىپ قويۇلدى. دارىلئېتامدىكى باللارنىڭ ھەممىسى سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ باللىرى ئىدى. دادىسى لاسزلو راجىك دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەمما، بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە ئۇقتۇرۇلمىغان، شۇڭا

ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلگەنلىكىنى بىلەلمىگەن. ئالاقىدارلار دائىرىلەرمۇ ھەر قانداق سۈرۈشتۈرۈشكە جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ ھامىسى بالىسىنىڭ نامىدا داۋاملىق سوتقا ئەرز سۇنغان. گەرچە ئۇ ھەر خىل ساقچى ئورگانلىرىدا نەچچە سائەت ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن. ئەرز سۇنۇشتىن ئېرىشكىنى دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيە ۋە پەرۋا قىلماسلىق بولغان.

ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھامىسى مەخپىي ساقچىلارنىڭ خەۋىرىگە ئېرىشىدۇ، ساقچى ئۇنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە كۈندە بۇداپېشت شەھىرىنىڭ مەلۇم كوچىدا ساقلاشنى ئېيتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك ماشىنىسى كېلىپ، 4 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى ماشىنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھامىسى يەنىلا بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ دېرىكىنى ئالالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئۆزى بېقىۋالىدۇ. ئۇ بۇ بالىنىڭ ئىسمىنىڭ (ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان دادىسىنىڭ ئىسمى) ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بايقايدۇ. ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن ھۆججەتكە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىشى «ئۆزىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بولغان»، لېكىن ئۇ ئەينى چاغدا ئەمدىلا 4 ئايلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بالا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىگە قارىتا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن ئىشنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى بىلىدۇ.

بەزى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى كىشىلەرنىڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى تەپسىلىي شەرھىيلەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما شەرقىي ياۋروپادا سوۋېتلاشتۇرۇشنىڭ تېررورلۇق دەرىجىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. پائۇل لېندۋاي (Paul Lendvai) نىڭ «جاھىل ۋېنگىرىيە» 1987-يىلى نەشرىياتى؛[(Eigenwillige Ungarn Das)] ناملىق كىتابى تەمىنلىگەن تەپسىلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ۋېنگىرىيە نوپۇسى 6 مىليون ئىدى، 1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە، تەخمىنەن387 مىڭ ئادەم ھاكىمىيەت دۈشمەنلىرى دەپ ئەيىبلەنگەن، ھەممىدە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، تەخمىنەن ۋېنگىرىيە نوپۇسىنىڭ 5% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 1956-يىلى ۋېنگىرىيە توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت يۆلەپ چىقارغان كادار (Kadar) ھاكىمىيىتى 2000 دىن 4000 غىچە

سىياسىي دۈشمەنلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. 1968-يىلدىكى «پراگا باھارى» دا، كوممۇ نىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سانلارنى ئاشكارىلىدى. 1951-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بوي سۇنىدىغان چېخوسلوۋاكىيەدە 100 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ( 6100 دىن كۆپرەك دىنىي زات، راھىب ۋە راھىبەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جازا لاگېرىغا قامالغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىچىدىكى قانلىق تازىلاشتا 278 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە رەھبەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.پولشادا، كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكەتنى باستۇرۇش 45 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئارقىدىنلا، تەخمىنەن 5000 ئادەمگە ھەر تۈرلۈك سىياسىي جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ستاتىستىكا قىلىنغىلى بولمايدىغان سانلارنى چوقۇم قوشۇش كېرەك، بۇ سانلار ئاز دېگەندە نەچچە ئون مىڭغا يېتىدۇ، بۇ كىشلەر سوۋېت ئىتتىپاقى جازا لاگېرىغا قامالغاندىن كېيىن قايتىپ چىقالمىدى.

پولشا كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيىتى مۇستەقىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ بارلىق بەلگە ۋە سىمۋوللىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ساقچى مەسلىھەتچىسىنىڭ ئاكتىپ ياردەملىشىشىدە، پولشا ھاكىمىيىتى زوراۋانلىقنىڭ تىغ ئۇچىنى ناتسىستلارغا قارشى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ھايات رەھبەرلىرىگە قاراتتى، بولۇپمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئەڭ چوڭ مەخپىي تەشكىلات ئاۋام ئارمىيىسىنىڭ سابىق قوماندانى ۋە ئادەتتىكى ئوفىتسېرلىرىغا قاراتتى. ئۇلار ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىين-قىستاقلارغا ئۇچرىدى ھەمدە جان-جەھلى بىلەن ئاچقان ئوچۇق سوتتا ناتسىستلارنىڭ «شېرىكى» دېگەن بۆھتاننى چاپلىدى. ئۇزۇن مەزگىللىك قىين قىستاقلادا ئۇلارنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بەزى كىشلەرنىڭ بەدىنىگە گېزىتتىنكېسىلگەن 卍 خېتى چاپلاندى بەزى كىشلەرنى جازا بېرىلگەن ناتسىت ئۇرۇش جىنايەتچىلەرى بىلەن قەستەن بىر كامېرغا سولاپ قويدى.

كەڭ كۆلەملىك،پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرى يېڭى سوۋېت ئىتتىپاقىچە ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمنى شەرقى ياۋروپاغا مەجبۇرىي تاڭدى. ئۇلار ھازىر

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى يوقىتىپ، يېڭى بىر جەمئىيەت ۋە سىياسىي تەرتىپ قۇرۇپ چىقتى.ئەمما، ئەگەر تەشكىللىك تېرورلۇق پائالىيىتى ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئالاھىدىلىكى دەپقارالسا، ئۇنداقتا چوڭ بىر خاتالىق. ئەمما،مۇبادا بۇ تۈزۈم بەرپا قىلىنسا، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر قايسى تەرەپلەر ئومۇميۈزلۈك ھەممە قەبىھ بيۇروكراتلىقنى ئالاھىدىلىك قىلىدۇ. مەلۇم دەرىجىدىن ۋە مەلۇم مەنىدە، كۆپ خىللاشقان ۋە دېموكراتىك غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن كۆز قاراشلىرى يۈزەكى كۆزەتكۈچىلەر بۇ رېئاللىقنى چۈشىنەلمەيدۇ.

«شەرقىي ياۋروپا دوكلاتچىلىرى» ژۇرنىلىدا ( 1987 ـ يىلى2 ـ توم 3 ـ قىسىم )، ۋاسلاۋ خەۋېل (Vaclav Havel) ئىسىملىك ئۇخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكى چېخسلوۋېگىيىلىك بىر كىشى ناھايىتى مىغىزلىق قىلىپ تېرورلۇق ۋاستىسىنى تەشكىللىك، ۋەھشىيلىك بىلەن ئىشلىتىشىدىن شەكىللەنگەن كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلدى. ئۇ :«ھاكىم مۇتلەقلىق بولسا كىشىلەر ئۆزى چوقۇم باشتىن كەچۈرگەندە ئاندىن قىلىدىغان نەرسە، بۇ نەرسىنى يىراقتىن كۆرگىلى بولمايدۇ ...بىزنىڭ تۈزۈلمىمىزدە زوراۋانلىق روھقا قارىتا ئىپتىلغان، ھەرگىزمۇ جىسمىمىزغا قارىتا ئىپتىلغان ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا زوراۋانلىق مەخپىي بولىدۇ،ئاشكارا بولمايدۇ. مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىدا ھەممە ناھايىتى نورمالدۇر. سىز كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا ئاستا كېتىۋاتقانلىقىنى، خۇشال پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى، ماگىزىنلارغا كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز، سىرتتىن قارىغاندا ھەممە نورمال،دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. ساياھەتچىلەر ياكى زىيارەتچىلەر دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى زوراۋانلىق تەرەپلىرىنى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ» دەپ يازغان ئىدى.

خەۋېلنىڭ يەنە ئەگەر غەربلىكلەر بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ كىشىنى ھەقىقى زالىملىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلماقچى بولسا، چوقۇم بۇ خىل تۈزۈلمە ئاستىدا ياشىشى ھەممىدە ئۇزۇن مۇددەت «چوڭ ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالغان بيۇروكرات ئورگاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىشى، ئۇلار ھەر بىر كىچىك ئىشنى قىلماقچى بولسا ئالاقىدار ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىشى كېرەك .ئۇلار ئادەمنىڭ روھى ۋە ئەڭ ئاساسلىق قەدىر قىممىتىنىڭ

ئاستا ـ ئاستا دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ ... كىشلەر بۇ خىل خورلۇقتا ئۆزۈن مەزگىل ياشايدۇ. مانا بۇ ھاكىم مۇتلەق تۈزۈلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېلېكامېرا ئارقىلىق تارتىۋالغىلى بولمايدۇ، زىيارەتچىلەرگە ئېنىق چۈشەندۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىن. ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزى بېرىپ ھېس قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

سوۋېتچە تۈزۈلمە شەرقى ياۋروپاغا مەجبۇرىي تېڭىلغاندىن كېيىن، يېڭى بىر سىياسىي سىنىپ بارلىققا كەلدى. بۇ سىنىپ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا كوممۇنىزمغا، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ سىنىپ سازاۋەر بولغان جەمئىيەتنىڭ قوللىشى قانچە ئاز بولغانچە، ئۆزىنى قوغدىغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرۇشنى شۇنچە خالايدىغان بولدى. موسكۋا ئۇلارنىڭ سادىقلىقىغا ئىشەنسە بولىدۇ، تېخىمۇ ھەقىقىي ئېيتقاندا بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشتۇر. بۇ كىشلەرنىڭ ھايات ـ ماماتى كېرمىل سارىيى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ستالىن ماختاپ ـ ئۇچۇرۇلۇپ ھوقۇق ئېھرامىنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، ئۆز مەنپەئەتى ۋە ئىدېئولوگىيىمۇ سادىق ۋە تايىنىشچان مۇستەھكەم مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئەمما، سوۋېت گۇرۇھىنىڭ بۇ روشەن يۈزەكى ئىتتىپاقلىقى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇردى. ستالىننىڭ ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خىل ئاجىزلىق ئاشكارىلىنىپ چىقتى. 50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ چوڭ ئىخچاملاش نەزەر بىيسىنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ نۇرى پەيدىنپەي خىرەلىشىشكە باشلىدى. كوممۇنىزمغا بولغان دەسلەپكى ۋاقىتلىق قىزغىنلىقمۇ تېزلا پەسەيدى. چۈنكى كىشلەر غەربىي ياۋروپانىڭ ئەسلىگە قايتىشىنىڭ تېخىمۇ تېز بولۇۋاتقانلىقىنى پەيدىنپەي ھېس قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى بەربات قىلىپ، ئاغرىنىش سادالىرى تولۇپ تاشتى. بۇنىڭدىن سىرت، 1953 ـ يىلى ستالىننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈشى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمىنى كۆزگە كۆرۈنگەن ھەم كىشىنىڭ ئۆچلۈ كىنى كەلتۈرىدىغان بىر شەخستىن ئايرىدى.

كېرملىنسارىيىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا سىياسىي ئىختىلاپ كۆرۈلىشىگىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىستالىنىزمنىڭ ئاسارەتلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى، كرىزىس پۈتكۈل شەرقىي ياۋروپانى قاپلىدى. 1953 ـ يىلى، شەرقىي گېرمانىيەدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى؛ كەينىدىنلا پولشادا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى كېلىپ چىقتى. 1956 ـ يىلى ۋېنگرىيەدە كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەردى . بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاستە ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزمىگەن بولسا، كوممۇنىزم چوقۇم پۈتكۈل شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە تەلتۆكۈس يىمىرىلەتتى. ھەتتا چېخوسلوۋاكىيەگە ئوخشاش ئالدى بىلەن موسكۋاغا ئېغىشقان دۆلەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىچە تۈزۈلمىنى سىناق قىلغاندىن كېيىن تەلتۆكۈس ئويغاندى. 1968 ـ يىلى سوۋېت ئارمىيىسى بىتچىت قىلغان «پراگا باھارى» ئىپادىلىدىكى،خەلق چەتئەل ئەنئەنىسىنىڭ تۇغۇندىسى بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئىزچىل خالىمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتى شەرقىي ياۋروپا كومپارتىيە ھاكىمىيەتلىرىنى داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىدىغان ھەمدە ئاتامان بولۇۋېلىش ھالىتى كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتتى.

شەرقىي ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان دۆلەتلەردە، مەسىلەن شەرقىي گېرمانىيە،چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە ۋە پولشادا نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ ھەمىشە ئەڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى يوق. بۇ دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوۋېتلىشىش ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى سىياسەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن ئۈزۈل كېسىل ئادا ـ جۇدا بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر مەزگىل ئىچىدە، ھەتتا ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىمۇ چەكلەنگەن ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىلغان. ئۈستۈن سىياسىي كۈچكە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىققا ئېرىشىشتىكى جۇغراپىيىۋى سىياسەت تەلىماتى (برېژنېۋ تەلىماتى) ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ چەكلىمىسىنى بەلگىلىدى ھەمدە بىر خىل مۇقىم خاتا تۇيغۇنى پەيدا قىلدى، ھەتتا يۈزەكى قۇللۇقنى تەشەببۇس قىلدى. بىر مەزگىل ئىچىدە، ھەتتا مەدەنىي تۇرمۇشمۇ ئىدېئولوگىيىنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان يۈزەكى شەكىلدە

بارلىققا كېلىدۇ، ھەتتا مىللىي ئارزۇسىمۇ باستۇرۇلسا بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھادىسىلەر ئاستىدا نارازىلىق كەيپىياتى، چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى ۋە ئۈمىد ئۈزۈپلا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ھەتتا بۇ كىشىلەر قايتىدىن ناماقۇل بولۇپ چىقىدىغان پۇرسەتنى ساقلاپ تۇردى.

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مۇداخىلىسى غەلىبە قىلدى، بۇ شەرقىي ياۋروپا خەلقىگە سوۋېت دىكتاتورىسىغا ھەمدە كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ تۈزۈمىگە بىۋاسىتە خىرىس قىلىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. غەرب ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقزادە بولغان كوممۇنىستىك ھوقۇقدارلار بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قورال كۈچى بىلەن باستۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ چوقۇم تېخىمۇ ۋاسىتىلىق ۋە تېخىمۇ سەۋرچان ئۇسۇل قوللىنىشى كېرەك ھەمدە چوقۇم پەيدىنپەي قىلىشى كېرەك. ئۆزگىرىش چوقۇم ئىچكى قىسىمدىن باشلىنىشى، چوقۇم ئاساسىي تىنچلىق شەكلىنى قوللىنىشى شۇنداقلا پەيدىنپەي ئىلگىرىلىشى كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەنە باشتىن ئاخىر تارىختا قوللىنىپ كېلىنگەن مەخپىي ھەرىكەت ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشى كېرەك. غەلىبە قىلماقچى بولسا، بىر قىسىم ھاكىمىيەت سىنىپىدىكىلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي ياۋروپاغا قوشنا دۆلەتلەردە ئىسلاھاتنى قوللايدىغان كىشىلەر مەدەت بېرىشى كېرەك. بىرلا ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى پايدىلىق ئىچكى ئىختىلاپ تېنىمۇ تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك.

موسكۋانىڭ زوراۋر ئەھۋالدا قورال كۈچى ئىشلىتىش ئارقىلىق كوممۇنىزمنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئىرادىسى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئويلاپ باقمىغان ئۈنۈم پەيدا قىلدى. ناھايىتى ئېنىقكى، موسكۋا ھەتتا ئەڭ ئاجىز كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىغىمۇ (مەسىلەن پولشانىڭ ھۆكۈمرانلىق گورۇھى) :كېرىمىل سارىيى نارازى بولغان ئامىمىنىڭ قوزغىلىپ ئۇلارنى ئاغدۇرۇۋېتىشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى. ناھايىتى تەبىئىيكى،بۇ نۇقتا يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ جىسمانىي ۋە سىياسىي بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. بىرلا ۋاقىتتا، ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ

بىختەرلىك تۈيغۇسى كۈچەيتىپ، ئەكسىچە ئۇلار بىلەن ئامما ئارىسىدىكى ئارىلىقنى تارايتتى، بۇ بىر خىل غەيرىي ئۇنۇم. ھۆكۈمرانلار بىلەن ئىدارە قىلىنغۇچىلار تەقدىرداش دېگەندەك قاراش ئاستا-ئاستا شەكىللەنگەنلىكتىن، ھۆكۈمرانلار كۈچلۈك مىللىي غايىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشىچە بارغانسېرى ئاسان ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ سىياسىي ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ تارىخى ئىشەنچكە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلار مىللىي مەسىلىدە بارا-بارا ئۇنچە شەرتسىز بوي سۇنۇپ كەتمەيدىغان بولدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ستالىن دەۋرى ئىنتايىن قىسقا بولدى، شۇڭا شەرقىي ياۋروپا جەمئىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشى، ئۇلار نىڭ مەدەنىيەت قارىشى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتالىشى ھەم ئۆزگىچە بولغان سىياسىي ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزگىچە بىر خاراكتېر بارا-بارا پەيدا بولدى، ئەمما بۇ خاراكتېرنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پەيدا بولۇش دەرىجىسى ئۇنچە ئوخشاش بولمىدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى قىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى زىيانغا ئۇچرىدى. شەرقىي گېرمانىيەدە بولسا بۇ ئالاھىدىلىك غەربىي گېرمانىيە بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئۇچرىشىشقا ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىشىدا مەركەزلىك ئىپادىلەندى. رومىنىيەدە ئەسەبىي مىللەتچىلىك ۋە شەخسىي مۇستەبىتلىك پەيدا بولدى، بۇ كىشىگە نۇرغۇن جەھەتتىن ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى رومىنىيە فاشىستى تەشكىلاتىنىڭ قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنى ئەسكە سالىدۇ. ۋېنگرىيەدە ھوقۇق تېخىمۇ تارقاقلاشقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشنى ئاكتىپ قولغا كەلتۈردى ھەمدە قوشنىسى ئاۋستىرىيە بىلەن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇچرىشىشنى قانات يايدۇردى. ھەتتا ئەڭ سادىق بۇلغارىيەمۇ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزخاسلىقىغا ئىگە ۋە يۇقىرى دەرىجىدە كەسپىلەشكەن ئىقتىسادىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقاباشلىدى. پەقەت 1968-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن بىر يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىغان چېخوسلوۋاكىيەنىڭ سوكۇت ئىچىدە بوي سۇنۇشى پۈتكۈل برېژنېۋ دەۋرىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى.

# توققۇزىنچى باب پولشا جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىشى

پولشادا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىچە تۈزۈلمە ئەڭ چوڭ ئىسلاھات ۋە ئەڭ كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلدى، بۇ نۇقتىنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. پولشا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە زېمىنى ئەڭ چوڭ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالىسى بىرلا مىللەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەت. پولشانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمران ـ لىقىغا قارشى تۇرۇش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. پولشانىڭ قوشنىلىرى ۋە كونا دۈشمىنىگە ئوخشىمايدىغان يېرى رىم كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئېتىقادنىڭ رولى مىللەتچىلىك ئېڭىنى كۈچەيتتى ھەمدە بۇ خىل ئاڭغا كوممۇنىزم ئىدىيىسى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان نەزەرىيە ئاتا قىلدى. پولشا جەمئىيىتىدە ۋە تارىختا يۈز بەرگەن چوڭ ـ كىچىك ۋەقە لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك موسكۋانىڭ ۋارشاۋاغا مەجبۇرىي تاڭغان كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىگە قارشى سۈيقەستلەر ئىدى.

«سۈيقەست» پەقەتلا ئەدەبىي سۆز ئەمەس. بۇ سۆز بۈگۈنكى پولشالىقلارنىڭ پولشادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار مەجبۇرىي تاڭغان تەڭسىز مۇناسىۋەتكە قارىتا پوزىتسىيىسىنى توغرا تەسۋىرلىگەن ئىدى. رۇسلارنىڭ 125 يىل قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، مەخپىي قارشىلىق كۆرسىتىش پولشالىقلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەنئەنە بولۇپ قالدى، بۇ خىل قارشىلىق پولشالىقلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن. پولشانى ئۇزلۇ كسىز پارچىلىۋېتىش غەرىزىگە قارشى تۇرۇش، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، پولشالىقلار خاسلاشقان مىللىي مەۋجۇتلۇق شەكلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار مىللىي ئېڭىنى ئازراقلا ئىپادە قىلسا

دەھشەتلىك باستۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلدى. 19 ـ ئەسىردە، رۇسىيەلىكلەر پولشالىقلارنى دەھشەتلىك ئەزدى، شۇڭا پولشالىقلار 20 ـ ئەسىردە كوممۇنىزم تەلىماتىغا ئۆزۈنىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، كوممۇنىزم پولشالىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە دىنىغا قارشى تەلىمات، يەنە كونا دۈشمىنى رۇسلارنىڭ پولشا جەمئىيىتىگە مەجبۇرلۇق بىلەن كۆچۈرۈپ كەلگەن تەلىمات.

ستالىنىزم ئومۇملاشقان ئازابلىق يىللاردا، قۇللارچە باش ئەگكەن پولشا كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ رۇسىيىگە قارشى كەيپىيات پەيدا بولدى. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك پولشا مۇخبىرى تېرېسا تورانسكا ( Teresa Toranska) ئەينى يىلى ستالىنىزمنى يولغا قويغان پولشانىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ھايات كىشىلەرنى (ئەينى چاغدا قېرىپ كەتكەن) بىر قاتار ئىچكىرىلەپ زىيارە تلەرنى قىلدى. بۇ زىيارەتلەرنىڭ مەزمۇنى دەسلەپتە كىتاب قىلىنىپ مەخپىي تارقىتىلدى ھەمدە مۇۋاپىق ھالدا «ئۇلار» دەپ ئىسىم قويىدى. كىتابتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەتتا ستالىنىزمچىلارمۇ موسكۋادىن قاتتىق بىزار بولغان. ئۇلار باشقىلارنى موسكۋانىڭ قولى دەپ قالماي، بىر ـ بىرىنى ئۆز ئارا «ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى» (كېيىنكى ك گ ب) نىڭ بىۋاسىتە ۋاكالەتچىسى دەپ ئەيىبلەشتى. تېرېسانىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى پولشانىڭ «قۇتقازغۇچىسى» دەپ تەماننا قويىدىغان بولۇپ، ئۆزىنى پولشانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدۇق دەپ قارىغان.

تېخىمۇ مۇھىمى، مىللەتچىلىك خاھىشى ئىزچىل ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، پولشا ستالىن دەۋرىدە بىر قىسىم مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ھەقىقىي مۇھىم زېمىنلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ قالدى. ساقلاپ قالغانلىرىدا ئەڭ مۇھىمى رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ئىدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ بىر قىسىم ئاپتونوم ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى، ئەمما ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. 1956 ـ يىلدىن كېيىن، دېھقانلار چىداش تەس بولغان ئازابلىق سىناقتىن قۇتۇلۇپ چىقتى، پولشا يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى ئەمدى

مەجبۇرىي يولغا قويمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتە جەمئىيەتنى كونترول قىلىش دائىرىسى زور دەرىجىدە تارايدى.

بۇنىڭدىن سىرت، جەمئىيەتتە ھەمىشە سىتىخىيلىك ھادىسىلەر بولىدۇ، يەنى كىشىلەر ياشلارغا پولشالىقلارنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەخپىي ھەرىكەتلەرنى قانداق قىلغانلىقى، ناتسىستلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تارىخىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ ئۇسۇل مۇھىم رول ئوينىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتى بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ھاقارەت قىلدى، مۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىش ئەنئەنىسى ۋە بەرگەن قۇربانلىقلار ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد ياشلارغا نىسبەتەن جەلب قىلىش كۈچى بار ئىدى. بۇ يوشۇرۇن، ئۇن-تۈنسىز، سۇيىقەست خاراكتېرىدىكى زور كۆلەملىك قارشىلىق كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق بولۇپ، مەنىۋى جەھەتتە كوممۇنىزم تەلىماتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. مۇنداق پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش پولشالىقلارنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ نىشانى بولغان جەمئىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىشىنى ھامان بىر كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بۇ كۈن 1970-يىللارغا بارغاندا ئاخىرى كەلدى. ئۇ چاغدا، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھازىرقى مەۋجۇت تۈزۈلمىگە خام خىيالدا بولمايدىغان بولدى، ھەتتا دەسلەپتە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بەزى ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان ئىجتىمائىي قاتلامۇ ئەڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە پولشا ھاكىمىيىتى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى توسالغۇ دەپ قارىدى. زىيالىيلار ئىنتايىن نارازى بولۇپ، پۈتۈنلەي غەرىبكە ئېغىشىپ كەتتى. ھەر بىر غايىلىك ئىلىم ئەھلى ۋە ئىجادىيەتچى سەنئەتكارلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى غەرىبكە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇش ئىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھېچنېمىسى يوق نامرات دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا ياردىمىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ فورت فوندىنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان ياردەم بەرگەن ھەر خىل ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى مۇھىم تەسىر پەيدا قىلدى، پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن شەرقنىڭ قوشنىسى

رۇسىيەنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بىرىكتۈرۈپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان 20 يىللىق تىرىشچانلىقنى يوققا چىقاردى. دەسلەپتە يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش غايىسىدە بېشى ئايلىنىپ كەتكەن پولشا ياشلىرى بۇگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەبىي ئىدىيىنى چۆرۈپ تاشلىدى. غەربنىڭ يېڭى تۇرمۇش شەكلى، تېخنىكىدىكى ئىلگىرىلىشى ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىزدىنىشى ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدى، قەلبى كۈچلۈك تەلپۈندى. ئازادلىقتا ئېرىشكەن دېھقانلار بىردەك كاتولىك مۇرىتلىرى بولۇپ، ئەنئەنىۋى دۇنيا قارىشىنى ساقلاپ كەلدى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەڭ چوڭ بولدى. گەرچە ئۇرۇشتىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان پولشا جەمئىيىتىدە ئىشچىلارنىڭ سانى ئاز ئىدى، ئەمما ئۇلار چوڭقۇر ئىشچىلار بىرلەشمىسى ئېقىمى ۋە ئومۇملاشقان سوتسىيالىزم خاھىشىغا ئىگە ئىدى. پولشا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى پولشا مىللىي گۈللىنىش كۈرىشىدە ئەڭ ئالدىدا تۇراتتى ھەمدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەخپىي ھەرىكەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇرۇشتىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنى بىتچىت قىلدى، سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ قالدۇق خادىملىرى پۈتۈنلەي موسكۋا كوممۇنىزمى كونتروللىقىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيىگە قوشۇۋېتىلدى. كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ پارتىيە ئۇرۇشتىن كېيىنكى سانائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىلگىرىكى دېھقانلارنى يېڭى بىر ئەۋلاد ئىشچىلار سىنىپىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەشكىللىك رىغبەتلەندۈرۈشىنى نىسبەتەن ئاسان قوبۇل قىلدى. ئەڭ ئېنىق بىر مىسالى، 1956-يىلى پوزنان (poznan ) دىكى ئىشچىلار ئىسيان كۆتۈردى. ئىسيانى يېشى چوڭ، ئەنئەنىۋىلىكى ۋە سىياسىي ئېڭى نىسبەتەن كۈچلۈك پېشقەدەم ئىشچىلار قوزغىغان. بۇ قېتىمقى ئىسيان گومۇلكا (Wladyslaw Gomulka) رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئانچە بويسۇنۇپ كەتمەيدىغان كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى ۋارشاۋادا تەختكە چىقاردى، يېڭى بىر ئەۋلاد سانائەت پرولېتارىياتلىرىدا تويلاڭغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئانچە چوڭ بولمىدى.

1970-يىللارغا كەلگەندە، ئىنتايىن مۇھىم ئىككى يۈزلىنىش

ۋەزىيەتتە جىددىي بۇرۇلۇش ياسىدى. ئالدى بىلەن، يېڭى بىر ئەۋلاد سانائەت پرولېتارىياتلىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېڭىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى. بۇ ئاڭ بىلەن دەسلەپكى پولشا سوتسىيالىزمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسى بىلەن نىسبەتەن ئوخشاپ كېتەتتى، ئەمما مەزكۇر سىنىپ دېھقانلاردىن كېلىپ چىققانلىقتىن كۈچلۈك دىنىي ئىدىيىنىمۇ سىڭدۈردى. ئىككىنچىدىن، پرولېتارىيات سىنىپى سوتسىيال دېموكراتىك خاھىشقا ئىگە ھەمدە سىياسىي جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئاكتىپ قارشى تۇرىدىغان زىيالىيلار بىلەن يېڭى مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ بىر قۇدرەتلىك ئىتتىپاق، ھازىرقى سىياسەتنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئېنىق پروگراممىا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، سىياسىي بېسىم چۈشۈرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، كۈچلۈك رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ياردەم قولىنى سۇندى. بۇ دىنىي جەمئىيەتكە ئابرويلۇق ئېپىسكوپ كاردىنال ۋايزىنسكى ( Cardinal (Wyszynski رەھبەرلىك قىلغان، پولشا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى.

ھەقىقىي سېھرىي كۈچىدىن ھالقىغان ئىشچىلار رەھبىرى لېچ ۋالېسا (Walesa Lech) پەيدا بولۇشى بىلەن ئىجتىمائىي ئېقىملار توسۇپ بولغىلى بولمايدىغان داغدۇغا پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ سىياسىي سەرگۈزەشتىسى ۋە سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىش جەريانى دەل بىر ئىجتىمائىي ئېقىمنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇ دېھقان ئائىلىدە تۇغۇلغان، دىنىي كەيپىيات ئىنتايىن قويۇق مۇھىتتا چوڭ بولغان، پولشانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى سانائەتلىشىشى ئۇنى گدانسك (Gdansk) پورتىنىڭ دوك ئىشچىسىغا ئايلاندۇردى. ئۇ شەھەردىكى پرولېتارىيا تىلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك نامرات ھالىتىدىن قاتتىق نارازى بولدى، مەنپەئەتپەرەس، شەخسىيەتچى كومپارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازدا بولۇۋېلىشىغا، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشىگە كۆنەلمىدى، شۇڭا ئۇ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. 1970-يىللارنىڭ باشلىرىدا دوك ئىشچىلىرى بىلەن ساقچىلار ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇش ئۇنىڭ سىياسىي مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىلىم ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ قوللىشىدا، ۋاتېسا ئاخىرى پولشانى زىل-زىلىگە سالغان ھەمدە پۈتكۈل

دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى ۋە ۋەكىللىك شەخس بولۇپ قالدى.

«ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» (Solidarnosc) دېگەن ھەرىكەتنىڭ نامىنىڭ ئۆزىمۇ مۇھىم سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنىڭ ماھىيىتى بارلىق سىتىخىيىلىك سىياسىي تۈرمۇشنى يوقىتىپ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى بىر تال، بىر تال يەككە پارچىلاشتۇر. مەقسىتى ھەر بىر ئادەمنى تەنھا ھالدا پۈتكۈل تۈزۈلمىگە يۈزلەندۈرۈپ، كىشىنى يەككە-يېگانىلىق ھېس قىلدۇرۇش ھەمدە گاڭگىراش تۇيغۇسىغا سېلىپ، غەزەبلىنىشكە جۈرئەت قىلسىمۇ، ئۇنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇنىڭ بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇيۇشما ئورتاق ئاڭ، كوللېكتىپ ئىشەنچ ھەمدە ئوخشىمىغان جەمئىيەت قاتلىمى ۋە سىنىپلارنىڭ بىرلەشمىسىنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ بىر يېپىيېڭى ساھە ئىدى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كەڭ ئۇرۇش سېپىدا كومپارتىيە ھاكىمىيىتى بىلەن كۈچ سىنىشىشقا باشلىدى: ئىدېئولوگىيىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دىنىنىڭ كۈچىگە تايانىدى، دېموكراتىيەنى تەكىتلىدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇرچىنى قەتئىي ئادا قىلدى؛ تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قاپلىغان ئورگانلارغا ھەمدە زىيالىيلار، ياشلار، بولۇپمۇ دىنىي جەمئىيەتلەر قۇرغان ئىتتىپاققا تايانىدى.

ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەنە كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنۈشلۈك كەمچىلىكتىن پايدىلانىدى. پولشا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى 70-يىللارنىڭ بېشىدا غەربتىن 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قەرز ئالغان ئىدى. بۇ غايەت زور سوممىلىق قەرز ئەسلىدە ئىقتىسادقا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلالايتتى، ئەمما ئىقتىدارسىز ۋە چىرىك بولغانلىقتىن، كومپارتىيە رەھبەرلىرى بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بىكاردىن-بىكار ئىسراپ قىلىۋەتتى. بۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي كرىزىسقا ھۆكۈمەت جىددىي ئىقتىسادىي قىسقارتىش تەدبىرى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن ئىشچىلار توپىلىڭى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتتىكى پولشا كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىرىغا بولغان قالدۇق ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى ۋەيران قىلدى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى چوڭ

سىنىپلار كوممۇنىزم ئەمدى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دەپ قارىدى.

دېھقانلار كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بولغاچقا ھۆكۈمەتنى ئۆچ كۆرەتتى. 40-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر ئىسلاھاتىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى تەگمىدى. تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئۇزۇن مۇددەت قىس، مۇلازىمەت سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، ھەتتا ئەڭ ئاساسىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىشقىمۇ ئىلاجسىز ئۆچرەتتە تۇراتتى، ئاشلىق باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، شەھەر ئاممىسى جاپا-مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتتى. كومپارتىيە ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىدىن پەخىرلىنىپ كەلگەن، ئۇلار ھەمىشە ھازىر بىلەن ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى پولشانىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خۇشال بولىشىدۇ، لېكىن مائارىپ تۈزۈلمىسىمۇ جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى. پولشا سوتسىئولوگىيە جەمئىيىتى يىغىنىغا سۇنۇلغان ھەمدە 1987-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى مەخپىي ژۇرنال «ئىرادە» (Vola) دە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات دوكلاتىدا ئالغا باسالمىغان موشۇنداق ئەھۋاللار خاتىرلەنگەن:

**پوزنانلىق سوتسىئولوگ جېرزىي كرېزلېۋسكى (Jerzy Krezlewski) تەمىنلىگەن ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ...ئۇ تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇمات...گەرچە «ھازىرقى تۈزۈم ھەقىقەتەن سوتسىيالىستىك تۈزۈم» بولسىمۇ، ئەمما پولشا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى پەقەت ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى پولشا ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىگە باراۋەر ياكى تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، پولشا ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى نۆۋەتتىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئەڭ ناچار، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرماقتا. كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىكى، گەرچە ئىشچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىش نىسبىتى سەل ئۆرلىگەن بولسىمۇ (ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 25% نى**

**ئىگىلىگەن)، ئەمما بۇ جەھەتتە تۆھپىسى ئەڭ چوڭ بولغىنى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ئۇنۋېرسىتېتى بولۇپ، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى ئىشچىلار ئائىلىسىدىن كەلگەن.**

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ھېس قىلدى، ئۇلار سىياسىيغا قاتنىششنى تەلەپ قىلدى، تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىقنى ھېس قىلىپ باقتى. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يۈرگۈزۈلگەن ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ ئىلاجسىز قالدى. ئەينى چاغدا، يېگى مىللىي ئاڭ شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. بۇ خىل مىللىي ئاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يۆلەپ تۇرغۇزغان ھاكىمىيەت يوقىتىشقا ئۇرۇنغان مىللىي ئەنئەنە ۋە تارىخىي ئەسلىمە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىر گەۋدىلەشتۈردى. ئىتتىپاقلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاشكارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ گۈللەنگەن مەزگىلدە كىشىلەرگە قالدۇرغان ئۆلمەس مىراسى دەل ھەقىقىي مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پولشانىڭ سىياسىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ئىدى.

ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئىلگىرىكى سىياسىي تۈزۈلمە داۋاملىشالمىدى، ئەمما ئىتتىپاقلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پولشانىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى ئازاد قىلىشىنى تېزلەتتى. گەرچە ئىلگىرىكى تۈزۈم يەنىلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي تۈزۈلمىگە شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان مەزمۇن قېتىلدى. ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى پەقەت يۈزەكى ھالدا ئىتتىپاقلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلاتىنى يوقىتالىدى ۋە باستۇرالىدى، ئەمما ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان سىياسىي سەرخىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى توساشقا ئامالسىز ئىدى، گەرچە بۇ يېڭى سىياسىي تۈرمۇش تېخى پۈتۈنلەي ئاشكارا ھالدا سەھنىگە چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن ئالاقىدار ھەقىقىي سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى توساپ قېلىشقا ئامالسىز ئىدى.

# ئونىنچى باپ: ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىقتىن سىياسىي كۆپ خىللىققىچە

سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى كوممۇنىزمنىڭ پولشادا تەل تۆكۈس مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى سوۋېت ئىتتىپاقى تەجرىبىلىرىنى دوراش تىرىشچانلىقىنىڭ يوققا چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پولشا كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنىڭ تەلتۆكۈس ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كومپارتىيە ھاكىمىيىتى يەنىلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، ھەتتا مونوپول ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، ئەمدى بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشنى مونوپول قىلالمايدۇ. بۇنداق سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەقىقىي يوسۇندا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بولۇپ، كوممۇنىزم سىياسىيسىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدۇ. پۈتۈنلەي مەخپىي پائالىيەتتىن يېرىم ئاشكارا سىياسىي مۇنازىرىگە، كۇلۇبلار پائالىيىتىگە، ھەتتا كۈچ كۆرسىتىش نامايىشلىرىغىچە تارتىپ ھەر خىل شەكىللەردە ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. 1981-يىلى 12-ئايدا يولغا قويۇلغان ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ھالقىلىق كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينىدى. نۇرغۇنلىغان مەخپىي نەشر بۇيۇملىرىنىڭ تاشقىن سۈيىدەك يامرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەخپىي مەنبە تەمىنلىگەن مۇنەدەرىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا: 1981-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، تەخمىنەن 1500 خىل مەخپىي ژۇرنال، تەخمىنەن 2400 خىل كىتاب ۋە قوللانمىلار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى يەنە زور مىقداردىكى مەخپىي سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ سىياسىي تەشكىلاتلار ئىچىدە سولچىل سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى، مۇتەئەسسىپرەك بولغان كاتولىك دىنى تەشكىلاتى ۋە ھەتتا ئاشقۇن مىللەتچى ئوكچىللار گۇرۇھى قاتارلىقلار بار ئىدى.

مەخپىي مەتبۇئات ساھەسىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى پەقەتلا كومپارتىيە ۋە ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە بىر قىسىم مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ مەخپىي تەتقىقات كوللېكتىپلىرى تۈزگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا ئائىت ئومۇمىيۈزلۈك پروگرامما ۋە كونكرېت لايىھەلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلىدى. ئەمەلىيەتتە، دۆلەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، پولشا يېزا ئىگىلىكىنىڭ قالاقلىقى ھەمدە سانائەت تارماقلىرىدىكى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلىلەردە، پولشا ئاپتونومىيىلىك سىياسىي گۇرۇھلىرىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشى ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسىدىن تېخىمۇ ئاقىلانە بولدى. بۇ كوممۇنىزمنىڭ 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا بارغاندا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن قېلىشى، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پولشا ھۆكۈمىتىنى پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىنى دوراۋاتقان يارامسىز ھۆكۈمەت دەپ قارىدى، مۇتەخەسسىلەرمۇ مۇستەقىل، ھەتتا مەخپىي تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش ھۆكۈمەت بىلەن باردى-كەلدى قىلغانغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىززەت-ئابرويلۇق دەپ قارىدى.

سىياسىي تۈرمۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئوخشاشلا كومپارتىيە ھاكىمىيىتىدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى سىياسىي مەنزىرىنىڭ ئوخشاشمىغان شەكىلدە قايتىدىن مەيدانغا كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالدى بىلەن، ئەڭ جانلىق ۋە كۆرۈنەرلىك بولغىنى ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزىدە شەكىللەنگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي دېموكراتىك گۇرۇھلار ئىدى. ئۆمىدسىزلەنگەن سابىق كوممۇنىزم پائالىيەتچىلىرى، ھەتتا بۇرۇنقى ستالىنىزمچى ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى، ئۇلار سوتسىئال دېموكراتىزملا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي كېسەللەرنى ۋە ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى پولشا سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ھايات ئەزالىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان سوتسىيالىزمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇلار ماركسىزملىق ئىدىيىۋى خاھىشقا ئىگە بولۇپ ، نىسبەتەن ئوچۇق يورۇق بولغان كومپارتىيە بيۇروكراتلىرىنى سىغدۇرالايتتى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى

شۇ سەۋەبلىك چەكلىك قانۇنلۇققا ئېرىشتى.

گەرچە ساقچىلار ئۈزلۈكسىز تۈردە توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرسىمۇ، دېموكراتىك ھەرىكەت سولچىللىرى يەنىلا غەلبىلىك ھالدا «ئىشچىلار قوغدىنىش كومىتېتى» نى قۇردى. كومىتېتنىڭ قۇرۇلۇشى زىيالىيلار بىلەن ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ھەمدە «ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. «ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ بارلىققا كېلىشى ھەل قىلغۇچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ستالىن دەۋرىدە رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلغان ھەر خىل سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. بۇ گۇرۇھلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىر- بىرىگە ئوخشىمايتتى، بەزىلىرى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى پولشا داھىيسى مارشال جوزېف پىلسۇدسكى (Jozef Pilsudski) نىڭ تەشەببۇسىدا چىڭ تۇراتتى، مىللىي مۇستەقىللىقنى تەكىتلەيتتى، ئۇكرائىنا، لىتۋا، بېلورۇسىيەدەك ئېزىلگەن مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ موسكۋاغا قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەيتتى؛ بەزىلەر ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى مۇتەئەسسىپ نەزىرىيىچى رومان دمووسكى (RomanDmowski) نىڭ تەلىماتىغا ئىشىنەتتى، بۇ تەلىمات كۈچلۈك مىللەتچىلىك ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، بىر مىللەتلىك، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پولشا بىلەن روسىيەنى بىرلەشتۇرۇپ گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشنى قوللايتتى؛ بەزىلىرى پولشا دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋىنسېنتىي ۋىتوس (WincentyWitos) نىڭ تارىخىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، مۇستەقىل يەرگە ئىگە دېھقانلار سىنىپىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ھالقىلىق رولىنى تەشەببۇس قىلاتتى.

بۇ سىياسىي گورۇھلار ئۆزلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ھەمدە يېڭىلاپ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. شۇڭا، تۈرى كۆپ بولغان سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى ئۈچۈن ئەسلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقنى ئاددىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى. مەسىلەن، كونسېرۋاتىپلار ئەركىن تىجارەتنى تەشەببۇس قىلغاندا، رىگان ھۆكۈمىتى ۋە ساچىر خانىم ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەلىبىلىرىنى نەقىل قىلىپ، بۇ پولشادىكى كونسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي كىرىزىسنى بويسۇندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارىدى.

باشقا پارتىيە گۇرۇھلار بولسا شۋېتسىيەنى سوتسىيال دېموكراتىيە جەھەتتە نەتىجە قازانغان ئىسمى جىسمىغا لايىق ئۈرنەك دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلشا پاپىسىنىڭ تەلىملىرىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئالاتتى، كاتولىك دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئەقىدىسى، بولۇپمۇ «كىشىلىك قەدىر قىممەت ھەممىدىن ئۈستۈن نەزەرىيىسى» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ھەر قايسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

نەزەرىيە تەلىماتلىرىنى قىزغىن مۇنازىرە قىلىش پەقەتلا ھەققى ئاۋام سىياسىي تۈرمۇشىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى شەكلى. قانداق قىلغاندا مىللەت تەغدىرىنى قايتىدىن كونترول قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغان مۇنازىرە ئەڭ داغدۇغىلىق بولدى. بەزىلەر ئەمەلىي بولغان پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشنى قوللىدى، ھەتتا بەلگىلىك دەرىجىدە ھازىرقى ھاكىمىيەت بىلەن ھەمكارلىششنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، ئەگەر ھازىرقى ھۆكۈمەت جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا ھۆرمەت قىلسا ھەمدە ئەركىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىغا يول قويسا شۇنداق قىلاتتى. لېچ ۋالېسا (Lech Walesa) دەل بۇ خىل شەكىلنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىك شەخسى ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم پارتىيە گورۇھلار پەقەت ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرغاندىلا ئاندىن زورۇر بولغان ئىسلاھاتلارنى يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى، ئۇلار يېڭى بىر قارشىلىششتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دەپ قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مۇداخىلىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەزىلەر شەرقىي ياۋروپادىكى ئېزىلگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرلىك سەپ قۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئۇلار شەرقىي ياۋروپا رايونلۇق ئۆكتىچىلەر ئىتتىپاقى تەشكىللاتى قۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدەندى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى قىسمىدىكى قىيىنچىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى بۇۋاستە ھەرىكەت قوللىنىشقا ئامالسىز قويىدۇ دەپ قارىدى. ئۇلار كېيىنلا كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆزلىكىدىن ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا، بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلىق قىلىش كېرەك دېدى. پولشانىڭ سىلېسىيادا، يۇقىرىقى قاراشتىكىلەر ناھايىتى كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشتى. بۇ كۆز قاراشنى ئىنتىزامى قاتتىق، پائالىيىتى

قەتئىي مەخپىي تەشكىلات ئوتتۇرىغا قويىغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆزگە تولىمۇ ماس كەلگەن «كۆرەشچان ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» دېگەن نامى بار ئىدى.

ئەمما، مەيلى قايسى خىلدىكى سىياسىي خاھىشقا ئىگە بولسۇن، ئىستىخبىلىك بارلىققا كەلگەن سىياسىي دىئالوگلاردا ھەقىقىي مۇستەقىللىققە بولغان سېغىنىش تولۇپ تۇراتتى. پولشا كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1988-يىلى 1-ئاينىڭ 31-كۈنى ۋارشاۋادا نەشر قىلىنغان «رېئاللىق» ژۇرنىلى ئىنتايىن تۈز پوزىتسىيەدە بۇ مىللىي ئارزۇنى قىسقىچە بايان قىلدى:

پولشانىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىيسى بولمايدىكەن، ئۆزىنىڭ سىياستى بولۇشى ھەم مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل قاراش جەمئىيىتىمىزدە مودا بوپ قالدى... كىشىلەر بىزنىڭ شەرقتىكى قوشنىمىزغا يۆلىنىدىغانلىقىمىزغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. بۇ قوشنا دۆلەت پولشانىڭ سىياسىيسىنى بەلگىلىمەكتە. شۇڭا، پولشانىڭ سىياسىيسى پولشاچە ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىيسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بولۇپ قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىيسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. كىشىلەر بەلكىم بۇ خىل قاراش ئاساسلىقى ئۆكتىچىلەر قوللايدىغان قاراش دېيىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ قاراش مىللىي ئاڭغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. بۇ قاراش ئۆتمۈشتىكى خورسىنىش ۋە ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش دەۋرلىرىدىكى ئەسلىمىلەرگە ھەمرا بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىل سىياسىيسى بار ئىدى، ھېچقانداق يات بىرى بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيتتى.

پولشا سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم مۇھىم نەتىجە پەيدا قىلدى: يېڭى بىر ئەۋلاد سىياسىي سەرخىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىن دېرەك بەرمەكتە، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ھازىرقى كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئورنىنى مۇقەررەر ئالىدۇ. بۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلگىرىلەشتۇر. ستالىنىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تازىلاپلا قالماستىن، يەنە لېنىنىزمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلايتتى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا، پولشا ئەمدى پەقەت كومپارتىيە ئەزالىرى سىياسىيغا قاتنىششقا ۋەكىللىك

قىلىدىغان ئىجتىمائىي قاتلامدىكى سىياسىي قاقاسلىق ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدا كومپارتىيە يەنىلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئەمما كومپارتىيە ئەمدى سىياسىي ئىدىيە، سىياسىي تۈرمۇشنى ياكى نۇرغۇن كىشىلەر قارىغىنىدەك دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى دەپ مونوپول قىلالمايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، پولشا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. بۇ ھاكىمىيەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلار بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرلەر بىلەن قانداش بولغان كەسپىي ھەربىيلەر ئىدى. گەرچە ئۇلار سېپى ئۆزىدىن كومپارتىيە ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرى كىشىلەرگە يۈزەكى ھالدا دۆلەتنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەلۇم تەسىرات قالدۇراتتى. بۇ جەھەتتە، پولشانىڭ ئۈرۈشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى كومپارتىيە رەھبەرلىك گۇرۇھى باشقىچە بىر قىياپەتتە نامايان بولدى. ئۇلار سىرتتىن كەلگەن تەلىماتقا ئىشىنەتتى، ھەتتا ئاساسلىقى يات مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى، موسكۋاغا خوشامەت قىلىپ تۇراتتى. ۋوجسېچ جارۇزېلسكى (WojciechJaruzelski) ئۇلارغا ئوخشىمايتتى.شەكىللىنىپ بولغان سىياسىي رىقابەتتە سىياسىي سادىقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ گېنىرالنىڭ ھاكىمىيىتى ئاخبارات ۋە كىتابلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى زور دەرىجىدە بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. بولمىسا، مەخپىي نەشرىياتچىلىق تېخىمۇ گۈللىنىپ كېتەتتى.ئەمما بوشىتىشنىڭ بەدىلى بولسا كىشىلەر تېخىمۇ ئوچۇق ئاشكارا ھالدا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ھەمدە ئىلگىرىكى چەكلەنگەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدىئولو - گىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۇسلاشتۇرىدۇ.

دەرۋەقە، 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا قەدەر، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى قانچىلىك دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ستالىنىزم تەلتۆكۈس، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ گۇمانىغا ئۇچرىدى، لېنىنىزمغىمۇ پەقەت ئېغىزدا مەدھىيىلەپ قويۇش بىلەن بولدى قىلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار بىلەن تەڭ ئۆتكۈزگەن خاتىرلەش پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. شۇنداق قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيىنىڭ تەلىماتىنىڭ ماھىيىتى

چۈشىنىكسىز مۇجمەل بولۇپلا قالماستىن، يەنە بەزى جەھەتلەردە كىشىگە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە پولشا سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئەسلىتىدۇ.

1987 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا پولشا كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان ئىدىيىۋى نەزەرىيە ئايلىق ژۇرنىلى بولغان «يېڭى يول» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدىكى بىر ماقالە بۇ خىل بۇخىل ئىدىيە خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلدى. گەرچە بۇ پارتىيىنىڭ نامەلۇم بىر نەزەرىيە خىزمەتچىسى يازغان ماقالە بولسىمۇ، بۇ ژۇرنال ئىنتايىن چوڭ سەھىپە ئاجرىتىپ ماقالىنى باستى. مەزكۇر ماقالە ئەنئەنىۋى لېنىنىزمنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان چۈشەندۇرۇشىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ماقالىنىڭ بېشىدا كۆرسىتىلىشىچە، پولشا قىلىۋاتقان ئىسلاھات كىشىگە «تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان تەسىرات بېرىدۇ، يەنى بۈگۈنكى جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئاساسلىنىدىغان ھەر خىل پىرىنسىپلارنىڭ توغرا خاتالىقى مۇزاكىرە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ» دېيىلگەن ئىدى. «يېڭى يول» ژۇرنىلى مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈملەرنىڭ ئاساسىغا بولغان ئاساسلىق پەرەزلەرنى قايتىدىن تەكشۈرۈش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتتى، يەنى ھەم سوتسىيالىزم «ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك شەكلىنى بەرپا قىلىدىغان... ئادەم ئادەمنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھادىسىنى يوقىتىش... تاشقى مەبلەغنىڭ ئېكسپىلاتاتىيىسى يوقىتىش ... ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىش... ئىشسىزلىقنى يوقىتىش ... مائارىپ يېتىشمەسلىك... داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش كەمچىل بولۇش ئۆي ماكانسىز قېلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى يوقىتىش... راتسىئونالىزمنىڭ ھەر خىل شەكلىدىكى ئىرراتسىئونالىزمدىن غەلبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى» دۇر. پارتىيەنىڭ بۇ ژورنىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:«بۇ پروگراممىنى يولغا قويۇۋاتقىلى 40 يىل بولدى، ئۇنۇمى قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى.

پارتىيىنىڭ نەزەرىيە زۇۋانى بولغان بۇ ژۇرنال ناھايىتى تۇزلا جاۋاب بېرىپ: « تولىمۇ ئەپسۇس، بىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە جەزملەشتۇرۇلگەن جاۋاب بېرىشىمىز ناھايىتى تەس» دېدى. ھەتتا ماقالىدە كومپارتىيە ھۆكۈمىتى ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرىنىڭ «نۇرغۇن جەھەتتە... بۇرۇن تەنقىدىگە ئۇچرىغان شەكىلگە قايتىپ كەلگەن» لىكىنى يەنىمۇ

ئىلگىرىلەپ ئىتراپ قىلدى. مەسىلەن ئەسلىگە كېلتۈۋاتقان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش، بازار مېخانىزىمىنى كىرگۈزۈش، كىرىم پەرقىنى چوڭايتىش، ئىشسىزلىق ھادىسىسىنى قوبۇل قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلار. ماقالىدە قىلچە ئازاپلانمىغان ھالدا:« بۇ بىزنىڭ بۇنداق ئىسلاھاتلارنى قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، سوتسىيالىزمدىن يۈز ئۆرۈۋاتقىنىمىزدىن دېرەك بېرەمدۇ يوق؟» دەپ سورىدى.

سۇئالنىڭ جاۋابىنى يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن چىقارغىلى بولىدۇ. بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش، تېخىمۇ يۇقىرى ئاكتىپچانلىقنى جارى قىلدۇرۇش ھەمدە ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نامىدا ئېلىپ بېرىلدى. ھەتتا ھۆكۈمەت داۋاك قىلغان ئاتېئىزمۇ چەتكە قېقىلدى، چۈنكى «دىننىڭ ئەخلاق قارىشى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ نۇرغۇن ئورتاقلىقلىرى بار، دىنىي دۇنيا قارىشى سوتسىيالىزمغا پايدىلىق.» شۇڭا، « سوتسىيالىزمنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن دىنىي دۇنيا قاراشقا قارشى تۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.» ماقالىدە يەنە دۆلەتنىڭ «ھەممىگە قادىر» رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىنكار قىلىپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان ئاكتىپ روھنى تەشەببۇس قىلدى. ماقالىدە ئىجتىمائىي توقۇنۇشلارنى سۈھبەتلىشىش ۋە مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىش، ھوقۇقدارلارنىڭ بېسىمى ھادىسىسىنى رەت قىلىش، «چوقۇم تۈزۈملەشكەن ماددىلىرى تولۇق ۋە ھالقىسمان تۈزۈلمە قۇرۇش» كېرەك دەپ قارىدى (يەنى كۆپ خىللاشقان تۈزۈلمە).

نوپۇزلۇق ژۇرنال «يېڭى يول» نىڭ قارىشىچە، ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغۇچىلار سوتسىيالىزمنى «چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن»، ئۇلار «ھازىرقى ھوقۇق قۇرۇلمىسى» نى ساقلاپ قېلىش دەل سوتسىيالىزم دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ماقالىدە پارتىيىنىڭ بۇ خىلدىكى ئەمەلدارلىرى «بۇ خىل شەكىلدە تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ، خۇددى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى نېمە مەقسەت ئۈچۈن ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئەمەس، بەلكى نوقۇل ھوقۇق يۈرگۈزۈش» دەپ قارالدى. «يېڭى يول» ژۇرنىلى ئەڭ ئاخىرىدا، «بۇ

كۆزقاراش ھوقۇقىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا مۇھىم مەنىلىرىنى تارتىۋالدى، ۋاستە مەقسەتكە ئايلىنىپ قالدى» دەپ قارىدى. بۇ مىغىزلىق سۆزلەر لېنىنىزم مىراسىنىڭ ماھىيىتىنى تەنقىد قىلىپ، ھوقۇق تۇتۇۋاتقان كومپارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى توغرا ئېچىپ بەردى.

شۇڭا، يەنە بىر پولشالىقنىڭ 1987-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ۋە 23-كۈنلىرى نەشىردىن چىققان «ۋارشاۋا گېزىتى» دە تەشەببۇس قىلىپ، ماركسىزم ۋە كاتولىك دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى بىر بىرىنى ئۆز ئارا تولۇقلايدۇ دېيىشى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇ يەنە يەنە «سوتسىيالىزملىق قەدىر قىممەت ھەممىدىن ئەلا» كۆزقارىشى پولشادا كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىردى دېيىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى پاپىلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئەقىدىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت تەلىماتىنىڭ ئۆز ئارا ماسلاشقان ئەھۋالنى ماختايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ سۆزنى قىلىشتا ئاساسلىقى تاكتىكا جەھەتتىن ئويلىشىشنى چىقىش قىلغان بولسىمۇ، چۈنكى بۇ دۆلەتتە مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە كېلىپ كاتولىك دىنى پاپىسىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىندىشى بولغاچقا، شۇڭا كاتولىك دىنىغا ئالاھىدە ساداقەتمەنلىك شەكىللەنگەن ئىدى، ئەمما بۇ سۆز كوممۇنىزمنىڭ ماتېرىيالىزملىق ۋە ئاتېئىزملىق نەزەرىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چىرىتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە مۇھىم رىقابەت ئورگىنى رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ جەلب قىلىش كۈچىنى كۈچەيتتى.

پارتىيىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئۈزلۈك خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشى بىرلا ۋاقىتتا ماركسىزم، لېنىنىزم تەلىماتىنىڭ پولشادا تېزلىكتە سۇسلىشىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ خىل سۇسلاشتۇرۇش كەلگۈسىدە ئېھتىمال كومپارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ پەيدىنپەي ئۆزگۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، گەرچە ھازىرغىچە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل كەلگۈسى يەنىلا ناھايىتى غۇۋا. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت كومپارتىيىسى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، پولشادا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئاللىقاچان ئويغانغان ھەمدە ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە جەمئىيەتنىڭ قىينىشىغا كۈنسېرى ئۇچراۋاتىدۇ، ئاستا، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ زەربىسىگە

بارغانسېرى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانىدەك قىلىدۇ، پولشانىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ ماسلاشقان ئىدېئولوگىيىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

بۇ مۇساپە شەك شۈبھىسىزكى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى بيۇروكراتلار ھوقۇق ساپىقىغا ئۆلگۈچە يېپىشىۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى، ئۇلار قوللانغان بىر ئۇسۇل مەزكۇر ھاكىمىيەتتىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى پات-پات باستۇرۇپ ۋە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى، كېيىن يەنە ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. گەرچە ھەر قېتىملىق ئىسلاھات دولقۇنى ئازدۇر-كۆپتۇر ستالىنىزم بىناسىنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ قويغان بولسىمۇ، بۇ ۋاستە 50-يىللار، 60-يىللار ۋە 70-يىللاردا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. لېنىنىزم-ستالىنىزم تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي ئاجىزلىتىش 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا پولشادا ئېلىپ بېرىلغان زورۇر، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسلاھات ستالىنىزمنىڭ قالدۇق سىستېمىسىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى، ھەتتا لېنىنىزمنىڭ ئاساسى ماھىيىتىگە، يەنى نەزەرىيە ئەقىدىسى بىلەن قاتتىق تەشكىللىنىشى بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ئىدىيە سىستېمىسىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى.

لېكىن، ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىسلاھات دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ كەتتى. ئىقتىساد ھوقۇقنى قويۇۋېتىشكە ئېھتىياجلىق، سىياسىي تۈرمۇش ھەقىقىي كۆپ خىللىششقا موھتاج، جەمئىيەت شەخسلەرگە ئۆزىنىڭ ئېجاتچانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەش پۇرسىتى بېرىش ئېھتىياجلىق. شۇڭا، جارۇزېلسكى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى ئىلگىرىكىلەر گە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلدى. گومۇلكا ھەمدە كېيىنكى ئېدۋارد گېيرېك (Edward Gierek) مۇھىم ھوقۇقلارنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئازراق يول قويدى، بەزىلىرى ھەتتا چوڭراق يول قويۇش بولۇپ، شۇنداق قىلغاندىلا كوممۇنىزم بىناسىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ يول قويۇشلار: كوللېكتىپسىزلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش، ئەمما ئىقتىسادقا قارىتىلغان ئومۇميۈزلۈك سىياسىي كونتروللۇقنى ساقلاپ قېلىش؛ دىنىي جەمئىيەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئەمما يەنىلا ئاممىۋى مېدىيەلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە مونوپول كونتروللۇقنى يولغا قويۇش؛ بەزى سىياسىي ئۆكتىچىلەرنى سىغدۇرۇش، ئەمما قاتتىق باستۇرىدىغان

ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسىنى مۇستەھكەم تۇتۇش قاتارلىقلار.

ئۆز ئارا سىلىشتۇرغاندا، جارۇزېلسكى تېخىمۇ مۇشكۇل تاللاشقا دۇچ كەلدى: يا ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئىلگىرلىمەي بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش، بۇنداق قىلسا سىياسىي جەھەتتە چوڭ پارتىلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ يا بولمىسا كەڭ كۆلەمدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۆپ خىللىقنى يولغا قويۇش،بۇنداق قىلغاندا كومپارتىيە نىڭ مونوپول ھوقۇقىغا تەھدىت سالىدۇ. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دەۋرى قىزغىنلىقنى قوزغىغاندىن كېيىن ۋە ھەربىي باشقۇرۇش ئىككى قۇتۇپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن، قىسمەن ئىسلاھات قىلىش تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بىرلا ۋاقىتتا،كوممۇنىزملىق تۈزۈلمىدە ئۇنچە كۆپ تەڭشەش ئىمكانىيىتى قالمىدى. ھەربىي باشقۇرۇش قانۇننى يولغا قويغان بىر مەزگىل ئىچىدە، جەمئىيەتتىكى سۈس ـ لۇق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھالسىراش پولشا كومپارتىيىسىگە دەم ئېلىش پۇرسىتى بەردى. يۈزەكى قارىغاندا، پولشا كومپارتىيىسىنىڭ ھوقۇقى ھەتتا تولىمۇ مۇستەھكەم كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي ئىقتىساد مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، تاللىغىلى بولىدىغان تەدبىرلىرى يوقنىڭ ئورنىدا قالدى.

ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم بازار تەڭشەش مېخانىزمنى كىرگۈزۈش كېرەك، ھەتتا جارۇزېلسكىنىڭ كەسپىي ئىقتىساد مەسلىھەتچىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، بۇ مۇساپىنى يولغا قويۇشنى سىياسىيدىكى كۆپ خىللىقتىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىقتىسا ـ دىي ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم سۆزلىشىش ۋە مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنى ئاساس قىلىپ، ئاشكارا سىياسىي تۇرمۇشنى قوبۇل قىلىش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ مۇستەقىللىققە ئېرىشتۈردى، ئەمما تۈزۈملەشتۈرەلمىدى، ھەم ھۆكۈمەتنىڭمۇ رەسمىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇرۇنلا مەۋجۇت نەرسىنى قانۇنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىش چوقۇم تۈزۈلمىگە ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىش قىلىدۇ، بۇ تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان بىر سەكرەش بولۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەمەلدارلار تەبئىيلا بۇ سەكرەشتىن قورقىدۇ.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي كۆپ خىللىقتىن قورقۇشى پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىدىكى چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. 39 مىليون نوپۇسقا ئىگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياۋروپا دۆلىتىدە، كۆپ قېتىملىق خەلق راينى سىناشتا ئاساسلانغاندا، پەقەت 10% كىشىلا بۇ ھاكىمىيەتكە ھېسداشلىق قىلغان. لېكىن دەل بۇ دۆلەتتە، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىجتىمائىي مۇھىم خىزمەتلەر مەخسۇس پارتىيە ئەزالىرىغىلا قالدۇرۇلغان. ھۆكۈمەتنىڭ «سىياسەت ھەپتىلىكى» ژۇرنىلى 1988-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنى ئاشكارىلىشىچە، دۆلەتنىڭ بىر مىليون 200 مىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى ئورنىنىڭ 900 مىڭىنى پارتىيە ئەزالىرى ئىگىلىگەن. بۇ ژۇرنالنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەھۋال «ئەزا ئومۇمىي سانى پەقەت ئىككى مىليوندىن ئاشىدىغان پارتىيەنىڭ 50% ئەزاسى باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلماقتا» ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1986-يىلى 444 ئادەم ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى باشقۇ رۇش ئورنىغا تەيىنلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 94.3% ئادەم پارتىيە ئەزاسى ئىكەن. ئۈچتىن ئىككى قىسىم پولشا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى مۇدىرى، بەشتىن تۆت قىسىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى ھەمدە تۆتتىن ئۈچ قىسىم سەھىيە سىستېمىسىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ پارتىيە ئەزاسى ئىكەن.

جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي كۆپ خىللاشقان سىياسىيغا بولغان تەلىپى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى، بۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئالاھىدە ھوقۇققا تەھدىت سالدى. قاتمۇقات مۇھاسىرىدە قالغان ھاكىمىيەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش تەلىپىگە قايتۇرغان ئىنكاسى «ئىجتىمائىي كۆپ خىللىق» ئۇقۇمىنى تەشەببۇس قىلىش بولدى. جارۇزېلسكىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە جەمئىيەتتىكى يېتىملىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، كىرمىل سارىيىنىڭ ئەمدى باستۇرالمايدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق چۈشىنەتتى. بىرلا ۋاقىتتا، يەنە غەربنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىشنى قاتتىق ئۈمىد قىلدى. شۇڭا، ئىنتايىن مەجبۇرلانغان ھەم ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا سىياسىي جەھەتتە يول قويۇشقا باشلىدى. جارۇزېلسكى «مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى» قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى

قىلدى، ئورگاننىڭ ئەزالىرى ئاساسلىقى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش بىلەن داڭلىق پارتىيىسىز زاتلار ئىدى. بۇ كومىتېت ھەر خىل ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكلەرنى (گەرچە بىۋاسىتە تۈزۈمسىمۇ) راۋانلاشتۇراتتى. ئەسلىدە قاتتىق مەخپىي ساقلانغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ھۆكۈمەت تەكشۈرۈشى قىلمايدىغان بولدى. گەرچە ھۆكۈمەت يولى بىلەن بولمىسىمۇ، سىياسىي ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئېلان قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. مۇستەقىل كۇلۇبلار ۋە مۇنازىرە گۇرۇپپىلىرى زور تۈركۈمدە بارلىققا كېلىپ، ھەقىقىي سىياسىي تۈرمۈشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پات-پات يۈز بەرگەن ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلارمۇ بەزىدە كەڭچىلىككە ئېرىشتى، ئېھتىمال نامايىشنى ئىجتىمائىي يوقىتىش تۈيغۇسىنى چىقىرىشتىكى بىخەتەر كلاپان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. 1988-يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا، ئۆزلۈكسىز يامانلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ھۆكۈمەت باياناتچىسى، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ۋە يېرىم مەخپىي ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئەستايىدىل مۇنازىرە قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى، مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى «كىرىزىسقا قارشى» ياكى «ئىسلاھاتقا مايىل» مەملىكەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بار يوقلىقى ئىدى .

يول قويۇشلار بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىز ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە قايمۇقۇپ قالدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە «سوتسىيالىزملىق كۆپ خىللىشىش» نىقابى ئاستىدا، لېنىنىزمنىڭ ھوقۇقنى مونوپول قىلغانلىقى ۋە ستالىنىزمنىڭ سىياسىي تۈرمۇشنى ئومۇميۈزلۈك باستۇرىدىغان دەۋرىنىڭ ئەمدى قايتىلانمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە تەشەببۇس قىلغان «سوتسىيالىزملىق كۆپ خىللىشىش» بىلەن ئۆز-ئۆزىنى ئازات قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەلىپىدىكى «دېموكراتىيىنىڭ كۆپ خىللىشىشى» بىر بىرىدىن يىراقلاپ كەتتى. جەمئىيەت ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىدىن تەنقىد قىلىش ۋە پىكىر بېرىش ھوقۇقىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە سىياسەت بەلگىلەشكە قاتنىشىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئەڭ ئاخىرى ئاساسىي سىياسىي تاللاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىمۇ تەلەپ قىلدى.

شۇڭا، «سوتسىيالىزملىق كۆپ خىللىشىش» بىلەن «دېموكراتىيىنىڭ كۆپ خىللىشىشى» ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. ھوقۇقتىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بۇمۇ لېنىنىزم بىلەن سوتسىيال دېموكراتىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پەق. كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ھاكىمىيەت يا كومىدىيىلىك يىمىرىلىشى كېرەك، بۇ چوقۇملا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ يا بولمىسا تۇيۇقسىز كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈشى كېرەك، بۇ ئېھتىمال ئامىمىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، پولشا كومپارتىيىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى چوڭ بولغان ئىستىقبالى بولسا چەتئەل مەجبۇرىي تاڭغان ئالاھىدىلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاجىزلاپ، سىياسىي جەھەتتە «پولشا لىشىش» نى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن. بۇ ھاكىمىيەت ستالىنىزمنى ئاللاقاچان ئاشكارا ئىنكار قىلدى، لېنىنىزمنىمۇ پەقەت ئېغىزدىلا ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن باشقا پولشا تۈزۈلمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدىلىكى داۋاملىق ئاجىزلىماقتا. شۇڭا، پولشا بىلەن بۇرۇن يولغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى دەز تېخىمۇ چوڭلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پولشانىڭ كوممۇنىزم تۈزۈمى پەقەت ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدىلا ھەقىقىي كوممۇنىزملىق خاراكتېرىنى ساقلاپ قالدى.

كوممۇنىزمچىلار ئۇلار ئىلگىرى ئىنقىلابچىلار ئىدى، لېكىن ھازىر ئىنقىلابچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران لىقىغا بىۋاستە قارشى تۇرغان بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىنقىلابتا مەغلۇپ قىلىندى. بۇ باسقۇچنى ئىتالىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىچىسى ئانتو نىيو گرامىسى (Antonio Gramsci) تولىمۇ مۇۋاپىق ھالدا كۆز قاراشلارنىڭ كۆرەش قىلىش باسقۇچى دەپ بېكىتتى. ئۇنىڭ نەزىرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، كېيىنكى باسقۇچ دۆلەت ئاپاراتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئاممۋى ھۇجۇم قىلىش باسقۇچى ئىدى. دەل موشۇ جەھەتتە، كوممۇنىزم ئىقتىسادىنىڭ مەغلۇبىيىتى دېموكراتىيىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش كۈچلىرى نىڭ مەخپىي «بەشىنچى كالوننا» سى بولۇپ قالدى. بۇ مەغلۇبىيەت كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ

كۆرەشچانلىقنى يوقاتتى، ئامما دىن ئايرىلىپ قالدى، ئەڭ ئالىي سىياسىي رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ كۆنسېرى يېتىم قالدى. بۇلار پولشا كومپارتىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ سىيا سىينى مونوپول قىلىش ھوقۇقىدىن پەيدىنپەي ۋاز كەچمىسە بولمايدىغانلىقىنى ياكى مەلۇم پەيتتە ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئىنقىلاب زوراۋانلىقىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

# 11-باب رايونلۇق مالىمانچىلىقنىڭ كۆرۈلىشى

پولشادىكى نۇرغۇنلىغان كوممۇنىزمچى ئەمەس پائالىيەتچىلەر پولشانىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تىرىشماقتا. بۇ خىل يېڭى يۈزلىنىش كېرمىل سارىيىنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل كەلگۈسىگە نىسبەتەن بارغانچە ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى: بىرىنچىسى بولسا كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى پەيدىنپەي ئاجىزلاشماقتا. ئىككىنچىسى كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك مالىمانچىلىق يۈز بەردى. گورباچېۋنىڭ ئىسلاھات مۇددىئاسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىرىشچانلىقنى تېخىمۇ ئاسانلا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە كوممۇنىزمچى ئەمەس پائالىيەتچىلەرگە ئۇلار ئېھتىياجلىق باھانە تەمىن ئەتتى. ئۇلار شەرقى ياۋروپادىكى بەزى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ (ھازىرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لىتۋا ۋە ئۇكرائىنا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى توغرىسىدا توختالمايمىز، بۇ جايلار پولشانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئىنتايىن ئاسان ئۇچرايدۇ) ئىسلاھات قىلمىغانلىقىنى كۆرسەتسە بولىدۇ ھەمدە بۇ ھادىسىنى سوتسىيالىزمغا قارشى قاتاللىقنىڭ دەلىلى، يەرلىك كومپارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراشنى خالىمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارايدۇ.گورباچېۋنىڭ رېۋىزئونىزملىق كەيپىياتى ھەمدە ئۇنىڭ بارلىق كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇشى ھەققىدىكى پەلىپەتىش سۆزلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پراگا باھارى» نى باستۇرۇشى سەۋەبلىك كىشىلەردە كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنچ پىسخىكىسىنى يوقاتماقتا. خروشېۋ تۈيۈقسىز تېتونىڭ بىدئەت تەلىماتىغا قانۇنلۇق ئورۇن بېرىپ، 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ستالىنىزم يولغا قويۇلغان شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن؛ خروشېۋ بولسا ئىلگىرى غەيرى

ئېقىمغا تەۋە شەرقىي ياۋروپا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن مەنىۋى يىلتىزداشتۇر، بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ بەزى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئوخشاش تەرىپى بار. شەك شۈبھىسىزكى، ئىسلاھات شەرقىي ياۋروپادا ئېغىر چوڭ ئۈمىدنى ئويغىتىپلا قالماي، يەنە ئۆكتىچىلەرگە قانۇنلۇق ئورۇن تەمىن ئەتتى.مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، پولشالىقلار ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمگە قارشى شەرقىي ياۋروپا دېموكراتىيە كۈچلىرى بىلەن ئېغىر كەڭ دائىرىلىك ئىتتىپاقلىششىغا ئالدى بىلەن چاقىرىق قىلدى. پولشا جەمئىيىتىدە كۆرۈلگەن ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئېغىر چەك كونترول قىلىنىۋاتقان ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشتىكى قوشنا دۆلەت ئىتتىپاقداشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، پولشالىقلار ئېغىر ئاسان توپلىشالايدۇ، تەشكىللات قۇرالايدۇ، پائالىيەت قىلالايدۇ. باشقا شەرقىي ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى ھەر قانداق ھەرىكەت ئېغىر چوڭ خېيىم-خەتەر كەلتۈرىدۇ ۋە ئېغىر يۇقىرى بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ. پولشالىقلارنىڭ ئىلگىرى تۆلىگەن قۇربانلىقلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن مۇئەييەن چەكتىكى كەڭچىلىككە ئېرىشتۈردى. بۇنىدىن سىرت، پولشالىقلارنىڭ يەنە كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقان مەخپىي ھەرىكەت قىلىدىغان ئەنئەنىسى بار. پولشالىقلارنىڭ خاس تارىخى بولغانلىقتىن، ئۇلاردا بىر خىل تەبئىي خاھىش بار، ھەمىشە پۈتكۈل بىر رايوننى ئىستراتېگىيە چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ (ئىلگىرى رۇسىيە) ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى ئويلىشىدۇ.1986-يىلى، پولشا ئۆكتىچىلىرى ھەتتا «يېڭى ئىتتىپاقداش» نامىدىكى بىر ئالاھىدە ژۇرنالنى تەسىس قىلىپ، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى «رايونلۇق» ھەرىكەتكە مەخسۇس سەپەرۋەرلىك قىلدى. ژۇرنالنىڭ خەۋەر بېرىش دائىرىسى بارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ پايتەختى ۋاراشاۋا، پراگا، براتىسلاۋا، بۇداپېشت، بۇخارىست ھەتتا سوفىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پايتەختى كىيېۋ، مىنسك، ۋىلنيۇس، رىگا ۋە تاللىنغىمۇ چېتىلاتتى. 1987-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقلىقلارنىڭ چېخو سلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ 19يىللىقىدا، پولشا ۋە

چېخوسلوۋاكىيەدىن كەلگەن داڭلىق ئۆكتىچى زاتلار تاترا (Tatra) تاغ تىزمىسىدىكى چېگرا رايوندا بىر مەخپىي جايدا بىرلەشمە يىغىن ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقانلار ئاساسىي ئىنسانىي هوقۇقتىن بەهرىمان بولۇش دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسىدىكى ئاكادېمىك ئاندرېي ساكخاروۋ (Sakharov Andrei) غا ئالاهىدە قوللاش تېلېگراممىسىنى يوللىدى، بۇ كىشى ئۇزۇندىن بۇيان بۇيان ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، يەنە گورباچېۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا يولغا قويغان ئىسلاھاتىنى قاتتىق ماختىدى ھەمدە بۇ ئىسلاھاتلارنى شەرقى ياۋروپادا تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزگەرتىش قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى.گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىنى يۈزەكى ماختاپ قويغان نەچچە جۈملە مەدھىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ گۇمانىنى يوقىتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرمىغان شەرقىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا ئوت ئۈستىگە ياغ چاچمىغان تەغدىر دىمۇ، پولشادىكى ئەھۋال ئاللابۇرۇنلا ئۇلارغا يېتەرلىك تەھدىت شەكىللە نەۋردى. ئېنىقكى، كېرمىل سارىيى قانلىق باستۇرۇش ۋاستىسى (بۇ خەلقئارالىق تەسىرىدە تۆلەنگەن بەدەل) قوللانماي، بەلكى پولشاغا تېخىمۇ كۆپ ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇش هوقۇقىنى بېرىشتىكى ئاچچىق مېۋىنى ئۆزى مەجبۇرىي يۇتتى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى پولشانىڭ بۇنداق ئەھۋالىنىڭ ئەتراپتىكى باشقا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە يامراپ كېتىشىگە سەۋر قىلىپ تۇرالمايدۇ. بۇنداق كەلگۈسى سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى گۇمران قىلىدۇ.لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال يامراشقا باشلىدى. 1988-يىل بېشىدا پولشا، ۋېنگرىيە، چېخوسلوۋاكىيە ۋە شەرقىي گېرمانىيەدىكى دېموكراتىك ئۆكتىچىلەر باشلامچىلىق بىلەن بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۆز دۆلىتىدە دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، تېخىمۇ باتۇرانە بىر قەدەمنى ئالدى. بىرىنچى قېتىمدا 300 ئادەم بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويدى؛ ئىككىنچى قېتىمدا 438 ئادەم ئىمزا قويدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە يۇگوسلاۋىيە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئىش ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، بىرلەشمە باياناتى پىسخىكا ۋە تارىخ جەھەتتە بۆسۈشكە ئېرىشتى. ستالىن رايون

زومىگەرلىكىنى يۇرگۈزگەندىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى شەرقىي ياۋروپا ئۆكتىچىلەر بىرلەشمە تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، ئاشكارا نامايان بولىشىدۇر. ئارقىدىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېخوسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىدا، پولشا ۋە چېخ ئۆكتىچى تەشكىلاتىدىكى 26 ۋەكىل مەشھۇر «پولشا-چېخ بىرلەشمە باياناتى» نى ئېلان قىلىپ، ۋاراشاۋا شەرتنامىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ تولۇق ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلىك قىلماقچى بولدى. باياناتتا: «تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر: 1968-يىلىدىكى چېخوسلوۋاكىيەگە ئائىت ھۆججەتلەر، 1980-يىلى ۋە 1981-يىلىدىكى پولشاغا ئالاقىدار ھۆججەتلەر، 1939-يىلى، 1941-يىلىدىكى، 1944-يىلى ۋە 1948-يىلىدىكى پولشا پۇقرالىرىنى خالىغانچە قولغا ئالغانلىقىنىڭ ھۆججىتى، 1940-يىلىدىكى كاتىين چوڭ قىرغىنچىلىقىنىڭ ھۆججىتى، ئىمرې نەگي (Nagy Imre) ۋە نەچچە يۈز قوللىغۇچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ھۆججىتى، كومپارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئالاقىدار ھۆججەتلەر ھەمدە 1948-يىلى ۋە 1956-يىلىدىكى چېخوسلوۋاكىيە سوتى چوڭ قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئېلان قىلىش» نى قەتئىي تەلەپ قىلدى.ئاساسلىقى پولشادا يۈز بېرىۋاتقان زور ئۆزگىرىش (بىرلا ۋاقىتتا كۆپ قىسىم شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ) موسكۋاغا نىسبەتەن بىر خىرىستۇر، ئۆزگىرىش موسكۋانىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىسلاھاتىدا ئۇچرىغان مۇشكۈلاتىنى ئېغىرلاشتۇردى. بۇ ۋەزىيەتكە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى جەزملەشتۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس .يۇشۇرۇن مىللىي كەيپىيا تىنىڭ پارتىلاش مۇمكىنچىلىكىدىن سىرت، كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان رايونلۇق ئىقتىسادىي كىرىزىسىمۇ بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ خىل كىرىزىس بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسلىدىن دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقىنىڭ مەنبەسى بىر يەردىن چىققان، شۇڭا ئاددىي ساقچى شەكلىدە باستۇرۇش ئاساسىدىكى ئىنكاس قايتۇرۇش تەدبىرى ئۈنچىلىك ئۈنۈملۈك بولمىدى. ئادەمنى تۈرمىگە سولىۋېتىش مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، ئەكسىچە رايونلۇق توپىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا،

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقى ياۋروپا رەھبەرلىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي ياۋروپادىكى ئىقتىسادىي قىيىن چىلىق ئېغىرلاپ، سىياسىي مالىمانچىلىقنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. زور مىقداردا ياردەم مەبلىغىگە ئېرىشكەن شەرقىي گېرمانىيە ھاكىمىيىتىدىن سىرت (ھەر يىلى غەربىي گېرمانىيىنىڭ نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ياردىمىگە ئېرىشىدۇ)، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ رايوندا يۆلەۋاتقان ھاكىمىيەتلەردە، ئىجتىمائىي ئىقتىساد جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرمۇ ئۈلگە يوق. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيا تى غەربىي ياۋروپادىكى قوشنىلىرىغا ھەرگىزمۇ يەتمەيدۇ. بەزى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ رۇمىنىيە ۋە پولشادا ھەتتا ئىقتىسادىي جەھەتتە گۇمران بولۇپ، تېگى يوق ھاڭغا دۇچ كەلگەن ئىدى. رۇمىنىيەدە زىيادە چىرىكلەشكەن شەخسىي مۇستەبىتلەر رەھبەرلىك قىلغانلىقتىن، ۋەز ىيىتى تېخىمۇ چاتاق. بۇ مۇستەبىتلەر تەشەببۇس قىلغان شەخسكە چوقۇنۇشنى پەقەت ئالبانىيەدىكى ئەنۋەر خوجا ۋە شىمالىي كورىيەدىكى كىم ئىرسەنغىلا سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1987-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى بىر پارچە مۇلاھىزە ماقالىسىدە ئىنتايىن ئېنىق سۆزلەر بىلەن مەزكۇر رايوندىكى كوممۇنىزم ئىقتىسادىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتى ۋە تېخىمۇ ئېغىر كەلگۈسىنى يىغىنچاقلىدى. مۇلاھىز ىنىڭ ئاخىرىغا:«ئۈچىنچى دۇنيادىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سانائەت دۆلەتلىرى ئەڭ يېڭى تېخنىكا بىلەن زاۋۇت قۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، شەرقىي ياۋروپا پەيدىنپەي ئىپتىدائىي سانائەت دەۋرىنىڭ موزېيخانىسىغا ئايلىنىپ قالدى... شەرقىي ياۋروپا تېزلىكتە ئۈچىنچى دۇنيانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى، ئېھتىمال ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىقتىسادتا شەرقىي ياۋروپادىن ئېشىپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن...سىنگاپور ئاسىيانىڭ پەقەت ئىككى مىليون ئاھالىسى بار شەھەر دۆلىتى، غەربكە ئېكسپورت قىلىدىغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى پۈتكۈل شەرقىي ياۋروپانىڭكىدىن يەنە 20% يۇقىرى» دەپ يېزىلغان ئىدى. رايونلۇق ئىقتىسادنىڭ يامانلىششى ،پولشا جەمئىيىتىنىڭ پەيدىنپەي ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلاھات ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى گىرەلىشىپ، ئۆز-ئارا قارىمۇ قارشى ھەمدە ماھىيەت جەھەتتە ئىنتائەت قىلمايدىغان كۈچلەرنى

بەس-بەستە بارلىققا كەلتۈردى. موسكۋاغا بولغان ھۆرمەت سەۋەبىدىن، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەت رەھبەرلىرى ئىچىدە گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىنى ماختاپ ئۆچۈردى. لېكىن بۇ ئۇسۇل دەل ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى. بۇ زور ئىسلاھات تەلەپ قىلىشتىكى دۆلەت ئىچىدىكى بېسىمنى قانۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە ئۇلگە بولغان پولشانى ۋاستىلىق قوللىدى، بۇنىڭدىكى ئالاھىدە بىر سەۋەب بولسا گورباچېۋ بىلەن جارۇزىلېسكىنىڭ يېقىن شەخسىي مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ رايوندىكى ھەر بىر ھاكىمىيەت كۆچلۈك بېسىم ئاستىدا تۇرماقتا، دۆلىتىنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسى ياكى دۆلەت ئىچى ئىجتىمائىي سىياسىتىنىڭ يېڭى تەكۈپۈكلۈقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.گەرچە ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى ئەكسىچە يول تۇتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلاھات بارغانسېرى سوۋېتسىزلاشتۇرۇشنىڭ مەنداش سۆزى بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەر قايسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىلەرنىڭ كونكرېت تەدبىرى بەك پىراقلاپ كەتتى. بۇلغارىيە ۋە شەرقىي گېرمانىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە نىسبەتەن مۇقىم ۋە ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ۋە مۇستەھكەم ئىجتىمائىي تەشكىللىنىشىنى ساقلاپ كەلگەن -لېكىن، موسكۋانىڭ يولىغا قەدەممۇ-قەدەم ئەگەشتى. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنى ئالىقاچان سىياسىي جەھەتتە سۆز ھەرىكىتى ئېھتىياتچان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھاتچىلىرى بىنىڭ نەمۇنىسىغا ئايلاندۇردى. بۇلغارىيەدە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرى پەقەتلا ئىقتىسادى ساھەدە تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە يېڭىلىق شامىلىنى كۆتۈردى، بۇ خىل تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان يېڭىلىق گورباچېۋنىڭ ئىدىيە ئەندىزىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما، بۇلغارىيە رەھبىرى (Todor Zhivkov) تودور جىۋكوۋ 1988-يىلى 6-ئايدا سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىن ئىنىق تەكىتلەپ، گورباچېۋ ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي تەرەققىيات ئەندىزىسى پەقەت «سوۋېت ئىتتىپاقىغىلا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيىتى» بارلىقىنى ئېيتتى.تېخىمۇ قىيىن بىر ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋېنگىرىيە، چېخوسلوۋاكىيە، بولۇپمۇ رومىنىيىنى قىيناۋاتىدۇ. ۋېنگىرىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ماھىيەتتە پىلانلىق ئىقتىساد ۋە

چەكلىك بازار تەشكىل قىلىنغان ئارىسىدىكى تەشكىل مەسئۇلاتى. (Janos Kadar
) جانوس كادار 1956-يىلىدىن بۇيان ئىزچىل ۋېنگىرىيىنىڭ شەك -
شۈبھىسىز رەھبىرى بولۇپ كەلدى، ھازىر كىمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى
ئالىدىغانلىقى ئالاقىدار سىياسىي مەسىلە كېلىپ چىققاندىن كېيىن،
ئىسلاھات ئېغىر قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالدى. ۋېنگىرىيە بۈگۈنكى كۈندە
نېمە قىلارنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، بىر تەرەپتىن كىشىلەر ئىقتىسادتا
ھوقۇقنى قويۇۋېتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، يەنە بىر
تەرەپتىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە يەنە داۋاملىق سىياسىي ھاكىم
مۇتلەقلىقنى يولغا قويماقچى بولدى، شۇڭا ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىر ئىزدا
توختاپ قالدى، ھەتتا تۈيۈق يولغا كىرىشكە باشلىدى. تاشقى قەرز
ئېشىپ، ئىقتىساد چېكىندى، پۇل پاخاللىشىش ۋە ئىشسىزلىق داۋاملىق
كۆرۈلۈپ، جەمئىيەت داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۇقىرى قاتلام
بيۇروكراتلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى ھەم تەرەققىي قىلىشى بولسا ئىنتايىن
ئومۇميۈزلۈك ھادىسە بولۇپ قالدى.ۋېنگىرىيە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي
ساھەسى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئىقتىسادىي
ئۆتقۇزۇش ئامالىنىڭ جەريانىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا
مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىپ، دوگمىچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر دۆلەتنى ئىدارە
قىلىش نەزەرىيىچىلىرى ئارىسىدىكى كۈرەشنى قوزغاپ قويدى. لېكىن،
ئومۇمىي يۈزلىنىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ھوقۇقنى تۆۋەنگە
چۈشۈرۈپ، بازار مېخانىزمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، خۇسۇسىيلار بېجى
يىغىش ۋە كۈچىنىڭ بارىچە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىپ شىرىكلەشكەن
كارخانا قۇرۇش بولۇپ، بارلىق تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى
ئەندىزىسىدىكى سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سۇسلا شتۇردى.
ۋېنگىرىيە بىلەن پولشانىڭ ناھايىتى ئوخشايدىغان يەنە بىر تەرىپى بولسا،
سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ئابرويى تۆكۈلۈپ،
40 يىللىق ئىدىيە سىڭدۈرمىچىلىكى ئاللىقاچان غەلىتە سىياسىي ئۇنۇتقاق
كېسىلىنى پەيدا قىلدى. بۇ نۇقتىدا «بۇداپېشت رادىئو ئىستانسىسى»
1985-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئېلىپ بارغان
زىيارىتى ناھايىتى ياخشى مىسال بولالايدۇ.بۇ زىيارەتلەر بۇداپېشتتىكى
ئاساسلىق مەيدان بولغان كارل ماركس مەيداندا ئىختىيارى ئېلىپ

بىرىلگان. مۇخبىر يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن ماركس كىم دەپ سورىغاندا جاۋابى (رادىئو ئاڭلىتىش خاتىرىسىگە ئاساسەن ئېلىندى) تۆۋەندىكىدەك بولغان:

بىرىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«ھەم، مەندىن بۇنداق ئىشلارنى سورىماڭ.»
مۇخبىر:«ئاددىي نەچچە ئېغىز بولسىمۇ بولمامدۇ؟»
بىرىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«مېنىڭ دېگۈم يوق، بولامدۇ؟»
مۇخبىر: «نېمىشقا؟»
بىرىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى ئۆگەنگۈدەك ۋاقتىم يوق.»
مۇخبىر:«لېكىن سىز مەكتەپتە چوقۇم ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئاڭلىغان.»
بىرىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«مەن دائىم دەرس تاشلايمەن.»
ئىككىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«ئۇ بىر سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپى، ئېنگىلس ئۇنىڭ دوستى. ھەم، مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ئۇ قېرىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆلگەن.»
ئۈچىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«ئەلۋەتتە،ئۇ بىر سىياسىئون. يەنە... ئۇ... سىز بىلىسىز...ئۇنىڭ ئىسمى نېمە-لېنىن،لېنىننىڭ ئەسىرى-ئۇ ئاشۇ ئەسەرلەرنى ۋېنگىرىيىچىگە تەرجىمە قىلغان.»
تۆتىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«ئۇنى ئۆگىنىش چوقۇم ئۆگىنىدىغان دەرس، شۇڭا بىز ئۇنى چۈشىنىمىز.»
مۇخبىر:«ئۇنداقتا بىر قانچە ئېغىز سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق؟»
تۆتىنچى يولدىن ئۆتكۈچى:«بولىدى قىلىڭە، 8-يىللىقتا ئوقۇغان دەرسىمدىن ئىمتىھان ئالماڭ. 8-يىللىقتىكى ۋاقىتتا بىز بۇ نۇقتىنى چوقۇم بىلىشىمىز كېرەك. ئۇ گېرمانىيىلىك، ئۇ بىر سىياسىئون... مېنىڭچە، ئۇ ئېتىپ تاشلانغان.»
چېخوسلوۋاكىيەدە 1968-يىلىدىن باشلاپلا جىمىپ كەتكەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى بىر يولىدىلا ھەل قىلىنىۋەتكەن مەسىلىلەرنى گورباچېۋ يەنە قايتىدىن تارتىپ چىقتى. 1987-يىلى گورباچېۋ پىراگانى زىيارەت قىلدى. بىر قېتىملىق ئاشكارا مۇخبىرلارنى

كۆتۈرۈلۈش يىغىنىدا، كىشىلەر گورباچېۋ بىلەن 1968-يىلدىكى «پراگا باھارى» نىڭ رەھبىرى ئالېكساندىر دۇبچېك ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق ئوخشىماسلىقنىڭ نېمىلىكىنى سورىغاندا، گورباچېۋنىڭ باياناتچىسى گېننادى گېراسىموۋ (Gennadi Gerasimov) بىر ئېغىز سۆز بىلەن مەخپىيەتلىك تۈگۈنىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ جاۋابى پەقەت ئىككى سۆز:«19 يىل» ئىدى. ئۇنىڭ بەرگەن بېشارىتى دۇبچېك بولسا پەقەتلا تارىخىي رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ھەمدە ھەقىقىي قۇتراتقۇلۇق جىنايىتى بار رېۋىزىئونىزمچى ئەمەس ئىدى. گورباچېۋ ھاكىمىيىتى 1968-يىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇداخىلىسىنىڭ ئورۇنلۇق بولغان بولمىغانلىقىنى قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشى مۇمكىن. 1987-يىلى 11-ئاي موسكۋا بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ 70-يىللىقىنى خاتىرلىگەن ۋاقىتتا، گورباچېۋنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇ كۆز قاراشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ شەك-شۈبھىسىز چېخوسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدۇ ۋە تەشۋىشلەندۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلار شۇ قېتىملىق مۇداخىلە سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.ئەھۋالى ئەڭ چاتاق بولغىنى رۇمىنىيە. ئالدىقاچان يامانلاشقان ئىقتىساد ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەۋىيەگە چۈشۈپ قالدى. يېمەكلىك كەمچىل، قىشتا پار ۋە توك كەمچىل، ئەڭ ئېغىر بولغىنى ئىستىبداد بۇيۇمى يوق. رۇمىنىيە ھاكىمىيىتى كېسەلمەن مىللەتچىلىكنى نىقاب قىلىپ، بىر خىل چۈشەنچىدە رۇمىنىيە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقىنى تەكىتلىدى، رۇمىنىيە رەھبەرلىرىنىڭ نەزەرىيە تەلىماتىدا دۇنيا سوتسىيالىزمىغا قوشقان ئاتالمىش ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپىسىنى تەكىتلىدى. رۇمىنىيىدە مۇستەبىت نىكولا چېسېسكۇ (Nicolae Ceausescu) غا بولغان شەخسىي چوقۇنۇش ئۇچىغا چىققان. رۇمىنىيىنىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرىدە ئۇ ھەر ۋاقىت مەدھىيىلىنىپ تۇرغان. مەسىلەن: 1988-يىلى 7-ئاي پارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئۇچقۇن گېزىتى»ئۇنى مەدھىيىلەپ: «مىللىي قەھرىمانىنىڭ قەھرىمانى، قالتىس جەڭچى، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر ۋە مۇتەپەككۇر، خەلقئارا كوممۇنىزم ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرباب، تىنچلىق قەھرىمانى، مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە ئىگىلىك ھوقۇق كۈرەشچىسى ھەمدە يېڭى دۇنيا تەرتىپى قۇرۇشنىڭ سىمۋولى» دېگەن. ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق

«رۇمىنىيەنىڭ ئىسمى مەيلى قەيەردە تىلغا ئېلىنسۇن، كىشلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈردىغان ۋە ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان» قىلغان.رومىنىيە يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خالىغانچە باستۇردى، بولۇپمۇ رۇمىنىيە ترانسىلۋانىيە رايونىدا ئولتۇرۇ شلۇق نەچچە مىليون ۋېنگىرىيەلىكلەرنى باستۇردى. بىر قېتىملىق قەبىھ ھەرىكەتتە، چېپىسكۇ ترانسىلۋانىيە ۋېنگىرلىرى ئولتۇراقلاشقان نەچچە مىڭلىغان قىشلاقلارنى مەجبۇرى ھالدا بىر قىسىم ئۆلچەملىك يېزا ئىگىلىك شەھەر-بازارلىرىغا قوشۇۋەتتى. سەۋەبى، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن كوممۇنىزىم باسقۇچىغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. بۇ قېتىملىق مەجبۇرى كۆچۈرۈش نۇرغۇنلىغان ترانسىلۋانىيە ۋېنگىرلىرىنى ۋېنگىرىيەگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى، بۇ تەبىئىيلا بۇداپېشتنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئىككىلا كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئەنئەنىۋى مىللەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى، ئاقىۋەت ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېزلىكتە يامانلاشتى.دەرۋەقە، 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا، ماركسىزم لېنىنىزمنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزمى شەرقى ياۋروپادا ئاللىقاچان ھالاك بولدى، ئەنئەنىۋى مىللەتچىلىك ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. مەسىلەن، بۇلغارىيەلىكلەر ئاشكارا ھالدا شوۋىنىزمنى قوللاپ، تۈرك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. پولشالىقلار ۋە شەرقى گېرمانىيەلىكلەرنىڭ دېڭىز تەۋەلىك ماجىراسى ھەققىدە ئاشكارا مۇنازىرە قىلدى. ئۇزۇندىن بۇيانقى ترانسىلۋانىيە مەسىلىسىدە، ۋېنگىرىيەلىكلەر ۋە رۇمىنىيەلىكلەر ئۆز-ئارا ئەيىبلەشتى. چېخلار ۋە سلوۋاكىيەلىكلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدە تەرەققىياتىدىكى ئىقتىسادىي بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىملەش مەسىلىسىدىكى جېدەللى توختىمىدى. پەقەت رۇسىيەلىكلەر توغرىسىدا توختالغاندا، پولشالىقلار، چېخوسلوۋاكىيەلىكلەر، ۋېنگىرىيە لىكلەر ۋە رۇمىنىيەلىكلەر ئاندىن ئورتاق كۆز قاراشتا بولاتتى! لېكىن، شەرقى ياۋروپادا يەنىلا ئاشكارا، نورمال سىياسىي تۇرمۇش كەمچىل. پولشادىن سىرت، ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراش يەنىلا نىسبەتەن كىچىك تەشكىلاتلار ئىچىدە، قەرەلسىز تارقىتىلىپ تۇرۇۋاتقان مەخپىي مەتبۇئاتلاردا ھەمدە بەزىدە يۈز بەرگەن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدىلا چەكلىنىپ قالدى. لېكىن، سىياسىي تۇرمۇشنىڭ تۇيۇقسىز ئەسلىگە كېلىش مۇمكىنچىلىكى كۆرۈنەرلىك

يۇقىرىلىدى. سىياسىي تۇرمۇش گورباچېۋنىڭ ئاشكارا ھەرىكەتلىرىدە ئىدېئولوگىيىدىكى قانۇنلۇق ئورۇنغا ئېرىشتى، ھەم پولشادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن ئىزچىل رىغبەتكە ئېرىشتى، بىرلا ۋاقىتتا يېڭى تارقىتىش ۋاستىسى ھەمدە غەرب بىلەن كۆنسېرى ئېشىۋاتقان ئۇچرىشىش سىياسىي تۇرمۇشقا پايدىلىق شارائىت تەمىن ئەتتى. ئىقتىسادىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتى غەرب بىلەن ئالاقە قىلىدىغان رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. يىراق بولمىغان كەلگۈسىنىڭ مەلۇم بىر پەيتىدە، نىسبەتەن چوڭراق بولغان مەلۇم ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي مالىمانچىلىق سەۋەبىدىن، سىياسىي كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمدىكى دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشتىكى ھەقىقىي جەمئىيەت ئارزۇسىنى ئىپادىلەش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم سىياسى شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنىڭ شەك-شۈبھىسىز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. جەمئىيەتكە قارىتا قەستەن سىياسىي ئاختا قىلىش ئۆزگە قاراشلىق دۆلەتلەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنى پەيدىنپەي يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.ۋېنگرىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ئەسلىگە كېلىش جەھەتتە كۆلەم ۋە سىجىللىق دەرىجىسىدە پولشانىڭ ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىچىلىك بولمىسىمۇ، ئەمما باسقان قەدىمى ئەڭ چوڭ ئىدى. سىياسىي تۇرمۇش دوناي دەرياسىدا دولقۇنلاشقا باشلىدى. 1987-يىلى، ۋېنگرىيىدە سىياسىي ئۆكتىچىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ بۇداپېشتتا ئاشكارا يىغىلىش، ھەتتا نامايىش پائالىيەتلىرىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىشەنچىسى بار. ئۆكتىچىلەر بىرەسمىي مۇنازىرە قىلىپ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ئاشكارا سۆھبەتلىشىش تەلىپىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولدى. مەخپىي نەشر بۇيۇملىرىمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتاكى، كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرى ئىچىدە دەرۋەقە بەزىلەر سىياسىي ئۆكتىچىلەرگە رەسمىي قانۇنلۇق ئورۇن بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋېنگرىيە ھاكىمىيىتى قانات ئاستىغا ئالغان تەشكىلات-ۋەتەنپەرۋەر خەلق فرونتىنىڭ رەھبىرى (Imre pozsgay) ئىمرې پوزسگاي (نۇرغۇن كىشىلەر ۋېنگرىيىدىكى ئىدىيىسى ئەڭ ئوچۇق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر دەپ قارايدۇ) ئاللىقاچان خېلى يىراق مېڭىپ بولغان

ئىدى. ئۇ 1987-يىلى يىل ئاخىرىدا نۆۋەتتىكى بىر پارتىيە تۈزۈمىنىڭ چوقۇم «ئۆتكۈنچى» ئورۇنلاشتۇرۇش دەپ قارىلىشى كېرەكلىكىدىن بېشارەت بەردى.سىياسىيدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋېنگىر يەنىلا تەرەققىيات يۆزلىنىشىدىكى بىر مۇھىم تەرەپتە پولشا بىلەن ئوخشىمايدۇ. ۋېنگىرىيە سىياسىي ئىسلاھاتىنىڭ نۇرغۇن ئەسلى ھەرىكە تلەندۈرگۈچ كۈچى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم دانا رەھبەرلەردىن كەلگەن. دۆلەت ئىچىدىكى كۆنسېرى يېتىم قىلىۋاتقان پولشا رەھبەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ۋېنگىرىيە رەھبەرلىرى تېخىمۇ تەجرىبىلىك، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنچىدىغان بولۇپ، ئالدىقاچان ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشنى باشلاپ، ۋارىسلىق قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇلار ھازىرقى ھاكىمىيەتنى چوقۇم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەكلىكىنى، مەلۇم كۆپ قىرلىق سىياسىي شەكىلدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك رولى» غا چوقۇم باشقىدىن چەكلىمە قويۇش كېرەكلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشنى خالايتتى. ئۇلار كادىرنىڭ كۆڭلىرىنىڭ ساناقلىقلا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى ھەمدە پائال ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنىڭ ئىز باسارىنى بېكىتتى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئاشكارا تالىشىش پەقەت تۆۋەن قاتلامدىكى جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن گىرەلىشىپلا قالماي، يەنە سىياسىي سۈزلىشىشنىڭ قايتىدىن كۈرۈلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، لېكىن بۇنداق سۈزلىشىش ئەمدى پەقەت پارتىيە يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى ئارىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.شۇڭا، ۋېنگىر يە ۋە پولشانىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى سىياسىي ئىسلاھات رېۋىزىئو نىزىمىنىڭ ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ بىر مۇھىم جەريانىنى سىلجىتتى. بۇ دۆلەتنىڭ كومپارتىيە ھاكىمىيتى ئالدىن قول سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆنسېرى ئېشىۋاتقان تېخىمۇ كۆپ ئاساسىي ئىسلاھات قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان جەمئىيەت بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە 1988-يىلى 5-ئايدا ھەل قىلغۇچ ھەرىكەت قوللىنىپ روھىنى قايتا ئۇرغۇتتى، بۇ ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھات قىلىش قەدىمى ۋە يۆلىنىشىنى قاتتىق كونترول قىلدى. پارتىيە رەھبەرلىرى مۆۋەپپىقىيەتلىك ھالدا كارولىي گروسىز (Karoly Grosz) نى جانوس كادارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى. كارولىي گروسز ياش، قاۋۇل، زېھنى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان رەھبەر. ئۇ

ئىلگىرى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە مۇتەئەسسىپ قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن، بۇ پارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن بىر خىل كاپالەت، يەنى ئىسلاھات ئامال بار كونترول قىلىشنى يوقاتمايدۇ؛ ئۇنىڭ نىسبەتەن ياشلىقى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنى كۈچ ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن دېرەك بېرىدۇ.تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، سىياسىي بېۋرۇ بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بارغان چوڭ قايتا تەشكىللەشتە ئىسلاھات يولىنى قوللايدىغانلار كىشىلەرنى كۆپ سانلىقتا ئېرىشتۈردى. يوزسگاي پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى.، بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى زور. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئاخىرىدا ھەقىقىي، تېخىمۇ دېموكراتىيىلەشكەن ۋېنگىرىيەنىڭ داھىي سىغا ئايلىنىدۇ دەپ قارىدى. ئەمما، دۆلەت كونترول قىلىۋاتقان ئىقتىساد بازار ئىقتىسادىغا ئۆتۈش جەريانىدا مۇقەررەر كۆرۈلىدىغان ئىچكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە كۆپ قىرلىق سىياسەتنىڭ تەلىپى ئۆز-ئارا تەسىر قىلىشقاندا، يېڭى رەھبەرلىك قاتلىمى ئاندىن ھايات-ماماتلىق سىناقىقا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، ھەقىقىي كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلىپى بىلەن پارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ (ھەتتا پارتىيە ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن) ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىپ ئارزۇسى بىلەن يۈزمۇ-يۈز توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. بوداپىشتتا، كۆپ پارتىيە تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىش ساداسى كۈنسېرى كۈچەيدى. شۇڭا، پولشا جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەركىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ھەركىتى تېخىمۇ زىل، كەسكىنلىك دەرىجىسى سەل تۆۋەن، لېكىن ۋېنگىرىيە خەلقى لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ تېنچ يوقىلىشىنى ئەڭ ئاۋال بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، ئەمما لېنىنىزم تېنچ يوقىلامدۇ يوق ھازىرچە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.گەرچە چېخوسلوۋاكىيە ۋە رۇمىنىيەدە ساقچىلارنىڭ كونترول قىلىشى تېخىمۇ قاتتىق بولسىمۇ، كىشىلەر بۇرۇنقىدەكلا ھەممىلا يەردە نارازىلىق بىلدۈردى. 1988-يىلىنىڭ بېشىدا رۇمىنىيەدە چوڭ كۆلەملىك ئىشچىلار ئىسيان كۆتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. چېخوسلوۋاكىيەدە 1968 يىلدىن بۇيان سىياسىيدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان دۇبچېك 1988-يىلى 1-ئايدا ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ زۇۋانى بولغان «ئىتتىپاق گېزىتى» نىڭ زىيارىتىدە گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماي، سۆكۈتنى بۇزدى. دۇبچېك ئۆزى

1968-يىلى يولغا قويغان سىياسەت بىلەن گورباچېۋ نۆۋەتتە ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان سىياسەتنى ئېنىق سېلىشتۇردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇداخىلىسىنى تەنقىدلەپلا قالماي ، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى يۆلىگەن ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرى يولغا قويۇۋاتقان دوگمىچىلىقنىڭ قاتمال سىياسىتىنىمۇ تەنقىد قىلدى. گەرچە پىراگا ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىگە رەددىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ياپونىيە كومپارتىيىسىنىڭ زۇۋانى «قىزىل بايراق گېزىتى» دە كۆرۈلگەن ئوبزوردا ھەمدە ھەمدە گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىنى قوللايدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئاكادېمىكىنىڭ ئوبزورىدا، يەنىلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چېخوسلو ۋاكىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىنى تەشۋىشكە سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپا قىنىڭ چېخوسلوۋاكىيە بولغان مۇداخىلىسىنىڭ ھەقىقەتەن بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭدىن سىرت، دۇبچېك دادىللىق بىلەن ئاشكارا سورۇندا ئۆزىنىڭ «پىراگا باھارى» نىڭ نىشانىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ ئاددىي بىر ھەقىقەت چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر مەيدان سىياسىيدىكى قايتا تىرىلىشنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.«ئەركىن ياۋروپا رادىئو ئىستا نسىسى» غەربكە ساياھەتكە بارغان شەرقىي ياۋروپالىقلارنىڭ ئەل رايىنى سىناپ، شەرقى ياۋروپادا سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى چوڭ يۈزلىنىش ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. گەرچە بۇ خىل ئەل رايىنى سىناش ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ھەمدە دۆلەتكە قايتىپ كېتىشنى پىلانلىغان ساياھەتچىلەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى بىردەك بولۇپ، كومپارتىيىنى سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ بولغاندا 15% نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، بۇ نىسبەت پولشالىقلاردا سەل تۆۋەن، بۇلغارىيەلىكلەرنىڭكىدىن سەل يۇقىرى. ئەل رايىنى سىناشقا قاتناشقانلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى سو تسىيال دېموكراتىزمى، خىرىستىئان دېموكراتىزمى ياكى ئەركىنلىككە يۈزلەنگەن غەربى ياۋروپاچە سىياسى پارتىيىنىڭ مەيدانىنى قوللايدىغا نلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما 70-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سوتسىيال دېموكراتىزم يەنىلا خىلى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى. ئەمما 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئەركىن بازار ئىگىلىكىنىڭ جەلپ

قىلىش كۈچى بىردىنلا ئېشىپ كەتتى، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئەركىن بازار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىزمدىن تېخىمۇ مۇۋەپپىقىيەتلىك دەپ قارىدى، چۈنكى كىشىلەردە مەلۇم شەكىلدىكى كونسېرۋاتىپ ئەركىنلىككە قىزىقىش پەيدا بولدى. ئەل رايىنى سىناشلار يەنە ئامموۋى تەشۋىقاتنىڭ ئىنقىلابنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسىگە بولغان غايەت زور تەسىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. كومپارتىيىنىڭ خەۋەر ۋاستىسى «ئەركىن ياۋروپا رادىئو ئىستانسىسى» بىلەن رىقابەتلىشىشتىن سىرىت، يەنە سىنىئالغۇ ئارقىلىق كۆپ مىقداردا قويۇلغان تەستىقتىن ئۆتمىگەن كىنو، سىياسىي مۇنازىرە ۋە ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ نۇتۇقلىرى بىلەن كۆرەش قىلىشى كېرەك. شەرقى ياۋروپادا سىنىئالغۇنىڭ تېزلىكتە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، گەرچە هۆكۈمەت مەلۇم كونتروللۇقنى كۈچى نىڭ بارىچە ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، كومپارتىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەشۋىقات قوراللىنىڭ ئەنئەنىۋى كونتروللىقى بارغانسىرى بوشاشقا باشلىدى. «ئەركىن ياۋروپا رادىئو ئىستانسىسى» نىڭ 1988-يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى «ئەركىن سىمسىز دوكلات» پىروگراممىسىنىڭ مۆلچەرىچە، 1988-يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر، پولشادا تەخمىنەن بىر مىليون، ۋېنگىرىيەدە 300 مىڭ، چېخوسلوۋاكىيەدە 150 مىڭ سىنىئالغۇ بولۇپ، ئىزچىل قاتتىق كونترول قىلىنىۋاتقان بۇلغارىيەدىمۇ ئەللىك مىڭ دانە بولغان.گەرچە ئىلگىرىلەش يولى ئەگرى-توقاي بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق سىياسىي تۇرمۇشنىڭ بارا-بارا ئەسلىگە كېلىشى بولسا تارىخنىڭ، بولۇپمۇ مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە ئوتتۇرا ياۋروپا (شەرقىي ياۋروپا ئەمەس) ئېڭى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. چېخوسلوۋاكىيەدە ھەقىقىي سىياسىي تۇرمۇشنىڭ كونتروللۇققا ئۇچرىشى پولشا، ھەتتا ۋېنگرىيەدىنمۇ ئېغىر. شۇنداقتىمۇ چېخوسلوۋاكىيەدە رايون مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلىنىشىمۇ تېخىمۇ بىۋاستە بولغان سىياسىي ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ ئورنىنى ئالدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، دۇبچېك زىيارەت جەريانىدا تۆۋلا قىلىپ ئېيتىپ، ياۋروپانى تىلغا ئالغاندا:«مەن 'غەرب' ۋە 'شەرق' دېگەن ئىككى سۆزنى ئىشلەتمەيمەن، بۇ ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس...چېخوسلوۋاكىيە جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن ئوتتۇرا ياۋروپاغا تەۋە» دېدى. بۇنىدىن سىرت، ئوتتۇرا ياۋروپا رايونلۇق

ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخىي ئۆز-ئۆزىنى ئايرىشى (بولۇپمۇ چېخوسلوۋاكىيەلىكلەر، ۋېنگرىيەلىكلەر ۋە پولشالىقلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئايرىشى) سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر «سوتسىيا لىستىك» مەدەنىيەتتىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش ئۇقۇمىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كېرمىل سارىيى بارلىق كۈچى بىلەن موسكۋانى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسى ئۇقۇمىنى ئىزچىل سىڭدۈرۈپ كەلگەن، شۇڭا بۇ خىل ئۆز ئۆزىنى ئايرىشنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.موسكۋانىڭ مەدەنىيەت رادىئاتسىيە مەركىزى بولۇشىنى ئىنكار قىلغاندىن سىرت، باشقا بىر ئاكتىپ مەزمۇنمۇ ئوتتۇرا ياۋروپا ئۇقۇمىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، يەنى ئوتتۇرا ياۋروپا ئۇقۇمى رايونلۇق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئۇقۇم تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ كىشىگە ئىختىيارسىز قەدىمكى ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنى ۋە 19-ئەسىردىكى «ئوتتۇرا ياۋروپا» مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ ئۇقۇم مۇنداق مەنىگە ئىگە، يەنى «ياۋروپا ئېنىق ئايرىغلى بولىدىغان ئىككى ئەمەلىي گەۋدىنىڭ بىرىكمىسى ئەمەس، بىرى غەربىي ياۋروپا، بىرى شەرقىي ياۋروپا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ياۋروپادىن ھالقىغان كۈچكە تايىنىدۇ، يەنى مەدەنىيەت تارىخنىڭ ئورتاق گەۋدىسى، سەرگۈزەشتىسى، قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئۆز-ئارا نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ ھەم پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق كۆز قاراشنىڭ شەكىللىنىشى مۇنداق بىر خىل پەرەزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى كەلگۈسىدىكى ياۋروپا ،غەربىي ياۋروپا تەبىئىي ھالدا ياكى «ئورگانىك ھالدا» ئاپتونومىيىلىك، ھەتتاكى بىتەرەپ ئوتتۇرا ياۋروپا بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. ئەكسىچە،ئۆز خاسلىقىغا ئىگە ئوتتۇرا ياۋروپا ئەسلىدىنلا ھەقىقىي شەرقىي ياۋروپا بىلەن ئالاقىسىنى ساقلاپ تۇرالايتتى ھەمدە غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرقىي ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ھەقىقىي شەرقىي ياۋروپانىڭ كۆرسىتىدىغىنى بالتىق دېڭىز قىرغىقى دۆلەتلىرى، ئۇكرائىنا ھەمدە روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى.شۇڭا، بۇ خىل مەدەنىيەت تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئىنقىلابىيدۇر. شەرقىي ياۋروپا (ياكى ئوتتۇرا ياۋروپا) دىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە، بۇ خىل مەدەنىيەت

يۆزلىنىشى ھەقىقىي دۆلەت ئىچى سىياسىي تۈزۈمىنىڭ پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ھازىرقى ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن ياۋروپانىڭ ئەمدى قايتا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىدىن، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق شەرقى ياۋروپا تۈزۈمىنىڭ قايتىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ، لېكىن بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئاساسى بولسا سىرتنىڭ زورلاپ تاڭغان تەلىماتى ئەمەس بەلكى يەرلىك ئەنئەنە ئىدۇر. شۇڭا، ئۆزىنى شەرقىي ياۋروپاغا ئەمەس بەلكى ئوتتۇرا ياۋروپاغا تەۋەلىكىنى قايتا ھېس قىلغان رايون سىرتنىڭ تەلىماتىنى يەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر شارىدا ئەڭ ئاخىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆپ مىللەتلىك ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرى پارچىلىنىدىغانلىقىنى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

# 12-باب ئىمپېرىيىنىڭ تارىيىشى

گورباچېۋنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى ئالكساندىر بوۋىن 1987-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى «خەۋەرلەر گېزىتى» دە: «سوتسىيا لىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم دۆلەتلەردە، ۋەزىيەت يەنىلا مۇقىم ئەمەس ھەممىدە ئاسانلا چېكىنىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ» دېيىشى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئاساسلىق ئوبزور چىسى دەرۋە موسكۋا 40 نەچچە يىلىدىن بۇيان يولەپ كەلگەن بىر قىسىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ تۈپكى جەھەتتىن ئېتىقادىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. بۇ كىرمىل سارىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە كۈچلۈك تەلەپ قىلغان بىرلىكنى ئەمدى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى پەندىنپەي ھېس قىلىپ يەتتى. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى رايونلۇق ئىستراتىگىيىسىدە ئېدېئولوگىيە سىستېمى سىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىمپېرىيىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇداپىئە كۆرۈشىگە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىمپېرىيىنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش ئىستراتېگىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسلىق ئۈچتەرەپنى 80-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكسىزلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆتمۈش بىلەن تەلتۆكۈس ئادا-جۇدا بولمىدى، ئەمما ئومۇمىي نىشانى ئەمەلىي ھەم سوۋېت ئىتتىپا قىنىڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ۋە شەكىللىنىشى ئېنىكا تەلىماتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرەتتى. بىرىنچى تەرىپى بولسا ھەربىي ھەمكارلىق ۋە ئورتاق جۇغراپىيىۋى سىياسەت مەنپەئەتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكىتلەش. ئىككىنچى تەرىپى بولسا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىش. ئۈچىنچى تەرىپى بولسا دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشلارنى ئېغىمۇ سىغدۇرالايدىغان ئەھۋالدا پارتىيە ئىچىدىكى ھۆكۈمران قاتلامنىڭ ھوقۇقى ۋە ئالاھىدە ھوقۇقىنى قوغداشتىكى ئورتاق پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى

ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، موسكۋا بۇ ئۈچ جەھەتتە ئەمەلىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر لايىھىنى تۈزۈپ چىقىپ، شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە سوۋېتنىڭ بوغۇشىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش خاھىشىنى يوقىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

جۇغراپىيىۋى سىياسەت ئامىللىرى ئىمپېرىيە بىلەن پولشانىڭ مۇناسىۋىتىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن مۇناسىۋىتىنى ساقلاشتىمۇ خېلى مۇھىم. بۇ ئىككى دۆلەت يەنىلا كەلگۈسىدىكى گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئويلاشماقتا. بۇ ئىككى دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇدرەتلىك روسىيە (مەيلى ئىدېئولوگىيەدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر) مەلۇم ئاكتىپ سىياسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، گېرمانىيەنىڭ يوشۇرۇن زېمىن قارا نىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش كەم بولسا بولمايدىغان كاپالەت. ئەكسىچە، موسكۋاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئاساسىي مىللىي ئەندىشىنى ئۇنۇملۇك ھالدا پەندىنىپەي ئاجىزلىشىۋاتقان ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىدۇ، باشقا يەنە ۋارشاۋا ئەھدىنامىسى تەشكىلاتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ھەتتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆچەيتىشنىڭ سەۋەبى قىلىشقا بولىدۇ. بولمىسا،بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئېھتىمال ۋارشاۋا ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى سوۋېت ئىمپېرىيىسى نىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇچۇن دەپ قاراپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇڭا، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشىنى بارلىق كۈچى بىلەن كۈچەيتتى. گەرچە رومىنىيە كۈچلۈك قارشى تۇرغان بولسىمۇ، پولشا ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بەزىلەر پىكرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما موسكۋا يېڭى قوماندانلىق سىستېمىسىنى ۋارشاۋا ئەھدى تەشكىلاتىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەجبۇرىي تاڭدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قوماندانلىق شتابى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ سىستېما ئارقىلىق ۋارشاۋا تەشكىلاتىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر قىسىملىرىنى بىۋاستە تەكشىيەلەيدىغان بولۇپ، ئالدى بىلەن شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. موسكۋا مەجبۇرىي قۇرغان سىستېمىنىڭ

كونكرېت تەپسىلاتى 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، پولشا گېنرالى رايسزارد كۇكلىنسكى (Ryszard Kuklinski) غەربكە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئاشكارىلانغان. بۇ قاتتىق مەخپىي قوماندانلىق سىستېمىسى ھەمدە ھەربىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان باشقا تەدبىرلەر بۇ رايوننى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونترول لىقىغا چۈشۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە، شۇڭا كېرمىل سارىيى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىغان ۋارشاۋا تەشكىلاتىنى كۈچەيتىش تاكتىكىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكىتلەش كۆنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان ئىدېئولوگىيىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلغان، بۇ شەرقىي ياۋروپا دىكى كوممۇنىستىك پارتىيە دۆلەتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىش مۇناسىۋىتىنى جان جەھلى بىلەن كېڭە يتىشى بىردەك. ھازىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىقتىن سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا بىر قانچە ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، سانائەت تارماقلىرى ئارىسىدىكى، ھەتتا ھەر قايسى شىركەتلەر ئارىسىدىكى بىۋاستە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. بۇ خىل بىۋاستە ھەمكارلىق يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللىقىغا ئۆچرىمىغانلىقتىن، شەرقىي ياۋروپا نىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىدى. شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى سوۋېت ئىتتىپا قىنىڭ تەدبىرى مەزكۇر رايوننىڭ ئىقتىسادىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. گورباچېۋ شەرقىي ياۋروپانىڭ شوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىغا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىغا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈردى ھەمدە موسكۋا شەرقىي ياۋروپا ۋەغەربنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكا مۇلازىمىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. شۇڭا، يۇقىرىقى ئەندىشى لەرنى يوقىتىش تېخىمۇ تەس.

نۇرغۇن شەرقىي ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپا بىلەن تېخىمۇ قويۇق، تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قۇرۇشنى تەكىتلىشى شەرقىي ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ

سوۋېتلىششىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن مۇساپىدىكى يەنە بىرۋاستىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەرقىي ياۋروپا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەتلىشىش ئەندىزىسىنى تەقلىد قىلىشقا مەجبۇرلىنىپلا قالماي، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىكى سانائەت تۈزۈلمىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى، شۇڭا ئۆزگىچە ئىشكۆرۈپ بىرلىشىپ ۋە ئورتاق مەبلەغ سېلىشنى تەكىتلەش ھەقىقىي خەۋپ-خەتەر پەيدا قىلدى، شەرقىي ياۋروپا بىلەن ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنى يەنىمۇ ئايرىپ تاشلىدى ھەمدە شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىشىدىكى ئۆزگىرىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلدى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن تېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش موسكۋا بىلەن تېخنىكا جەھەتتە ئوخشاش قالاق ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، مۇنداق كەلگۈسى ئىنتايىن پايدىسىزدۇر.

بۇ مەسىلىدە، «پولشا رادىئو ئىستانسىسى» 1987-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىسى ۋلادىمىر بېلكوفنى زىيارەت قىلىشى كىشىگە ئىلھام بېرىشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئەلچىسى ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە پولشا كارخانىلىرىنىڭ سانائەت تارماقلىرى قاتلىمىدىكى توغرا يۆلىنىشلىك كېلىشىمى بارلىققا كەلتۈرگەن «يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» نى ماختىدى، ئارقىدىنلا يەنە بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ كېڭىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان «نۇرغۇن مەسىلىلەر»، «قىيىنچىلىقلار» ۋە «قورقۇنچاق پىسخىكا» لاردىن خورسىندى. كېيىن ئۇ يەنە باش ئەلچىخانىنىڭ «ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، بۇ ساھەدىكى توسالغۇلارنى يوقاتقان» لىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەر پولشانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوماندانلىقىغا بوي سۇنۇشنى خالىمايدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئىسپاتلىدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم، «ئۆز ئارا تايىنىش چانلىق» نى كۈچىنىڭ بارىچە كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم يوشۇرۇن پايدىسى بار (سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ قارىشىچە)، شەرقىي ياۋروپادىكى پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام شەخسلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىشىگە تېخىمۇ بىۋاستە تايىنىدىغان قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپا قىنىڭ تېخىمۇ قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى بارلىق كۈچى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لاھىيىسى پولشادا گەۋدىلىنىشى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇ ئېھتىمال

تاسادىپىي بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى پولشا دەرۋەقە ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن ئىدى. 1987-يىلى 4-ئايدا، گورباچېۋ بىلەن ياروزېلىسكىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئىككى پارتىيىنىڭ ئىدېئولوگىيە، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىشىشىدىكى بىرلەشمە باياناتنى ئىمزالىدى. بۇ خىلدىكى بايانات سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ دائىرىسىدە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىدى. بەزىلەر ئېھتىمال پەرەز قىلىپ، گورباچېۋ ۋە ياروزېلىسكىينىڭ قىسمەن مەنپەئەتى بىردەك، چۈنكى ياروزېلىسكىي پولشا جەمئىيىتىنىڭ پەندىنپەي ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئاساستا قۇرۇلغان سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەگەر پولشادا قايتىدىن ئەسلىگە كەلسە، مۇقەررەر ھالدا ئۆزى ھەممىدە باشقا يۇقىرى قاتلام شەخسلەرنىڭ ھوقۇقىغا تەھدىت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چوقۇم ھېس قىلىپ يەتتى دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ پەرەز دەل ياروزېلىسكىي ھاكىمىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن گورباچېۋنىڭ تەشەببۇسىغا جىددىي ئاۋاز قوشۇپ، مەزكۇر رايوندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادتا، ھەتتا ئىدېئولوگىيە جەھەتتە مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

تېخىمۇ قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورتاق ئالاھىدە مەنپەئەت شەكىللەندۈردۇ، تېخىمۇ يېقىن ھەربىي مۇناسىۋەت بولسا جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى ئورتاق ئەندىشىنى ئاساس قىلغان، ئىقتىساد ۋە ھەربىي مۇناسىۋەتنى مەزكۇر رايوندا ئىدېئولوگىيە ۋە تۈزۈلمىدىكى مۇقەررەر كۆرۈلىدىغان كۆپ خىللاشقان ۋەزىيەتنىڭ تولۇقلىما تەدبىرىقىلىشقا بولىدۇ. موسكۋا كۆپ خىللاشقان ۋەزىيەتنى توساپ قېلىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئاخىرى ھېس قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەجرىبىسىنى قارىغۇلارچە دوراش ئاساسىدا نەزەرىيە جەھەتتە بىردەكلىكنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىش ئۇسۇلى ئەكسىچە رول ئويناپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىگە قارىتىلغان تېخىمۇ كۈچلۈك گەۋدىنىڭ چەتكە قېقىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا، بولشېۋىكلار ئىنقىلابىنىڭ 70 يىللىقىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى باشقا دۆلەتلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈش، باشقىلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش يولىدىن رەسمىي ۋاز كەچتى. لېكىن، بۇ يولدىن ۋاز كەچكەنلىكتىن، موسكۋا نىڭ باشقا شەكىلدە بىرلىكنى كۈچەيتىشى تېخىمۇ

مۇھىم بولۇپقالدى، پەقەت موشۇنداق قىلغاندىلا سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ تېزلىكتە پارچىلىنى شىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتى بەزى ئىدىيىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى، لېكىن بۇ ئىدىيىلەر كونترول قىلىش ۋە تاينىش مۇناسىۋىتىگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ئېنىكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. ئۇنىڭ «ياۋروپا چوڭ ئائىلىسى» گە ئالاقىدار كۆزقارىشى غەربىي ياۋروپالىقلارنى ئامېرىكىدىن خالاس قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئويلىمىغان ئۈنۈم كۆرۈلۈپ، شەرقىي ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىستەۋاتقان غەربىي ياۋروپاغا يېقىنلىشىشى قانۇنلۇق بولۇپ قېلىپ، سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىيەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يىمىرىپ تاشلىدى. يۇقىرىقى بارلىق ئامىللار شەرقىي ياۋروپانىڭ ئازادلىق تەلەپ قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئارزۇسى ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋاملىق تايىنىشىدىكى سۇبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېھتىمال ئۇزۇن مۇددەتلىك مەغلۇبىيەت ۋە ئۈمىدسىزلىك، پات-پات پارتلايدىغان مالىمانچىلىق ۋە كونسېرى داۋالغۇۋاتقان ۋەزىيەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ رايون تەرتىپلىك ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىچە دۆلەت سوتسىيالىزىمىدىن مەلۇپ كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك پاراۋان دۆلەت شەكلىگە ئۆتۈشكە ئىنتايىن موھتاج ھەمدە قاتتىق ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ رايون ھەقىقىي دېموكراتلاشقان ۋە كۆپ خىللاشقان ياۋروپانىڭ بىر قىسمى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەزكۇر رايون ئۆزىنى مەدەنىيەت جەھەتتە ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق ياۋروپانىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ.

لېكىن، شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنى بۇ يۆلىنىشكە قاراپ ئۆزگەرتىشكە باشلاپ ماڭمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى ئۆزلىرىنى جەمئىيەتتە تاشلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ دەل ھونگرىيە (ۋېنگرىيە) رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىش-ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇشىنىڭ سەۋەبى.نۆۋەتتە، ھونگرىيە ھاكىمىيىتى شەرقىي ياۋروپادا ئېھتىمال ئىسلاھات ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان بىرىنچى دۆلەت بولۇشى مۇمكىن. ساراسىمىگە چۈشكەن

كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا باشتىن-ئاخىر ھەۋەس قىلىپ كەلدى، شەرقىي ياۋروپانىڭ يەنە ئۆزۈن مۇددەت ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنىڭ ئىزچىل تەس بولۇشىنىڭ (ھەممە تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان خەۋپ-خەتەر) سەۋەبى دەل بۇ يەردە.

تېنىچ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، كىشىلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ سىياسىي قارار چىقىرىشتىكى ھەقىقىي ئىجتىمائىي قاتنىشىش ھوقۇقى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىشكە ئامالسىز بولغانلىقتىن، شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىزمى ئېھتىمال ئەڭ ئاخىرىدا ھالاكەت يولىغا مېڭىشى مۇمكىن. قىسقىچە ئېيتقاندا، مەزكۇر رايوننىڭ خەلقى بۈگۈنكى كۈندە كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزلىرى قوغلاشقان كىشىلىك بەخت-سائادەت ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشنىڭ ئاساسلىق توسالغۇسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتتى. بۈگۈنكى كۆپ قىسىم ئاممىنىڭ قەلبىدە ئىنقىلاب ئېڭى يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا، ئۇلار بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپاغا مەجبۇرىي تاڭغان تۈزۈلمىدە ئەجەللىك كەمچىلىك بار دەپ قارىدى.

بۇ ئەجەللىك كەمچىلىك دەل كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چوڭ ھوقۇقنى ئۆز ئالدىغا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشى بولۇپ، تۈپكى سەۋەبى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدۇر. شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىزمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ 40 يىلدىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرىقى ئىككى ھادىسىنى يوقىتىش جەمئىيەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىكى زۆرۈر ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ يەتتى.

# تۆتىنچى قىسىم: سودا كوممۇنىزمى

جۇڭگو كوممۇنىزمىنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى چوڭ. بۇ مۇۋەپپەقىيەت جۇڭگونى زور مەنپەئەتلەندۈرىدۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت يەنە جۇڭگو كوممۇنىزمى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى (ئورتودوكس) قاراشلىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىزمىنىڭ سىياسىيدىكى بىردەكلىكىنى ئېغىر بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا، شەرقى ياۋروپا دۇچ كەلگەن ئورگاننىڭ يەكلىشى ئوخشىمايدىغىنى، كوممۇنىزمنىڭ جۇڭگودا دۇچ كەلگەن كەلگۈسى بولسا مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئۇزاق ئەنئەنىسى بىلەن قىممەت قارىشى كوممۇنىزمنى ئورگانىك ئۆزلەشتۈرمەكتە.

بۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، تېخىمۇ زامانىۋىلاشقان، تېخىمۇ كۈچەيگەن جۇڭگو دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن. جۇڭگونىڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە گۈللىنىش مۇساپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى زور ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سىياسىي سۆز ئىبارىلىرى ئۆزىنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيىسىدە بولۇشقا تىگىشلىك نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىغا بارغانسېرى ئوخشىماي قالدى، جوڭگودا گۈللىنىۋاتقان، سودىگەرلەر سىنىپى دىكتاتورىسى ۋە بارلىق كۈچى بىلەن زامانىۋىلىشىۋاتقان سىياسىي پارتىيىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىشىغا ئوخشايتتى.

دەرۋەقە، جوڭگۇ كومپارتىيىسى ئەزەلدىن ھەقىقىي پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى ئەمەس. تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، مەزكۇر پارتىيىنىڭ كۆپ قىسىم رەھبەرلىرى ئەڭ دەسلەپتە ھۆكۈمەتكە نارازى بولغاندىن كېيىن ماركسىزم ئىنقىلابچىلىرىغا ئايلانغان بىر قىسىم رادىكال ئوقۇغۇچىلار ئىدى، ئەينى چاغدا، مىللەتچىلەر، دېھقانلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى كۆنسېرى ئويغىنىۋاتقان ئەمما زۇلمەت قاپلىغان جۇڭگو دىن ئىنتايىن نارازى ئىدى. ئۇلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتى بىر بىرنى

ئىلھاملاندۇردى ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. بۇ غايىلىك ئاكتىپلار نارازىلىقلارنى بىر مەيدان تارقاق ھالەتتىكى ئىدېئولوگىيە ئىنقىلابىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايلاندۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنقىلابى پرولېتارىيات كومپارتىيىسىنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان، بۇ سىياسىي پارتىيە ئەڭ دەسلەپ (بولۇپمۇ 50-يىللارنىڭ بېشىدا) پۈتۈنلەي دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن تېز سۈرئەتتە سانائەتلەشتۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، جۇڭگونى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۇرچىنى تاماملىدى. 20 يىلدىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى ئۈزۈلمەي كۆرۈلۈۋاتقان مەغلۇبىيەتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن، مەزكۇر پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىرىگە گەرچە يەنىلا دېڭ شياۋپىڭدىن ئىبارەت بىرىنچى ئەۋلاد ئىنقىلابچىلاردىكى ھايات رەھبەر رەھبەرلىك قىلسىمۇ، لېكىن مەزكۇر پارتىيىنى ئوخشىمايدىغان بىر يولغا باشلاپ ماڭدى. سىرتقى دۇنياغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىشنى جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلدى، سىرتقى دۇنيا جۇڭگونىڭ مۇھىم سودا شېرىكى بولالايدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىزمىنىڭ تارىخىي ئىزى شەرقىي ياۋروپا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمىغا زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىزمى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، جۇڭگو كوممۇنىزمى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز يېرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ھەم چەتئەلدىن كىرگۈزۈلمىگەن ھەم سىرتقى كۈچلەر مەجبۇرىي تاڭمىغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم رەھبەرلىرىنى ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەربىيىلىمىگەن. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق شەخسلىرىمۇ دەرىجىمۇ دەرىجە يېتىشىپ چىققان. بەزى رەھبەرلەر، مەسىلەن ماۋ زېدوڭ بىلەن جۇدې گېنېرال ئەسلىدە رادىكال ئوقۇغۇچى ئىدى، كېيىن دېھقانلارنى ئاساس قىلغان ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ داھىيسى بولۇپ سايلانغان. باشقا بىر قىسىملار، مەسىلەن جۇ ئېنلەي ۋە دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتكە تېخىمۇ بىۋاستە ئىشتىراك قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە غەربىي ياۋروپادا، بولۇپمۇ فرانسىيىدە تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ھالدا ماركسىزم تەربىيىسى ئالغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ رىۋايەت تۈسىگە ئىگە ئۇزۇن سەپەرنى بىرگە باشتىن كەچۈرگەن.

1917 ـ يىلىدىكى بولشېۋىك ئىنقىلابى ياش جوڭگو رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن ئىلھام بېرىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەمما ئۇلار بولشېۋىك ئىنقىلابىنى ئۆزلىرى چوقۇم تەقلىد قىلىدىغان ئۈلگە دەپ قارىمىدى. جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە تارىخى روسىيىنىڭ ئەھۋالى ۋە تارىخى بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدۇ، شۇڭا جۇڭگو رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن ماركسىزم-لېنىنىزم پرىنسىپلىرىنى قايتىدىن شەرھىيلەش زۆرۈر دەپ قارىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، جۇڭگونىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى، ئۇلاردا بىلىم ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىشەنچىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا يول ئاچىدىغان، ئۆز ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقالايدىغان ئىشەنچكە ئىگە. ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ستالىننىڭ شۆھرىتى يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتتىمۇ، جۇڭگو داھىيلىرى ستالىننىڭ ئىستراتېگىيە تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلانمىدى، تېز سۈرئەتلىك ئەمەس، بەلكى باسقۇچلار غا بۆلۈنگەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب غەلىبىسى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇلار داۋاملىق بىر مەيدان ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب ھۇجۇمىنى قانات يايدۇردى. ئۇلارنىڭ 1949 ـ يىلىدىكى ئاخىرقى غەلىبىسى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئېڭىنى ۋە سىياسىي ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاشۇردى، ئۇلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەن شەرقىي ياۋروپادىكى يولداش لىرى روشەن سېلىشتۇرما بولدى.

ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھىدىكى يولداشلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ۋە بىۋاسىتە ھالدا جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چىقالىغانلىقىدا ئىدى. ئىدېئولوگىيىنىڭ چاقىرىق كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي توقۇنۇشلاردىن كېلىپلا قالماي، يەنە غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا مەجبۇرىي تاڭغان بىر ئەسىردىن ئۇزاققا سوزۇلغان مىللىي ئار-نومۇس تۇيغۇسىدا پەيدا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسياتىدىنمۇ كەلگەن، بۇ ھېسسىيات كېيىن ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن پارتلاپ چىقتى. جۇڭگونىڭ ئاجايىپ تارىخى 19 ـ ئەسىردە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشتى، مەدەنىيەت ئۈستۈنلىكى

تۈيغۇسىغا ئىگە نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك غەزەپ تۈيغۇسىنى ئويغاتتى، ئۇلار ھەم يىرگىنىشلىك چەتئەللىكلەرگە نەپرەتلەندى ھەم ئۆزلىرىنىڭ چىرىكلەشكەن ئىقتىدارسىز ھۆكۈمرانلىرىغا نەپرەتلەندى.

شۇڭا، ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ھەمدە ئاشقۇن ئىجتىمائىي گۇللىنىش نەزەرىيىسىگە ئىنتىلىش جۇڭگودا تارىخىي ھالدا بىرگە قەدەم باستى. جۇڭگو كوممۇنىزمى بۇ ئىككىسىنى بىرلەش تۈرۈپ، تارىخىي تۈيغۇغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن كوممۇنىزمنى بىر بىرىنى چەتكە قاقمايدىغان تەشەببۇسقا ئايلاندۇردى. دەرۋەقە، كوممۇنىزمنىڭ غەلبىسى نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بىرلا ۋاقىتتا كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان چەتئەل ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرغان مىللەتچىلىكنىڭ غەلبىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونترول قىلىدىكى شەرقىي ياۋروپانىڭ ئەھۋالى بولسا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شەرقىي ياۋروپادا، كوممۇنىزم نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن مەلۇم چەتئەل كۈچلىرىگە بويسۇنۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا، كوممۇنىزم بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ بىرلىشىشى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتىكى قىين كۈنلەردىلا قىسمەن بىرلەشكەن.

مىللەتچىلىك ۋە كوممۇنىزمنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنى كېيىنگە قايتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىسىگە تايىنىشقا تەبىئىي ھالدا ئېغىشتۇردى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراش ۋاقتى ناھايىتىمۇ قىسقا بولدى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى نەچچە يىل ئىچىدە ھەمدە ئامېرىكىغا كۈچلۈك نەپرەتنى قوزغالغان ئەھۋالدا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى يېقىن مۇناسىۋىتى ستىخىيلىك ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەرسىلىرىدىن نائىلاج ئەمەس بەلكى چىن كۆڭلىدىن ھوزۇرلىنىشتا ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىكىدە قىلغان سانائەتلەشتۈرۈشىنى تەقلىد قىلىشنى باشلاشتا ئىپادىلەندى.

ئەسلەپ باقساق، سوۋېتنى تەقلىد قىلىش مەزگىلى ناھايىتىمۇ قىسقا بولغان، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگونى قايتا قۇرماقچى بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋە قىممەت قارىشىغا تېخىمۇ مايىل بولدى، بۇ ئىككى نۇقتا كىشىنىڭ ماختىشىغا ئەرزىيدۇ. بۇ خىل بۇرۇلۇش مۇبادا يۈز بېرىپلا قالسا، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ كۆچلۈك مىللى ئېڭى ئۇلاردىن جۇڭگو كوممۇنىزمىنىڭ ئۆزىگە قايتىدىن چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ كۆزىچىلار پەلسەپىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئىلغار مەدەنىيىتى، دۆلەتكە بارلىقىنى ئاتىغان زىيالىلار سىنىپىنىڭ خاس ئەنئەنىسى ھەممە ئىلغار سودا ماھارىتى قاتارلىقلار ھەقىقەتەن غايەت زور كۆچىگە ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، كۆچلۈك ئىجابىي تەسىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

# 13-باب جۇڭگو ئىككى نۆۋەت يولغا قويغان ئۈچ قېتىملىق سىناق

كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى بولسا جۇڭگونىڭ قالاقلىقىنى يېڭىش ۋە مىللىي ئار-نومۇسىنى يۇيۇش ئۈچۈن 20-ئەسىردە تۆلىگەن ئۈچىنچى قېتىملىق زور تىرىشچانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز لىنىيىسىگە (لۇشيەن) ئۈچ قېتىم چوڭ ئۆزگەرتىش قىلىپ، تامامەن يېڭىچە ۋە زامانىۋىلاشقان جۇڭگو قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۆز ئارا كەينى-كەينىدىن كەلگەن ھەر قايسى باسقۇچلاردا، جۇڭگو كومپارتىيىسى سىياسىتى جۇڭگو بىلەن باشقا كوممۇنىست دۆلەتلەر، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئورتاق بولغان ئىدېئولوگىيە تەلىماتلىرىنىڭ يىتەكچىلىكىگە بارغانسېرى ئاز ئۇچرايدىغان بولدى، ئەكسىچە بۇ خىل تەلىمات بىلەن جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالى، خاس ئەنئەنىسى ۋە رېئال مىللىي ئېھتىياجىنى بارغانسېرى بىرلەشتۈردى.

غەربتە ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا 19-ئەسىردىكى جوڭگودا مەۋجۇت پىسخىك ھالەتنى تولۇق چۈشىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، جوڭگولۇقلار ئۆزلىرىنى تەڭدىشى يوق، بىر پۈتۈن گەۋدە (ئۇلارغا نىسبەتەن) ھەمدە مەدەنىيەتتە ئۈستۈن ھازارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تاجاۋۇزچى كۈچلۈك غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە مەجبۇرى تاڭغان ھاقارەتلىرى ئالدىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. 19- ئەسىردە جۇڭگوغا تېڭىلغان بىر قاتار شەرتنامە، كىلىشىم ۋە ئۆزى تورۇۋاتقان جايدىكى قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئىمتىيازى كىشىلەرگە: جۇڭگو بىر دۆلەت بولۇش بىلەن ئورنى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، جۇڭگولۇقلارمۇ بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئورنىنىڭ ئوخشاشلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. بۇ خارابلاشقان رېئاللىق جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدا كۈچلۈك توقۇنۇش پەيدا قىلدى.

جۇڭگولۇقلار ئۆتمۈشتە، ھەتتا يېقىندىلا ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت ۋە سىياسىيدا ياۋايى تاجاۋۇزچىلاردىن باي ۋە قۇدرەتلىك دەپ قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە جوڭگونىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادتىكى تۆۋەنلەش تېخى يېقىنقى دەۋردىكى ئىش. ھەتتا 18-ئەسىردە، جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى ئاساسەن ئەنگلىيە بىلەن تەڭلىشىپ قالاتتى. تاكى 1860 -يىلىغىچە، جۇڭگونىڭ ياساش كەسپى دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. پائۇل كېننېدىي (Kennedy Paul) نىڭ «چوڭ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» دېگەن كىتابىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، جوڭگونىڭ سانائەت مەھسۇلاتى دۇنيانىڭ 19.7% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، 19.9% بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان ئەنگلىيەدىن ئازراقلا تۆۋەن بولۇپ، باشقا بارلىق دۆلەتلەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. دەرۋەقە، جۇڭگو 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە پۈتكۈل دۇنيانىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرى ئەتراپىدىكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقار غۇچى چوڭ دۆلەت بولۇپ، باشقا ھەرقانداق دۆلەتتىن ئالدىدا تۇراتتى. بۇ پاكىتلار غەربتە ئېقىپ يۈرگەن جۇڭگو دېگەن قاششاق ۋە چۈشكۈن ئىمپېرىيە، جۇشقۇن ۋە روھلۇق ياۋروپالىقلار خالىغانچە بوزەك قىلسا بولىدۇ دېگەن قاراشلارغا رەددىيە بېرەتتى. بۇ پاكىتلار يەنە جوڭگولۇقلار غەربتىن نېمىشقا شۇنچە نەپرەتلىنىدۇ، جۇڭگولۇقلار نېمىشقا غەرب بىلەن بولغان پەرقىنى يوقىتىپ، تارىختىكى شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە شۇنچىلىك ئالدىرايدۇ دېگەننى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

نەتىجىدە، 20-ئەسىر جۇڭگولۇقلارنىڭ قايتىدىن ئويغىنىپ، دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن كۆرەشكەن ئۈچ قېتىملىق ئىرىشچانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاردىكى ھەر قانداق بىر قېتىملىق ئىرىشچانلىقى تەنھا ياكى ئالاھىدە تارىخىي ھادىسە ئەمەس. ھەر قېتىملىق ئىرىشچانلىقنىڭ ئالدى كەينىدە بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر ھەمرا بولدى، بۇ ۋەقەلەر زىچ گىرەلەشكەن تېخمۇ زور تارىخىي زەنجىرنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇلارنىڭ خارابلاشقان ئەھۋالىغا قارىتا ئىپادىلىگەن ئۇدا ئاشقان غەزەپ نەپرىتى بۇ تارىخ زەنجىرىنى داۋاملىق ئۇزارتتى. لېكىن، بۇ ۋەقەلەر باشلامچى شەخسلەر تەرىپىدىن ئوڭايلا ئايرىپ چىقىلدى. 20- ئەسىردە جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى

ئۈچ مەشھۇر شەخس سۇن جوڭشەن، جياڭ جيېشى، ماۋ زېدوڭلار بۇ تارىخى ۋەقەلەرگە رەھبەرلىك قىلدى.

بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەر بىرى پەقەت جۇڭگو نامراتلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىدىنلا ئەمەس، يەنە ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان مىلللەتچىلىكتىن، بولۇپمۇ جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن ئىدىيىسىدىن سىياسىي كۈچ ئالدى. ھەر بىرى يەنە چەتئەللەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، جۇڭگونى گۈللەندۈرۈشتىكى تەلىمات ۋە جۇڭگونى گۈللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەت بەرپا قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق سىناق 1911-يىلى سۇن جوڭشەن رەھبەر ـ لىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدۇر. ئۇ ئاساسلىقى غەرب دۇنياسىغا تەۋە ئاساسىي قانۇنچىلىق، جۇمھۇرىيەت، مىللەتچىلىك ئۇقۇمى بىلەن جوڭگو نىڭ ئەمىلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇنۇش يەنە قىسمەن ھالدا ياپونىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، چۈنكى ياپونىيە غەربنىڭ سانائەت ۋە تەشكىللەش نەتىجىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەقلىد قىلغاندەك قىلاتتى. گەرچە رېئاللىق ئەڭ ئاخىرىدا كونا دەۋردىكى كۈچلۈك مەدەنىيەت ۋە سىياسىي قالدۇقلار ئالدىدا ئۇنىڭ تىرىشچان نىلىقلىرى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولسىمۇ، سۇن جوڭشەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋاقىت دەل جۇڭگونىڭ چىرىك پادىشاھلىق تۈزۈمى جان تالىشىۋاتقان پەيتى بولۇپ، ئۇ ئىگىلىگەن تارىخىي پەيت ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىدى.

بىر مەزگىللىك مالىمانچىلىقتىن كېيىن، ئۇنىڭ جۇڭگو ۋەزىيىتىنى 20 يىل ئەتراپىدا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئەگەشكۈچىسى تېخىمۇ يۇقىرى گۈللەندۈرۈش ئۈلگىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئىنقىلابىمۇ ئوخشاشلا بىر قېتىملىق غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئىدىيە دولقۇنى بىلەن داۋالغۇپ تۇرغان جۇڭگو ۋەزىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى سىناق قىلىشتۇر، ئەمما ئىككىنچى قېتىملىق سىناقتا، بىرلەشتۈرۈش بىلەن بىرىنچى قېتىملىق سىناقتىكى ئەھۋال بىلەن بەك يىراقلاپ كەتتى. گەرچە ئىلگىرى جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيە ئالغان ھەمدە ئىقتىدارلىق كومپارتىيە زىيالىيلىرى بىلەن بىللە جۇڭگو قۇرۇش كۈرىشىگە بىرگە قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما مىللەتچىلىك بىلەن كوممۇ نىزمنىڭ بىر مەۋقەگە كېلىشى

ئىتتىپاقلىششىش ئارزۇسىنى چىقىش قىلغان خالاس. ئاتالمىش بىرلىك سەپنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن، گومىنداڭ ـ كومپارتىيە ھەمكارلىقىمۇ 1927 ـ يىلى ئاخىرلاشتى، ئارقىدىنلا 22 يىلدىن ئارتۇق ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان كومپارتىيىگە قارشى كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. جيياڭ جيېشى ئارمىيىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئارمىيە نى جوڭگونىڭ ئاجىزلىشىنىڭ ۋە سىياسىي جەھەتتىن بۆلۈنۈپ كېتىشى نىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى قورال دەپ قارايتتى. ئۇ يېگىچە مىللى بىرلىك ئىگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت كومپارتىيىسى ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم فاشىست سىياسىي پارتىيەلەرگە ئىنتايىن ئوخشايدىغان مونوپول سىياسىي پارتىيە ئاۋام پارتىيىسى (گومىنداڭ) نى قۇرۇپ چىقتى. ئۆزى ئېتىقادىنى خرىستىيان دىنىغا ئۆزگەرتتى، بىرلا ۋاقىتتا جوڭگو ئەنئە نىسىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەم پات ـ پات زىيالىيلارغا خاس ئىستىلىنى نامايان قىلدى. ئومۇمەن تۇرلۇك ئىلگىرىلەپ گەۋدىلىنىشلەر جوڭگونىڭ گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشىدە، كونا ئىچكى مەنبە بىلەن يېگىچە سىرتقى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئارىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۆچىنىڭ قانچىلىق مۇرەككەپلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

سۇن جوڭشەنگە ئوخشاش، جيياڭ جيېشىمۇ كىشىلەرنىڭ كونا جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى ئۆزى لايىھىلىگەن كەلگۈسى نىڭ چېرتىيوژىنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ئايلاندۇرۇشتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنا لىمىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىنىڭ دەسلىپىدە ئۇ مىللىي قارشىلىقنىڭ سىمۋولىغا كۆتۈرۈلدى، ئەمما كېيىن ئۇ چاقىرىق كۈچى ۋە قۇدرىتىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆز سېپىدىكى مىللەتچىلىك ۋە چىرىكلىك، پارىخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ قوش ئۆسمىنى بويسۇندۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ۋەتەنپەرۋەر چولپانىمۇ ئاستا ـ ئاستا خۇنۇكلىششكە باشلىدى. جيياڭ جيېشىنىڭ ئارىسالدىلىقى ئىككىنچى خىل بىر يېگىچە ئۆزگەرتىش شەكلىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ شەكىل ئەينى چاغدىكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ نۇقسانلىرىدىن تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ ئىنىق تەلىمات بىلەن تەھلىل قىلدى ھەمدە ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئىنتىزامى تېخىمۇ چىڭ، جەڭگىۋار لىقى تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسىي تەشكىلاتنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. ئەمەلىيەت

ئىسپاتلىدىكى، 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى ئۇزۇن سەپەر دىن بۇيان، يەرلىك ماركسىزم داھىيسى ماۋ زېدوڭ رەھبەرلىك قىلغان كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە كومپارتىيە قىزىل ئارمىيىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جوڭگونىڭ بۈيۈك ئويغىنىشىدا قايسى خىل تارىخىي ئەندىزە ۋە پەلسەپىۋىي مەزمۇننى قارار قىلىشنى تالىشىش كۈرىشىدە، مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەشكىلىي جەھەتتىن بولسۇن ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

بۇ يېڭى رەھبەر قەتئىي ماركسىزمچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنقىلاب نەزىرىيىسى ساھەسىدىكى يېڭىلىق ياراتقۇچىدۇر. ئۇ يېڭىلىق يارتىش خاراكتېرىدە پرولېتارىيات ئىنقىلابى نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو نىڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولۇشتەك كونكرېت ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈپ چىقتى. 20-يىللارنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ، ئۇ جۇڭگونىڭ تۇنجى قەدەملىك ماركسىزم ھەرىكىتىگە ئاتلاندى. 40-يىللارغا كەلگەندە، جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن بىر يۈرۈش مۇستەقىل نەزەرىيىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەرلىك ئىقتىدار ھازىرلىدى. دەرۋەقە، 1945- يىلى ئەتىيازدا (تەخمىنەن تۆت يىلدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىزمى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى)، قىزىل ئارمىيە باش شتابى تۇرۇشلۇق جايدا ئېچىلغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 7-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا، ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تۆھپىسىگە «ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى» دەپ نام بېرىلدى ھەم ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ستالىنىزمنىڭ بىر خىل تەرەققىيا تى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىغا كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىش ماۋ زېدوڭنىڭ بىلىم جەھەتتىن ئىنتايىن كەمتەرلىكىنى، شۇنداقلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

لېكىن، ماۋ زېدوڭ بۇ ئەسىردە جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەنگەن ئىككى چوڭ پېشىۋاغا ئوخشاش ئۆز دۆلىتى تارىخىغا چوڭقۇر چۆككەن ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇق. ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونى تەتقىق قىلىدىغان تارىخشۇناسلار كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، مىلادىدىن ئىلگىرى 221-يىلى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىن شىخۇاڭ ماۋزېدوڭنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرى. ماۋ زېدوڭ شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا قايىل ئىدىكى، ئۇ شەك شۈبھىسىزكى جۇڭگونىڭ خارابىلىشىشىنى ھازىرقى زامان

جۇڭگودا بىرلىكنىڭ كەمچىللىكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. تارىخشۇناسلار يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىسلاھاتچى ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولغانلىقىغا، چىن سۇلالىسىنىڭ كۆز قارىشى ئېنىق، ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەۋزەل بولغان ئەمەلدارلار سىنىپى ئارقىلىق تەرتىپنى قوغداش ۋە مەڭگۈلۈك ھۆكۈمرانلىقنى تەكىتلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئىككىسى ئارىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىق مەۋجۇت ئىدى.

ئەمما، يېڭى تەرتىپ دەسلەپتە كونا تەرتىپنى باستۇرۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگونىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە پىلانلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. كوممۇنىزمنىڭ پرىنسىپى ۋە كوممۇنىزم ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنى جۇڭگونى ئۆزگەرتىشنىڭ دەسلەپكى تىرىشچانلىقىغا ئاساس سالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى كوممۇنىزم ئەندىزىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھېس يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھېس قىلىشقا ئەگىشىپ، يېڭى تەلىمات ۋە جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى مۇجەسسەملىگەن يېڭى ئەندىزە شەكىللەندى. كومپارتىيە دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىنىشى ئۈچۈن بىر قەدەر جانلىق پىلان تۈزۈپ چىقتى. جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مىللەتلىرى ئويغىنىۋاتقان ئەھۋالدا، ماۋ زېدوڭنىڭ جىياڭ جېيشىدىن غالىب كېلىشى كوممۇنىستلارنىڭ ئۈچ قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك سىناق (ئىچىدە ئىككى قېتىملىقى زور بەدەللەرنى تۆلىدى) قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالدىنقى بىر ئەسىردە قاتتىق كەينىدە قالدۇرغان، جۇڭگوغا ئىنتايىن پايدىسىز بولغان تارىخىي پەرقىنىڭ ئورنىنى تولدۇردى.

بىرىنچى قېتىملىق تىرىشچانلىقنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى (ئەڭ ئاخىرىدا تەرەققىي قىلىپ ئاتالمىش چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە ئايلىنىپ قالدى) ئاساسلىقى نەزەرىيىۋى ئاساسى بار ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئېغىر سانائەتنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئاتا قىلىدىغان غايەت زور پايدىسىغا ھەددىدىن زىيادە ساددىلىق بىلەن ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن، كوممۇنىستلار 1949 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن، يۈكسەك ئىرادە بىلەن سانائەتلەشتۈرۈش پىلانىنى باشلىدى. بۇ نىشانغا

يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە تېخنىكىسىنى تېزلىكتە ھەزىم قىلىش كېرەك. بۇ نۇرغۇن جەھەتتە كىشىگە ستالىننىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلانىنى ئەسكە سالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى جۇڭگوغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلدى، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار توپ-توپ بولۇپ سوۋېت مەكتەپلىرىگە كىردى، جۇڭگونىڭ ئاخبارات ساھەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەتىجىلىرى -نى ئالقىشلىدى. ئەمما جۇڭگو رەھبەرلىرى تاقەتسىزلىنىپ تۇرالماي قالدى، ئۇلار ئۆزۈنىغا سوزۇلغان سوتسىيالىزم يولىدا ئۆز تەرەققىياتىنىڭ چوقۇم بىر قانچە تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى قىزىققانلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەينىدىن مېڭىشنى خالىماسلىق خاھىشى ئەڭ ئاخىرى 1958-يىلى 5-ئايدا ئېچىلغان 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى جىددىي پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دەل كىشىلەر ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ھۆكۈمەت تەلىماتى ۋە ئوبيېكتىپ سان-سىفىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۆلچەم بويىچە دېگەندە، جۇڭگو يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتى. ئەمما جۇڭگونىڭ ھەقىقەتەن چوڭ سەكرەپ سانائەتلىشىش دەۋرىگە كىرىشى نىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ماۋ زېدوڭ چوقۇم يېڭى نەزەرىيەنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەندە ھېچقانداق قورقۇنچاقلىق قىلىپ باقمىدى. 1956-يىلى 9-ئايدا، 1949-يىلدىكى غەلىبىدىن كېيىن بىرىنچى قېتىم ئېچىلغان 8-نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تۇنجى يىغىنىدا، ئۇلار قارىسىغىلا جۇڭگو سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ «يۇقىرى باسقۇچى» غا ئاللىقاچان كىرىپ بولدى دەپ ھۆكۈم قىلدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگو دەرھال ھەقىقىي كوممۇنىزم باسقۇچىغا قەدەم باسىدۇ دەپ جاكارلىدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ چەتئەل جاھانگىرلىرى قالدۇرغان ئازاپلىق ئەسلىمىلەر ھازىرمۇ يادىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، جۇڭگو ماركسىزم

پرىنسىپى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى بېكىتىپلا قالماي، يەنە سانائەت ئىقتىدارى جەھەتتە ئاۋۋال يېتىشىۋېلىش، ئاندىن ئەنگلىيىدىن ئېشىپ كېتىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھالبۇكى ئەنگلىيە پەقەت بىر ئەسىر ئىلگىرىلا سانائەت مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە جۇڭگو بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت ئىدى. يەنە دەل ئەنگلىيە جۇڭگوغا ئەڭ ئېغىر ئار- نومۇس كەلتۈرگەن بىردىنبىر دۆلەت ئىدى.

جۇڭگو ئىنتايىن ئۆكتەم ۋە ئەسەبىي شەكىلدە دېھقانلارنى قايتىدىن تەشكىللەپ ئاتالمىش خەلق كوممۇناسى قىلدى، نەتىجىدە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى. قىلچە مۇبالىغە قىلماي ئېيتىشقا بولىدۇكى، كەينى- كەينىدىن كەلگەن قالايمىقانچىلىق، زوراۋانلىق ۋە ئاچلىق دەستىدىن مىليونلىغان دېھقانلار (بەزى پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا 27 مىليون ئەتراپىدا) ئۆلۈپ كەتتى. جۇڭگونىڭ سانائەت جەھەتتىكى ئەھۋالمۇ ياخشى بولمىدى. جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يامانلاشتى، بۇ بۇزۇلۇش 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان بارلىق ياردەملىرىنى تەلتۆكۈس توختىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەھۋال يولغا قويۇلۇۋاتقان سانائەت پىلانىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىك خادىملىرى تۇيۇقسىز چېكىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلەۋاتقان ھەرخىل دېتاللار ئۈزۈلگەندىن كېيىن، جۇڭگو سانائىتى تۇيۇقسىز يېگانە، ياردەمچىسىز قالدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ ئاپىتى بىر قېتىملىق تارىخنىڭ زور چېكىنىشىگە ئايلىنىپ، بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەر چۆلدەرەپ قالدى. G.C ھەپتىلىكىنىڭ «جۇڭگو ئىقتىسادى» دېگەن سەھىپىسىگە ئاساسلانغاندا، 1958-يىلدىن 1962-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارى 28%، يېنىك سانائەت 21%، ئېغىر سانائەت 23% تۆۋەنلەپ كەتكەن.

كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇلاربەرباد بولغاندىن كېيىن، دەرھال رېئاللىققا بولغان جاھىللىق كۆرۈلدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ ئازاپلىق مەغلۇبىيىتى تېخىمۇ كومىدىيىلىك بىر دەۋرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگونى ئۆزگەرتىشتىكى ئۈچ قېتىملىق سىنىقىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىقى ھېسابلىنىدۇ. 60-يىللارنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ماۋ زېدوڭ مەقسەتلىك ھالدا يېرىم ھۆكۈمەتسىز شەكىلدىكى مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى، مالىمانچىلىق سىلىق ھالدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى. تۇيۇقسىز پارتىلىغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرى جۇڭگونى قاپلىدى، قېرىپ ئالجىغان ماۋ زېدوڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئىنقىلابنى ئۇلغايتىشنى مەقسەت قىلغان كۆرەشتە بىر - بىرىنى ئۆز ئارا ۋەيران قىلىشقا كۈشكۈرتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بۇ چاغدا تەلتۆكۈس تەنقىد قىلىنىپ، ئىنقىلابغا قارشى رېۋىزىئونىزمنىڭ مەھسۇلاتى دەپ قارالدى، شۇڭا چوقۇم نۆۋەتتە ھوقۇق تۇتۇۋاتقان ئەمەلدارلارغا قارشى تۇرۇش ۋە كونىلىققا قارشى ئىچكى كۈرەش ئارقىلىق ئىنقىلابنىڭ ساپلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى.

ئاقىۋەت، جۇڭگو 1966 ـ يىلىدىن باشلاپ 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بىر قاتار دەھشەتلىك تازىلاشلارنى باشتىن كەچۈردى، مىليونلىغان پارتىيە كادىرلىرى ۋە ھەربىي كوماندىرلار (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان ۋە جوڭگو ئىنقىلابىدا ئەڭ ھۆرمەتلەشكە ئېرىشكەن داڭلىق شەخسلەرمۇ بار) قىرىپ تاشلاندى، نەچچە مىليون كىشى تۈرمىلەرگە قامالدى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا قوغلاندى. گەرچە كىشىلەر توغرا سانلىق مەلۇماتلارنى بىلىشكە مەڭگۈ ئامالسىز بولسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋرنىڭ ئەھۋالى نۇرغۇن جەھەتتە ستالىنىزمنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك تېرورلۇق ۋە قىرغىنچىلىق يىللىرىدىكى ئەھۋالغا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. زورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئاساسلىقى ماۋزېدوڭ بىلەن ئۇنىڭ بىرقانچە مۇھىم شېرىكى قوزغاتقان، سىياسىي ۋارىسلىق ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش شىددەتلىك كۆرىشىدە زوراۋانلىق قىلمىشى بارغانسىرى كەسكىنلەشتى، دەل بۇ كۆرەشتە، ھېچ بولمىغاندا ماۋزېدوڭنىڭ ۋارىسى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىككى نەپەر ئىزباسارى ئاۋۋال راسا ئەدىپىنى يېگەندىن كېيىن ھاياتىدىن ئايرىلدى.

ماۋزېدوڭنىڭ قابىل خىزمەتدىشى جو ئېنلەيمۇ نەچچە يىل سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت قىلدى، ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەر، مەسىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىزمىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى كونترول قىلىندى. 1976 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماۋ زېدوڭ ۋاپات

بولغاندىن كېيىن، نورمال ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇساپىسىدە ئاندىن بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، پەقەت بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ ئاندىن ھاكىمىيەتنى ئۆزىنىڭ قولىدا مۇستەھكەم كونترول قىلدى. 1982-يىلى 9-ئايدا ئېچىلغان 12-قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىدا، ئۇنىڭ ئاساسلىق رەقىبلىرىنىڭ خىزمىتى بىكار قىلىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو يېڭىچە بىر يولغا قەدەم ئېلىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە خەلقئارالىق ئىززەت-ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت يېتىش قىيىن بولغان نىشان ئۈچۈن ئىزدەندى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا كىيىنكى بىر قانچە يىلدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلانغان يېڭى پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ دەل ئاتالمىش «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» (يەنى يېزا ئىگىلىك، سانائەت، پەن-تېخنىكا ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋى لاشتۇرۇش) پىلانى. بۇ پىلان غەرب دۇنياسىغا پۈتۈنلەي پراگماتىزىمچە ئېچىۋېتىشنى ھەمدە دۆلەت ئىچى ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئەنئەنىۋىي قاراشلارنى ئۆزگەرتىشنى خالايدىغانلىقنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېڭى يولغا قەدەم ئالغاندا، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى: جۇڭگو 1978-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە جۇڭگو-ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كېڭىيىشىگە بولغان ئورتاق ئەندىشىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتە كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىقنى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو ياپونىيە سودىسى تېزلىكتە ئاشتى. جۇڭگونىڭ دېپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشى ئۇلارنىڭ يادرو ئۇرۇشى يۈز بېرىدىغان دوگمىچىلىق نۇقتىئى نەزەرلەرنى بەلگىلەيدۇ دېگەن قارىشىدىن ۋاز كېچىشىگە پايدىسى بولدى، ئۇلارنىڭ جوڭگونىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان خەلقئارالىق سودا ۋە دېپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا بىر قىسىم يېڭىچە، تېخىمۇ جانلىق تەدبىر قوللىنىشىغا ياردىمى بولدى. ئەمەلىيەتتە، يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ ئىسلاھات پىلانى جۇڭگونىڭ مىيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈشى بولۇپ قالدۇ، ياپونىيە دەل مىيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن ئاندىن زامانىۋى دۇنيانىڭ قاتارىغا كىرەلىگەن.

# 14- باب سىياسىي توقۇنۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ بارلىققا كېلىشى

يېڭى پىلان كەسكىن ھوقۇق كۈرىشىدە بارلىققا كەلدى. شۇڭا، كەسكىن ھوقۇق كۈرىشى بۇ پىلاننىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلىدى. دېڭ شىياۋپىڭدىن ئىبارەت جۇڭگودا يېڭى پەيدا بولغان رەھبىرىي شەخس سىياسىيدا تەخمىنەن 10 يىلغا يېقىن ئۈزلۈكسىز جان تىكىپ ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك پىلاننى مەجبۇرىي تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگونى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات يولىغا باشلاپ ماڭدى. خۇددى ئىلگىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا، ستالىن بىلەن تروتسكىي ئارىسىدا يۈز بەرگەن چوڭ كۈرەشكە ئوخشاش، ئىدېئولوگىيىنىڭ يېڭىلىنىشى سىياسىي توقۇنۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي، ناھايىتى زور دەرىجىدە شەخسنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق قارار قىلىندى. 30-يىللاردا، ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى قايتىدىن شەرھىيلىدى. ئۇ تەكىتلەپ، دېھقانلارنىڭ رادىكالىزمى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. يەككە ئىقتىسادنى كۈچەيتىشئۈچۈن، دېڭ شىياۋپىڭمۇ چوقۇم سوتسىيالىزمنى قايتىدىن شەرھىيلىشى كېرەك.

1976-يىلى ماۋ زېدوڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپكى سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇش قوش قىرلىق ھوقۇق قۇرۇلمىسى ئىدى. ھۆكۈمەتكە ماۋزېدوڭنىڭ مۇرىتى، نىسبەتەن ياش خۇاگوفېڭ رەھبەرلىك قىلدى، بۇ ماۋزېدوڭ تۈزۈلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا داڭلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دېڭ شىياۋپىڭ پارتىيىنىڭ ئەمەلىي رەھبەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، نورمال ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قارىماققا، دېڭ شىياۋپىڭ چىن نىيىتىدىن ماۋ زېدوڭنىڭ رەھبەرلىكىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۇ 1976-يىلى ھەر بىر جۇڭگو پۇقراسىنىڭ «تۆت ئاساسىي

پرىنسىپ»: سوتسىيالىزم يولى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى، پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە چوقۇم ھۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمەلىيەتتە، بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكسىزلىكنى ساقلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ بەلگىلىنىپ بولغان يولىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا، دېڭ شياۋپىڭ بىر قاتار ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي توسالغۇلارنى يەڭمىسە بولمىدى.

بۇ توسالغۇلار: يېڭى كونا دەۋر ئالمىشىشىنىڭ توختاپ قېلىشى، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىدىكى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار ھەمدە پارتىيە ئىچى سىرتىدىكى ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئاشكارا قارشىلىشىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توسالغۇلار يېڭى يولنى بېكىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە جۇڭگونى ھازىرقى زامان دۇنياسىغا كىرىش مۇساپىسىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. قېرىلىشىش مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر، جۇڭگونىڭ ماۋزېدوڭدىن كېيىنكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى قېرىپ كەتكەن. خۇا گوفېڭدىن ئىبارەت ئاتاقتىكى داھىي جۇڭگونىڭ ئادەتتىكى ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئېيتقاندا، يەنىلا نىسبەتەن ياش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى ئاساسلىقى ماۋ زېدوڭنىڭ دەۋرداشلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەخسىي ئىقتىدارى ۋە نەزەرىيىۋى كۆز قاراش جەھەتتىن بولسۇن دېڭ شياپىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولىشى ناتايىن. بۇنىڭدىن سىرت، كونا ئىنقىلابتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر دېڭ شياۋپىڭنىڭ لاھىيىسىنى بېكىتىش ئۈسۈلىدىن گۇمانغا تولدى ھەمدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇقىرى قاتلام كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇشنى قاتتىق خىتاب قىلىشىدىن تەبئىيلا قاتتىق بىئارام بولدى.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر يەنە سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەر بىلەن ئۆز ئارا تەسىر قىلىشتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىلانى پەيدىنپەي ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چاقىرىقىنىڭ ئېنىق يېتەكچى ئىدىيىسى يوق ئىدى، چۈنكى بۇ چاقىرىق پارتىيىنىڭ رولىنى ئېنىق ئۆزگەرتمىگەن ئىدى، ھەم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئېنىق گۇماننى ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئەمما، تېخىمۇ مۇتەئەسسىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرى ئاساسلىقى

غەربكە ئېچىۋېتىشكە تايىنىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدا يەنىلا ئەندىشىدە بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ھەتتا دەسلەپكى بۇ پىلانلارمۇ باشقۇرۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغان بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئالاھىدە رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەمدە بۇ پىلانلار ئىنقىلابى سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدىكى ئەنئەنىۋى نەزەرىيە ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئەمەس.

دېڭ شياۋپىڭ دەسلەپتە يولغا قويغىنى ئېھتىياتچان ئىسلاھات تەدبىرى بولسىمۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ تاشلىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ھازىرقى ھاكىمىيەتكە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى، نەزەرىيە جەھەتتە بۇزغۇنچىلىقتا، غەرب دېموكراتىزمى خاھىشىغا ئىگە ئىدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. ھەتتا 1978 ـ يىلى، كەڭ كۆلەملىك ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدا ۋە بېيجىڭ زىجىنچېڭغا يېقىن «دېموكراتىيە تېمى»غا چاپلانغان تام گېزىتىدە، بۇ خاھىش كۆرۈنەرلىك ئىپادە قىلىنغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار رەھبىرى ۋېي جىڭشېڭ «دېموكراتىيە بولمىسا زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىرىپ، نامايىشچىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى مەركەزلىك ئىپادىلىدى. لېكىن، دېڭ شياۋپىڭ ھەرگىزمۇ پەقەت قۇرۇق گەپ سېتىشنىلا بىلىدىغان ئەركىنلىكپەرۋەر ئەمەس. ۋېي جىڭشېڭ «بەشىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىق قىلىشى بىلەن 15 يىللىق قاماققا ئېلىنىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

سىياسىيدىكى ئېھتىياتچانلىق ۋە ئىدىيىدىكى قەتئىيلىك دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ كەلگۈسىدىكى ئوقۇغۇچى دېموكراتىك ھەرىكەتچىلەرگە ھەر قانداق ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى سەللا ئېھتىيات قىلمىسا، پارتىيە رەھبەرلىرى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈمىد قىلىدىغان ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىسلاھاتلار نېمىلا بولمىسۇن 10يىللىق كەڭ كۆلەملىك قالايمىقانچىلىقتىن كېيىنكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ نورمال ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا ئىسلاھات مۇساپىسىنى كونترول قىلىش ئىرادىسىدىكى كەسكىن ئىپادىسى ئىسلاھاتنىڭ پارتىيىنىڭ نوپۇزىغا تەھدىت سالىدىغان يېڭى بىر مەيدان مالىمانچىلىققا ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالدى. دېڭ شياۋپىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلاھات ھەرگىزمۇ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ پارتىيىسى ھاكىمىيەتنى قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

دەل ئەكسىچە، ماۋ زېدوڭنىڭ ئۆزىنى باسالمايدىغان ئىنقىلابىي رومانتىكلىقى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، دېڭ شياۋپىڭ مۇقىملىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىكنى ساقلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ئىسلاھات قىلماقچى بولدى، ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا، رەھبەرلىك كوللىكتىپىنىڭ ياشلىشىشىغا موھتاج بولۇپلا قالماي، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەرتىپى چوقۇم سىستېمىلىق بولۇشى كېرەك. بولمىسا، كوممۇنىستىك پارتىيە يەنە ئىلگىرىكى 20 يىلدىكىدەك دۆلەتكە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە غايەت زور زىيان سالىدىغان مالىمانچىلىققا قايتىدىن پېتىپ قالىدۇ. ئەمما، ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ بۇ ئەڭ ئالىي داھىيسى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى چوقۇم كۆچە يېتىپ، رېئال مەۋجۇت بولغان ھەر قانداق يوشۇرۇن سىياسىي دۈشمەننى تازىلاپ، ئىلگىرلەش يۆلىنىشىنى بېكىتىپ، ئۆزىنىڭ ۋارىسىنى بەلگىلى -شى ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. 80-يىللارنىڭ بېشىدىن بۇيان، بۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل شۇغۇللانغان ئاساسلىق خىزمىتى بولۇپ كەلدى.

دېڭ شياۋپىڭ گەرچە بەزى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەر ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ خىزمەتلەرنى قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمىدى ھەمدە نەچچە قېتىن ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتتى. 1982-يىلغا قەدەر، ئۇ خۋا گوفېڭنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق بىكار قىلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ مەركىزىي گۇرۇھىدىكى (ئاتالمىش «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ») رادىكال قالدۇق ئۇنسۇرلارنى تەلتۆكۈس تازىلىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تا ماۋ زېدوڭنىڭ خوتۇنى بار بولۇپ، بارلىق ئەزالىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كەچۈرۈشكە بولمايدىغان

جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماققا ئېلىندى. ئۇ يەنە ئۆزى تاللاپ بېكىتكەن بىر تۈركۈم ياش ۋارىسلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆستۈردى. 1982-يىلى 9-ئايدا، پارتىيىنىڭ 12- قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭ تاللىغان خۇ ياۋباڭنى پارتىيىنىڭ كېلەركى قېتىملىق داھىيسى، جاۋ زىياڭنى ھۆكۈمەت باشلىقى قىلىشنى داغدۇغىلىق ھەم رەسمىي تەستىقلىدى. ھوقۇق مەسىلىسىدە، دېڭ شياۋپىڭ زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

ئەمما، نەزەرىيە ۋە پىلان جەھەتتىكى مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. كېيىنكى نەچچە يىلدا، كەسكىن ئىچكى مۇنازىرىلەر يەنىلا داۋاملىشىپ، ئەڭ ئاخىرى يېڭى سىياسىي كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەس-مۇنازىرىلەردە خۇ ياۋباڭ نىسبەتەن ئېھتىياتچان، چەكلىك ئىسلاھاتنى قوللايدىغان كىشىدىن ئىسلاھات ئاۋانگارتىغا ئايلاندى. 1982-يىلى، ئۇ پارتىيىنىڭ 12-قېتىملىق قۇرۇلتىيىدىكى مۇھىم سۆزىدە ھېچقانداق يېڭى نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى؛ لېكىن ھازىر، ئۇ ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھات قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە تۈپكى سىياسىي ئىسلاھاتنى چوقۇم ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن ماس قەدەمدە بولۇشىدەك يېڭى تەشەببۇسنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تېخىمۇ زور بەس-مۇنازىرىلەرنى قوزغىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئەگەر پەقەت ئىقتىساد ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، ئارىسالدى بولۇپ ئالغا باسالمايدۇ. بۇ كۆز قاراش بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلەتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ بولۇپ قالدى. خۇياۋباڭ بۇ قارىشنى ئاشكارا سورۇنلاردا شەرھىيلەپلا قالماستىن، يەنە شەخسەن ھالدا ئىنىق مۇھاكىمە قىلدى.

1986-يىلى يازدا، خۇ ياۋباڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بىر قېتىم ئۇزۇن شەخسىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئاندىن زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ئىشلىتىلگىنى ئەنئەنىۋى جۇڭگو قورۇمىلىرى ئەمەس بەلكى ئەڭ ياخشى فرانسىيە «يېڭىچە قورۇمىلىرى» ۋە فرانسىيە ئۈزۈم ھارىقى ئىدى. ئۇ كۈتۈۋالغان ئەمەلدار دەل بۇ كىتابنى يازغان مەن بولىمەن. 5 سائەتلىك سۆھبەتتە، خۇ ياۋباڭ ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ چوقۇم سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى تۈز بولۇپ،

ھېچقانداق ھۆججەت ۋە خاتىرىلەرنى پايدىلىنىش قىلمىدى. ئۇ ئىشلەتكەن ئۇقۇم ئادەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقمايدۇ.

ئۇ تۇزلا قىلىپ، ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىنى چوقۇم ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. گەرچە ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمى بىر مەزگىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاندىن ئاساسىي ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىپ، قايسى زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ئەمما خۇ ياۋباڭ قەتئىي ھالدا: جۇڭگودا، يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ باشقۇرۇشى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، ھازىرقى مەركەزنىڭ كونتروللۇق مېخانىزمى بەك قاتماللاشقان، بەك جانسىز، شۇڭا نۇرغۇن ھوقۇقلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش كېرەك دەپ قارىدى. ئۇ تولۇقلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مەركىزىنىڭ ھەر قايسى كومىتېتلىرىدا ئىش ئاز ئادەم كۆپ ھادىسىسى كەڭ مەۋجۇت (نەچچە يۈز مىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار مۇشۇنداق مۇستەقىل تارماقلاردا)، مەسىلە ئىنتايىن ئېغىر دېدى. قىسقىچە ئېيتقاندا، دۆلەت ئاپاراتلىرى بىر قېتىملىق چوڭ ئۆزگەرتىشكە ئىنتايىن موھتاج.

ئۇ سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ چوقۇم قانۇننىڭ ياردىمى بىلەن بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىتراپ قىلدى. ئۇ بارلىق پۇقرالارغا ماس كېلىدىغان، ئادىل ۋە خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قانۇننى تۈزۈپ چىقىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى. مۇنداق قانۇن بولمىسا، سىياسەت تۈزۈش جەريانىدا ئىھتىمال ئۆز بېشىمچىلىق، خىيالىغا كەلگەنچە ئىش كۆرۈدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يامان تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ بۇ زۆرۈرىيەتنى بايان قىلغاندا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى چوقۇم ئېنىق ئايرىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە پارتىيىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە زىيادە بىۋاسىتە قاتناشقانلىقىنى تەنقىد قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ جۇڭگودىكى كوممۇنىزمسىز «پارتىيە-گۇرۇھ»لارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشى-ش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنى سىياسىي مۇزاكىرىلەرگە ئاشكارا قاتنىششقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆر-سىتىپ ئۆتتى. جۇڭگودىكى بۇ پارتىيە گۇرۇھلار شەرقىي ياۋروپادىكى كوممۇنىستىك پارتىيە كونتروللۇقىدىكى، دېھقان ۋە زىيالىيلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالاھىدە مەنپەئەتدار(قارشىلاشمايدىغان) سىياسىي پارتىيىلەرگە

باراۋەر كېلىدۇ. خۇ ياۋباڭنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نۆۋەتتە بۇ تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەن.

هۆكۈمەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىنغاندا، خۇ ياۋباڭمۇناھايىتى زور جانلىقلىقنى ئىپادىلىدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ يادروسى دۇنيانى تەھلىل قىلىش، دۇنيانى تونۇش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇسۇلى دېدى. كوممۇنىزم مىنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىماتى ھەممىشە نەچچە دوگماتىك پرىنسىپنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. خۇ ياۋباڭ بۇ تەلىماتنىڭ مۇجمەل ئېنىقلىمىسىنى چۈشەندۈرگەندە: ماركسىزمنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا تەرەققىي قىلماقتا، چوقۇم ئەمەلىي مۇۋەپپىقىيەت ئارقىلىق تەكشۈرۈپ دەلىللەش كېرەك دېدى. ئۇ پارتىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يىرىلاردا يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بېيىشىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان كىشىلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. خۇ ياۋباڭنىڭ بۇ قارشى ئۇنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئەمەلىيەتچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

ئۇنىڭ پۇتكۈل سۆزى لىگىلتاقتاق بولۇپ، چۈشەنمەس تەس. ئۇنىڭ بارلىق تەشەببۇسلىرىنىڭ يادروسى: چوقۇم تۈپكى سىياسىي ئىسلاھات قىلىش كېرەك ھەمدە بۇ ئىسلاھاتلار چوقۇ پارتىيىنىڭ رەھبەر لىرى «تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييارلانغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن ماس قەدەمدە بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئۇ ناھايىتى ئېنىق ئېيتتى، سۆزلىگەندە ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئاللىقاچان باشلانغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات مۇھىم نۇقتىنى كەڭ كۆلەملىك ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش بولغاچقا، سىياسىي ئىسلاھاتمۇ ئوخشاشلا سىياسىي ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى بايان قىلغاندا قىلچە ئىككىلەنمىدى، قىلچە مۇجمەللىك قىلمىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىنتايىن سەزگۈر ئىدېئولوگىيە مەسىلىسىدە، ئۇ ناھايىتى تۈز بولۇپ، ماكرو جەھەتتىن ماركسىزمنى چۈشەندۈردى ھەمدە لېنىنىزم ئادەتتە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەسىلىلەرنى تەكرارلاپ كەتمىدى.

ئەمما، پارتىيىنىڭ رولى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، خۇ ياۋباڭ سىياسىي مەنپەئەت ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئۇ بارلىق

كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرىگە ئوخشاش ئەتراپتىكى مۇرەككەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى پەقەت ئۆزەملا توغرا چۈشەندۇرەلەيمەن دەپ قارايتتى. ئۇ چوقۇم «دېموكراتىك مەركەزچىلىك تۈزۈمى»دا چىڭ تۇرغانغا ئوخشاش، چوقۇم پارتىيىنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى كېسىپ ئېيتتى. «دېموكراتىك مەركەزچىلىك تۈزۈمى» لېنىننىڭ كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە بوي سۇنۇشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان خاتا شوئارى. بۇ ئەكسىچە يەنە ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىن مەسىلىسى بولغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ چېگرىسىنى زادى قانداق قىلىپ ئۆز لايىقىدا ئايرىش يەنىلا ھەل بولمىدى.

جۇڭگونىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى (كۆپ قىسمىدا خۇ ياۋباڭغا ئوخشاش يېڭىلىق يارىتىش روھى يوق) پەۋقۇلئادە مۇھىم ھەمدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بۇ مەسىلىدە تېخىمۇ ئېسەنكىرەپ قالدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئىچكى قىسىمدا نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنى قانداق يۈرگۈزۈش توغرىسىدا بەس-مۇنازىرە بولغاندا، شەخسلەر ئارىسىدىكى كۈرەش باشتىن-ئاخىر رول ئويناپ كەلدى. دېڭ شياۋپىڭ خۇ ياۋباڭنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋارىسى قىلىپ تاللىدى. بۇ تاللاش قارىماققا پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمىگەندەك قىلاتتى، رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ 1986-يىلى 12-ئايدا قايتا پارتلىغان كەڭ كۆلەملىك ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىغا قايتۇرغان ئىنكاسىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نەچچە يۈز مىڭ ئادەم جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە نامايىش قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك تەلەپ قىلدى، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە پارتىيىنىڭ ئىسلاھات پىلانىنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇردى. پارتىيە رەھبەرلىرى بۇ قېتىمقى ئىنتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى باستۇردى، كۆپ قېتىم ئىنتىراز بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىگە پارتىيە رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ باللىرى رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. پارتىيىنىڭ مۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ئويلاپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بىرلا ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ پېشقەدەملىرى دېڭ شياۋپىڭدىن خۇ ياۋباڭنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى شەخسەن تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار خۇ ياۋباڭنى يېقىنقى مالىمانچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ھەمدە سىياسىي ئىدىيىدىكى رېۋىزىئونىزم خاھىشىغا ھېچ بولمىغاندا قىسمەن مەسئۇل بولۇشى كېرەك دەپ ئەيىبلىدى.

خۇ ياۋباڭنىڭ تەختتىن چۈشۈشى ۋارىسلىق مەسىلىسىنى يەنە ئۇتتۇرىغا چىقاردى ھەمدە ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قىيىن مەسىلىنى ئارقىغا سۈرەپ ھەل قىلمىدى. دېڭ شياۋپىڭ قىيىنچىلىقلارئىچىدىن يەنە ئۆزى چىقىپ كونترول قىلىش ئارقىلىق، ئۆزى چېكىنگەندىن كېيىنكى سىياسىيدىكى ئۈزۈلۈكسىزلىككە كاپالەتلىك قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ 1987ـ يىلىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى تەگپۇگلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەرپ قىلىپ، يېڭى ۋارىسىنى بېكىتتى، ئىسلاھات پىلانىنى مۇكەممەللەشتۈردى. قالدۇق قېرى ئۆكتى ـ چېلەرنى ۋە گۇمانىي پوزىتسىيەدە بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى تەلتۆكۈس تازىلىدى. 1ـئايدا، دېڭ شياۋپىڭ بېسىملارغا يول قويدى، ئېھتىمال ئۇ ئۆزىمۇ ۋارىسىنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلىشقا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. خۇ ياۋباڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى جاكارلاندى. باھار، ياز پەسىللىرىدە، يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەر ئۇزۇنغىچە كېڭەشتى. 1987ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى رەسمىي تەختكە چىقىشقا تەييارلاندى. جاۋ زىياڭ پارتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تەكشەلدى، نىسبەتەن ياش پارتىيە رەھبىرى، سابىق باش مىنىستىر جوۋئېنلەيي بېقىۋالغان ۋە تەربىيىلىگەن بالىسى لى پېڭ يېڭى ھۆكۈمەت تىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

بۇ ئىككى كىشى ئېنىقلا ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھىغا ۋەكىللىك قىلدى، ئەمما پارتىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ ئىككىسىنى بىرنىڭ مەنپەئەتىمىزگە تەھدىت سالىدۇ دەپ قارىمايدۇ. ئىككىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، دۆلەت ئىچىدە زامانىۋىلاش تۈرۈش چوقۇم ماس ھالدا سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى كېرەك دەپ قارىدى. ئىككىسىلا چوقۇم بەزى ئىنچىكە تەييارلانغان سىياسىي ئىسلاھاتلارنى قىلىپ، ئېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ماسلىشىش كېرەكلىكىنى ئېتراپ قىلدى. لېكىن، ئىككىسى دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىدىن ھالقىپ كېتىشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر چوقۇم باستۇرۇلىشى كېرەك، ئىسلاھاتنى ئاندىن يۇقىرىنىڭ قەتئىي رەھبەرلىكىدە يۈرگۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارىدى.

1987 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، بېيجىڭدا پارتىيىنىڭ 13 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. يىغىندا جاۋ زىياڭ دوكلات بېرىپ، جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي يولىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلدى. ئۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئېلىپ بارغان ھەر تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى خۇلاسىلىگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كەڭ ئىسلاھات كەلگۈسىنى سىزىپ چىقتى ھەمدە بۇرۇنقى تىرىشچانلىق ۋە كېيىنكى پىلانلارنىڭ ئىدىيەلو گىيە جەھەتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي يېڭى بىر پارتىيە مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى رەسمىي سايلاپ چىقتى، ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى دېڭ شياۋپىڭ تاللىغان بولۇپ، ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى زور دەرىجىدە ياشلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. خۇ ياۋباڭ سىياسىي جەھەتتە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمىدى، ئەكسىچە سىياسىي بيۇروغا داۋاملىق تۇرۇپ قالدى ھەمدە پۈتكۈل قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، قۇرۇلتاي رەئىسلەر گۇرۇپپىسى سىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتتى. بۇ ئىش رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن ئىسلاھات قىلىش ئىرادىسىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

شۇڭا، بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ماۋ زېدوڭدىن كېيىنكى جۇڭگو تارىخىدىكى مۇھىم ئابىدىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدىكى كۆرەشنىڭ قىزىق نۇقتىسى ئەمدى دېڭ شياۋپىڭنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەش تىكلىمەسلىك، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات قىلىش كېرەكمۇ يوق دېگەن مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات ئىستراتېگىيىسىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە، بۇ مەسىلە ئېھتىمال بارغانسېرى ئېغىرلىشىش مۇمكىن ھەمدە مەلۇم ھەل قىلغۇچ پەيتكە بارغاندا مۇقەررەر ئۆزگىرىپ سىياسىيدىكى تېخىمۇ چوڭ ئىختىلاپقا ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ يېڭى ۋارىسلىق ھوقۇقى كۈرىشى يۈز بەرگەن پەيتتە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كېيىنكى كۈرەشلەر ئېھتىمال دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋارىسى ئۇلۇغۋار ئىسلاھات پىلانىنى كېڭەيتىش داۋامىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

# 15- باب ئىسلاھات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ جانلىنىشى

ئۇزۇن مۇددەتلىك كەسكىن ھوقۇق كۈرىشى ئىدېئولوگىيىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. رەھبەرلىك ھوقۇقى مۇستەھكەم بېكىتىلگەن ئەھۋالدا، كوممۇنىزم تۈزۈمى ھەممىشە نەزەرىيە جەھەتتە كۈنسېرى قاتماللىشىدۇ. بيۇروكرات گۇرۇھىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى ۋە ئەنئەنىۋى دوگمىچىلىقى بىر-بىرىگە ماس كەلگەن، دوگمىچىلىق تىكلىنىپ بولغان ھاكىمىيەتكە قانۇنلۇقلۇق تونىنى ياپتى، ھاكىمىيەت بەلگىلىنىپ بولغان دوگمىچىلىقنى قوغدىدى. ئەمما، جۇڭگو ستالىنىزم ھۆكۈمرانلىقىدىكى 25 يىلدىن ئارتۇق قاتتىق قول ستالىنىزمنى باشتىن كەچۈرمىگەن، برېژنېۋ دەۋرىدىكى 20 يىلغا سوزۇلغان قاتماللاشقان ستالىنىزمنىمۇ باشتىن كەچۈرمىگەن، جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدەك ئۆلۈك ئەمەس. ماۋ زېدوڭنىڭ سىياسەتتىدىمۇ نەچچە قېتىم چوڭ تەكرارلىنىش يۈز بەرگەن، ماۋ زېدوڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سالامەتلىكىنىڭ ياماتلىشىشى 20 يىلدەك سىياسىي مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ مەزگىلدە يەنە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ دەھشەتلىك كۈرەشلەر ئۈزۈلمەي يۈز بەردى.

ئۆتكۈر ھوقۇق كۈرىشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ ئېيتساق، پەقەتلا شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن قىلغان ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش دېيىشكە بولىدۇ، بۇنى كوممۇنىزم تۈزۈمىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ دەھشەتلىكى بەلگىلىگەن. بۇ خىلدىكى ھوقۇق كۈرىشىدە، ئىدېئولوگىيە ھەممىشە ئاجىز كۈچلۈكلەرگە يەم بولۇش پرىنسىپىغا بويى سۇنىدۇ ھەمدە كۈرەش قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا، ھوقۇقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىدېئولوگىيەگە پات-پات قايتىدىن چۈشەنچە بەرسە بولىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىچە پراگماتىزمنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىشىك ئاچتى. ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى ۋە ئۇنۇمدىن ئىبارەت ئومۇميۈزلۈك

ئىقتىسادىي مەسىلىلەرمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىدە چىك تۇرغانلارنى بارغانسېرى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ جەريانىدا نەزەرىيە سۇسلاشتى.

خۇددى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك، ھەر خىل ئۇكۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن ئىسلاھات 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىزچىل كۈچ توپلىدى ھەمدە 1987-يىلى ئېچىلغان 13-قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنى مۇھىم تارىخىي ۋەقە بولۇپ، ئۈچ جەھەتتە دىققەتنى تارتتى. بىرىنچى، قۇرۇلتاي جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نەزەرىيىۋى تەلىمات ئارقىلىق قۇرۇلۇش قىلىشقا تېخىمۇ ئاز تايىنىدىغانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكىتلىدى، بىرلا ۋاقىتتا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش مەزگىلىدىكى ئىسلاھات قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپىقىيەتلەرنى باھالىدى. ئىككىنچى، قۇرۇلتاي سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلتاي ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم يېڭى پرىنسىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونىڭ نەزەرىيە جەھەتتە نىسبەتەن جانلىق بۇ ئىسلاھاتنى ئۆزۈن مۇددەتلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگونىڭ دەسلەپكى ئىسلاھاتى خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتىكى ئەڭ يۈرەكلىك يېڭىلىق يارىتىشى ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە كۆرۈلدى. جۇڭگو رەھبەرلىرى چوقۇم ناھايىتى مەمنۇن بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن ئىشەنچكە تولىدۇ. 1978-يىلى 12-ئايدا ئېچىلغان مەركەزنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا، يېزىلاردا كوللېكتىپ ئىگىلىكنى پەيدىنپەي بىكار قىلىش ياكى خەلق كومموناسىنى تارقىتىۋېتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەدبىر ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. دەرۋەقە، جۇڭگو نەچچە يىلدا نوقۇل ئاشلىق ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتتىن ئاشلىق ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ شىمالدىكى قوشنىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گورباچېۋنىڭ رەھبەرلىكىدىمۇ يەنىلا ئىسراپچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى!

ئەمما، ئىسلاھات ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم جۇڭگولۇقلار بىر مەزگىل ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ قۇرۇپ چىققان كوممۇنىزم قەپىزىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. كەڭ دېھقانلار ئۆزۈن مۇددەت ئىجارىگە ئېلىش، ئۆزىنىڭ يېرىنى ھوقۇقلۇق ھالدا باشقۇرۇش ئارقىلىق، بازاردا تەلەپ ۋە تەمىنلەش قانۇنىيىتى بېكىتىدىغان باھا بويىچە ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئەنئەنىۋى كوممۇنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدىغان مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۆتمۈش بىلەن ئادا-جۇدا بولۇش پارتىيىنىڭ كۆپ قىسىم جۇڭگو نوپۇسىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىشىنى بوشاشتۇردى. بىراق بۇ ئەكسىچە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىغا پايدىلىق ئىدى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي جەھەتتە مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىش بوشاشتى.

جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ئۇسۇلنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە «ئەۋرەت ياپقۇچ» لاھىيىلىدى. تەدبىر قوللىنىپ يەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بەردى، ئەمما ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بەرمىدى. يۈزەكى قارىغاندا، دېھقانلار يەنىلا يەرنىڭ خوجايىنلىرى ئەمەس، ئومۇمنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئالغۇچى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتىكى بارلىق ھوقۇققا ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، 1987-يىلىغا كەلگەندە، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەدبىر قوللىنىپ، «ئىجارە توختامى» سودىسىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە شەخسىي مۈلۈكچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئاشكارا دارىتمىلىدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى شەك-شۈبھىسىزكى ئەمەلدارلارنى رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى، ئۇلار ئىسلاھاتنى ئۇزۇن مۇددەت ھەم كەڭرى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولدى. ج.ل. سچېرېر (J.L. Scherer)نىڭ «جۇڭگو ستىستىستىكا يىلنامىلىرى-1986» دېگەن ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 1978-يىلى 9% ئاشقان، 1982-يىلى 11% ئاشقان، 1984-يىلى 14.5% ئاشقان، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئېرچىل توختاپ قالدى. بۇنىڭدىن سىرت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ

گۈللىنىشى جۇڭگو يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشىغا تۈركە بولدى، 1981 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە، ئېشىش ۋەزىيىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بولۇپ، 400% كە يەتكەن، 1987 ـ يىلى بىر يىلدا يەنە 36% ئاشقان .

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، باشقا ساھەلەردىكى ئىسلاھاتمۇ ئوخشاشلا يولغا قويۇلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، گەرچە بىرلا ۋاقىتتا يوشۇرۇن خەتەر سىگناللىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا كىشىنى خوشال قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنى باشلىغان ۋاقىتتا، كومپارتىيە رەھبەرلىرى ئۇلۇغۋار يېڭى سانائەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «تۆتكىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. پارتىيە گېزىتى «خەلق گېزىتى» نىڭ 1978 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى نىشانىغا ئاساسلانغاندا، تۆتكىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش بېكىتكەن نىشان «ئەڭ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت» لەرنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا «يېقىنلىشىش، يېتىشىۋېلىش ياكى ئېشىپ كېتىش» ئىكەن. ئەمما، دېڭ شياۋپىڭ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇ نىشانىنىڭ بەك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تېزلا ھېس قىلىۋالدى. 1982 ـ يىلى خۇا گوفېڭنى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن تازىلاپ چىقارغاندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ بۇ ئۇلۇغۋار سانائەت پىلانىنىڭ كۆلىمىنى تارايتتى. بولۇپمۇ ئېغىر سانائەت جەھەتتە تارايتىش كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ بولدى. دېڭ شياۋپىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۆتمۈشتىكى نەزەرىيىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن يەنە بىر قېتىم زور دەرىجىدە قۇتۇلۇپ چىقتى، ئۇ يېزىنىڭ سانائەت ھەمدە گۈللەنگەن يېزا ـ بازار سانائىتىنى تېخىمۇ ئالدىغا قويىدى.

ئىشلارنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىك تەرتىپىگە قارىتا چوڭ ئۆزگەرتىش قىلىش كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ئۇنۇمگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر يەنە جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ 1984 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئالاقىدار قارارى» نى ئېلان قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ قارار قوللانغان تەدبىرلەرنى رەسمىي مۇئەييەنلەشتۈردى، يەنە پارتىيىنىڭ ئىدېئولوگىيىنىڭ جۇڭگو تۈزۈمىگە بولغان تەسىرىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئىگىلىنىشچە،

«قارار» دا «پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە كۈچىيىشىنىڭ بىردىنبىر يولى» كۆرسىتىلگەن، قارارىدا نەزەرىيە مەسىلىسىنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالغان بولۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك بولغان كونكرېت ئىسلاھاتنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. قارارىدا تۈۋزلا قىلىپ «ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى بۇ ئەھۋاللارنى پۈتۈنلەي چۈشىنىشى ۋە تېزلىكتە ماسلىشالىشى مۇمكىن ئەمەس»، ھازىر «كارخانىلار نىسپىي مۇستەقىل ھەقىقىي ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش» نىڭ پايدىلىق پەيتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. مۇستەقىللىقى بولغاندىلا، كارخانىلار خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە يالاپ، زۆرۈر خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ، مائاش سەۋىيىسىنى قارار قىلىپ ۋە مەھسۇلات باھاسىنى بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنى تاماملىغاندىن كېيىن ۋە دۆلەتكە باج تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئېرىشكەن پايدىسىنى قايتىدىن مەبلەغ سېلىش ۋە ئالاھىدە نىشانىنى بېكىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىسلاھاتلارنى قىلىش بىلەن بىرگە، كىچىك تىپتىكى شەخسىي ئىگىدارلىق كارخانىلىرى، بولۇپمۇ ئىستېمال ساھەسىدىكى كارخانىلارنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىشقا باشلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يەنىلا دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي پىلانىغا ئاساسەن پائالىيەت قىلىدۇ، جانلىقلىقى ئاجىز، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرمىقى ناھايىتى تەس. شەخسىي كارخانىلار ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي فونكى - سىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇرىدۇ. مۇبادا بۇ دەرۋازا ئېچىۋېتىلسىلا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشچان ۋە تىرىشچان روھى دەرھال ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى 1988-يىلى 4-ئايدا پارلامېنتقا يوللىغان بىر دوكلاتتا دېيىلىشىچە، 1987-يىلغىچە 300 مىڭ شەخسىي كارخانا، 20 مىليون يەككە تىجارەتچى بارلىققا كەلگەن.

دەل 1978-يىلى دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، بۇ ئىككى لىنىيىدىكى ئىسلاھات دۇنياغا، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان غەرب دۇنياسىغا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن شەرت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىستراتېگىيە

ۋە ئىقتىساد سەۋەبلىك چوقۇم ئىچىۋىتىشنى يولغا قويۇش كېرەك ئىكەن. گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپى داۋاملىق مەۋجۇت بولسىمۇ، ئامېرىكا بىلەن سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئامېرىكا بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، قوشنىسى ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيولو ـ گىيىدىكى جانلىقلىقنى يەنە ئىپادىلىدى. 80ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ئۇلار جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا، بولۇپمۇ شېنجېن، شەنتۇ ۋە شيامېندا ئاتالمىش نەچچە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇردى. بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى (بۇ ئۇسۇل ئىدىيولو گىيىدىكى ئىنقىلاب) بېرىش ئارقىلىق، چەتئەللىكلەرنى ئالاھىدە رايونلاردا ئىقتىسادىي پائالىيەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، مۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاپىتالىزمنىڭ بىخەتەر لىك ئارىلىنى قۇردى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. جۇڭگو رەھبەرلىرى ئەڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق يولداشلىرىغا قارىغاندا خەلقئارا سودىنىڭ دۆلەت ئىچى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ھەممىدە بۇنى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتتى، جۇڭگونىڭ تىنچ ئوكيان رايونى ئەتراپىغا جايلاشقان نەچچە قوشنىسى يېقىنقى نەچچە يىلدا ئاندىن ئۈچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلىدى. ئەمما بۇ سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىتا چوقۇم جەلپ قىلىش كۈچى بولۇشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش ۋە دۆلەت ئىچى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق بۇ نۇقتىغا يەتمەكچى بولدى. ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسى ساپلىقىنى يوقاتقانلىقى سەۋەبلىك ئازابلانغان كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇشتى.

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا، جۇڭگونىڭ دېڭىز رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئېشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدە سەكرەش كۆرۈلدى؛ بۇ رايوندىكى شەھەرلەردە كۆرۈنەرلىك ۋە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. 1978 ـ يىلدىن ھازىرغىچە، جۇڭگونىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىر ھەسسە ئاشتى. تاشقى سودىسى 1982 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 15% كە يېقىن ئاشتى. 1987 ـ يىلى، جۇڭگونىڭ ئېكسپورت سوممىسى 25% ئۆرلىدى ھەمدە جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسى ئوبيېكتىپ كۆلەمگە يېتىپ، 80 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 4 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو زور تۈركۈمدىكى تالانتلىق ھەمدە سىياسىيدا نىسبەتەن ئىشەنچلىك ئوقۇغۇچىلارنى چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئۇسۇل جۇڭگونىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگە نلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نەتىجىدە، ئىدېئولوگىيىدىكى بىۋاسىتە كونتروللۇق ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا زىيانغا ئۇچرىدى. گەرچە ھۆكۈمەت يەنىلا سەل ئېكككىلەنگەن، بەزىدە ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، بۇ بىر يول قويۇشتۇر. يول قويۇشنىڭ مەقسىتى غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. بۇ نۇقتىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغىنى جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئامېرىكىغا ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ كۆپ. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، 1987 ـ يىلغىچە، تەخمىنەن 27 مىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرى پەقەت نەچچە ئون بولغان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1988 ـ يىلدىكى دوكلاتىدا دېيىلى ـ شىچە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتكۈل دۇنيادا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاسپىرانت تەمىنلەپ بېرىدىغان 10 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

تېز سۈرئەتتە يۈرگۈزۈلگەن ئىسلاھات، ئىدېئولوگىيىدىكى جانلىقلىق ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا كۆنسېرى مۇرەككەپلەشكەن ئىقتىسادتىكى دۆلەت ئىگىلىكى قىسمى بىلەن شەخسىي ئىگىلىك قىسمى دۇچ كەلگەن ئاۋارى چىلىق مۇقەررەر بىر قىسىم زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، 13 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى پارتىيە رەھبەرلىرىدىن

پەقەت قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىلا ھېسابلىماسلىقنى، يەنە ئىسلاھات پەيدا قىلغان مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. بۇ قىيىنچىلىقلار جۇڭگو رەھبەرلىرىدىن چېكىنىشنى ياكى باتۇرلۇق بىلەن تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قارار قىلىپ، ئىسلاھات سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ قېلىشى، ئارىسالدى بولۇپ ئالغا باسماسلىقى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدى. ئۇلار داۋاملىق ئىسلاھات قىلىشنى تاللىدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى كېلەركى قەدەمدىكى ئىسلاھاتنى ئېنىق بېكىتىپلا قالماي، يەنە مۇھىم ئىدېئولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىنى شەرھىيلەپ، جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھاتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

بۇ ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، بىر قىسىم خەتەرلىك سىگناللارنىڭ كۆرۈلۈشى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلىدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئۇسۇلى ئائىلىنى بىرلىك قىلغان كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ئائىلىلىرىنى زور مىقداردا بارلىققا كەلتۈرۈپ، 180 مىليونغا يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى بىر مەزگىل شىددەت بىلەن ئاشتى، كېيىن ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق زېمىنى كىچىكلىگەنلىكتىن، كۆلەملىك شوغۇللىنىشقا ئامالسىز قالدى. نەتىجىدە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىشى ناھايىتى تەسكە چۈشتى. ناھايىتى ئېنىقكى، چوقۇم مەلۇم شەكىلدىكى بىرلەشمىگە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئىشلەپچىقىرىش نورمىسى ۋە بازارنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى بوشاتقانلىقتىن، نۇرغۇن دېھقانلار ئاشلىق تېرىماي، تېخىمۇ پايدىلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا باشلىدى. بۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان مال باھاسىنىڭ ئۆچقاندەك ئۆرلىشى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ شەھەر-بازار ئىستېمالچىلىرىغا تولۇقلىما بېرىشنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان پۇل پاخاللىقىنىڭ ئىستېمالچىلارغا كەلتۈرگەن زىيىنىنى تولۇقلاشقا مەجبۇر قىلدى.

ئوخشاشلا، چىرىكلىشىشمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تۈيۈقسىز كۆپەيگەنلىكتىن ھەممە چەتئەل كاپىتالى ئېقىپ كىرگەنلىكتىن، بولۇپمۇ يېڭى

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا، جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرى تېزلىكتە بېيىشنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالمىدى. جۇڭگونىڭ گېزىتلىرى بىر قىسىم ئىشلارنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئەتكەسچىلىك، ئالدامچىلىق ھەمدە تەپتارتماستىن پايدا ئۇندۇرۇشى دۆلەتنى نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى زىيانغا ئۇچراتتى، بىر قېتىملىق زىيان بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان. ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلار بازىرى ئىتتىك تاۋار ۋە خام ئەشياغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن پارا بېرىشى ۋە ئېلىشى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسە بولۇپ قالدى. يېقىلغۇ قاتارلىق ئىقتىسادىي بايلىقلارنى تەقسىملەش جەريانىدا، سىياسىي ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ھادىسىسى ھەممە يەردە ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقى بارلىق ئەھۋاللار پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ 1986-يىلى 1-ئايدا بىر مەيدان «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزەش» ھەرىكىتىنى قوزغىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەمما، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ تەقسىملىنىشىنى بازار كونترول قىلىپلا قالماي، يەنە پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى قارار قىلىدىغان بولسا، چىرىكلىشىش ھادىسىسى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ھەم نىسبەتەن مۇھىم مەسىلە بولسا، مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىدىغان باھا ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىقتىساد بىلەن بازار ئىقتىسادىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى جۇڭگونىڭ پىلانلاش خىزمەتچىلىرىنى، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا باشلىقلىرى ۋە دىرېكتورلىرىغا، ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىۋاتقان يېڭى شەخسىي كارخانىچىلارغا ھەمدە چەتئەللىك سودىگەرلەرگە غايەت زور مالىمانچىلىق كەلتۈرۈپ بەردى. باھا تۈزۈلمىسىنىڭ مالىمانچىلىقى ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشىنىڭ مەنبەسى ھەمدە بۇ مالىمانچىلىق يەنە ئىنتايىن خەتەرلىك پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگونى بۇ قىيىنچىلىقتىن قانداق قۇتقۇزۇپ چىقىش يەنىلا جۇڭگو رەھبەرلىرى دۇچ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ نەزەرىيە ۋە ئىقتىساد مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

سىياسىي مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىرىنچىدىن، مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىدىغان سىياسىي مۇھىتتا ئىقتىسادتىكى تارقاق

ئىگىلىك بىلەن شوغۇللىنىش نېمە قىلىشنى بىلگىلى بولمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تارقاق ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە، مۇقەررەر ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىنىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.جۇڭگو رەھبەرلىرى چوقۇم تارقاق ئىگىلىك جەھەتتە يول قويۇشى يا سىياسىي كونترول قىلىشتا مۇرەسسەلىشىشتىن بىرىنى تاللىشى كېرەك. سىياسىي سەپتىن چېكىنىش پارتىيىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاجىزلىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچى مەسىلە بىرىنچى مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پارتىيىنىڭ رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چەكلىشى ئۇخشىمىغان سىياسىي قاراشلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىشقا يول ئاچتى. ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلاردا ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن سىياسىي ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش سادالىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان سىياسىي ئەركىنلەشتۈرۈش تەلىپى تاقەت قىلغىلى بولىدىغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات پەيدا قىلغان كىشىنى ئازابلايدىغان قوشۇمچە مەھسۇلات.

جۇڭگو رەھبەرلىرىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ، ئۇلار ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدېئولوگىيىسىدىن چېقىش قىلمىدى، بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى كاپىتالىزمنىڭ كىرىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ قارىمىدى، ۋەھىمىگە چۈشىدىغان ھەمدە مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ئۆزگىرە ئىشەنگەن ھالدا بۇ مەسىلىلەر ئۇكۇشلۇق يولغا قويۇلغان ئىسلاھات مۇساپىسىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان نەتىجە دەپ قارىدى. شۇڭا، دېڭ شىياۋپىڭ تاللىغان ۋارىس ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەر كونترول قىلغان 13 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چېكىنمىدى. جۇڭگو رەھبەرلىرى سورۇنلاردا سىمۋوللۇق ھالدا ھەر خىل شەكىلدە تىكلىگەن ناھايىتى رەتلىك كاستيوم كىيدى (سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار كىيگەن كىيىملەردەك كوللېكتىپ تىكلىگەن ئەمەس) ھەمدە غەرب ئاخبارات دۇنياسى بىلەن ئۇچراشقاندا ناھايىتى كەڭ قورساق، تېنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچىلىرىدەك تەسىرات بەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ بارلىق كۈچ بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى قايتا تەكىتلەپلا قالماي، يەنە ناھايىتى كونكرېت ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم يولغا قويۇلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى.

ئىقتىسادىي ساھەدە، باش سېكرېتار جاۋ زىياڭ 90-يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە پەقەت 30% جۇڭگو ئىقتىسادىنى مەركەزنىڭ ئورتاق پىلانى بويىچە باشقۇرۇدىغانلىقىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. چەتئەل مەبلىغىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاتالمىش دېڭىز بويى ئىستراتېگىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشتى. دېڭىز بويى ئىستراتېگىيىسى جۇڭگونىڭ تەخمىنەن 200 مىليون ئاھالىسى بار دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلەرنى تاللاپ تۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگونىڭ بۇ رايونى باشقا رايونلاردىن بالدۇر تىنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكىگە كىرىدۇ ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى پايدا ۋە زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان كارخانا ۋە چەتئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار تەمىنلىگەن تېخىمۇ چوڭ پائالىيەت بوشلۇقى ئارقىلىق بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. چەتئەل مەبلىغىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەتتا يەرلەرنىمۇ چەتئەللىكلەرگە سېتىپ بەرسە بولىدۇ.

جاۋ زىياڭنىڭ سۆزلىرى ھەمدە كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان تېخىمۇ تەپسىلىي تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىچى سانائىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تارقاق باشقۇرۇشقا باغلىق بولۇپلا قالماي، يەنە شەخسىي ئىگىلىك تەركىبلىرىنى كېڭەيتىشكە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. پارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق گېزىتى» 1988-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى شەخسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار تەرەققىياتى زىيادە تېز بولۇپ كەتتى دېگەن قاراشقا قەتئىي زەربە بەردى. مەزكۇر گېزىت مۇنازىرە قىلىپ:«دۆلىتىمىزنىڭ شەخسىي كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز ئەمەس، سانىمۇ كۆپ ئەمەس» دېدى. مەزكۇر گېزىت يەنە شەخسىي كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو سانائىتىنىڭ بارلىق ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارىنىڭ 10% نى ئىگىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. زاۋۇت

باشلىقلىرى پايدىدىن ئۆز ئۆلۈشىنى ئېلىش ھەمدە قىسمەن سوممىسىنى مەبلەغ سېلىش ۋە مۇكاپات قىلىپ تارقىتىشقا ئىشلىتىش ھوقۇقى بولىدۇ. دۆلەت يەنە ۋەيران بولۇشقا ئىلتىماس قىلىش قانۇنىنى تۈزەتمەكچى بولدى، بىرلا ۋاقىتتا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى 20% قىسقارتتى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، مۇھىم نۇقتىنى كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ، ئەمما يەنىلا شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى رىغبەتلەندۈرۈشكە قاراتتى. لېكىن، باھا ئىسلاھاتى جەھەتتە جۇڭگو رەھبەرلىرى ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ ئىككىلىنىش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى ھەم بۇ مەسىلىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئالاھىدە سەزگۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. رەھبەرلىك قاتلىمى پۇل پاخاللىقىنىڭ كونترول لىقىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، باھانى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىشكە يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكسىچە، باھا ئىسلاھاتى مەسىلىسى جۇڭگو نىڭ قارار چىقارغۇچى قاتلىمىنى داۋاملىق قىينايدىغانلىقىنى، ھەتتا پارچىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى .

ئېھتىمال ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى يېڭى جۇڭگو رەھبەرلىرىدە سىياسىي ئىسلاھات تەلىپى خاھىشىنىڭ گەۋدىلىك كۆرۈلۈشى بولسا كېرەك. جاۋ زىياڭ «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش» تېمىسىدا دوكلات بېرىپ باققان، دوكلاتنىڭ تېمىسى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. جاۋ زىياڭ پروگرامما خاراكتېرىدىكى دوكلاتتا:«ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ قانات يېيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى سىياسىي ئىسلاھاتقا كۈنسېرى جىددىي بولۇۋاتقان تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى» نى ئېتىراپ قىلدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە:«سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاچقۇچى ئالدى بىلەن پارتىيە بىلەن سىياسىينى ئايرىش» ئىكەنلىكىنى داۋاملىق كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ گورباچېۋ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھاتچىلىرى بىر يىلدىن كېيىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم خۇلاسىدۇر. جاۋ زىياڭ سۆزىدە بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم قوللىنىدىغان تەدبىرنى يىغىنچاق بايان قىلدى، رىقابەتلىشىپ

سىنىغان ئاساستا ئادىل، شەخسىيەتسىز، كەسپلەشكەن، ياخشى تەربىيلەنگەن مەمۇرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆسۈش ۋە چۈشۈشى، مۇكاپاتلىنىشى ۋە جازالىنىشى سىياسىي ياكى ئىدېئولوگىيىدىكى ئۆلچەم بىلەن ئەمەس، بەلكى خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مۇشۇنداق مەمۇرلار قوشۇنى بولغاندىلا (ئۆتمۈشتىكى زىيالىيلار باسقۇچى بىلەن ئوخشايدۇ)، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى بىۋاسىتە مەمۇرىي خىزمەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ، ئەمما يەنىلا بۇ تۈزۈمنى چېكىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە سىياسەت بىلەن جامائەت پىكرى ئارىسىدا زۆرۈر مۇناسىۋەت تەمىن ئېتىدۇ.

دەرۋەقە، گەرچە بۇ تەدبىرلەر كىشىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە تېخىمۇ چوڭ سىياسىي جانلىقلىق ئارىسىدا سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىمۇ، ئەمما غەربچە كۆپ خىللاشقان دېموكراتىيىدىن يەنىلا ناھايىتى يىراق، كۆپ بولغاندىمۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ قاتمۇقات ھوقۇق تۈتۈش تۈزۈلمە ئۇسۇلىغا پەقەت ئازراقلا خىلاپلىق قىلغان بولۇپ، يېڭى بىر خىل سىياسىي تۈزۈلمىگە قاراپ قەدەم باستى. بۇ يېڭى سىياسىي تۈزۈلمە بەلگىلەنگەن پرىنسىپ ئاساسىدا قۇرۇلغان ھەمدە ئوبيېكتىپ ھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە ئىش بېجىرىدىغان مەمۇرلار قوشۇنى باشقۇرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل سىياسىي تۈزۈلمىدىكى نىسبەتەن ئۆز بېشىمچى ۋە نىسبەتەن مەجبۇرىي خاراكتېردە بولغان تەركىبلەرنى ئازايتىشقا بولىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق، جاۋ زىيالىڭ نىسبەتەن ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ:«بىز ھەرگىز...غەربنىڭ ئۈچ خىل ھوقۇق ئايرىش ۋە كۆپ پارتىيە نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈزۈمى بويىچە قىلساق بولمايدۇ» دېدى.

S جۇڭگو ئارىلاشما ئىقتىسادنى ئاساس قىلغان ئۆزۈن مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ پىلاننى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا، پارتىيە پەقەت يېتەكچىلىك قىلىپ بىۋاسىتە ئارىلاشمىدى. جۇڭگونىڭ بۇ پىلاننى ئىلگىرى سۈرۈش تىرىشچانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو رەھبەرلىرى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان تەپەككۇر ئۇقۇمى «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» نى ئوتتۇرىغا

قويدى. بۇ ئۇقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قالاق بولۇش ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئالاھىدە بولۇشىنى باھانە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ماركسىزم-لېنىنىزمىدىن چەتنەش ئۇسۇلى ئۈچۈن يول ئاچتى. جاۋ زىياڭ «دەسلەپكى باسقۇچ» نىڭ ئېھتىمال ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىنلىكىنى مەخسۇس چۈشەندۈرگەندە:

بىز دۇچ كەلگەن ئەھۋال...ماركسىزمنى ياراتقۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمەس...كىتاب بويىچە ئىش كۆرسەك بولمايدۇ، چەتئەلنى دوراپ ئىش كۆرسەكمۇ بولمايدۇ، چوقۇم دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم ئاساسىي پرىنسىپىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىنى ئېچىشىمىز كېرەك...دۆلىتىمىز 50-يىللاردىن باشلاپ ئىشلەپ چىقىرىش ماتېرىياللىرىنى شەخسىيلەشتۈرگەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرغىچە، ئاز دېگەندە يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەۋە دېيدى.

گەرچە خۇ ياۋباڭ بۇرۇنقى سۆزىدە «دەسلەپكى باسقۇچ» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇقۇمنىڭ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن 50-يىللاردا جاكارلانغان، ئىدېئولوگىيىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئۇلۇغۋار خىلمۇ خىل پىلانلار روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈردى. ئەينى چاغدا، پارتىيىنىڭ ئومۇمىي يولى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدا غايەت زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى ھەمدە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئومۇميۈزلۈك پرىنسىپىدىكى سوتسىيالىزم قۇرۇشنى بېيىتقانلىقىنى جاكارلىدى. جاۋ زىياڭنىڭ يىگىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشى ئېنىقكى، نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان سۈيئىستېمالچىلىقنىڭ ئۆزگىرىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماي، يەنە نىسبەتەن ئۇزۇن بولغان سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىدى.

دەرۋەقە، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى بازار تۈزۈلمىسى، شەخسلەر ئىگىدار چىلىقى، چەتئەل مەبلىغى، ئىشسىزلىق ۋە ۋەيران بولۇش ھەمدە شەخسىي

ئىگىلىكتىكى يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق كاپىتالىزم تەركىبلىرىنى ئۇزۇن مۇددەت قوبۇل قىلىشى ھەمدە بۇنى جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىشى كېرەك . بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگونىڭ قىسمەن رايونلىرى سىرتقى دۇنيا بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى چوقۇم زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىشى كېرەك. يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە چوقۇم سىياسىي خاھىشى بولمىغان مەمۇرلار قوشۇنى ماسلىشىشى ھەمدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن پارتىيە نازارەت قىلىشى كېرەك. ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن پارتىيە يەنە بۇ باسقۇچنىڭ جۇڭگونى سوتسىيالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا باشلاپ كىرىپ، ئەڭ ئاخىرى كوممۇنىزمغا يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

«سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تەشۋىق قىلغاندا، جاۋ زىياڭ دەرۋەقە ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئىدېئولوگىيە مەزمۇنى بولمىغان بىر ئىدېئولوگىيە پرىنسىپىنى ئىجاد قىلدى. مۇنداق قىلىشى ئېھتىمال مەقسەتلىك بولىشى مۇمكىن. گەرچە بۇ پرىنسىپ ئۇزۇن مەزگىللىك، نەچچە ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان يېرىم كاپىتالىزملىق تەرەققىيات باسقۇچىنى ئېنىق ئالدىن كۆرۈپ يېتەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ماھىيەتلىك مەزمۇنى كەمچىل نەزەرىيە ئەڭ زور چەكتە ئىمكانىيەت تەمىن ئېتىدۇ. بىراق، ئىدېئولوگىيە ئاساسى كەمچىل بولغان بۇ نەزەرىيە ئېھتىمال يوشۇرۇن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەرەققىيات باسقۇچى مۇقەررەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پارتىيىنىڭ ھوقۇقنى يۈرگۈزىدىغان سۇبيېكتىپ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، گەرچە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقان تەغدىردىمۇ، پارتىيە ئېھتىمال بۇنى ئۆزىنىڭ تۈپكى مۇددىئاسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا كۆرۈلىدۇ، بولۇپمۇ يېرىم كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جۇڭگونىڭ جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىنى بارغانسېرى ئۆزگەرتكەندە، پارتىيە قانداق قىلىپ داۋاملىق ھوقۇق تۇتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كونتروللىقىنى قانۇنلاشتۇرىدۇ؟

شۇڭا، ئىدېئولوگىيىدىكى قىينىلىق مۇقەررەر ھالدا بارغانسېرى

كۆپىيىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتورىسى (ئۆزىنى پرولېتارىيات سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىمىز دېگەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە يولغا قويىدۇ) نىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇمى ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى، چۈنكى پرولېتارىيات دىكتاتورىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنتايىن جانلىق ئىقتىساد پرىنسىپىغا ماس كەلمەيدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ دۆلەتنى كونكرېت، كەسپىيلەشكەن ۋە مەخسۇسلاشقان دۆلەت ئەمەلدارلىرى باشقۇرۇشى كېرەك دېگەن تەشەببۇسىغا مەس كەلمەيدۇ. ئېھتىمال جۇڭگو رەھبەرلىرى نەزەرىيىدىكى بۇ قىيىن ئەھۋالنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلار 13 ـ قېتىملىق قۇرۇلتايدا «خەلق دېموكراتىك دىكتاتورىسى» دېگەن سۆزنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، زىددىيەتلىك سۆزنى «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى» نىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى. «خەلق دېموكراتىك دىكتاتورىسى» ئىلگىرى ئىنتايىن مۇقەددەس بولغان ماركسىزم ـ لېنىنىزم پرىنسىپىنىڭ كونكرېت باسقۇچلۇق مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو رەھبەرلىرى يەنە ماركسىزم،لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ھەم يادرولۇق نەزەرىيىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى سوتسىيالىزم قۇرۇش باسقۇچىنى شەرھىيلەش ۋە ماھىيىتىنىڭ ئاتالمىش ئومۇملاشقان ھەقىقەتنى ھەممە يەردە قوللىنىشقا بولغان ھەر قانداق ئەمرى مەرۋپىنىڭ ھەممىسى بىر خىل مەسخىرىسىدۇر .

لېكىن، جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ئېلاستىكىلىق نەزەرىيە ئارقىلىق سوتسىيالىزمنى شەرھىيلەشكە موھتاج. بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، قۇرۇلتايدا يېڭىلا ئۆستۈرۈلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ياش رەھبەر خۇ چىلى «خەلق دېموكراتىك دىكتاتورىسى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ زادى قانچىلىك ئېلاستىكىلىقى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. خۇ چىلى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمەتچىلىرىگە دوكلات بەرگەندە ھەممىدە ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ يېڭى باش يولىنى چۈشۈنۈۋېلىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغانىدا، ھوقۇقلۇق تەلەپپۇزدا يەكۈن چىقىرىپ: «ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بارلىق نەرسىلەر دەل سوتسىيالىزم لازىملىق نەرسىلەر ياكى رۇخسەت قىلىدىغان نەرسىلەر؛ ئىشلەپچىقىرىش

كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بارلىق نەرسىلەر دەل ئىلمىي سوتسىيالىزمغا خىلاپ نەرسىلەر» دېدى. ئىدېئولوگىيىدىكى يېڭى نەيرەڭنىڭ جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، غەربنىڭ يېڭى ئىدىيە تەپەككۇرىنى بەس-بەستە كىرىشىگە يارىدىمى بولۇشى قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بولۇپمۇ بېيجىڭدىكى ئىدىيە ساھەسىدە، يېڭى ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى كىشىلەرنىڭ غەرب نەزەرىيىچىلىرىگە مەستانە قىلىۋەتتى، مەسىلەن كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان دانىيېل بېل(Daniel Bell) ، يېڭى ئۈچۇر تېخنىكىسىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىليا پرىگوجىن (Ilya Prigogine) ۋە كەلگۈسىشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىدىغان ئالۋىن توفلېر (Alvin Toffler) قاتارلىقلار. كۆپلىگەن جۇڭگو مۇتەپەككۇرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، غەربنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق «دەسلەپكى باسقۇچ» نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە يۆلىنىشىنى شەرھىيلەشتە ماركسىزم،لېنىنىزم «كىتابلىرى» غا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. جاۋ زىياڭ ئۆزى ئېغىزى بىلەن ئېيتقان سۆزلەر ماركسىزم-لېنىنىزم «كىتاب» لىرىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ تۆۋەنلەتتى.

يۇقىرىقى بارلىق ئامىللار كىشىلەرگە ئاچقۇچلۇق بىر مەسىلىنى ئەسلەتتى: ئىدېئولوگىيىنىڭ جانلىقلىقى قاچان نەزەرىيىنىڭ سۇسلىشىشىغا ئۆزگىرەيدۇ؟ جاۋابى ئېھتىمال «پات يېقىندا» بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇلاسىنى چىقىرىشنىڭ ئاساسى بولسا بېيجىڭ 1988-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ژۇرنىلى «قىزىل بايراق» نى تارقىتىشنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مەزكۇر ژۇرنال نەزەرىيە يېتەكچىلىكى تەمىن ئېتىدىغان ئاساسلىق مەنبە. ئەمما، يېقىنقى يىللاردا مۇتەئەسسىپ، ئىسلاھاتقا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان ھەر خىل نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ مۇنبىرى بولۇپ قالدى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئورنىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەشھۇر سۆزى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» گە ئاساسەن قويۇلغان «ھەقىقەت ئىزدەش» ژۇرنىلى ئالدى. بۇ كونكرېت ۋەقە مەسىلىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ:.

# 16-باب ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي مۇقامى ۋە مەقسىتىدىن مەلۇم بولدىكى، جۇڭگونىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا كۆپ ساندىكىلىرى، بولۇپمۇ ياشلار نەزەرىيە تەپسىلاتى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئاساسلىقى جۇڭگو غەربنىڭ ئەڭ يېڭى پەن-تېخنىكىسىنى ئامالىنىڭ بارىچە تېزراق قوبۇل قىلىپ ۋە ھەزىم قىلىپ، ئىقتىسادنى ئۈنۈملۈك ۋە مۇقىم راۋاجلاندۇرالامدۇ-يوق ئىدى. ئۇلار مانا بۇنى سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي نىشانى ۋە چىقىش نۇقتىسى دەپ قارايدۇ.

جاۋ زىياڭ بېيجىڭدىكى قۇرۇلتايدا دوكلات بېرىپ نەچچە كۈندىن كېيىن، گورباچېۋ بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە قاتناشقان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىگە پروگرامما خاراكتېرلىق مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. نەچچە ئاي مۇزاكىرە قىلىپ تەييارلانغان بۇ نۇتۇق ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەش ھەمدە كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. كوممۇنىزم نەزەرىيىسى-نىڭ مەغلۇبىيىتى پەيدا قىلغان مەسىلىلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر ئىككى دۆلەت ئىسلاھات قىلدى. جاۋ زىياڭ ۋە گورباچېۋنىڭ نۇتقى كىشىلەرگە ئىككى دۆلەت ئىسلاھاتىنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى، خاراكتېرى ۋە دائىرىسىنى سېلىشتۇرما قىلىشقا بىر قىسىم يىپ ئۇچى تەمىن ئەتتى.

جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇستىدە ئىزدىنىشتە، جۇڭگولۇقلار نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە سوۋېتلىكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. جاۋ زىياڭ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەلىي «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» نەزەرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گورباچېۋ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۇنچە دادىل بولالمىدى. ئۇ ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمىدى، ئىسلاھاتنىڭ قاچان غىچە داۋام

قىلىدىغانلىقىغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئۇ نەزەرىيە جەھەتتە مۇجىمەل قىلىپ، ئىسلاھات «جەمئىيەتىمىزنىڭ ئىلگىرلەش مۇساپىسىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچى. لېنىننىڭ بىز 'نېمىدىن نېمىگە ئۆتىمىز' دېگەن مەسىلىسىگە جاۋاب بەرگەندە، بىز پۈتۈنلەي جەزىملەشتۈرگەن ھالدا: سوتسىيالىزىمغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك، يەنى روھىمىزنى ئۇرغۇتۇشىمىز كېرەك» دېدى. بۇ خىل نەيرەڭۋازلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ زادى قانداق ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچىلىك لايىھىسى تەمىن ئېتىدىغانلىقى گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. 217 دەسلەپتە، گورباچېۋمۇ پارتىيەنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىشنى ئانچە خالاپ كەتمىدى. گەرچە ئۇ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، بولۇپمۇ سوۋېت (يەرلىك پارلامېنت) تا دېموكراتىيىلەشتۈ -رۈشنى يولغا قويۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىي ئۆلچەم تۇرغۇزدى. ئەمما ئۇ بۇ خىلدىكى تەشەببۇس بىلەن بىرگە، يەنە «دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىمۇ ئىنقىلابنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە مېڭىشى كېرەك... پارتىيەنىڭ رولىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش مەنتىقىگە ئۇيغۇن مۇقەررەر يۈزلىنىش» دېگەنلەرنى قايتا كەسكىن تەكىتلىدى. جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىمايدىغىنى، سوۋېتلىكلەر 1987-يىلىمۇ يەنىلا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش مەسىلىسىنى ئويلاشمىغان ئىدى. 1987-يىلى سوۋېتلىكلەر جۇڭگولۇقلاردەك پارتىيەنىڭ داھىيسى (ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى) نىڭ ھوقۇق تۇتۇش مۇددىتىنى ئىككى نۆۋەت (ھەر نۆۋەت بەش يىل بولىدۇ) دېگەندەك زور سىياسىي قارارنى چىقارمىدى.

ئېھتىمال جۇڭگولۇقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بىرەر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە سوۋېتلىكلەر ئاندىن ئوخشاش قارار چىقىرىشتى. 1987-، 1988-يىللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتىغا قارىتا تەپسىلىي ۋە بارغانسېرى ھېسداشلىق قىلغان خەۋەرلەرنى تارقاتتى. بۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە، تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، سوۋېت رەھبەرلىرى پىسەنت قىلماي تۇرالمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، گورباچېۋنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى

كومپارتىيىسى 1988-يىلى يازدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىگە ئوخشاش چەك قويدى، يەنە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش تەكلىپىنى تەستىقلىدى.

گەرچە گورباچېۋنىڭ رېۋىزىئونىزىم ئىدىيىسى بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاستا ئىلگىرلەش قەددىمى شەك-شۈبھىسىزكى سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكى كوللېكتىپ رەھبەرلىك بولۇپ، گورباچېۋنىڭ شەخسىي قارار چىقىرالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمما، ۋاقىت جەھەتتىن بۇنداق ئارقىدا قېلىشنىڭ زور سىياسىي ئەھمىيىتى بار. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئۇسۇلىدا پەرق بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. گورباچېۋنى قوللايدىغان فېدور بۇرلا تسكىي ( Fedor Burlastskiy) ئىسىملىك سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر مۇخبىر بۇ پەرقلەرنى (بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدىكى پەرقنى) بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېچىپ بەردى. ئۇ 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى «ئەدەبىيات گېزىتى»دە ئۆزىنىڭ جۇڭگو سەپىرىدىكى تەسىراتلىرىغا سوۋېتلىكلەرنىڭ قايتۇرغان ئىنكاس لىرىنى يەكۈنلىگەندە مۇنداق دەپ يازغان:

يېقىندا جۇڭگودىن قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتلىرىنى تونۇ - شتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئائىلە ھۆددىگەرلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاشلىق مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغانلىقىنى ئالايىتەن تىلغا ئالدىم، ئۇلار بەش-ئالتە يىلدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇپتۇ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈچ ھەسسە ئېشىپتۇ، دېدىم. تۇيۇقسىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر زات گەپ قىستۇرۇپ: «بۇ راستىنلا قالتىس ئىش بوپتۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلەنگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بەدەل شۇكى، سوتسىيالىزم زور چېكىنىدى، كاپىتالىزم كىرگۈزۈلدى. ئىقتىسادنى ئاشۇرىمىز دەپ مۇشۇ نىداق زور بەدەل تۆلىسە بەك يۇقىرى بوپ كەتمەمدۇ؟» دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىدا شەك-شۈبھىسىزكى مۇشۇ مۇقامدىكى سۆزلەرنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرغانلىقى بولىدۇ. بۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋار ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيىۋى توسالغۇسى. نەتىجىدە، جۇڭگولۇقلار مەيلى ئىدېئولوگىيىدە ھەمدە ئەمەلىيەتتە بولسۇن

تېخىمۇ دادىل بولدى. ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتى سوۋېتنىڭكىدىن چوڭقۇر بولدى، يېزا ئىگىلىكىدە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. شەھەر ۋە يېزا-بازار سانائىتى، تاشقى سودا، ئىستېمال بويۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. جۇڭگودا دېھقانلار ئەمەلىيەتتە يەرگە ئىگە بولدى. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىدا، مىڭلىغان چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىگە ئىجازەت قىلىندى. مۇلازىمەت كەسپىدە خۇسۇسىي كارخانىلار نىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشتى. يېزىلاردا ھۈنەر-سەنئەت كارخانىلىرى ۋە كىچىك زاۋۇتلار كۆپلەپ قۇرۇلدى، ئىستېمال بويۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. تېخىمۇ مۇھىمى: سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدىغىنى، جۇڭگو زور دەرىجىدە ئەسكەر قىسقارتىپ، دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنى ئازايتتى. جۇڭگودا ھەرقايسى تەرەپلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىغاندا ئەمەلىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىسلاھات جۇڭگودا ئومۇميۈزلۈك قوللاشقا ئېرىشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ دەل ئىسلاھاتنىڭ جۇڭگودا ئېھتىمال مۇۋاپىقىيەتلىك بولىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىمال بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. جۇڭگولۇق دېھقانلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىلىق دېھقانلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار يوقىتىۋېتىلمىگەن، شۇڭا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرسا بولىدۇ. جۇڭگولۇقلار سوۋېتلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، تۇغما ئىشچان. جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشىمايدۇ، جۇڭگو كوممۇنىزمنى تاللاشتىن ئىلگىرى پۇقرالارنى مۇستەقىل ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىن ئەزەلدىن چەكلىمىگەن ئىدى. جۇڭگولۇقلار سوۋېتلىكلەرگە قارىغاندا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئىجتىمائىي ئاساسى تېخىمۇ كەڭرى بولغان سودا ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان لىقتىن، شۇڭا دۆلەت ئىچىدە سودا ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈمىدى بولۇپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگونىڭ دۇنيا سودىسىدىكى رولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تېخىمۇ ئۈمىد بار. يەنە بىرى، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇلاردىن ئىبارەت بىرلا مىللەت بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىرىكمە گەۋدە. ھوقۇقنى مەركەزگە

مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان جۇڭگو ئۇ يەنىلا بىرلىككە كەلگەن بىر جۇڭگو بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، لېكىن ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشتىن ۋاز كەچكەن سوۋېت ئىتتىپاقى چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ نىشانى ئېنىق، ئىشەنچى يېتەرلىك بولۇپ، ھەرىكەت لاھىيىسى ئالدى بىلەن ئىسلاھات قىلىش ئاندىن ئاشكارىلىقنى يولغا قويۇش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئاشكارىلىق ئىسلاھاتتىن بالدۇر بولۇپلا قالماي، يەنە ئىسلاھات توغرىسىدا گەپ جىق، ئىش ئاز بولدى. شۇڭا، تەجرىبىلىك جۇڭگو مەسىلىلىرى كۆزەتكۈچىلىرى جۇڭگونىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھات قىلىش ئىستىقبالىدىن ئۈمىدۋار بولۇشتى. ئۇلار بىردەك: مۆلچەرلىگۈسىز تەبىئىي ئاپەت ياكى سىياسىي مالىمان چىلىق بولمىسىلا، جۇڭگو ئېھتىمال كېيىنكى ئون يىلدا داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. 2010-يىلىغا بارغاندا، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي مەھسۇلات قىممىتى (ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى ئەمەس) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ قاراشتى. بۇنداق كەلگۈسى ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، كەلگۈسىنى مۆلچەرلىگەندە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك كۈتۈلمەسلىكلەرنى چوقۇم ئويلىشىش كېرەك. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئەسلىدە ئۈمىد بار بولغان كەلگۈ سىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. يىراقنى ئويلاپ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان دېڭ شياۋپىڭ ئادەمنى تەشۋىشكە سالىدىغان نەچچە مەسىلىنى ئىزچىل ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى پارتىيە رەھبەرلىكىنى يەنە بىر قېتىم پارچىلىۋېتىشى مۇمكىن. دېڭىز بويى ئىستىراتېگىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدىكى ئىختىلاپ قانداق سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرىۋېتىشى مۇمكىن. سودا كوممۇنىزمى چىرىكلەشكەن كوممۇنىزمغا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. خىيانەتچىلىك - چىرىكلىك پارتىيە كادىرلىرىنى چىرىتىدۇ، پارتىيە بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، باستۇرغاندىن كېيىن سىياسىي ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمنى قايتىدىن يولغا قويىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا، پۇل پاخاللىقى شەھەر

ئاھالىسىنىڭ كومپارتىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى تۈرتكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىقتىسادىي كۆپ خىللىقنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئېھتىمال تېخىمۇ چوڭ مالىمانچىلىقنى پەيدا قىلىشى ، دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان سادالار كۈنسېرى كۈچىيىشى مۇمكىن.

ھوقۇق كۈرىشى سەۋەبىدىن ئىلگىرى سىياسەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. بۇ ئەھۋال قايتا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ھازىرچە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىككى نەپەر ئىز باسارىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەپ بولغان- بولمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مۇبادا سىياسىي سەھنىدىن چېكىنسە، ئىككى ۋارىسىنىڭ ھوقۇقى خىرىسقا ئۇچرىشى مۇمكىن، ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ ئىككىسى ياكى بىرىنى باشقا يولغا ماڭدۇرۇشى مۇمكىن. ئىسلاھات كۆلىمى ئىنتايىن زور ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، مۇبادا قىيىنچىلىققا يولۇقسا، تاللاش قىيىن بولۇش ۋە سىياسەتتە ئىختىلاپ يۈز بېرىشى مۇقەررەر. بۇنداق ئەھۋاللار شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىلەن ئارىلىشىپ، سىياسىي كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئاتالمىش دېڭىز بويى ئىستراتېگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، جاۋ زىياڭ بۇ ئىستراتېگىيىنى ئىنتايىن قوللايدۇ. بۇ ئىستراتېگىيە مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېڭىز بويى رايونلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، باشقا رايونلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ رايوندىكى 200 مىليون جۇڭگولۇق تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە تېنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى باشقا گۈللەنگەن كوممۇنىزمسىز دۆلەتلەر پۇقرالىرى قاتارىغا ئالدى بىلەن كىرىدۇ. دېڭىز بويى ئىستراتېگىيىسىنى قوللايدىغان كىشىلەر بۇ ئىستراتېگىيە ئاتا قىلىدىغان تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي نەتىجىلەر جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىغا زور مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە مۆلچەرلىدى.

جۇڭگونىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئۇنچە ئۈمىدۋار ئەمەس، ھەتتا دېڭىز بويى ئىستراتېگىيىسىنىڭ خەۋپ-خەتىرىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ ئىستراتېگىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويغاندا دۆلەت ئىچىدىكى ھەر

قايسى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدىكى پەرقنى زورايتىۋېتىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن كاپىتالىزم خاراكتېرىدىكى قىممەت قارىشىنى رىغبەتلەندۈرگەنلىكتىن، ئىدېئولوگىيىدىكى جانلىقلىق سىغدۇرغىلى بولىدىغان چەكتىن ئېشىپ كېتىدۇ ھەمدە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. 1988ـ يىلى 4ـئاينىڭ 25ـكۈنىدىن 5ـئاينىڭ 1ـكۈنىگىچە «بېيجىڭ ھەپتىلىكى» گېزىتىدە خەۋەر قىلىپ، قىسمەن پارتىيە كادىرلىرىنىڭ «بۇ ئىستىراتېگىيە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىشىدىن ئەندىشە قىلىدى» دېدى ھەمدە «دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ» ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرى «تېخىمۇ ئارقىدا قالىدۇ» غانلىقىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىنى تەكىتلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش ھازىرقى ئىسلاھات پەيدا قىلغان پۇل پاخاللىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى، شەھەر ئاھالىلىرىگە يېڭى قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى، ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. جۇڭگونىڭ يېڭى باش مىنىستىرى لى پېڭ ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مال باھاسىنى داۋاملىق تىزگىنلەشنى تەكىتلىدى. ئۇ دېڭىز بويى ئىستىراتېگىيىسىنى قوللىدى، ئەمما بۇ توغرىسىدا سۆز قىلغاندا باشقىلارغا قارىغاندا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى.

ھازىرقى ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ چوڭ تەھدىتى پۇل پاخاللىقى بولۇشى مۇمكىن. كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە بازار مېخانىزمىنى قىسمەن كىرگۈزگەن ھەر قېتىملىق سىناق مەيلى يۇگوسلاۋىيە، يېقىنقى ھونگىرىيەدە بولسۇن، ياكى ئەڭ يېقىنقى جۇڭگودا بولسۇن ھەممىسىدە پۇل پاخال لىقنى پەيدا قىلدى. چۈنكى مۇبادا تىزگىنلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرسا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى بوغۇشنى بىكار قىلسا، كوممۇنىزم ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ زور نۇقسانى ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ. ئېھتىياج تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، ئەمما ھەقىقىي، بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم ئېلاستىكلىق مېخانىزمى ئارقىلىق تەڭشەلمەيدۇ. ئىشچىلارنىڭ پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن چاتاق چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، ئىسلاھات قىلماقچى بولغان بارلىق

كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە، دادىل ئىسلاھاتچى كوممۇنىستلارمۇ دەسلەپكى نىشانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شۇڭا، مىشېل ئوكسېنبېرگ (Michel Oksenberg) ۋە ھاررىي ھاردىڭ (Harry Harding) قاتارلىق جۇڭگو مەسىلىسى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، كەلگۈسىدە قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ئىختىلاپ ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى غايىلىك ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئېھتىياتچان ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئىكەن. دادىل ئىسلاھاتچىلار پراگماتىز ملىق پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىدۇ، لېكىن ئېھتىياتچان ئىسلاھاتچىلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئىقتىساد گۈللەنسە (شۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن)، ئىدېئولوگىيە ئىقتىسادقا بويسۇنۇش ھادىسىسى داۋاملىشىدۇ. ئىقتىساد خارابلاشسا (بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن)، ھوقۇق كۈرىشى قايتا يۈز بېرىدۇ، بۇ چاغدا مەلۇم تارايتىش سىياستى قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئىسلاھات يەنىلا داۋاملىشىدۇ ھەمدە بۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن داۋاملىق تېز بولىدۇ.

سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە تېخىمۇ مۇرەككەپ مەسىلە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. جۇڭگو باشلاپ بولغان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئاساسلىقى يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە بولۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. گورباچېۋ رەھبەر لىكىدىكى سوۋېت رەھبەرلىرىگە ئوخشىمايدىغىنى، جۇڭگو رەھبەرلىرى يۇقىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تۆۋەندە بىر مەيدان زور كۆلەمدىكى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ھەركىتى قوزغىمىدى، ھەمدە سىيا سىي ئىسلاھات بىلەن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ماس قەدەمدە بولۇشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېنىق ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئەمەلىي لايىھە سىنى، بولۇپمۇ پارتىيەنى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىدىن ئايرىپ چىقىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق بولغاندا، دېڭ شياۋپىڭ ھوقۇقنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان ئەھۋالدا جۇڭگو رەھبەرلىرى ئىسلاھا تنىڭ مۇساپىسىنى كونترول قىلالايدۇ ھەمدە داۋاملىق ئالغا سىلجىتالىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇسۇلى ئۇرغۇن جەھەتلەر گورباچېۋنىڭ ئاشكارىلىق ئارقىلىق ئىسلاھاتنى

ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇلىغا ئەمەس، بەلكى لىگاچېۋ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇرىغا ئوخشايدۇ.

لېكىن، دېڭ شياپىڭنىڭ مۆۋاپىق سىياسىي ھەرىكەت قوللانغان-قوللانمىغانلىقى يەنىلا بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي پىلانى ھەقىقەتەن ئۈلۈغۋار پىلان، جۇڭگونىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى، بولۇپمۇ دېڭىز بويى رايونلىرىدا ھەقىقەتەن ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تېز كېڭەيدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ھەقىقىي سىياسىي ئەركىنلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەقىقىي دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش سادالىرى چوقۇم كۈنسېرى كۈچىيىدۇ. بۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ ھەمدە تېخىمۇ روشەنلىشىۋاتىدۇ. پارتىيەنىڭ رولى، پارتىيەنىڭ ئاممىۋىي مېدىيەلەرگە بولغان تىزگىنلىشى، پارتىيىنىڭ سىياسەت تۈزۈشتىكى مونوپوللۇقى خىرىسقا ئۇچرىشى مۇمكىن. بىرلا ۋاقىتتا، تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۆپ خىللىق ماسلاشقان ئىقتىسادىي ئىسلاھات باشقىچە سىياسىي قاراشلارنى باستۇرۇشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

شۇڭا، سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە بەزى ئېغىر مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ. ئىقتىسادىي پىلان قەتئىي ئىجرا قىلىنمىسا، بۇ مەسىلىلەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپ، يۇقىرى قاتلامدىكى رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۆز-ئارا ئەيىبلەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. ئەمما، ئىقتىسادىي ئىسلاھات داۋاملىق زور نەتىجىگە ئېرىشسە (ھازىر قارىغاندا ئېھتىماللىقى زور)، تۆۋەندىكىلەر تېخىمۇ كۆپ دېموكراتىيە تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ تەلەپلەر نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات مۇقەررەر ئۆز ئېچىگە ئالىدىغان مەزمۇندۇر. كەلگۈسىدىكى مەلۇم پەيتتە، چوقۇم 10-20 يىل ئىچىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرى ئىشلەپ چىقىرىشتا يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد كۆپ خىللىقى بىلەن سىياسىي كۆپ خىللىققا قارشى بىر پارتىيە مۇستەبىتلىكى ئۆز-ئارا سىغىشالمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كېلىشى مۇقەررەر.

بۇنداق سىغىشالمايدىغان ئەھۋاللار ئېھتىمال تەسىرى تېخىمۇ چوڭ ئېغىر مەسىلە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. جۇڭگونىڭ ساكخارووۋى دەپ

تەرىپلەنگەن فىزىكا ئالىمى فاڭ لىجى سىياسىي ئىسلاھات قىلىشنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي ئىسلاھات لايىھەسى بىلەن جاۋ زىياڭ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات لايىھەسىنى ئاددىيلا سېلىشتۇرغاندا، كوممۇنىزمنىڭ «دېموكراتىيەلە شتۈرۈش» قارىشى بىلەن غەربنىڭ ھەقىقىي كۆپ خىللاشتۇرۇش ھەمدە ئىنسانىي ھوقۇق كۆز قارىشىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جاۋ زىياڭ 13-نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئاۋۋال ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى قىلىش، كېيىن سىياسىي ئىسلاھاتنى قىلىش تەشەببۇسىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. فاڭ لىجى بۇ تەرتىپنى ئالماشتۇردى، ئۇ:« دېموكراتىيە بولمىسا، ئىقتىساد تەرەققىي قىلالمايدۇ» دېدى.

مەزمۇنىدىن قارىغاندا، جاۋ زىياڭنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش، ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما يۇقىرىلارنىڭ رەھبەرلەرنى سايلاش ياكى سىياسەت تۈزۈشتە ھەقىقىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ :«ئاممىنىڭ تەلەپ ۋە سادالىرىنى توسالغۇسىز ئىنكاس قىلىدىغان يول بولۇشى كېرەك» ھەمدە «جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتلىشىش ۋە كېڭىشىشى تۈزۈملەشتۈرۈلۈشى كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە يەرلىكتە پەرقلىق سايلام قىلىشنى قوللىغان، بىراق نامزات كۆرسىتىش تەرتىپىنى يەنىلا پارتىيە كونترول قىلىدۇ ھەمدە بۇنداق سايلامنىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. جاۋ زىياڭ يەنە «بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى» نى تەرغىپ قىلغانلارنى تەنقىد قىلدى. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ قارىشىچە، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئەركىن سايلام قىلىش بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيەسى بولىدىكەن.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، فاڭ لىجى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى غەربنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇشنى دەۋەت قىلدى. 1987-يىلى 3~4 ئايلىق «جۇڭگو باھارى تەرمىلىرى» دە فاڭ لىجىنىڭ شاڭخەيدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە سۆزلىگەن نۇتقى ئېلان قىلىندى. فاڭ لىجى: تەلتۆكۈس غەربلىشىش بىردىنبىر چىقىش يولى» دېگەن ھەمدە بۇنداق ئىسلاھاتنىڭ سىياسىي مەزمۇنىنى شەرھلىگەن. ئۇ : بىرىنچى قەدەمدە كاللىمىزدىكى

ماركسىزم دوگمىچىلىقىنى تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە: ھەر قانداق ھەقىقىي دېموكراتىيە ئۇقۇمى ئىنسانىي ھوقۇق ئاساسىدا ئورنىتىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى:

بىز ئىلگىرى قوغلاشقان دېموكراتىيە چەكلىمىنى بوشىتىشنى تەلەپ قىلىشلا بولدى. چوقۇم كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دېموكراتىيە بىلەن چەكلىمىنى بوشىتىش ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئىش. دېموكراتىيىنىڭ ھالقىلىق مەزمۇنى ئىنسانىي ھوقۇق. بۇ دۆلىتىمىزدە ئىنتايىن سەزگۈر بىر مەسىلە. ئىنسانىي ھوقۇق ئادەم تۇغۇلۇشىدىلا بولىدىغان ئاساسىي ھوقۇق، مەسىلەن تەپەككۇر قىلىش ۋە تەربىيىلىنىش ھوقۇقى، نىكاھ لىنىش ھوقۇقى دېگەندەك. ئەمما، بىز جۇڭگولۇقلار بۇنداق ھوقۇقلارنى غەلىتە مەخلۇق دەپ قاراپ كەلدۇق. ئىنسانىي ھوقۇق ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت، كونكرېت نەرسە. بىز ئادەتتە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرى ـ شەپقەت دېگەننى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىۋاتىمىز، بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىسى دەپ تەنقىدلەۋاتىمىز. ئەگەر دۆلىتىمىز بىر ئېيتقاندەك دېموكراتىك دۆلەت بولىدىغان بولسا، بىز باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىنسانىي ھوقۇقتىن بەھرىمان بولاتتۇق. ئەمما، ھازىر بۇلار ئابستراكىت ئۇقۇم بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ، خالاس دېدى.

دېموكراتىيىلەشتۈرۈش پەقەتلا «يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە كۆرسەتكەن مەلۇم پوزىتسىيىسى» ھەمدە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە تىغ ئۇچىنى بېيجىڭنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتىغا قارىتىپ: «ھۆكۈمىتىمىز بىزگە بولغان چەكلىمىنى ئازراقلا بوشىتىپ قويىدى، لېكىن بىزگە دېموكراتىيە بەرمىدى، بىزگە پەقەت ئۆزىمىزنى بۇراش ئەركىنلىكىنىلا بەردى» دېدى. شۇڭا، سىياسىي ئەركىنلىك جۇڭگو رەھبەرلىرى توغرا قاراشقا تېگىشلىك بولغان، شۇنداقلا خېلى باش ئاغرىتىدىغان مەسىلە.

شۇڭا، كومپارتىيە رەھبەرلىگىدىكى جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دۆلەتنى ۋە ئۆزىگە چاپلىۋالغان كوممۇنىزم ماركىسىنىڭ خاراكتېرىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا ئىجرا قىلىنغان ئاشقۇن كوممۇنىزم پىلانلىرىغا قارىغاندا، ھازىرقى ئىسلاھات

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئەنئە نىسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىغا ئوخشىمايد ىغىنى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىسلاھاتى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتقا خىلاپلىق قىلمىدى، شۇنداقلا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان ئىشەنچىنى نامايان قىلدى. مۇشۇنداق ئىشەنچ بولغانلىقتىن، جۇڭگو 30 مىڭ سەر خىل ياشىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتەلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى غەربنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ چىرىتىۋېتىشىتىن زىيادە ئەندىشە قىلمايدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆزىنى بىر مىللەت ۋە مەدەنىيەت دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا، ئۇلار سوۋېتلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇ سىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غەربكە يېقىنلىشىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىقىنى 5000 يىللىق شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدىكى ۋاقىتلىق ھادىسە دەپ قارايدۇ. ئۇلار چەتئەلنىڭ تېخنىكىسىنى بىمالال قوبۇل قىلىدۇ، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئېغىر مەسىلە چىقىشتىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەتمەيدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگودا ئىسلاھاتقا پايدىلىق ئالاھىدە ئىككى شارائىت بار. بىرى، چەتئەلدە 40 مىليون جۇڭگولۇق مۇھاجىر بار، ئۇلار چەتئەلدىكى زور بايلىق ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى سودا، تاشقى سودا ۋە كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇقنى ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، كوللېكتىپسىزلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بيۇروكراتلىقنى قارشى تۇردى. بۇ جۇڭگونىڭ چەتئەلدىكى بايلىقتىن پايدىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. چەتئەلدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ناھايىتى باي ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەرەققىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئالاھىدە مېھرى بار ھەمدە زامانىۋىلاشقان جۇڭگو قۇرۇشقا ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئالاھىدە سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان دېڭىز بويى رايونلىرىدا، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار سالغان مەبلەغ كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شياڭگاڭ پۇل-مۇئامىلە ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ مۆلچەرىچە، 15 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەبلەغ تەيۋەندىكى

كاپىتالىستلار تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ ئېكسپورت سانائىتىگە سېلىنغان. مانا بۇنىڭدىن كىشىلەر بېيجىڭنىڭ كومپارتىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە مەقسەتلىك ھالدا تەرەققىيپەرۋەر پوزىتسىيىسىدە بولدى دەپ قارايدۇ.

يەنە بىرى، 1997 ـ يىلى جۇڭگو شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى ئىسلاھات قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. شياڭگاڭ غايەت زور كوممۇنىستىك جۇڭگوغا قايتىپ كېلىش جەريانىدا، گەرچە قانداق ئىشلارنىڭ بولۇشىنى مۆلچەرلەش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن شياڭگاڭنىڭ تەسىرىدە جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى كۈچىيىدۇ. شياڭگاڭ جۇڭگونىڭ خەلقئارا سودىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ، جۇڭگوغا ئىقتىدارلىق، دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى پۇل ـ مۇئامىلە ۋە سودا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بېيجىڭنىڭ ئىقتىسادىي تەدبىر بەلگىلەش جەريانىدا ئىدېئولوگىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

شۇڭا، شياڭگاڭنىڭ قايتىپ كېلىشى مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە. 10 يىل ئىچىدە، جۇڭگو گەرچە يەر مەيدانى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن مۇھىم ھەمدە باي كاپىتالىستىك شەھەرنى قايتۇرىۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 40 مىلياردئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا، تاشقى سودا سوممىسى 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن (جۇڭگونىڭ تاشقى سودا سوممىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ). بۇ شەھەرنىڭ قىممەتلىك سودا، سانائەت ۋە ساياھەتچىلىك ئاساسى بار، زور بىر تۈركۈم خەنسۇچىنى بىلىدىغان ھەم چەتئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىشنى بىلىدىغان ئىختىساسلىقلار بار. بېيجىڭ ئىدېئولوگىيە سەۋەبلىك شياڭگاڭنىڭ تەسىرىنى چەكلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا شياڭگاڭنىڭ سودا ۋە پۇل ـ مۇئامىلە مەركىزىلىك ئالاھىدە ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، شياڭگاڭنىڭ تەسىرى ۋە قىممەت قارىشى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىغا كېڭىيىپلا قالماي، مۇقەررەر پۈتكۈل جۇڭگوغا تارقىلىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىدە كەڭ قورساق بولۇشىنىڭ باشقا بىر سەۋەبى: جۇڭگونىڭ تەيۋەننىڭ كەلگۈسىگە دىققەت قىلىشىدىن

ئىبـــارەت. جۇڭگولۇقلارنـــىڭ بىـــرلىككە كېلىشـــكە بولغـــان ئارزۇســـى جۇڭگولۇقلاردا ئەسلىدىلا بار بولغان مىللىي ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈردى، يەنە ئۆتمۈشتىكى تاجاۋۇزچىلارنى ئۇنتالمىغانلىقىنى ئەكـس ئەتتـۈردى. بۇنـداق ئـارزۇ كۈچلـۈك ھەم سـەمىمىي بولـۇپ، ئاساسـلىقى كوممۇنىـزمدىن ئەمەس، مىللەتچىلىكـــتىن كەلـــگەن. جۇڭگـــو كومپارتىيىســـىنىڭ رەھبەرلـــىرى ئىـدېئولوگىيىنى ئويلىشـىپ شـياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشـىگە تەسـىر كۆرسەتسـە جۇڭگوغا پايدىسىز بولـۇپلا قالماي، مەلـۇم بىرلىشـىش شـەكلىدە تەيـۋەننى چوڭ قورۇقلۇققا قايتۇرۇپ كېلىشكىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چوقۇم تونـۇپ يەتتى. دېڭ شياۋپىڭ تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن سىياســتىنى تەڭشــەپ، «بىــر دۆلەتــتە ئىككــى خىــل تــۈزۈم بولــۇش» پرىنسىپى ئاساسىدا ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەيۋەن چــوڭ قورۇقلــۇق بىــلەن بىــرلىككە كەلــدى دېــگەن تەقــدىردىمۇ، يەنىـلا ئۆزىنىــڭ ئەركىــن ئىگىلىكــى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىــك ئىجتىمــائىي ئىقتىســاد تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىـدۇ. شـۇڭا، جۇڭگونىـڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى تەيـۋەنگە ئەمەلىـي ئـۈلگە تىكلــەپ بېرىــدۇ. شــياڭگاڭ قايتۇرۇۋېلىنغانــدىن كېيىنكــى گــۈللىنىش ۋە تەرەققىياتنى قوش قاتلاملىق ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ، بـۇ مۇقەررەر ھالـدا شــياڭگاڭنىڭ جۇڭگوغــا بولغــان تەســىرىنى قوپــاللىق بىــلەن چەكلەشــكە بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قىسـقىچە ئېيتقانــدا، جۇڭگوغــا چوڭقــۇر مېھىــر-مــۇھەببىتى بــار، چەتئەلــدىكى بــاي مۇھــاجىر كاپىتالىســتلار بولغــانلىقى، يەنە شــياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەن، جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى كۈچلـۈك يـاردەمگە ئېرىشـىدۇ ھەمـدە تېخىمـۇ ئىلگىرىلەيـدۇ. سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ بۇنىڭـدەك شـارائىتى يوق. دادىـل ئىسـلاھات قىلىۋاتقـان جۇڭگـو رەھبەرلـىرى بۇنـداق پايـدىلىق شـارائىتلاردىن جۇڭگونىـڭ دۆلەت ئەھۋالىغـا مـاس كېلىـدىغان سىياسـىي ئۇزۇققا ئېرىشمەي قالمايدۇ.

كۇنسېرى سوسلىشىۋاتقان كوممۇنىزم بىـلەن جۇڭگـو مەدەنىيىتـى ھەم مىللىـي ئەنئەنىسـىنىڭ پەيـدىنپەي بىرىكىشـى شـەرھىيلەش ناھـايىتى تەس بولغان قىممەت قارىشى ساھەسىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قىممەت قارىشـى جۇڭگـودەك بىـر دۆلەتـكە نىسـبەتەن تېخىمـۇ مـۇھىم. نەچـچە

ئەسىردىن بۇيان جۇڭگودا خېلى سىرلىق بىر خىل ئامىلنى پەلسەپە مۇھىم تۈپلاش رولىنى ئويناپ كەلگەن. ئومۇمەن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى ( مەسىلەن ئەڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان ج.ك.فېيربانك (J.K.Fairbank) ۋە دېنىس تۋىتچېت (Denis Twitchett) تەھرىرلىگەن «كامبىرج جۇڭگو تارىخى») نى ئوقۇپ باققانلار كوڭزى ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكى ۋە يىلتىز تارتقانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ. كوڭزى ئىدىيىسى پىرىنسىپلىرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكى، كىشىلەر بۇنداق پىرىنسىپلارغا مەس بولۇپ كەتكەنلىكتىن، جۇڭگو جەمئىيىتى باشقا جەمئىيەتلەرگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. باشقا جەمئىيەتلەردە ئەنئەنە، ئادەت ۋە قىممەت قارىشى ئۇنچە ئېنىق ئەمەس، نەزىرىيە جەھەتتە ئۇنچىلا سىستېمىلا شمىغان.

جۇڭگو رەھبەرلىرى نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، جۇڭگودا بىر مەيدان ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاتا قىلىشى مۇمكىن: كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي قىممەت قارىشى بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋىي قىممەت قارىشى ئۇزۇندىن بۇيان كوڭزىنىڭ تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، ئەمەلدارلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك ، پەم-پاراسەتلىك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، يۇقىرى-تۆۋەن، چوڭ-كىچىك ئېنىق بولۇش ئىدىيىسىنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى تەكىتلىگەن؛ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش، ئالماشتۇرۇش، ئۆنۈم ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر ئىككىسىدە ئادەمنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ئىنتايىن قەدىرلىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ ھەرىكەتلەندۈر گۈچ كۈچى، سودا پائالىيىتىدىكى چىرىكلىك ئىستېلىنى تۈگىتەلەيدۇ دەپ قارالغان. جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى داھىيلىرى ئۆزىنى كوممۇنىست دېگەن تەغدىردىمۇ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى رودېرىك ماكفاركۇخار (Roderick MacFaquhar) نەقىل قىلىشىنى ياخشى كۆرىدىغان كوڭزىچىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى ياقتۇرماي قالمايدۇ: ئەخلاق بولسا ئىختىساسلىقلار بولىدۇ، ئىختىسا سلىقلار بولسا دۆلەت قۇرغىلى بولىدۇ، دۆلەت بولسا بايلىق بولىدۇ، بايلىق بولسا ئاندىن

ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەخلاق سەۋەب، بايلىق نەتىجە.

ماۋ زېدوڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، كوممۇنىزم بىلەن بۇ تارىخى ئۇزۇن قىممەت قاراشلار ئارىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى. دۆلەت ھاكىمىيىتى ئەينى چاغدا ئەنئەنىۋي ئائىلە باشلىقى شەكلىدىكى ئىجتىمائىي قوغدىغۇچىلىق رولىنى ئويىنىماستىن، بەلكى بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئالدى، شۇڭا ئىلگىرىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئۇچىغا چىققان بالايى-ئاپەتكە ئايلاندى. دېڭ شياۋپىڭ كەلگۈسىدە تۈزىدىغان پراگماتىزملىق پىلان بىلەن ئەسلىدە بار بولغان، نىسپىي ئېيتقاندا كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلىدىغان قىممەت قارىشىنى كۈنسېرى ماسلاشتۇرغانلىقتىن، بۈگۈنكى ئىسلاھات جۇڭگونىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. بۇ نەتىجىنىڭ جۇڭگوغا، كوممۇنىزمغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر. جۇڭگو كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈپ، ئۆتمۈشتىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ جەرياندا، جۇڭگو كوممۇنىزمنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى قايتا ئىزاھلايدۇ، كوممۇنىزم غايىسىنىڭ سىمۋولى دۆلەت ئىلكىدىكى پولات-تۆمۈر كارخانىسىدا جاپالىق ئىشلەيدىغان ئىشچى ئەمەس، بەلكى يۇقىرى تېخنىكا ئىگىلىگەن، تىنچ ئوكياننى چۆرىدىگەن رايوندىكى خەلقئارا بازاردا ئاكتىپ رىقابەتكە چۈشكەن سودا-سانائەت كارخانىچىسى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ مۇۋەپپەقىيەت مۇقەررەر ھالدا ئىدېئولوگىيىنىڭ سۇسلىشىشىنى بەدەل قىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو 21-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئەمدى ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىكى دۆلەت بولالمايدۇ.

# بەشىنچى قىسىم سىيىق نامى پۇر كەتكەن كوممۇنىزم ئەمەلىيتى

كوممۇنىزم سوۋېت ئىتتىپاقىدا لىگىشىپ قالدى، شەرقىي ياۋروپادا ئىنكار قىلىندى، جوڭگودا بارغانسىرى سودىلاشتۇرۇلدى، پۈتۈن دۇنيادا سىيىق نامى پۇر كەتكەن ئىدېئولوگىيە بولۇپ قالدى. پارتىيە ئەزاسى بولغان تەقدىردىمۇ ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ «ئەمەلىيتى»نى، يەنى نەزەرىيىسى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكىنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان، ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈملۈك بولغان كۈرەشتىكۈچ قىلمىدى. نەتىجىدە، دۇنيادا كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى غۇۋالىشىپ كەتتى.

ھازىر، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىكى كوممۇنىزم بىلەن بىر ئىزدا تۇرۇپ ئالغا باسماسلىق بىرلەشتۈرۈپ قارىلىدۇ. بۇ خىل قاراش شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا، يىراق شەرق، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھەمدە شىمالىي ئامېرىكىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، لاتىن ئامېرىكا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى جامائەت پىكرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاتالمىش يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلىرىدا، ھېچكىم كوممۇنىزمنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىمايدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنى دورىغان دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ نۇقسانلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. گەرچە جوڭگونىڭ ئۇسۇلىدا ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، كوممۇنىزم ئالىلىقاچان مەغلۇپ بولغانلىق كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتەلمىدى، چۈنكى ئەڭ يېقىندا جوڭگونىڭ ئىقتىسادتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب ئاساسلىقى جوڭگو ئۆتمۈشتىكى كوممۇنىزم « ئەمەلىيتى» دىن ناھايىتى ئېنىقلا يىراقلاشتى.

دۇنيادىكى بۇ خىل يېڭى بىردەك قاراش دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلدى، دۇنيا كوممۇنىزمىغا ئاپەت خاراكتېرلىك سىياسىي تەسىر پەيدا قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، كوممۇنىزم ئاساسلىقى ھوقۇق-مەنپەئەتنى تارتىۋېلىنغان ياكى مىللىي ئېزىلىشكە ئۇچراپ ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچى بار، ئۇلار كوممۇنىزمدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۇدۇل يولىنى كۆرۈپ يەتتى. نامراتلىق، قالاقلىق ۋە مىللىي دۈشمەنلىك كوممۇنىزمنىڭ چاقىرىق كۈچىگە ئەڭ مۇنبەت تۇپراق ھازىرلىدى. ئەمما، كوممۇنىستىك پارتىيە ھوقۇقنى قولىغا ئالسىلا، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە ئىسراپچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ خىل كۆز قاراش تېخى 20 يىل ئىلگىرىكى ئۇستۈن كۆز قاراش بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش شەخس بىلەن جەمئىيەت، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ مۇۋاپىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ مۇھىم مەسىلىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا قاراشتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش سىياسىي ئۇسلۇب ۋە ئېتىقادتىكى ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاساسىي پەلسەپە ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

1988-يىلى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىدا پراگادا ئېچىلغان يىغىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى، بۇ ھازىرقى زامان كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم ئورنىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، سىياسىي قىزغىنلىقىنىڭمۇ چېكىنگەنلىكى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەردى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 93 كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە مايىللارنىڭ ۋەكىللىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدىغان بىردىنبىر خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ژۇرنىلى «دۇنيا ماركسىزم ئوبزورلىرى»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلىدى، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ئورتاق پىكىر ئالماشتۇردى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كىشىلەرنىڭ قىلچىمۇ دىققىتىنى تارتالماسلىقىدەك ھەقىقەت سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. نەچچە يىللار ئىلگىرى، بۇنداق يىغىن دۇنيا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كۆچلۈك دىققىتىنى تارتاتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقى يىغىنغا غەربتىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئازراقمۇ پەرۋا قىلمىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ

ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ ناھايىتى قىسقا، ئەپلەپ-سەپلەپلا خەۋەر قىلىپ قويىدى.

«دۇنيا ماركسىزم ئوبزورلىرى»بولسا كوممۇنىستىك ئىنتېرنېتسىئونال (باش شتابى موسكۋاغا قۇرۇلغىلى تەخمىنەن 25 يىل بولغان) نىڭ گۇللەنگەن ۋاقتىدىن قالغان بىردىنبىر نەرسە، ياكى ستالىن شەرقى ياۋروپادا يېڭىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيىلەر نىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلغان، ئۇرۇشتىن كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرنېتسىئونالنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئاخبارات ئورگىنىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىردىنبىر نەرسە. لېكىن، بۇ مىراس موسكۋا ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم. چۈنكى ئۆزگىرىۋاتقان دەۋردە، نەزەرىيە مەيدانىنى ماسلاشتۇرۇش نىغان ھەم ئورتاق نەزەرىيەنى زامانىۋىلاشتۇرىدىغان رەسمىي بىر قورال. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ نۇقتىنى ئويلىشىپ ئاناتولى دوبرىنىن (Anatoly Dobrynin) باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى يىغىنغا ئەۋەتتى، ئۇ ئەينى چاغدا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ بىر سېكرېتارى ھەم گورباچېۋنىڭ مۇھىم دىپلوماتىيە سىياستى مەسلىھەتچىسى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللىقىدىكى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىدى.

لېكىن، بۇ يىغىنىنىڭ ئۆزىلا بىر زور مەغلۇبىيەت ئىدى. نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرە ئازراقمۇ قىزغىن بولمىدى، چۈشكۈن، ئاساسىي جەھەتتىن شەكىل ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلدى. دوبرىنىن سۆز قىلغان ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمى گورباچېۋنىڭ يېڭى دىپلوماتىيە سىياستىنى تەشۋىق قىلىش بولدى. نەزەرىيە مەسىلىسىدە، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى بولسا كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ پار ئارىدا يوقىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش بولدى. 1988-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، «پراگا تېلېۋىزىيە ئىستا نسىسى» دوبرىنىن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: ”بىر مەيدان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئاللىقاچان باشلاندى، بىزدىن كومپيۇتېر ۋە ماشىنا ئادەم تېخنىكىسىنى ئىگەللىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.. مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، مەيلى بىز ئېھتىياجلىق بولايلى ياكى بولمايلى، بىز ئىشچىلار سىنىپىنى قايتىدىن

قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك» دېدى. دوبرىنىننىڭ ئاتالمىش پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇنى ئېنىق سۆزلىمىدى؛ لېكىن ئۇ بۇ قېتىمقى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ بىر مەنىسىنى ھەقىقەتەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جەزملەشتۇرۇپ «بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى سىنىپىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» غانلىقىغا يىغىنچاقلىدى. ئۇ بۇ ھۆكۈمىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىقى ھەتتا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىنمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشقا ئىنتىزار بولغان، ئەمما ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان رادىكال سىياسىي پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ئۇنچە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كۆز قاراش بولماسلىقى مۇمكىن. دوبرىنىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ تىنچلىققا ئېنىقلىما بەردى، شۇڭا، ئۇ گەرچە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كىشىلەرگە تونۇش بولغان، يەنى ئىنقىلابنىڭ مۇساپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك دېگەن كونا قېلىپتا ئىدى.

ئېھتىمال يىغىنغا قاتناشمىغان پارتىيە بۇ قېتىمقى يىغىن ئەكس ئەتتۈرگەن مەسىلىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن. جۇڭگو كومپارتىيىسى كۆپ يىللاردىن بۇيانقىغا ئوخشاشلا بۇ قېتىمقى يىغىنغا پەرۋا قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئەڭ تەسىر كۈچى بار ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەيدىغان كومپارتىيە ئىتالىيە كومپارتىيىسى« دۇنيا ماركسىزم ئوبزورلىرى» مۇھەررىرىگە خەت يېزىپ، ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ بۇ ژۇرنال بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. سېكرېتار دوبرىنىن پەقەت شەرقىي ياۋروپادىكى يولداشلىرى ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستان كومپارتىيىسى، شۋېتسىيە كومپارتىيىسى(سولچىل)، لىيۇكسېمبۇرگ كومپارتىيىسى، سېنېگال مۇستەقىل ئەمگەكچىلەر پارتىيىسى، نېپال كومپار تىيىسى قاتارلىق مۇنتىزىم بولمىغان پارتىيە گۇرۇھىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىن كوممۇنىزم نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ بىرلىكى پۈتۈن دۇنيادا تېخىمۇ يامان باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان

بولۇشى مۇمكىن. كوممۇنىزم نەزەرىيىسى يىمىرىلمەكتە، كوممۇنىزم ئەمەلىيىتى كەڭ تۈردە مەغلۇپ بولدى دەپ قارالدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يىغىن مەقسەتسىز هالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هەر قايسى دۆلەت كوممۇنىستىك پارتىيىلىرىنىڭ ئىنتىزامىنى باشقۇرۇشىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئۈنۈمىنى يوقاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كىشىلەر نەزەرىيە بىردەكلىكى هادىسىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى، كوممۇنىز منىڭ چاقىرىق كۈچىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چېكىنگەنلىكىنى، ئاقىۋەتتە كوممۇنىزم هەرىكىتىنىڭ سىياسىي هاياتلىق كۈچى روشەن ئاجىزلاشقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى. بۇلارنىڭ هەممىسى كوممۇنىزمنىڭ مۇهىم بىر دۇنياۋى هادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

# 17-باب ئىنقىلابىي كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن يىللىق يىغىنغىچە

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە، ئىنقىلابىي كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئاللىقاچان يىراقتىكى ئەسلىمىگە ئايلاندى. ھازىر ھەر يىلى 11-ئايدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابى خاتىرە كۈنىدە، ياشانغان ياكى كۆپ بولغاندا ئوتتۇرا ياشتىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار موسكۋاغا يىغىلىدۇ. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا بولغان ئەسلىمە بىلەن ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ يىغىن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدى. 1919-يىل 3-ئايدا، تەخمىنەن بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، موسكۋادا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلدى. شۇ ۋاقىتتا گەرچە ئىچكى ئۇرۇش ئوتى روسىيەدە يەنىلا كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يىغىندا ئىنقىلابقا بولغان قىزغىنلىق تولۇپ تاشقان ئىدى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بولسا ھەقىقىي ئىنقىلابچىلار بولۇپ، ئۇرۇش ۋە تۈرمىنىڭ تاۋلىشىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئۈمىدۋار ئىدى. ئوتتۇرا ياۋروپادا، بولۇپمۇ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان ئىلغار سانائەت دۆلىتى گېرمانىيەدە پاراكەندىچىلىك تەرەققى قىلىپ، پىشىپ يېتىلىپ ساپىقىدىن ئاجرايدىغان تارىخىي باسقۇچقا كېلىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمنىڭ تارىخقا بولغان دىئاگنوزى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. دۇنيا ئىنقىلابى پات ئارىدا پارتلايدىغاندەك تۇراتتى، شۇڭا «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال» دېگەن بۇ يېڭى تەشكىلات ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ قۇرۇلدى ھەم ئىشقا كىرىشتى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى دۇنيا ئىنقىلابىنى ئىتىپاقلاشتۇرۇش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئىدى.

1920-يىلى يازدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 2-قېتىملىق يىغىنىنى ئاچقان ۋاقىتتا، كۆتۈلمە قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دۆلەت ئىچىدىكى جەڭدە ئۇرۇش غەلىبىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قولغا

كەلتۈرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋارشاۋانىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدى، ياۋروپانىڭ يۈرەكىگە تۇتىشىدىغان يول ئېچىلىدىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكۇدا بىر قېتىملىق شەرق مىللەتلىرى يىغىنى ئېچىپ، مۇستەملىكىچى لىككە قارشى ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، پارچىلىنىۋاتقان كاپىتالىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىك دۇنياسىغا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. تروتسكىي ۋە زىنوۋىئو (Zinoviev) ئوخشاش قورۇق گەپ سېتىشقا ئۇستا بولشېۋىك رەھبەرلىرىنىڭ ھېسسىياتقا باي نۇتقى يىغىنىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلدى، ئۇلارنىڭ قايىل قىلارلىق سۆزلىرى كىشىلەرگە كوممۇنىزمنىڭ پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇزۇنغا قالمىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى.

بولشېۋىكلارنىڭ ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتى ناھايىتى روشەن ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال نەشر قىلغان ژۇرنالنىڭ بىرىنچى سانىدا، زىنوۋىئو ئالدىن پەرەز قىلىپ:« بىر يىلدىن كېيىن، ياۋروپا كوممۇنىزمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، چۈنكى پۈتۈن ياۋروپادا كوممۇنىزم يولغا قويۇلىدۇ» دېدى. 2-قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈمىدۋار كەيپىياتىغا ئازراق چەك قويدى، ئۇ:« بەلكى بىزنىڭ كاللىمىز قىزىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن ياۋروپانى بىر سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇشقا بىر يىل ئەمەس بەلكى ئىككى ياكى ئۈچ يىل كېتىشى مۇمكىن» دېدى. تروتسكىي يىغىندا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال خىتابنامىسىنى ئوقۇغان چاغدا:«ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە، بۇ كۈرەش ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ئەمما بۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش... ئومۇمىيۈزلۈك، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈرەش؛ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ، تەرەققى قىلىدۇ، زورىيىدۇ ۋە ساپ لىشىدۇ، بارلىق كونا نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، دۇنيا پرولېتار ياتلىرى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالغىچە داۋاملىشىدۇ» دېدى. ھەتتا لېنىنمۇ بۇ تەنتەنىگە جۆر بولدى. ئۇ فرانسىيىدىن كەلگەن بىر قىسىم زىيارەتچىلەرگە:« شۇنداق، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاللىقاچان ۋارشاۋاغا يېتىپ باردى، ئۇزۇنغا قالماي گېرمانىيىمۇ بىزنىڭ بولىدۇ، ھونگرىيە يەنە بىر قېتىم بويسۇندۇرۇلىدۇ،

بالقان كاپىتالىزمغا قارشى تۇرىدۇ، ئىتالىيە تىترەيدۇ. بۇ بوران چاپقۇن يېتىپ بارغان جايدا كاپىتالىستىك ياۋروپانىڭ يىرىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ» دېدى.

لېنىن باشچىلىقىدىكى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار رەھبەرلىرى تېخىمۇ ئەمەلىي، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئەستايىدىل ئۇسۇل قوللىنىش ئارقىلىق دۇنيا ماركسىزم ھەرىكىتىنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىشەنچكە تولغان ھەيۋەتلىك سۆزلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى يوشۇرۇپ قالالىشى ناھايىتى تەس. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى سىياسىي بيۇروسى دەسلەپتىلا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتىنى كونترول قىلدى ھەمدە سولچىل سىياسىي پارتىيىنىڭ 21 قاتتىق شەرتنى قوبۇل قىلسا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا كىرەلەيدىغانلىقىنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئاقىۋەتتە، موسكۋا بولشېۋىكلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئەمما بولشېۋىكلارنىڭ ئىنتىزامىنىڭ بوغۇشىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان سوتسىيال دېموكراتلار ۋە تىنچلىقپەرۋەر تەشكىلاتلارنى سىرتتا قېقىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى مۇستەھكەم دىنىي تەشكىلاتقا ئايلاندۇردى.

1920-يىلى 8-ئايدا پولشا ۋارشاۋا ئۇرۇشىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. گېرمانىيە ۋە باشقا جايدىكى توپىلاڭلارمۇ بېسىقتۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا كېرمىل سارىيى كوممۇنىزمنىڭ يېقىن كەلگۈسىنى قايتىدىن مۆلچەرلەشكە مەجبۇر بولدى. لېنىن ۋە باشقا بولشېۋىك رەھبەرلەر چوقۇم دۆلەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كۈچ چىقىرىشى كېرەك، ئالدى بىلەن لېنىن « يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» نى بەلگىلىدى، كېيىن ستالىن روسىيەدە دۇنيا ئىنقىلاب ىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھېچقانداق بىۋاسىتە ئالاقىسى بولمىغان سوتسىيا لىستىك دۆلەت قۇرۇشىنى قارار قىلدى. بۇنداق قارار كوممۇ نىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سوۋېتلىشىشىنى مۇقەررەر ھالدا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ بىر ئورگىنىغا ئايلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ساقچى ۋە ئاخبارات ئورگىنى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى. باشتا لېنىن، كېيىن ستالىن

تاللىغان ياردامچى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئو نالنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىنى كونترول قىلدى.

ستالىن بۇ مەسىلىدە كەسكىن بولدى. 1927 ـ يىلى، بىر قېتىملىق سوئال جاۋاب خاراكتېرىدىكى باياناتىدا، ئۇ ھەر بىر ھەقىقىي كوممۇنىزمچى ئۇچۇن مۇتلەق توغرا ئۆلچەمنى بەلگىلەپ بەردى. ستالىن باياناتىدا:«بىر ئىنقىلابچى سەمىمىيلىك بىلەن، شەرتسىز، ئاشكارا، ئاكتىپلىق ھالدا... ھەر ۋاقىت سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاسراش ۋە قوغداشقا تەييار تۇرۇشى لازىم، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى بىرىنچى ئىنقىلابىي پرولېتارىيات دۆلىتى، سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىدۇ. بىر ئىنتېرناتسىئونالىستمۇ سەمىمىيلىك بىلەن، قىلچە ئىككىلەنمىگەن ۋە شەرتسىز ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى سوۋىت ئىتتىپاقى دۇنيا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ بازىسى» دەپ جاكارلىدى.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى قوپاللىق بىلەن كونترول قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىنقىلابنىڭ يېقىن مەزگىلدە غەلىبە قىلىش ئېھتىماللىقى كىچىكلەۋاتقان بولسىمۇ، 30 ـ يىللار ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، روسىيىنىڭ سىرتىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ ئۈمىدى ۋە سىياسىي ئېتىقادى ئىدى. ستالىن دەۋرىدە، ئەپسانىۋى تۇس ئالغان بۇلغارىيىلىك ئىنقىلابچى جورجى دىمتىرووۋ (Georgi Dimitrov) ۋە سوۋىت ئىتتىپاقىلىق سەبدىشى دىمىترىي مانۇلسكىينىڭ (Dimitry Manuilsky) رەھبەرلىكىدە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يېڭى رەھبىرى كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپكە ئايلىنىپ، تەلتۆكۈس ھالدا ستالىنىزم ئېتىقادى بويىچە مەشىقلەندۈردى. مۇستەقىل ئويى پىكرىگە ئىگە نۇرغۇن چەتئەللىك كومپارتىيە ئەزالىرى 30 ـ يىللاردىكى چوڭ تازىلاشتا ستالىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ستالىنىزم مۇرىتلىرى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 1945 ـ يىلدىن كېيىن ستالىن شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا يۆلەپ تۇرغۇزغان كومپارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ باش شتابى ۋە تەربىيىلىنىدىغان مەكتىپى بولۇپ قالدى. بەزى رەھبەرلەر ئۇرۇش مەزگىلىدە ستالىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شەرقىي ياۋروپا بوشلۇقىدىن

پاراشوت بىلەن سەكرىگەن، يەنە بەزىلىرى قەدەممۇ قەدەم غەلىبە قىلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە بارغان ئىدى.

ئەجەپلىنەرلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە بولغان ئۇنۇملۇك كونتروللىقى ھەمدە ئانگلو-ساكسون ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئارزۇسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەۋجۇتلىقىنى زۆرۈرلىكىنى يوقاتتى. 1943-يىلى، ستالىن بۇ تەشكىلاتنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دۇنياغا (ئاسان ئالدىنىدىغان ئادەملەر ئىشىنىدۇ) سوۋېت ئىتىپاقى دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى ئەمدى كونترول قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە، دىمىتروۋ ۋە مانۇلىسكىي ھوقۇق موسكۋانىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن ھەرىكەتكە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، دىمىتروۋ بۇلغارىيىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ئۇ موسكۋادىكى چاغدا قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەملىرى، مەسىلەن ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ئىشپىيونى بولېسلاۋ بېرۇت (Boleslaw Bierut) ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەمەلدارى كلېمېنت گوتۋالد (Klement Gottwald)، ماتياس راكوسى (MatyasRakosi) ۋە ۋولتېر ئۇلبرىچت (WalterUIbricht) قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، ھونگرىيە،شەرقىي گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە ئايلاندى.

سوغاق ئۇرۇش كەسكىنلەشكەندە، ستالىن نىسبەتەن كىچىك دائىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللىقىدىكى ئىخچام رەسمىي خەلقئارا لىق ئورگان قۇردى. ئۇ 1947-يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى ئاخبارات ئىدارىسى» نى قۇردى، بۇ ئىدارىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېڭىدىن تەختكە چىققان كومپارتىينى مۇستەھكەملەش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ھەمدە فرانسىيە كومپارتىيىسى ۋە ئىتالىيە كومپارتىيىسىگە ئوخشاش نىسبەتەن مۇھىم غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى كومپارتىيىلىرىگە ئورتاق ئىستراتېگىيە تۈزۈپ بېرىش ئىدى. بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بۇ پارتىيىلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلىقىغا قول تىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى، ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرى ئىگىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. جۇڭگو

ئىنقىلابىي غەلىبە قىلدى، بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆمىدىنى يەنە بىر قېتىم ئويغىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى، ھازىر قىزىل بايراق بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇس بار زېمىندا لەپىلدىمەكتە.

كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىدى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدا بىر قانچە ئامىل بار. ستالىن ۋاپات بولۇپ 3 يىلدىن كېيىن يەنى 1956 ـ يىلى، ئاخبارات ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىر قىسىم سەۋەبى بولسا جۇڭگودىكى ماۋ زېدوڭ، يۇگوسلاۋىيەدىكى تىتۇغا ئوخشاش بىر قىسىم كومپارتىيە مۇستەبىتلىرى ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن، شەخسىي ئابرويى جەھەتتە، ستالىننىڭ ۋارىسلىرى ئىچىدە ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغۇدەك ھېچكىم يوق. تىتۇ 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىلا ئۆزىنىڭ ستالىننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ماۋزېدوڭ بىلەن كىرمىل سارىيىنىڭ ئىختىلاپىمۇ كۈندىن كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى ۋە روشەنلەشتى. جۇڭگو 1956 ـ يىلى پولشا ۋە ھونگىرىيىلەرنىڭ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش تەلىپىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى ھەمدە ستالىندىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنى دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ رەسمىي رەھبىرى بولۇش تەلىپىنى تۆۋەنلىتىشكە، ھەتتا ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ ھەرىكەت سايلامدا ئەڭ چوڭ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن غەربىي ياۋروپا كومپارتىيە رەھبىرى، ئىتالىيىلىك پالمىرو توگلىياتتى (Palmiro Togliatti) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. توگلىياتتى «كۆپ مەركەز تەلىماتى » دىن ئىبارەت تەسىر كۈچىگە ئىگە بۇ سۆزنى بەرپا قىلىپ، ستالىننىڭ بىر مەركەز تەلىماتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى يۇگوسلاۋىيە بىلەن بولغان ئارازلىقنى تۈگىتىش، جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش، ئىتالىيە كومپارتىيىسىنى لاگېر ئىچىدە تۇتۇپ قېلىش، پولشادىكى گومۇلكاغا ئوخشاش رەھبەر بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، گەرچە مەجبۇرىي بولسىمۇ بىر قاتار پەيدىنپەي يول قويۇشلاردا بولدى. گەرچە كىرمىل سارىيى سوۋېت ئىتتىپاقى تەجرىبىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرسىمۇ، موسكۋا 1956 ـ يىلى كومپارتىيە ۋە

ئىشچىلار پارتىيىسى ئاخبارات ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن باشقا، يەنە ھەر قايسى ھاكىمىيەت ئۇستىدىكى پارتىيىلەر نىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. قانداق بولمىسۇن، بۇ بىر قاتار يول قويۇشلار بىسىم ئاستىدا مەجبۇرىي بولغان.

خىروشىۋ 1957 ـ يىلى موسكۋادا ھەر قايسى دۆلەت كومپارتىيىلىرى قاتناشقان بىر قېتىملىق يىغىن ئېچىشنى قارار قىلدى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك ئورنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. خىروشىۋ دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ئىتتىپاقلىق ھېسياتىنى قايتىدىن ئويغىتىشقا ئۇرۇندى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىدى. 1957 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، خىروشىۋ ئىنتايىن پاسسىپ چېخوسلوۋاكىيە كومپارتىيە رەھبەرلىرىگە قىلغان سۆزىدە، ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ناھايىتى تۈزلا ئېيتىدىلەپ: «بىز نېمىگە موھتاج؟ بىز ئىتتىپاقلىققا، يېقىن مۇناسىۋەتكە ۋە بىرلەشكەن كۈچكە موھتاج . يولداشلار، بىز ئۇخشىمىغان يولنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما ئوخشىمىغان يوللاردا بىر غول يول بار. قالغانلىرى كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك بىر چوڭ دەريانىڭ تارماق ئېقىنلىرىغا ئوخشايدۇ. ئوخشاشلا، بىز ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن يول پەقەت بىرلا، بۇ يول دەل ماركسىزم ـ لېنىنىزم يولى» دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت تەڭدە تەڭ بولدى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللىقىدىكى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيىلەر قاتناشقان يىغىن بولۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگو قاتناشقان چوڭ يىغىن ئىدى. ئەينى چاغدا، جۇڭگو دوگماتىزملىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەشنى باشلىغان ئىدى. جۇڭگونىڭ ياردىمىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى يىغىنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ (يۇگوسلاۋىيە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ)، رېۋىزىئونىزمنى تەنقىد قىلدى. لېكىن، يىغىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان «سوتسىيالىزمنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش يولىدا ھەر قايسى

دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بولۇشقا رۇخسەت قىلغان ئادەم ماركسىزم-لېنىنىزمغا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، تەلتۆكۈس تەنقىد قىلىش كېرەك» دېگەن پىكرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەكسىچە، يىغىن تەگىشەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن «سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، بۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بۇ نەزەرىيە پرىنسىپى توغرا» دېگەننى تەكىتلىسە، بىرلا ۋاقىتتا تولۇقلاپ يەنە:«ھەر قانداق يەردە، بۇ قانۇنىيەتلەر تارىختا شەكىللەنگەن ھەر خىل مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىپادىلىنىپ چىققان، بۇنىڭغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دېدى.

1957-يىلدىكى يىغىندىن كېيىن بىر قانچە چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەقەلەر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ھەرىكىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زومىگەرلىكى ۋە لېنىنىزم- ستالىنىزمنىڭ ھۆكۈمران لىق ئورنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسى ئىدى. بۇ بىر نەچچە ۋەقە سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللىقىدىكى كوممۇنىزم بىرلىكىنىڭ تارىخىي پارچىلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى ھەمدە تېزلەتتى. 60-يىللاردا، سوۋېت جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئاشكارىلاندى. سوۋېت جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئىدېئولوگىيىدىكى ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغان، كېيىن يەنە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مىللەتچىلىكنىڭ قارشىلىشىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشى سەۋەبلىك كەسكىنلەشتى. 1968-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈشى كەڭ دىققەتنى تارتتى، ھەتتا كومپارتىيىلەرنىڭمۇ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. بىرلا ۋاقىتتا، برېژنېۋئىزمنىڭ ئىلان قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا كوممۇنىزمنى ئىتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ھەر قانداق تىرىشچانلىقىنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يوقاتتى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا پولشادا كۆرۈلگەن «ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» ھەرىكىتى ئىتالىيە كومپارتىيىسى ۋە باشقا بىر قىسىم كومپارتىيىلەرنىڭ ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى يوق.

شۇڭا، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى چاقىرغان موشۇ خىلدىكى خەلقئارا

كوممۇنىزم ھەرىكىتى يېڭىنى ھەم يېڭىدىن پايدىلىنىپ ئومۇمىي يول تۈزۈپ چىقىشتىكى تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرى ھېچقانداق نەتىجە يارىتا لمىدى. ئۇلار 1981-يىلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يېڭىنىنى ئاچتى، يىغىندا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنىنى پەقەتلا سىياسىي ۋە ئىدىيىدىكى مەنىسىزلىك بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىدېئولوگىيىدىكى كۆپ خىللىقنى، ھەر قايسى دۆلەت كومپارتىيىلىرى ئارىسىدىكى كۈچلۈك قارشىلىشىش بۇ خىل كۆپ خىللىقنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، بۇ ئەھۋالدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ياكى كومپارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيەسى ئاخبارات ئورگىنىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئورگاننى قايتا قۇرغان ھالەتتىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت كومپارتىيىلىرىدە، ھېچكىمنىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلغۇسى يوق، سوۋېت ئىتتىپاقى تەشەببۇس قىلغان تەشكىلات ئارقىلىق بۇ خىل بىرلىكنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ.

ھازىر كېرمىل سارىيىنىڭ قىلالايدىغىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر يىلى بولشېۋىكلار ئىنقىلابىنى خاتىرىلىگەن پەيتتە، ھاكىمىيەت بېشىدىكى كومپارتىيە رەھبەرلىرى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى زاتلىرى ۋە سولچىل ھېسداشلىق قىلغۇچىلار قاتناشقان يېغىن ئېچىشتۇر. ئۇلار توپلىشىپ، ئاساسلىقى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن ئىنقىلابىي غايىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇنداق يېغىن ئاساسىي جەھەتتىن بىر داشقايناق بولۇپ، مەزمۇنى: ئىدېئولوگىيە شوئارى، پەردە ئارقىسىدا كېرمىل سارىيىنىڭ خوجايىنى بىلەن قانچىلىك مالىيە تولۇقلىمىسى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىش، ھەيۋەتلىك نامايىش پائالىيىتى، ھۆكۈمەتنىڭ كۈتۈۋېلىش يېغىنى، بالىت ئويۇنى ھەمدە ك گ ب نىڭ مېھمان كۈتۈش مۇتەخەسسىسلىرى مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق مېڭىپ يۈرۈش شەكلىدىكى يىغىلىش بىلەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ساددا ئىنقىلابىي مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىيە قىزغىنلىقى ۋە يولداشلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا،

كوممۇنىستىك ئىنتېرنا تسىئونال كېرمىل سارىيىنىڭ « ئومۇمىي لىنىيىسى» نى كېرمىل سارىيى مەشقلەندۇرگەن خەلقئارالىق ئىشپىيونلارغا مەجبۇرىي تاڭغاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى دۇنيا مىقياسىدىكى ئىنقىلاب ئىستراتېگىيىسىنمۇ ئاكتىپلىق بىلەن تۈزدى.

ئىنتېرنامىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى سەۋەبىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىنىڭ ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى ئاكتىپ ماركسىزمچىلارغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچى كۈنسېرى ئاجىزلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى (گورباچېۋنىڭ ئاشكارىلىقىدا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ بۇ خىلدىكى مەغلۇبىيىتى كەڭ كۆلەمدە ئۆز ئۆزىنى ئەيىبلەشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى)، كىشىلەردە كەڭ كۆلەمدە شەكىللەنگەن كۆز قاراش : سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم دەۋرىدە شوغۇللانغان كۆپ قىسىم ئىشلىرى پايدىسىز ھەم دەھشەتلىك ئاپەت، دېگەننى تېخىمۇ كۈچەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىنى ئەيىبلەش دۆشمەنلىك كومپارتىيىگە قارشى تەشۋىقات دەپ قارالمايدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گېزىت-ژۇرناللار ۋە باياناتچىلار نۆۋەتتە كەڭ كۆلەمدە ساقلىنىۋاتقان كەمچىلىكلەرنى بەس بەستە ئاشكارىلاپ، ئۆتمۈشتىكى جىنايەتلەرنى ئامما ئېلان قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باياناتچىلارنىڭ بۇ خىل بىۋاسىتە ئېتىراپ قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا كوممۇنىزمچىلىرىغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاجىزلاتتى. 1987-يىل 7-ئاينىڭ 11-كۈنى، ئوبزورچى ئالېكساندىر بوۋىن تارقىتىلىش مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغان «خەۋەرلەر گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى« ئارقىغا چېكىنىش، زىددىيەت، كىرىزىس ۋە توختاپ قېلىش » نى موسكۋانىڭ لاھىيىلىگەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان چەتئەللىكلەرگە نىسبەتەن دوراشقا ئەرزىيدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا دېدى. تېخى 20 يىل ئالدىدىلا، كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈمى ئامېرىكىنىڭ كوكا كولاسىغا ئوخشاش دۇنياغا كەڭ تارقىلىدۇ دەپ قارايتتى. غەربتىكى ئاساسلىق سولچىل زىيالى، مەسىلەن جىن-پائۇل سارتىرى (Jean-Paul Sartre) سوۋېت ئىتتىپاقىدا

يولغا قويۇلغان پۇرتانىزم ۋە ئىدېئالىزم بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئامېرىكىدا يولغا قويۇلغان ئاتالمىش يۇكسەك دەرىجىدىكى ماتېرىيالىزمنى سېلىشتۇردى. ئۇ ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئۆزلىرىمۇ ئۈمىدۋارلىققا تولغان بولۇپ، خىرۇشېۋ 3-دۇنيا ئەللىرىگە قىلغان زىيارىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېز سۈرئەتتە سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتىنى قانداق قىلغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى تەقلىد قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل تەكلىپلەرنى خالىغانچە ئوتتۇرىغا قويدى.

20 يىلدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەھەرلىرىدە ھەممە يەردە كېچىكىپ كەلگەن ئامېرىكىلىشىش ئالامەتلىرىنى، مەسىلەن پېپسى كولا ياكى ماك دونالد شىركىتىنىڭ ئېلان تاختىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ زەئىپ ئورنىدا ئىكەنلىكىگە سۈكۈت قىلغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى ھەمدە خۇنۇك ھالدا ئامېرىكا ئىستېمال تۈزۈمىنى دورىدى، بۇ خىل ئىلغار تۈزۈم ئىلگىرى قاتتىق مازاق قىلىناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە زور تەشۋىق قىلىپ، ئىسلاھات تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئىجات چانلىققا ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن دېگەن بولسىمۇ بولسىمۇ، ئەمما ئىسلاھات ئاتا قىلغان ئەڭ روشەن ئىجتىمائىي تەسىر بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزچىل ئەيىپلەپ كېلىۋاتقان رەقىبىنىڭ تېخنىكىسى، ھەتتا مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى قوللاندى. ئانچە مۇنچە ئېشىپ قالغان موسكۋادىكى يىلدا بىر قېتىملىق يىغىلىشلار ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا ساداقە تمەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇرىتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەتلا جەڭگىۋارلىقنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئوينايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى مۇۋاپىق جەمئىيەت ئەندىزىسى ئەمەس، بۇ دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە ئېغىر زەربە بولدى. بۇ ھەم نېمە ئۈچۈن كەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلەيدىغان دۆلەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدەشنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. جۇڭگو بىر مەزگىل ئاساسلىق نامزات بولغاندەك قىلاتتى، جۇڭگونىڭ ساددا ئىدېئالىزمى ۋە ئۇزۇل-كېسىل ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ناھايىتى روشەن ئىدى. لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ماۋ

زىيدىنىڭ زور تۆركۈمدىكى خەلق ئاممىسىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنىڭ (ئۇنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشى ستالىندىن قېلىشمايدۇ) ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ جۇڭگو ۋە ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ ئۆتكەن كۆنلەردىكى ئۈلگىلىك ئوبرازى يوقالدى. بۇ ئەھۋالدا، جۇڭگو تەرەققىي قىلماقتا، بەزىدە ھەتتا چېرىكلەشكەن سودا كوممۇنىزمى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىنقىلاپنىڭ نەمۇنىسى بولالمايدۇ.

ئاندا ساندا قالغان سادىق مۇرىتلار ۋېتنام ياكى كۇبانى تاللاشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ دۇنيانى جەلب قىلغۇدەك ئىقتىدارىنىڭ يوقلىقى دەلىللەندى. ۋېتنامنىڭ غەلبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنكى زوراۋان قىلمىشى ۋە ئىقتىسادتىكى مەغلۇبىيىتى خانويىنىڭ سىيىسىق نامىنى پۇر كەتكۈزدى؛ كاستىرونىڭ شەخسىي مۇستەبىتلىكى نۇرغۇن فاشىستىك پۇراق ئالغان ھەمدە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەدىقىسىگە زىيادە تايىنىپ قالغان، شۇڭا مۇستەقىل ھالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈلگە بولالمايدۇ. ساندىنىستاس (Sandinistas) مىللىي ئازادلىق فرونتى تەختكە چىققاندىن كېيىن، نىكاراگۇئا ماركسىزمنىڭ سادىق مۇرىتلىرىنىڭ يېڭى پاناھگاھىغا ئايلاندى. ئەمما، دۇنيا مىقياسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلغان ھەرىكەت نىسبەتەن ئىپتىدائىي، خېلى قالايمىقان، 3 مىليون نوپۇسى بار دېھقانچىلىق دۆلىتىنى ئىمكانىيىتى بولغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىدىغان جەمئىيەت ئەندىزىسى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دېيەرلىكتۇر. مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەندىزىنى تېپىش جەريانىدا، سوۋېت تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان تۈزۈلمە تېپىلمىدى. بۇ ھەقىقەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مايىكى بولالمايدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

شۇڭا، كېرىمل سارىيى چاقىرغان يىللىق يىغىن ئىلگىرى پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆزىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال دەپ ئاتايدىغان ھەرىكەتنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدىغان قەبرە تەزكىرىسى بولۇپ قالدى؛ بىر چاغلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ماس كېلىدۇ دەپ تەرىپلەنگەن ئىنقىلاب «ئەمەلىيىتى»دىن مۇراسىملاشقان يىغىن كۆنتەرتىپىلا قالدى.

# 18-باب كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن سىياسىيدا ئادا- جۇدا بولۇشى

نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەنئەنىۋى ماركسىزم تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كاپىتالىزم كرىزىسىنىڭ تارىخىي مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىزم ئىنقىلابى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە يۈز بېرىشى كېرەك. 1961-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى يىگىرمە ئۈچىنچى قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدا:«كاپىتالىزم يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ساقلانغىلى بولمايدىغان پارچىلىنىش مۇساپىسىگە چۈشتى ھەمدە 'ئومۇمىي كرىزىس' قا قاراپ ماڭدى» دەپ جاكارلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پارتىيە نىزامنامىسى ئېنىق ھەمدە كونكرېت ئىدى، نىزامنامىدە:

بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان دۆلەتلەر كاپىتالىزمىدىن يىراقلاشتى، جاھانگىرلىك سوتسىيالىزم بىلەن بولغان ئىقتىسادىي رىقابەتتىكى ئىستىھكامى ئاجىزلاشتى؛ جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى پارچىلىنىشى؛ دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى ۋە مىلىتارىزمنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق كەلگەن جاھانگىرلىكنىڭ زىددىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى؛ كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن پايدىلىنىشتا كۈنسېرى ئىقتىدارسىزلىشىشى (ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىكى تۆۋەن سۈرئەت، دەۋرىيلىك كرىزىس، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىدە ئىش باشلاشنىڭ كەمچىل بولۇشى، دائىملىق ئىشسىزلىق)نى ئىپادە قىلغان كاپىتالىزمنىڭ

ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىمسىزلىقى ۋە چىرىكلىكىنىڭ كۈچىيىشى؛ ئەمگەك ۋە كاپىتالىزم ئارىسىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى؛ دۇنيا كاپىتالىزم ئىقتىسادىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ شىددەت بىلەن ئۆتكۈرلىشىشى؛ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى سىياسىي ئەكسىيەتچىللىكنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچىيىشى؛ بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىكىنىڭ توسىلىشى؛ بىر قاتار دۆلەتلەردە فاشىست زوراۋان ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلىشى؛ بۇرژۇئازىيىدىكى سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ چوڭقۇر كرىزىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزمدىكى ئومۇمىي كرىزىسنىڭ ئىپادىسى دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى.

يۇقىرىقى تەھلىللەر خاتا بولۇپلا قالماستىن، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇيۇقسىز ئوخشمايدىغان نۇقتىئىنەزەر كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى: دۆلەت قانچە تەرەققىي قىلسا، شۇ دۆلەتنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىيدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. بۇ كوممۇنىزم بىلەن تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئەك چوڭ توقۇنۇشى. بىر تەرەپتىن، كوممۇنىزم غەلىبىگە ئېرىشىشى ئالدىن مۆلچەرلەنگەن جايىدا مەغلۇپ بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كوممۇنىزمنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن كوممۇنىزمنىڭ تارىخىي شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەن جايلاردا غەلىبە قىلدى؛ ئەلۋەتتە بۇ خىل غەلىبە پەقەت ھاكىمىيەتكە ئېرىشىشتىلا ئىپادىلەندى. بۇ بىنورمال ئەھۋال كوممۇنىزمنىڭ: كوممۇنىزم ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ چوققىسىغا چىقتى، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلماقتا، كوممۇنىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىن دېرەك بەرمەكتە، دېگەن نەزەرىيىۋى جەۋھىرىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ بولدى. كۈپرەك تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، كوممۇنىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد كىسەللىرىنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا ئەمەسلىكى بارغانسېرى روشەنلەشتى. بۇ ئەھۋاللار كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇڭا، 20-ئەسىر كوممۇنىزمنىڭ ئەسرى بولالمىدى. كوممۇنىزمنىڭ چوڭ ئىنچاملاش نەزەرىيىسى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بارلىق مۇرەككەپ ئامىللارنى ئويلاشمىغان. ماركسنىڭ ئىشلار پرولېتارىياتلىرى جەمئىيەتنىڭ تۆۋرۈكى ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار ۋاقتى

ئـۆتكەن نەزەرىيىسـى تەرەققىـي قىلغـان دۆلەتـلەر جەمئىيىتىنـىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ. كوممۇنىزم نەزەرىيىسى يـۇقىرى پەن ـ تېخنىكـا بارلىققا كەلتـۈرگەن ئىجـادىي نەتىجـىدىن پايـدىلىنىپ ئىجتىمـائىي سىياسـەت تـۈزۈپ چىقىش جەھەتتىمـۇ يېتەكچى ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، لېنىن ۋە ستالىنىنىڭ ماركىسىز منى بۇرمىلىشى ماركىسىنىڭ نەزەرىيىسىنى قىلچە ھاياتىي كۈچى يـوق دوگمىغا ئايلانـدۇرۇپ قويـدى، بـۇ دوگمىچىلىـق ئۇلارنـىڭ ئـۆز بېشـىمچى مۇستەبىت ھـاكىمىيەت قۇرۇشـنى مەخسۇس ئـاقلاش ئـارقىلىق ماركىسـىزمنى يەنىمـۇ ئىلگـىرىلەپ قاتماللاشـتۇرۇپ، ئۆزگىرىۋاتقـان ئەھۋاللارغـا ماسلىشـالمايدىغان قىلىـپ قويدى. دېموكراتىيە يولغا قويۇلغـان غەرب دۆلەتلىرىـدە، سـايلام ئاشكارا بەس ـ مۇنازىرىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا كوممۇنىزم ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتى بىلەن قەتئىي سىغىشالما يـدىغان ئـوبرازىنى يوشـۇرۇپ قىلىشقا ئامالسىز.

ھەتتـا سـوۋېت ئىتتىپـاقى ھۆكۈمىتىنـىڭ باياناتچىسـىمۇ يىقىنـدا 20 ـ ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى. موسكۋا خەلقئـارا ئىشـچىلار ھەرىكىتـى تەتقىقـات ئورگىنىنـىڭ تەتقىقاتچىسـى (E. Plimak) يې پلىمـاك 1987 ـ يىلىنـىڭ ئوتتۇرىسـىدا، نوپۇزلـۇق سـوۋېت ئىتتىپاقى پەلسەپە ژۇرنىلى «پەلسەپە مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىدا بـۇ نۇقتـا ھەققىدە «ھەتتا يات يېقىندىلا، كوممۇنىستلار يەنە 20 ـ ئەسىر سوتسىيالىزم دۇنياۋى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈدىغان ئەسىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى...بۇ نىشان بەكلا يىراقتا قالدى، مەسىلە بىزنىڭ كاپىتالىز منىڭ يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىـش ئىقتىـدارىنى تـۆۋەن چـاغلاپ قالغـانلىقى مىـزدا...بىـز سوتسـىيالىزمنىڭ تـارقىلىش سـۈرئىتىنى زىيـادە يـۇقىرى مـۆلچەر لـۆەتكەنلىكىمىزدە» دېگەن ئىنتـايىن تـوغرا قاراشـنى ئوتتۇرىغـا قويـدى. ئىلگىرى تىلغا ئالغان سوۋېت ئىتتىپـاقى ئوبزورچىسـى بـوۋىن سوتسـىيالىزم مۇقەررەر تـارىخىي غەلىبىگە ئېرىشىـدۇ، دېگەن ئۇمىـدۋار ھۆكۈمنـىڭ بوغۇ شىدىن ھالقىپ چىقىپ، قىلچىمـۇ يوشـۇرۇپ ئولتۇرمـاي پىلىماكقا يانـداش قىلىپ:«تەرەققىي قىلغـان كاپىتـالىزم دۆلىتىـدە، سوتسـىيالىزم قۇرۇشـنىڭ كەلگۈسى يوق دېيەرلىك» دېدى.

رېئـاللىق ھەقىـقەتەن شـۇنداق. شـىمالىي ئامېرىكىـدا، كوممـۇنىزم

سىياسىي ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. مەيلى ئامېرىكا ياكى كانادانىڭ سىياسىي تۈرمۇشىدا بولسۇن، كوممۇنىزم پەقەتلا ئەرزىمەس، ئەدەپ-ئەخلاقتا ياتمايدىغان، قىلچە كۆزگە چېلىقمايدىغان مەزھەپتۇر. كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يۇز بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئاساس يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، چوڭ ئىقتىسادىي كاساتچىلىق مەزگىلىدىمۇ، كاپىتالىزم تۈزۈمى كرىزىسقا پېتىپ قالغاندىمۇ، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىقى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىمۇ، كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئامېرىكىنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغىيالمىدى. ھازىرقى مەۋجۇت تۈزۈلمە ئىجادىي سىياسەت قوللىنىپ، ئامېرىكىنىڭ «يېڭى سىياسىتى» ۋە كانادانىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان تەدبىر ئارقىلىق، كوممۇنىزمنىڭ ئامېرىكىغا بولغان تەسىرىنى چەكلىدى ۋە يوقاتتى. ئامېرىكا جامائەت پىكرىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېخنىكا يېڭىلىنىشىدا ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرگە پايدىسى يوقلۇقىنى ئاقلانغانلىقى بىلەن ھېس قىلدى.

كوممۇنىزمنىڭ ياپونىيىدىكى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان قىينىچىلىقى ئوخشاشلا ناھايىتى پايدىلىق، ياپونىيىدىكى ئەھۋالى كوممۇنىزمغا بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك زەربە بولدى. ياپونىيە ئامېرىكىدىن كېيىن سانائەت دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ ئېلېكترون تېخنىكىسى دەۋرىگە كىردى، كوممۇنىزم ئەسلىدە ياپونىيىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، كوممۇنىزمنىڭ ياپونىيەدە ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى مۇۋەپپەقىيەت پۇرستى بار ئىدى. ياپونىيە ئۇرۇش ۋاقتىدا ئېغىر جاراھەتكە ئۇچرىدى، ئۇرۇش بۇ دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈش مۇساپىسىنىڭ سانائەت دەۋرىدە پارتلىغان. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىش دەۋرى غايەت زور ئىشچىلار سىنىپىنى بارلىققا كەلتۈردى. ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي توقۇنۇشى ئەسلىدە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا دۇشمەنلىك كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، بۇ كەيپىيات يەنە كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىنى تارقىتىشقا ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. يەنە بىر ئاملمۇ ناھايىتى مۇھىم، يەنى ياپونىيىنىڭ يادرو قورالىدىن بىزار بولۇشى بولۇپ، بۇ خىل بىزارلىقتىن تاكتىكا جەھەتتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ، تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا چۈشىنىشكە بولىدۇ،

ياپونىيىنىڭ بۇ پىسخىك ھالىتى ياپونىيە كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى قوزغىتىشقا چوڭ پۇرسەت يارىتىپ بەردى.
ياپونىيە كومپارتىيىسى گەرچە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتلەردە پايدىلىق شەرتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما سايلامدا ئېرىشكەن بېلەتى ئۆزۈشتىن كېيىنكى پۇتكۇل دەۋردە ئومۇمىي بېلەت سانىنىڭ 10%تىدىن ئېشىپ باققان ئەمەس. 1949-يىلىدىكى تۆۋەن پالاتا سايلىمىدا، ياپونىيە كومپارتىيىسى بىرىنچى قېتىم 10% بېلەتكە ئېرىشكەن. گەرچە پارتىيە ھەققى تاپشۇرىدىغان رەسمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئېشىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1961-يىلىدىكى 87 مىڭدىن 1985-يىلى 465 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيە كومپارتىيىسى سايلامدا ئېرىشكەن بېلەت سانى باشتىن-ئاخىر 1949-يىلىدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى. بېلەت سانى ئەڭ كۆپ بولغان يىل 1972-يىلى بولۇپ، ئومۇمىي بېلەت سانىنىڭ 10.9% نى ئىگىلىگەن؛ ئەڭ يېقىندىكى 1986-يىللىق تۆۋەن پالاتا سايلىمىدا، ياپونىيە كومپارتىيىسى ئىگىلىگەن سايلام بېلەتى نىسبىتى تۆۋەنلەپ 8.8% بولغان.
بۇنىڭدىن سىرت، ئېرىشكەن بېلەت سانى ئاز بولسىمۇ، بۇ بېلەتكە ياپونىيە كوممۇنىزمى ۋە مىللەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتنى قوزغىتىپ، ياپونىيە كومپارتىيىسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى تەكىتلەش قاتارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن. ياپونىيە كومپارتىيىسى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ زومىگەرلىك قىلغانلىقىنى شىكايەت قىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتنى بىر مەھەل ئۈزدى. ياپونىيە كومپارتىيىسى دۆلەت ئىچىدە قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان سوۋېت كومپارتىيىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇستەبىتلىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەنقىد قىلدى، بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىنى غەربچە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەر ۋە تىنچلىقپەرۋەرلەر قىياپىتىدە نامايان قىلماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئېرىشكەن 10% سايلام بېلەتى كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ باشقا بىر تارمىقىنى قوغداش ئارقىلىق ئېرىشكەن، ئۇلارنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاراتقان ھۇجۇمى ياپونىيە

ئامىسسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كوممۇنىزم بولسا تۈزۈلمىدىكى بىر مەغلۇبىيەت دەپ قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىردۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگىنى، ياپونىيە كوممۇنىستلىرى ھەتتا ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى ئاراللارنى قايتۇرۇۋېلىشتەك مىللەتچىلىك تەلىپىگە ئاۋاز قوشتى، بۇ ئاراللارنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىزچىل سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغال قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ياپونىيە كوممۇنىستلىرى ھەتتا نىسبەتەن مۇتەئەسسىپ ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن يىراقتا ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار خوككايدوغا يېقىن تۆت ئارالنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە پۈتكۈل كۇرىل تاقىم ئاراللىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، مەزكۇر تاقىم ئارال «سان فرانسىسكو شەرتنامىسى» گە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا رەسمىي بۆلۈپ بېرىلگەن. ياپونىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «قىزىل بايراق گېزىتى» 1986-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى تۈز ھەمدە ئېھتىياتچان مىللەتچىلىك سۆزلىرى بىلەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئاراللار «تارىختا ياپونىيىنىڭ زېمىنى» ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشغالىيىتى «ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلدى»، بۇ ئاراللارنى «دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشى» نى تەلەپ قىلىش «خەلقئارا لىق ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن» دېدى.

كوممۇنىزمنىڭ ياپونىيىدىكى مەغلۇبىيىتى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئامېرىكا-ياپونىيە ئارىسىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتتىن پايدىلانمىغانلىقتىن سىرت، ئېھتىمال يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان، ياپونىيە كومپارتىيىسىنى تېخىمۇ ئەنسىزلىككە سالغان تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا باغلىق بولۇشى مۇمكىن: ياپونىيە ۋە ئامېرىكا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇۋاتاتتى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپلا قالماي، يەنە بۇ ئىلگىرىلەشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان جەمئىيەت ئېھتىياجى جەھەتتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتاتتى. ياپونىيىنىڭ پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئىلگىرىلىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى شەخسىي مۈلۈكچىلىكنى، ئەركىن كارخانىلارنى،

كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم ۋە كارخانىلار تىجارىتىدىكى پىرىنسىپلارنى قوغداشنى ئاساس قىلغان، بۇ پىرىنسىپلار نۇرغۇن جەھەتتە ماركسىزمنىڭ كاپىتالىزمغا قاراتقان ئەڭ قاتتىق تەنقىدلىرىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈردى. ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئىقتىسادنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپلا قالماستىن، خەلقنىڭ زور قوللىشىغا ئېرىشتى ھەمدە يېڭىلاشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى، ھەتتا سوۋېت، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇلار ياپونىيە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىدى، بۇنداق قىلسا ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى مۇقەررەر تەۋرىتىپ قويىدۇ، چۈنكى بۇ «كوممۇنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى» دېگەن يوشۇرۇن ئۇچۇرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كوممۇنىزمنىڭ ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىكى مەغلۇبىيىتى كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىگە سادىق كىشىلەرنى غايەت زور مۇشكۈلاتقا ئۇچرىتىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا غەربىي ياۋروپادىكى مەغلۇبىيىتى كوممۇنىزم نەزەرىيىسىگە تېخىمۇ زور ئازاب كەلتۈرىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئەقىدىسىگە ئاساسلانغاندا، كوممۇنىزم ئەسلىدە كوممۇنىزم نەزەرىيىسى بارلىققا كەلگەن مەنبە ۋە تەرەققىي قىلغان جايدا ھەمدە ماركسىزم ئىنقىلابى تارىخىي شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن جايدا سىياسىي جەھەتتە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. كوممۇنىزمغا سادىق مۇرىتلار ئېھتىمال كوممۇنىزمنىڭ ئامېرىكا ـ ياپونىيىدىكى مەغلۇبىيىتىنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالىغا ئارتىپ قويۇشى ھەمدە كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى بۇ ئىككى دۆلەتكە ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ئۇلار يەنە ئېھتىمال روسىيىنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىنى بولشېۋىكلارنىڭ تاكتىكىسىغا باغلىق، يەنى جاھانگىرلىك زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسىدىن يوچۇق ئېچىپ، ستالىننىڭ «بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم» قۇرۇش ئىرادىسى ئارقىلىق كوممۇنىزمنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىدىن دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدى بىلەن غەربىي ياۋروپادىن باشلىنىشى كېرەك، چۈنكى غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزم سانائەتلىشىشىدىكى تىپىك رايون ھەمدە كاتىپىتالىزمنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەجەللىك زىددىيەتلىرىنىڭ دېرىزىسى ئىدى.

لېكىن 20ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كوممۇنىزم ۋاقتى ئۆتكەن جەمئىيەت تەرەققىياتى پروگراممىسى بولۇپلا قالماي، يەنە سىياسىي جەھەتتىمۇ ئوسال ھالەتتە تۇردى. بۇ ئەھۋال بىر قىسىم دۆلەتلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەردىكى كومپارتىيەلەرنىڭ ئەسلىدە ئىككىنچى قېتىملىق پۈرسىتى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتى كۈچى بار بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقالايتتى. ئىتالىيە، فرانسىيە ۋە لىبېرىيە يېرىم ئارىلىدا، فاشىست ئوگچىللار بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا كۆرۈلگەن سىياسىي نەزەرىيىدىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى ئەسلىدە كۈرەشچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك سولچىل كۈچلەرگە پايدىلىق ئىدى. بۇ دۆلەتلەردە، كاپىتالىزم سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى تېخى تاماملىمىغان بولۇپ، بۇمۇ پرولېتارىيات كۈچلىرىنىڭ زورىيىشىغا پايدىلىق ئىدى. مەركىزىي سىنىپنىڭ سىنىپىي تۇيغۇسى بارغانسېرى يۇقىرىلىغان بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئۇچرىغان. بۇ دۆلەتلەردە، زىيالىيلار قاتلىمى نارازى ھالەتتە بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ماركسىزمغا ھېچ بولمىغاندا ياخشى تەسىراتى بار ھەمدە نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، ھەتتا زىيالىيلارنىڭ قىزغىن لىقىدا ماركسىزمنى قوبۇل قىلدى. بۇنداق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش، ئىجتىمائىي شارائىت ۋە پۈرسەت ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ تارقىلىشىغا ئەڭ پايدىلىق دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن، كوممۇنىستىك پارتىيەلەر بۇ دۆلەتلەردە ئوخشاشلا سىياسىي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئىتالىيىدە، كومپارتىيە ئۇرۇش ئاخىرلاشقان دەسلەپكى مەزگىلدە شۆھرىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىككىنچى چوڭ پارتىيە بولۇپ قالغان، گۈللەنگەن مەزگىلدە پۈتكۈل سايلام ئاممىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپ بېلەتكە ئېرىشكەن. 70ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بۇ پارتىيە ئەگەر ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىسە، ھېچ بولمىغاندا باشقا پارتىيەلەر بىلەن بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە بولاتتى. ئىتالىيە كومپارتىيىسى نىسبەتەن مەدەنىيەتلىك ھەمدە مۆتىدىل كوممۇنىزمغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، نەزەرىيە ۋە سىياسىي

جەھەتتىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىگە يېتەلەيتتى.

ئەمما ئەلدىن مۆلچەرلەنگەن ئەھۋال كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە، ئىتالىيە ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھەمدە بۇ سەۋەبلىك كۆرۈلگەن ئىتالىيىنىڭ خەلقئارالىق شۆھرىتى ۋە ئۆزىگە ئىشەنچىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى سولچىل كۈچلەرنى ئاجىزلاتتى. ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ كۈچى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم خارابلىششقا قاراپ ماڭدى. 1976-يىلدىكى ئومۇمىي سايلامدا، ئىتالىيە كومپارتىيىسى ئېرىشكەن بېلەت ئومۇمىي بېلەت سانىنىڭ %34.4 گە يەتتى. 1987-يىلى بۇ سان ئازلاپ %26.6 كە چۈشتى، 1988-يىلدىكى شەھەر سايلىمىدا ئېرىشكەن بېلەت پەقەت %21.9 بولدى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئىتالىيە كومپارتىيىسى زور تۈركۈم ياشلارغا بولغان جەلب قىلىش كۈچىنى يوقاتتى، بۇ كومپارتىيىنىڭ كەلگۈسىنىڭ غۇۋالىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ياشلاردا كومپارتىيىگە ئەزا بولغانلار نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىدىكى قاتناشقانلار نىسبىتىنىڭ پەقەت يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. %21 تىن يۇقىرى پارتىيە ئەزاسى پېنسىيە پۇلى ئالىدىغان كىشىلەر. بۇنىڭدىن سىرت، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەر قاتتىق تەرەققىي قىلغان يىللاردا، ئەنئەنىۋى سانائەت تارماقلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %40 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ پارتىيە ئىتالىيىنىڭ ئۆتمۈشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

تېخىمۇ ئېغىر مەسىلە بولسا ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بەلگىلىك دەرىجىدە قولغا كەلتۈرۈشى، ئەمما قوللايدىغان ئاممىسى نىڭ بارغانسېرى ئازلىشىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تارىختىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىچە شەرھىيلىگەن ۋە تەشەببۇس قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرماي تەنقىد قىلدى. ئەگەر ئىتالىيە كومپارتىيىسى پولشا ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىر دائىرىسىدىكى باشقا ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرنى ئاشكارا قوللاش بىلەن بىرگە، ستالىنىزمنى داغدۇغا قىلمايلا تەنقىد قىلغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىش قىلمىشىنى ئەيىبلەپ ھەمدە موسكۋانىڭ لېنىنىزم دوگمىچىلىقىغا زەربە بەرگەن بولسا، سىياسىي ئورنى

شەك شۈبھىسىزكى تېخىمۇ تېز تۆۋەنلەپ كېتەتتى.

ئەمەلىيەتتە، گەرچە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىنى توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز بولسىمۇ، ئىتالىيە كومپارتىيىسى بىر مەزگىل تەنقىدكە ئۇچرىغان سوتسىيال دېموكراتىزمنىڭ مەيدانى ۋە نەزەرىيىسىنى يولغا قويۇشقا تايىنىپ، ئاندىن سىياسىي ئورنىنى ساقلاپ قالغان. ئىتالىيە كومپارتىيىسى ماركسىزمدىن يىراقلىشىش، ماركسىزم يولىدىن يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستىھكامىنى ساقلاپ قالدى. ئىتالىيە كومپارتىيىسى كوممۇنىزمنىڭ «كۆپ مەركەز نەزەرىيىسى»نى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ چېخوسلوۋاكىيە ۋە ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىنى تەنقىد قىلىپ، ستالىنىزمدىن چەك ـ چېگرا ئايرىدى؛ يەنە لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان قاتتىق پارتىيە ئىنتىزامى ۋە بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيىسى قاتارلىق پرىنسىپلىرىدىن بارغانسېرى چەتنەپ كەتتى. ئىتالىيە كومپارتىيىسى موشۇنداق قىلىپ ئورنىنى ساقلاپ قالغان، مۇنداق قىلىشى خەلقئارادا كومپارتىيىلەرنىڭ بۆلۈنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، چۈنكى ئىتالىيە كومپارتىيىسى سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتە رېۋىزىئونىزمنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ تارىخىي مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىدى

فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ. فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ بەختسىزلىكى تاكتىكا ۋە نەزەرىيىدە جانلىقلىقنىڭ كەمچىللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا زور دەرىجىدە باغلىق. فرانسىيە كومپارتىيىسى ستالىنىزم ۋە لېنىنىزمدا چىڭ تۇردى، شۇڭا ئىغىر سىياسىي بەدەل تۆلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېڭىلا ئاخىرلاشقان چاغدا، فرانسىيە كومپارتىيىسى ۋە ئىتالىيە كومپارتىيىسى ئوخشاش ھاكىمىيەت سەھنىسىگە چىقتى. ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقى فرانسىيىنىڭ سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى كېچىكتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، بۇ مۇساپىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد زىددىيەت ئۇدا ئۆتكۈرلەشتى، كومپارتىيىنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەن كېڭەيدى. ئەمەلىيەتتە، فرانسىيە كومپارتىيىسى 1948 ـ يىلى فرانسىيىدە ئەڭ چوڭ مۇستەقىل سىياسىي كۈچكە ئايلاندى، بىۋاستە قارشىلاشسا ياكى سايلامدا

ھاكىمىيەتكە ئېرىشسە بولاتتى.

ئەمما، يېقىنقى يىللاردا فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ ئەرزىمەس دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. نەزەرىيە جەھەتتىمۇ چاقىرىق كۈچىنى يوقاتتى. سىياسىي ساھەدىكى سولچىللاردا، يېڭىدىن گۈللە ـ نگەن سوتسىيالىستلار پارتىيىسى سىياسىي جەھەتتە كومپارتىيىدىن ئۆتۈپ كەتتى. دۆلەت ئىقتىسادى ۋە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى مۆتىدىل ئوڭچىللار پارتىيىسىنىڭ كۈچىنى زورايتتى، سايلام ئامىسى فرانسىيە كومپارتىيىسىنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق پارتىيە دەپ قاراشقا باشلىدى. 1973 ـ يىلى ۋە 1978 ـ يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 21.1% ۋە 20.5% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. 1981 ـ يىلىدىكى سايلامدا 16.1% بېلەتكە ئېرىشتى، 1986 ـ يىلىدىكى پرېزىدېنت سايلىمىدا 9.8% بېلەتكە ئېرىشتى، 1988 ـ يىلدىكى پرېزىدېنت سايلىمىدا ئومۇمىي بېلەت سانىنىڭ 6.8% گە ئېرىشتى.

فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئىشلىرىدا بۇرۇلۇش كۆرۈلۈشى، بۇرۇنقى داڭلىق ئورنىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈشىدىن ئۈمىد كۈتۈش ناھايىتى تەس. رەسمىي پارتىيە ئەزالىرى سانى شىددەت بىلەن ئازلىدى، كونترول قىلىۋاتقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سانىمۇ شۇنداق بولدى. فرانسىيىنىڭ ئېغىر سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەش لاھىيىسىنى تارايتىشى فرانسىيە كومپارتىيىسى كۈچلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى نىسبەتەن كۈچلۈك تارماقلىرىغا زىيان سالدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىدا، فرانسىيە كومپارتىيىسى كۈچلىرىنىڭ زىيىنى ئەڭ چوڭ بولدى؛ پەقەت ئىقتىسادى كاسات رايونلار فرانسىيە كومپار تىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئىستىھكامى بولۇپ قالدى. فرانسىيە كومپارتىيىسى ئەنئەنىۋى سانائەتتىكى ئەمگەكچىلەرنى تارىخ ياراتقۇچى ئاساسىي قوشۇن دەپ قارىدى، بۇ كۆز قاراش فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى باشقا كەسىپىي خادىملارغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتتى، بۇ ساھەدىكىلەر ئۆتكەن 15 يىلدا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى باشتىن كەچۈردى. ئەڭ چاتاق كەلگۈسى بولسا فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ سايلام ئامىسى قەلبىدىكى ئورنى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ،

بېلەت تاشلىغانلار پەقەت 3% بولغان.

كوممۇنىزمنىڭ سىرلىق تۈيغۇسى فرانسىيە زىيالىيلىرى ئارىسىدا يوقىلىشى بىلەن ماركسىزمنىڭ فرانسىيىدىكى جەلب قىلىش كۈچى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىدى. ئەسلىدە، فرانسىيە ئىلىم ساھەسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى ھەمدە ئىدىيىۋى پائالىيەتلەر جانلانغان سېپىنا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا ماركسىزم بارلىق ئېقىملارنى بىر مەزگىل بېسىپ چۈشكەن ئىدى. ئەمما 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىلىم ساھەسىدىكى تەسىرى بار كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، كوممۇنىزم ئاساسىي جەھەتتىن چىرىپ ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيە بولۇپ قالدى. ھازىر ئورنىنى كىشىلەرنى جەلب قىلىدىغان يېگى ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى ھەمدە كۆپ قىرلىق دېموكراتىك سىياسەت، ھەتتا ئەركىن كارخانىلار قاتارلىق تېمىلار بولۇپ قالدى. فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى بۇ ئىدىيىۋى يۈزلىنىشكە ئەپچىللىك بىلەن ماسلىشىپ، سايلام غەلبىسىنى قولغا كەلتۈردى. فرانسىيە كومپارتىيىسى يەنىلا ۋاقتى ئۆتكەن ستالىنىزم ۋە لېنىنىزمدا يەنىلا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. بىلىم ئالاھىدە سىياسىي ئورۇندىن بەھرىمان بولىدىغان دۆلەتتە، كوممۇنىزمنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنى ئۆزگەرتىشتىكى بىلىم قورالى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشنىڭ قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىشكە بولىدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدىكى فرانسىيىدە، كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىش ئەمدى جەمئىيەتتىكى مودا ياكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىنتىلىشى ئەمەس بولۇپ قالدى.

كومپارتىيە غەربىي ياۋروپادا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى يوقىرى بولغان باشقا بىر رايون ئىبىرىيە يېرىم ئارىلىدۇر. ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىدە، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئاستىلىقى ۋە ئىككىلەمچى فاشىست ھاكىمىيەتنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ دەسلەپتە كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك زېمىن ھازىرلىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ئەنئەنىۋى ماركىسىز منىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ماس كېلەتتى. سانائەتلىشى شىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، قوپال كاپىتالىزم ھۆكۈمرانلىق سىنىپى، ئۆكتىچى

ئوڭچىل سىياسىي گۇرۇھلار، جەمئىيەتنىڭ زىيادە باراۋەرسىزلىكى ۋە نامراتلىقى، يەنە كېلىپ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن، سىياسىي ئويغىنىشى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىشچىلار پرولېتارىيات سىنىپى ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغىنى تەجرىبىلىك، ئىنتىزامچان ۋە مەخپىي كۈرەشتە تاۋلانغان كوممۇنىستىك پارتىيە دېگەن ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنە زەرگە پۈتۈنلەي ماس كېلەتتى. كومپارتىيىنىڭ ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىدىكى سىياسىي غەلىبىسى ئەسلىدە كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ فرانسىيە ۋە ئىتالىيىدىكى سىياسىي مۇۋەپپىقىيىتىگە ئەگىشىپ بارلىققا كېلەتتى. لېكىن، كومپارتىيىنىڭ ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىدىكى ئامىتى فرانسىيە، ئىتالىيىگە قارىغاندا ئۇنچە ياخشى بولمىدى.

فرانكو فاشىست ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان كەسكىن كۈرەش ئىسپانىيە كومپارتىيىسىنى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك قوللا شقا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي ھەم كۈچلۈك مەخپىي تەشكىلاتنى قۇرالىدى. فرانكو ھاكىمىيىتى چېكىنگەندىن كېيىن، ئىسپانىيە دېموكراتىيىگە ئۆتمەكچى بولغاندا ئىسپانىيە كومپارتىيىسى پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىشتىكى ئاساسلىق مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇپ قالدى. ئەمما كومپارتىيە دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئاشكارا رىقابىتىگە كىرىشكىلا، دەرھال ئۆز ئارا تىركىشىدىغان گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇ بۆلۈنۈش خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىدىكى ئىختىلاپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. كۈچى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن گۇرۇھلار سايلام رىقابىتى پروگراممىسىدىكى لېنىنىزمنى بىكار قىلماقچى بولىدى، بىر تەرەپتىن ماركسىزمغا قەتئىي ئېتىقاد قىلىدى، باشقا بىر تەرەپتىن دېموكراتىك سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىسپانىيىنىڭ سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيىسى بىلەن رىقابەتلەشمەكچى بولدى.

لېكىن، ئىسپانىيە خەلقى ئىسپانىيە كومپارتىيىسىگە گۇماندا بولدى، بولۇپمۇ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن قاباھەتلىك ۋاستىسى ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، فرانسىيە كومپارتىيىسى بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ دېموكراتىك سولچىللىق ئوبرازىنى تىكلىشى ئەكسىچە ئىسپانىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىگە ياردەم قىلدى، چۈنكى

سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىغىچە، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ئېرىشكەن سايلام بېلىتى 30% ئەتراپىدىن شىددەت بىلەن ئېشىپ 45% ئەتراپىغا كۆتۈرۈلدى، ئىسپانىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئېرىشكەن سايلام بېلىتى 10% ئەتراپىدىن تۆۋەنلەپ 5% تىنمۇ چۈشۈپ كەتتى، ئىسپانىيە كومپارتىيىسى ئەزالىرى ئىتالىيىلىك ۋە فرانسىيىلىك يولداشلىرىغا ئوخشاش سىياسىي جەھەتتە بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈزلىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا.

پورتۇگالىيە كوممۇنىستلىرىمۇ ئوخشاش تەقدىرگە يولۇقتى. ئىسپانىيىدىكىگە ئوخشاش، پورتۇگالىيە كومپارتىيىسى ئىلگىرى دۆلەتتە غەلبە قىلىپ، ھاكىمىيەت تەختىگە چىقىشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان ئىدى. سالازار (Salazar) دىكتاتورلۇقىنىڭ ئاخىرلىششى پورتۇگالىيىدە سىياسىي مالىمانچىلىق دەۋرىنى پەيدا قىلدى. شۇڭا، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غەرب كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ قارىشىچە، پورتۇگالىيىنى قۇتقازغىلى بولمايدىكەن. سالازارنىڭ ۋارىسى ماريو سوئارېس (Mario Soares) ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پورتۇگالىيىنىڭ «كېرېنسكىي» سى (Kerensky) دەپ قارالدى، ئۇ جەمئىيەتتىكى شىددەتلىك مالىمانچىلىقتا چوقۇم غەرق بولىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن چىققىنى، غەربىي ياۋروپا سوتسىيالىستلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشكەن پورتۇگالىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى كومپارتىيىنىڭ تەسىرىنى پەيد ىنپەي يوقاتتى، كوممۇنىستلارنى يېتىم قالدۇردى، ئۇلارنى نەزەرىيىدىكى ئاشقۇنلار دەپ ئاتىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيىسى يېزىلاردا دەل ۋاقتىدا يەر ئىسلاھاتى قىلىپ، پورتۇگالىيە كومپارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاتتى، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا پورتۇگالىيە كومپارتىيىسى نىڭ كۈچىنى چەكلىدى، ئېرىشكە سايلام بېلىتى 20% كە بارمىدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا تەخمىنەن 12% كە چۈشتى.

ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە دېموكراتىك دۆلەت سالاھىيىتىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئورتاق گەۋدىسىگە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى، زىيالىيلار ۋە سودا ساھەسىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرىلا ئەمەس، يەنە كەڭ ئاممىلار ئارىسىدىمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇمىدۋارلىق ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. بۇ

خىل ھېسسىياتنى ئويغىتىپ، كىشىنى پۈرسەت ۋە تېزلىكتە زامانىۋىلىشىدىغان يېڭى ئەسىرنىڭ پات ئارىدا كېلىدىغانلىقى تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. بۇ يېڭى كەيپىيات يەنە كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ ئاما ئارىسىدىكى تەسىرىنى سۇسلاشتۇردى. بۇ ئىككى دۆلەتتە، كىشىلەر كوممۇنىز مىنىڭ ھەم ھازىرقى مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ياردىمى يوق ھەم يېڭى كۆرۈلۈشكە باشلىغان كەلگۈسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يېتەكچى ئەھمىيىتى يوق دەپ قاراشقا باشلىدى.

ياۋروپادىكى باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، كوممۇنىزم سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتە تېخىمۇ بازىرى قالمىدى. ئەنگلىيىدە، كوممۇنىزمنىڭ ئۈنى ئۆچتى، كوممۇنىستلاردىن ئاران 10 مىڭ قالدى. كومپارتىيە ژۇرنىلى «ھازىرقى زامان ماركسىزمى» دا دائىم «قاتماللاشقان سوتسىيالىزم» تەنقىد قىلىنىپ، «بازار سوتسىيالىزمى» ۋە «خەلقئارالىق رىقابەت» قاتارلىق بىدئەت تەلىمات دەپ ئىنكار قىلىنغان نەرسىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى، يەنە ئىلىم ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرنى ساقلىدى. سكاۋاندىيە يېرىم ئارىلى ۋە غەربىي گېرمانىيىدە، كوممۇنىزم ئەمدى سىياسىي ئامىل ئەمەس، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالماس بولۇپ قالدى. كوممۇنىزم ئامېرىكىدىكىگە ئوخشاش پەقەتلا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىدئەت تەلىمات. كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، قانۇنلۇق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەڭ يېقىنقى نەچچە قېتىملىق سايلامدا پەقەت 9 پارتىيە 5% تىن يۇقىرى سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، 5 پارتىيە 10% تىن يۇقىرى سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى.

ماركسىزم بارلىققا كەلگەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا، بۈگۈنكى كوممۇنىزم پەقەتلا سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن قالغان ئاسار ئەتىقە بولۇپ، كۆپ قىرلىق دېموكراتىك سىياسەت دولقۇنىنىڭ زەربى ـ سىگە ئۇچرىغان قۇربانلىق بۇيۇم بولۇپ قالدى.

# 19ـ باب: كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ساھەسىدىكى مەغلۇبىيىتى

كوممۇنىزم گەرچە بىر قانچە تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بارلىق دۆلەتلەردىكى كوممۇنىزم ئەمەلىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. سوۋېت ئەندىزىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد سىياسەتلىرى كۆزلەنگەن تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىشىش ئاتا قىلالمىدى. ئۆتكەن 10 يىلدا، قايتا ـ قايتا كۆرۈلگەن مەغلۇبىيەت ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى ۋە كوممۇنىزم نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۈمىدسىزلىنىش كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دەسلەپتە، ماركسىزم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى دولقۇنغا رەھبەرلىك قىلىدىغاندەك كۆرۈندى، شۇڭا ئۈچىنچى دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىزم يۆلىنىشىگە ئىلگىرى سۈرىدىغان توسقۇنلۇق بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ خىل ۋەزىيەت خرۇشچېۋنىڭ 50ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئارزۇسىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى چوڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، ئىقتىساد مۇسابىقىدە تېزلا ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوۋېتنىڭ «سوتسىيالىزم قۇرۇش» تەجرىبىسى ھەممىگە ماس كېلىدىغان ھەقىقەت دەرىجىسىدە ھۆرمەتلەندى. خرۇشچېۋ بۇ ھەقتە زوق شوق بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان ھىندونېزىيە، ھىندىستان ۋە بىر قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرىگە يۇقىرىقىدەك ئۇچۇرلارنى قىزغىنلىق بىلەن تارقاتتى.

كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئۈمىدۋارلىققا تولغان بۇ باسقۇچتا، سوۋېت رەھبەرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانى ئىككى دۈشمەنلىشىۋاتقان لاگېرغا

ئايرىشتەك (سوۋېت رەھبەرلىكىدىكى جاھانگىرلىك قورشاۋىدا قالغان سوتسىيالىزم لاگېرى ۋە ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى تاجاۋۇزچى جاھانگىرلار لاگېرى ۋە ئامېرىكا ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۇنيادىكى تەرەققىي قىلمىغان رايونلار) ئەنئەنىۋى قارىشىنى تۈزەتتى. خرۇشېۋ مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر يېڭى شەيئى، بۇ يېڭى شەيئىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كېتىدىغان كۈچ لېنىن نەزەرىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىن كەلگەن دەپ قارىدى. ئۇ بۇ ئاساستا: يېڭى ئازاد بولغان دۆلەتلەر «تىنچ رايون» لارغا ۋەكىللىك قىلىپ، تېز سۈرئەتتە سوتسىيالىزمغا ئۆتەلەيدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەملىرى ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى تەجرىبىسى ئاساسىدا دوستانە نەزەرىيە يېتەكچىلىكى تەمىنلەيدۇ، جاھانگىرلارنىڭ سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا بولغان قارشىلىقىنى توسۇش ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇساپىسىنى تېزلىتىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرى كاپىتالىزم لاگېرى تەلتۆكۈس مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گەرچە دەسلەپتە خرۇشېۋ ئۆزگە تارتقان يېڭىدىن گۈللەنگەن دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن ھېچقايسىسى ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى رەسمىي قوبۇل قىلمىغان، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنىڭ نىشانى كوممۇنىزم قۇرۇش ئىكەنلىكىنى جاكارلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنى مۇستەقىللىقتىن كېيىن بىرىنچى باسقۇچتىكى كۆزلىگەن ئىجتىمائىي ئىقتىساد شەكلى ئىكەنلىكىنى قوللىدى. ھىندىستان، ھىندونېزىيە قاتارلىق بىر قىسىم چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ھەمدە ئافرىقىدىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن دۆلەتلەر ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا مەلۇم شەكىلدىكى دۆلەت سوتسىيالىزمنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ھەممىسى سوتسىيالىزم چوقۇم ئۆز دۆلىتىگە خاس بولغان مىللىي مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشتە چىڭ تۇردى. غەربىي ئافرىقىدىكى يېڭى دۆلەت گىۋىنىيە رەھبىرى ئەھمەد سېكو تور (Sékou Touré) خرۇشېۋنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە بۇ ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى. ئۇ:« ئافرىقا خەلقى، بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپى سەپەرۋەرلىك قىلغان ماركسىزىمنىڭ ئافرىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان مەزمۇنلىرى

چىقىرىۋېتىلدى» دېگەن.

لېكىن، يېڭى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئۆزلىرىگە ھەقىقەتەن پايدىسى كۆپ دەپ قارىدى ھەمدە مەلۇم ئالاھىدە سىياسىي سەۋەبنى چىقىش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرغىب قىلغان نەزەرىيىنى قوبۇل قىلىشنى خالىدى. ئۇلار لېنىننىڭ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش ۋە مۇستەھكەملەش تاكتىكىلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي نوپۇزىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش نىيىتىدىكى يېڭى دۆلەتلەر ھوقۇقدارلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى چوقۇم قاتتىق، تەبىقىسى ئېنىق بولۇش دېگەندەك نەزەرىيەلەرگە ئالاھىدە قىزىقىدۇ. ئۇلار لېنىنىزمدىكى قۇرال كۈچىنى سىياسىي قالقان قىلىش دېگەن قاراشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى تېزلا بايقاشتى، مەلۇم دەرىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى نەزەرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى، سوتسىيالىزم ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا تارىخىي قانۇنلۇق ئىسپات تەمىن ئېتەتتى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ خىل سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك نەزەرىيە ساھەسىنىڭ ناتوغرا ئىستىلىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى، كىشىلەر بەس- بەستە مەلۇم شەكىلدىكى سوتسىيالىزمنى دۆلەت قۇرۇش ئاساسى ۋە زامانىۋىلىششقا تۈرتۈشىدىغان قىسقا يول دەپ قارايدىغان بولدى. لېكىن بۇ خىل ناتوغرا ئىستىل تېزلا غايىب بولدى، سوۋېت تەسىرىمۇ خۇددى ھەشقىپىچەكتەك بىردەملىك بولدى. سوۋېت رەھبەرلىرى ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ يېڭى دۆلەتكە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىنى سەرپ قىلدى، لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى كىشىلەرنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان قىزىقىشىنى ئۇنۇملۇك بۇرىدى. ھىندىستاندا، دۆلەت كونگرېسى پارتىيىسىنىڭ نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ ھەم خارولد لاسكى (HaroldLaski) ۋە لوندون ئىقتىسادشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ سوتسىيالىزم تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پارلامېنتلىق تۈزۈمنى قوغداپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئارىلاشما ئىقتىساد تۈزۈمنى ئومۇملاشتۇردى. ھىندونېزىيەدە كومپارتىيە 1965-يىلى تاقەت

قىلالماي ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن قوراللىق توقۇنۇشتى، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ تەشكىلاتى تەلتۆكۈس ۋەيران بولدى.

ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيە پروگراممىلىرىنىڭ يولغا قويۇش مۇمكىنچىلىكى بىر مەزگىل باردەك تۇيۇلدى. ئافرىقىدا، مۇستەملىكىچىلىك پەيدا قىلغان ئىرقچىلىق تەبىئىي ھالدا ئاشقۇن سىياسىي خاھىشنى ئېغىرلاشتۇردى. ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، بۇ خاھىشنىڭ كەسكىنلىشىشىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆزىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى پەيدا قىلغان. بىرلا ۋاقىتتا، يېڭى مۇستەقىل بولغان ھەر قايسى مىللەتلەردە بىرلىككە كەلگەن، مۇستەھكەم مىللىي ئىدىيە كەمچىل بولۇپ، دەل بىردەكلىككە كەلگەن نەزەرىيە بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ھەمدە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە موھتاج. زامانىۋىلىشىش سېپىگە قېتىلىشقا تەقەززار، ئەمما ئۆزىگە خاس تارىخ قارىشى شەكىللەندۈرگىدەك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كەمچىل بولغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماركسىزمنىڭ ئىخچاملاش نەزەرىيىسى تەبىئىيلا زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نۇقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى كۆپ قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرى ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيىدىن كىچىك بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىگەن چەكلىك ئىقتىسادىي ياردەممۇ نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

70-يىللاردا، بىر قانچە ئافرىقا دۆلىتى شۇنداق قىلىپ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنى باشلىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئانگولا، موزامبىك، ماداغاسقار، كونگو، بېنىن ۋە ئېفئىوپىيە قاتارلىق 6 دۆلەت ھەتتا ماركسىزم-لېنىنىزمنى دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىگە بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى. ئافرىقىدىكى باشقا 9 دۆلەت ئالجىرىيە، لىۋىيە، يېشىل تۇمشۇق جۇمھۇرىيىتى، گىۋىنېيە (بىسساۋ)، گىۋىنېيە، سان تومې ۋە پرىنسىپې جۇمھۇرىيىتى، زامبىيە، تانزانىيە ۋە سېيشېل قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى تۇتىدىغانلىقىنى، ئەمما كونكرېت يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن ئۆز دۆلەت ئەھۋالىنى

ئويلىشىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرىگە لېنىنىزم تامغىسىنى ئۇرۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى. لېكىن، يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئۆزلىرى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان دۆلەت ئورگانلىرىنى قۇردى ھەمدە ھەربىيلەشكەن بىر پارتىيىلىك ھاكىم مۇتلەقلىقىنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت تەشكىللىدى.

لېكىن، رېئاللىق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ساددا ھەمدە سال گۇدەكلەرچە سوتسىيالىزم قىزغىنلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنىڭ كۆلىمى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمىدى. ھەر قايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشتىكى ئىقتىدارسىزلىقى، خىيانەتچىلىك-پارىخورلۇق ۋە ئەسلىدىكى خوجايىن دۆلەتلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئۈزۈش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقلار بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىقتىسادىي چېكىنىش پەيدا قىلدى. نىسبەتەن باي دۆلەت لىۋىيە ياكى سىياسىي ئاساسى نىسبەتەن ياخشى بولغان دۆلەت ئالجىرىيىلەر بولسا تېز سۈرئەتتە ئۆزگە ماس بولغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات پروگىرا مملىرىنى تۈزۈپ چىقالىدى. ئالجىرىيىنى مىسالغا ئالساق: ئالجىرىيە ئۆزىنى ئىلگىرىكى خوجىسى فىرانسىيە بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى. باشقا دۆلەتلەر ئاساسەن ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئانگولا ۋە مۇزامبىك قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەر قەبىلە توقۇنۇشى ۋە سىياسى توقۇنۇش سەۋەبىدىن ئىقتىسادى ۋەيران بولدى، توقۇنۇشقۇچى بىر تەرەپ شەرق گۇرۇھىدىن ياردەم سورىسا يەنە بىر تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ياردىمىنى ئالدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كوممۇنىزمنىڭ ئافرىقىدىكى سىياسىيدا قولغا كەلتۈرگەن غەلبىسى چەكلىك، ئەمما مەغلۇبىيىتى روشەن ۋە ئومۇميۈزلۈك بولدى. «سوتسىيالىستىك» ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىقتىدارسىز ۋە قەبىھلىكى شەك شۈبھىسىزكى ئېفئوپىيىدىكى ئاچارچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. بۇ ھاكىمىيەت ھەتتا ئاچارچىلىقنى دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇش ۋاستىسى قىلدى. ئافرىقىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى تانزانىيىنىڭ ئىقتىسادىي كاساتچىلىقى قوشنىسى كېنىيىنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولىدى (كېنىيە دوگمىچىلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىنى تۇتقان). تانزانىيەنىڭ كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى پىروگىراممىسى ھوسۇلنىڭ زور كۆلەمدە ئازلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، كېنىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تانزانىيىدىن تۆت ھەسسە تېز بولغان. 1980-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە، كېنىيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا 3.1% سۈرئەتتە ئېشىپ بارغان، تانزانىيىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاران 0.8% بولغان. ئوخشاش مەزگىلدە، كېنىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يىلىغا 2% ئاشقان، ئەمما تانزانىيىنىڭ ئەكسىچە 4.5% تۆۋەنلىگەن. كېنىيىنىڭ بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، ساقلىقنى ساقلاش، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بولىدى. غەربىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدا گىۋىنىيە پرېزىدېنتى سېكو تور ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن قىلغان ئىشى 1980-يىلى ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش بولىدى، ئۇ ئامېرىكا پرېزىدېنتىدىن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتىن باشقا يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ ئافرىقا سوتسىيالىزم دۆلىتى قۇرۇشنىڭ ئالدانغانلىق ئىكەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئاغرىندى.

كېڭەيتىپ ئېيتقاندا، 80-يىللارغا كەلگەندە، ئۈچىنچى دۇنيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ھەممە بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن سىياسىي كاپىتالنى سۈزۈپ ئېلىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئابرويى زور دەرىجىدە چۈشۈشكە باشلىدى. ئاسىيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىسى بولىدى، ئەمما روشەن ھالدا سوتسىيالىزمسىز ئۇسۇلنى قوللاندى. كوممۇنىزم يولىدا ماڭغان ۋېيتنام، لائوس ۋە كامبودژالار ئىجتىمائىي ئىقتىساد مەغلۇبىيىتىنىڭ گەۋدىلىك مىسالى بولۇپ قالدى. ۋېيتنام گەرچە ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشسىمۇ، ئەمما گۈرۈچ مەھسۇلاتى ئۇدا ئىككى يىل ئازايدى، ۋېيتنام يەنىلا خەلقىنىڭ قورسىقىنى باقالىغۇدەك ئاشلىقنىمۇ ئىشلەپ چىقىرالمىدى، خانوي چەتئەللەردىن ياردەم سورىغاندا تۆت مىليون

ۋېيتناملىق ئاچارچىلىقتا «جان تالاشماقتا » دېدى. پۇل پاخاللىقى 700% كە يەتتى. ھۆكۈمەت ئۈچ مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تاشقى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، تاشقى پېرېۋوت ئازىيىپ پەقەت 20 مىليون قالدى. ئۆتمۈشتە، ۋېيتنام «كىمچىلىرى» دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋە مىللىي زىيانكەشلىكلەر سەۋەبىدىن چەتئەلگە قاچاتتى؛ ھازىر تىرىكچىلىك ئۈچۈن چەتئەلگە قاچىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، كاپىتالىزم دۆلىتى بولغان قوشنىسى تايلاندنىڭ ئىقتىسادى گۈللەپ ياشنىدى. 80 ـ يىللاردا تايلاندنىڭ يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى تەخمىنەن 5% بولدى ۋە 1988 ـ يىلى 9% كە يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى. بۇ سەۋەبلىك تايلاندلىقلار باشقا شەرقى جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ھەمدە 90 ـ يىللاردا يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت دۆلىتى سېپىگە كىرىشىدە ئۈمىد بار.

ئافرىقىدا، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىۋاتقان ئازغىنە نەچچە دۆلەت ئىقتىسادىي كاساتچىلىقتا ئۆچرىغىنى يوق، بەلكى سوتسىيالىزم ئاسارىتىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. بىر مەزگىل سوۋېتچە دۆلەت سوتسىيالىزمى يولىنى تۇتۇپ باققان ھەر بىر ئافرىقا دۆلىتىدە، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەلۋازى بارغانسېرى شىددەتلىك بولدى. چارەك ئەسىرلىك مۇستەقىللىقتىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان «سوتسىيالىستىك» دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپ چىقىرىش قىممىتى ئەكسىچە بۇرۇنقىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئافرىقىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىچە تەرەققىيات نەزەرىيىسى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە قارشى ئېلىنماس بولدى. كىچىككىنە سان تومىي ۋە پرىنسىپى 1975 ـ يىلى مۇستەقىل بولغاندا ھۆكۈمەت قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان كاكائو ئېكىنزارلىقىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش بولدى. ئون يىلدىن كېيىن شەرقى گېرمانىيىدە ئوقۇپ كەلگەن پرېزىدېنت ئۇ ئېكىنزارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يوقاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خۇسۇسىيلارغا ئېكىنزارلىقنى ساتماقچى بولغانلىقىنى جاكارلىدى. تانزانىيە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە ساياھەتچىلىككىمۇ ئوخشاش تەدبىر قوللاندى، بىرلا ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىكىنى كونترول قىلىشنى بوشاشتۇردى. ئانگولا شەخسلەردىن سودىگەر

چاقىرىپ زىيان تارتقان دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخا نىلارنى سېتىشنى پىلانلىدى. 1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغا قەدەر، بېنىن، كونگو، گانا ۋە باشقا سوتسىيالىزم تۈسى ئاجىز دۆلەتلەرمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتقان خەتەرلىك يۈزلىنىش بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىچە ئىقتىسادىي ئەندىزىنىڭ ئازابىنى تارتقان بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرى باشقا بىر ئاشقۇنلۇققا ئېغىپ چىقىش يولى تاپماقچى بولدى.

كوممۇنىزمنىڭ ئافرىقىدىكى مەغلۇبىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسەتتى. موسكۋانىڭ سىياسىتى بارغانسېرى قاراتمىلىققا ئىگە بولدى، جۇغراپىيىۋى سىياسەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، نەزەرىيە تەشۋىقاتى ئازلىدى، ئىقتىسادىي ياردەممۇ ئازلىدى. 70 ـ يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزم يولىدا ماڭماقچى بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرىگە بېرىدىغان ياردەمنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، ھەرىكەت دائىرىسىنى ئاساسلىقى ئانگولا بىلەن ئېفىئوپىيىگە مەركەزلەشتۈردى. بۇنداق قىلىشى ئاساسلىقى ئامېرىكا بىلەن جۇغراپىيىۋى سىياسەت ئۈستۈنلۈكىنى تالىشىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئافرىقا قىتئەسىدە ئىدېئولوگىيە كۆرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، بۇ ئىككى دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافرىقىدىكى ئاساسلىق دىققەت ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور بەدەل تۆلىدى: ئېفىئوپىيە دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتلەر نىڭ بىرى بولۇپ قالدى (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمى قىممىتى ئاران 110 ئامېرىكا دوللىرى بولغان)؛ ئانگولا بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى راسخوت ۋە تولۇقلىما بەرگەن، 50 مىڭ كۇبا ئەسكىرى بىلەن قىلغان ئىچكى ئۇرۇشتا پارچىلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت يۆنىلىشىنىڭ ئىزچىللىشىشى 80 ـ يىللارغا قەدەر يەنىلا داۋاملاشتى ھەمدە ئۇدا تېزلەشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى دىققىتىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھاتقا ئاغدۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى كوممۇنىزمنىڭ ھەشقىپچەكتەك ئېچىلىپلا توزۇيدىغان كەلگۈسىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ

ئوتتۇرىلىرىغــا كەلگەنــدە، ئافرىقىــدىكى ســوۋېت مۇتەخەسسىســلىرى يەرلىكلەرنــى دۇنيا بازىرىغا قايتىــپ، چەتئەل مەبلىغىنــى جەلــب قىلىــش ئــارقىلىق ئۆزلىرىنىــڭ ئىقتىســادىي مەســىلىلىرىنى ھەل قىلىشــقا ئىلھــاملا ندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمدى ئافرىقا دۆلەتلىرى ىنىڭ تەرەققىياتىغــا مەبــلەغ تەمىنلىمەيــدىغانلىقىنى ئىپــادىلەپ بەردى. ئافرىقــا بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ئۇچرىششى مانــا مۇشــۇنداق ئــۆز ئــارا ئۈمىدســىزلىككە ئايلىنىپ ئاخىرلاشتى.

ماركىســىزملىق قــاراش بىــلەن ئۆلچىگەنــدە، كوممۇنىزمنىــڭ لاتىــن ئامېرىكىســىدىكى ئەمەلىيىتىمــۇ كىشــىنى ئۈمىدســىزلەندۈردى. مەيلــى ئەمەلىيەت ياكى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەھۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياكى لاتىن ئامېرىكىسى كوممۇنىستلىرىنى رازى قىلالمىدى. دەرۋەقە، ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كوممۇنىزمنىڭ 1950-يىللارنىڭ ئاخىردا كۇبادا ۋە 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىدا نىكاراگۇئادا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى مۇھىم بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كومپارتىيە ئــاخىرى غەربىي يېرىم شارغا ئاياغ بېسىــپ، يىلتىــز تارتالىدى. بۇ رايوندىكى ھەل قىلغۇچ جاھانگىر دۆلەت خىرىس ئالدىدا ئىلاجسىــز قالــدى، بــۇ نۇقتــا ئىنكــار قىلغىلــى بولمايــدىغان تــارىخىي ئەھمىــيەتكە ئىــگە. كۇبــادىكى غەلىبىســى ســوۋېت ئىتتىپــاقى قوللىغــان ھاكىمىيەت دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ تۇمشۇقى ئاستىدىمۇ قۇرۇشقا بولىدۇ ھەمدە كۇبانى چىقىش قىلىپ، كوممۇنىزم ئىنقىلابىنىڭ ئوتنى پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىغا تۇتاشتۇرالايدۇ.

لاتىــن ئامېرىكىســىنىڭ كونكرېــت ئەھــۋالىنى، بولۇپمــۇ ئۇنىــڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇدرەتلىك بولغان شىمالدىكى قوشنىسى بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، يەنە بۇ رايوندىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد شارائىتىنىڭ ماركىسىزمنىڭ كىلاسسىك نەزەرىيىسىگە تامامەن ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئىنقىلاب ئوتىنىڭ بۇ يەرگە تۇتۇششىغا يېتەرلىك ئاساس بار. يەر مەيدانى زور، ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ بۇ رايونغا ئىككى-ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن ھەر قانداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما تەخمىنەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ماركىسىزم تەلىماتى باش

كۆتـۈرگەن چاغـدىكى جەمئىـيەت ئەھـۋالى ئىنتـايىن يىقىنلىشـىدۇ. لاتىـن ئامېرىكىسىنىڭ يېزا ئىقتىسادى ئاساسەن فېئودال تۈزۈمنى ئاساس قىلغـان، چـوڭ ئېكىنـزارلىقلار يەرسـىز دېھقـانلار نـىڭ ئەمگىكـى بىـلەن يۈرۈشـىدۇ، دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى چالا ساۋات ھىندىئان ئەۋلادلىـرى بولـۇپ، پـات۔ پات خورلىنىشقا ئۇچراپ تـۇراتتى. بـۇ رايونـدىكى تېـز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان شەھەرلەر زور تۈركۈمدىكى ئۆي ماكانسىز دېھقانلارنى قوبۇل قىلدى. ئېقىـپ كىـرگەن دېھقـانلار ئىشسـىز يـاكى يېـرىم ئىشسـىز بولـۇپ قالـدى. شـەھەردە يەنە سىياسـىي جەھەتـتىن بارغانسـېرى جانلىنىۋاتقـان ئوتتـۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە پارازىت سانىلىدىغان، ئەمما سىياسـىي ھوقـۇقى زور بولغـان بىيۇروكراتلار۔ھەربىيلەر قاتلىمى ئولتۇراقلاشقان. بـۇ رايوننـىڭ ئىقتىسـادىي تەرەققىياتى ئىنتـايىن تەكـشۈكـسىز. بەزى دۆلەتـلەردە سـانائەت تېخنىكىسى ئۇچقانـدەك تەرەققـى قىلغـان، يېزىلـىرى ئىنتـايىن قـالاق ئەھـۋاللار دائىـم كۆرۈلـۈپ تۇرىـدۇ. بـۇ رايونـدىكى دۆلەتلەرنـىڭ ئىقتىسـادى دۇنيـا تـاۋار بازىرىدىكى باھا تەۋرىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئاسـانلا ئۇچرايـدۇ. 70۔يىلـلاردا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن نېفىت دوللىرى سەۋەبلىك پەيدا بولغـان قاتمۇقـات قەرزلەر بـۇ رايوننـىڭ ئومۇميۈزلـۈك تەرەققىيـاتى ئۈچـۈن قىيىنچىلىـق تۇغـدۇردى. بۇنىڭـدىن باشـقا، دۇنيانـىڭ ئالـدىنقى قاتارىـدا تۇرىـدىغان تۇغۇلـۇش نىسـبىتى كەلتـۈرۈپ چىقارغـان نوپۇسـنىڭ پارتلىشـى ھـازىرقى مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئاپەت خاراكتېرلـىك بېسـىم شـەكىللە ندۈردى.

شۇڭا، ئاز دېگەندىمۇ نەچچە لاتىـن ئامېرىكىسـى دۆلىتىـدە ماركسىـز منىڭ تىپىك ئىنقىلاب شارائىتى ھازىرلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، لاتىـن ئامېرىكىسىدا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەۋجۇتبولـۇپ، لاتىـن ئامېرىكىسـىغا خـاس بولغـان بـۇ ئاشـقۇن ئامىـل ماركىسـىزملىق ئىنقىلابنىـڭ ھېسسـىي ۋە ئىـدىيۋى ھەرىكەتلەنـدۈرگۈچ كـۈچى ئىـدى. ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتنىڭ دەرىجىسى ھەرقايسى دۆلەتـلەردە پەرقلىق. گەرچە پەقەت مېكسـىكا، كۇبـا ۋە ئوتتـۇرا ئامېرىكىـدىكى نەچـچە دۆلەت ئامېرىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىـك ۋە چـات كىرىـۋېلىش سىياسـىتىنىڭ ئـازابىنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ئېيتقانـدا، لاتىـن ئامېرىكىسـىدىكى بـارلىق دۆلەتلەردىكـى ئىجتىمـائىي قاتلىمـدا، بولۇپمـۇ زىيـالى ۋە ئوقوغـۇچىلار

ئارىسىدا مىللەتچىلىك ۋە ماركسىزم ئورتاق قوزغىغان ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. كىشىلەر ئامېرىكىنى كېڭەيمىچىلىك قىلدى، ئېكسپلاتسىيە قىلدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى دەپ قاراپلا قالماستىن، يەنە ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتى قوپال-چاكىنا، پۇل ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ دەپ قارايتتى. جامائەت پىكرى زاتلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئامېرىكىغا قارشى قاراشلار كىشىگە سولچىل سالونىنىڭ نەچچە ئون يىل بۇرۇن پارىژدا كەڭ تارقالغان سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

لاتىن ئامېرىكىسىدا كىشىلەر ئەڭ چوقۇنىدىغان شەخس چې گۇۋارا (Che Guevara) ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىنقىلابىي ئۇسۇلى بىلەن ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن. ئۇ ئوچۇق ھالدا ئامېرىكىنى «ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى» دەپ جاكارلىدى. ئۇ كاستىرودىنمۇ كەسكىن ئابرۇيلۇق، 60-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 70-يىللاردا ئىنقىلابنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭچە، ئىنقىلاب غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن جەمئىيەتكىلا ئەمەس، يەنە ئامېرىكىغىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك. كۇبا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۇ كەڭ كۆلەملىك رايون خاراكتېرلىك ئىنقىلابنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەن ۋە ئىنقىلاب تەقەززاسىدا بولغان. قورال كۈچى بىلەن جەمئىيەت ۋە ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدىغان پەيت پىشىپ يېتىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بارلىق بىدئەت نۇقسانلارنىڭ يىلتىزىنى ئامېرىكا يۆلىگەن ۋە پايدىلانغان ئىدى. شۇڭا، ھەر قانداق ھەقىقىي بىر ئىنقىلابىي كۈرەش چوقۇم ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق دۈشمەنگە قارىتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەينى يىللاردا بۇ نەزەرىيە بەزى دۆلەتلەر (ئاساسلىقى بولىۋىيە ۋە ۋېنسۇئېلا) دا رومانتىك تۇسكە ئىگە ئىنقىلابىي پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى.

1967-يىلى چې گۇۋارانىڭ بولىۋىيەدە قولغا ئېلىنىشى ھەمدە ئېتىۋېتىلىشى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنقىلاب ھەيۋىسىگە بەلگىلىك زەربە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار ۋە كاستىرو چې گۇۋارانىڭ ئىنقىلابىي رومانتىزمىنى قوللىمىدى. ئۇلار بەلگىلىك تەۋەككۈلچىلىك پىسخىكىسى بىلەن ئاۋۋال غەربىي يېرىم شاردا قۇرۇلغان كوممۇنىزم بازىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئاندىن ئىنقىلابنى كېڭەيتىش نىيىتىدە ئىدى. لېكىن چې

گۇۋارانىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ۋەسىيىتى ھەمدە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە ئامېرىكىغا قارشى كۈرەش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى داۋاملىق سىياسىي تەسىر پەيدا قىلدى ھەمدە لاتىن ئامېرىكىسىدا كوممۇنىزمنىڭ ئۈزۈن مەزگىللىك ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىدىيە ئاساسىنى ئىلگىرى سۈردى.

چې گۇۋارانىڭ ۋەسىيىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇمىدى «ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى(Liberation theology)»نىڭ مەيدانغا چىقىشى تۈرتكىسىدە سىياسىي جەھەتتە بىر مەزگىل ئۈزنىڭ ئەسلىدىكى ھاياتى كۈچى ۋە مەۋجۇتلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاتالمىش ئازادلىق ئىلاھىيە تچىلىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاجىز ئاۋامغا ئىچ ئاغرىتىشى ۋە ماركسنىڭ كاپىتالىزمنىڭ جىنايىتىگە بولغان تەھلىلىنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرگەن ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىدۇر. بۇ ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ئامېرىكا كاپىتالىزمى چوقۇم يوقىتىش كېرەك بولغان ئىبلىس نىڭ مۇجەسسەمى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا كاپىتالىزمى لاتىن ئامېرىكىسى نىڭ «بېقىنما» ئورنىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ «بېقىنما»ھالەت نامرات لاتىن ئامېرىكىسى ئاممىسىنى ئۇزۇن مۇددەت دۆلەت ۋە شەخسنىڭ زۇلۇمىغا سېلىپ قويغان ئىدى. بۇ ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ ئىسمى 1971 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كاتولىك ئىلاھىيەتشۇناسى گۇستاۋ گۇتېررىز （Custavo Gutierrez） نىڭ بازارلىق كىتابى «ئازادلىق ئىلاھىيە تچىلىكى» دىن كەلگەن. بۇ كىتاب ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئامېرىكىغا قارشى كۈچلۈك كەيپىياتقا تولغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا كاتولىك دىنى يېتەكچىلىك قىلىدىغان لاتىن ئامېرىكا رايونىدا كەڭ ئاممىنىڭ بىردەك ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خۇددى گۇستاۋنىڭ ئېيتقىنىدەك، «ئېزىلگەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى» لاتىن ئامېرىكىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «جىددىي ئېھتىياجلىق تەرەققىيات ئەمەس، بەلكى 'ئازادلىق'... لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئورغۇن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئازادلىق ھامان زوراۋانلىق يولىدا ماڭىدۇ».

ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى بۇ خىل شەكىلدە ئىنقىلابنىڭ زوراۋانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئەخلاقىي ئاساس تەمىنلەپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەخلاقسىزلىققا قارشى ھەققانىي غەزىپى ۋە لېنىن تەكىتلەيدىغان ئىنتىزامچان ئىنقىلاب ھەرىكىتى ئارىسىغا كۆۋرۈك سالدى. نىكاراگۇئا ۋە

سالۋادوردىكى ئىنقىلابلاردا ئازاتلىق ئىلاھىيەتچىلىكى ئۆزىنىڭ رولىنى كۆرسەتتى. سادىق كوممۇنىستلار بىلەن رادىكال كاتولىك روھانىيلىرى مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى. كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىنقىلابىي قىلمىش ئەخلاقىي ھەققانىي غەزەپنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، يەنە ئەخلاقىي ئېھتىياجنى ئىپادىلىدى دەپ قارىدى. يەنە بىر ئازادلىق ئىلاھىيەتچىسى خوس مىگىز بونىنو (Jose Miguez Bonino) يۇقىرىقى قاراشقا بىر كومېدىيىلىك ھېكايە ئارقىلىق چوڭقۇر ۋە مىغىزلىق چۈشەنچە بەردى. ئۇرۇگۋايدىكى نامراتلار مەھەللىسىدىكى بىر پروتېستانت چىركاۋىدا قويۇلغان ئويۇندا، بىر ئارتىسنىڭ «ئۇنداقتا، خرىستوس ئەيسا زادى كىم؟» دەپ قويغان سوئالىغا يەنە بىر ئارتىس«بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، چې گۇۋارا- خرىستوس ئەيسانىڭ نەق ئۆزى» دەپ جاۋاببەرگەن.

ئاۋام شۇنچە نامرات، ئىجتىمائىي تۈزۈم شۇ قەدەر تەڭسىز، مەڭگۈلۈك ئىقتىسادىي كرىزىسقا پاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا، ماركسىزىم بىلەن ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى پۈت تېپىشمىدى، ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات بۇ ئىككى نەزەرىيىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى، ئەمما كوممۇنىزم ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى شۇنچە كىچىك بولىشىنى چۈشىنىش ناھايىتى تەس. ماركسىزم-لېنىنىزم ھاكىمىيىتىنىڭ كۇبا ۋە نىكاراگۇئادا قۇرۇلۇ شى كوممۇنىستىك بۇ خۇلاسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. كۇبا كارىب دېڭىزىد ىكى يېگانە ئارال بولۇپ، كومپارتىيە ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەندە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. نىكاراگۇئا ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى كىچىك يېزا ئىگىلىك دۆلىتى. ئىككىلا دۆلەتنىڭ ئىنقىلابى ئامېرىكىنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى پەيدا قىلغان كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. مىللەتچىلىكنىڭ غەزەپ-نەپرىتى بىلەن ماركسىزمنىڭ چاقىرىق كۈچىنى سىلىشتۇرغاندا، مىللەتچىلىكنىڭ غەزەپ-نەپرىتى سىياسىي ئاشقۇنلۇق نىڭ تېخىمۇ مۇھىم مەنبەسى. كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرىقى ئىككى دۆلەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشى ئامېرىكىنىڭ خاتالىقى، ئارىسالدىلىقى ۋە ئىزچىل لىقى كەمچىل بولغان سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

لېكىن، كوممۇنىزم سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۆرۈلىدىغان شەھەر-يېزا ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، لاتىن

ئـامېر ىكىسـسىنىڭ باشـقا جايلىرىـدا سىياسـىي جەھەتـتىن تېخىمـۇ زو ئىلگىرىلەشـلەرگە ئېرىششـى كېـرەك ئىـدى. ماركىسـىزمنىڭ نەزەرىيىسـىگە ئاساسـلانغاندا، كاپىتـالىزم تەرەققىـي قىلىـپ بـۇ باسـقۇچقا يەتكەنـدە، جەمئىيەتـتە ئۆتكـۇر سـىنىپىي زىـددىيەت كۆرىلىـدۇ، كومپـارتىيە بـۇ زىددىيەتلەردىن ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتەتتى. ئەمما، كومپارتىيىنىڭ مەيلى قـانۇنلۇق يـاكى قانۇنسـىز ھەرىكەتلىـرى بولسـۇن ھەممىسـى سىياسـىي خاراكتىرلىـك بۆسۈشـنى قولغـا كەلتۈرەلمىـدى. شـەھەر بـازارلاردىكى پـارتىزانلىق ھەرىكەتلىـرى پۈتـۈنلەي مەغلـۇب بولـدى. لاتىـن ئامېرىكـا سىياسىيسـىنىڭ پەيـدىنپەي دېمـوكراتىيىگە يۈزلىنىشـى كومپارتىيىنىـڭ سـايلامدا كىشـىنى ھەيـران قالدۇرىـدىغان دەرىجىـدە قارشـى ئېلىنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

80 ـ يىلـلاردا لاتىـن ئامېرىكىسـىدا ئەڭ يىقىنقـى 14 قىتىملىـق مەملىكەتلىـك سـايلامدا، كوممۇنىسـتلار (بەزى ئەھـۋاللاردا كومپـارتىيەدىن باشقا ناملاردا سايلامغا قاتناشـقان) ئېرىشـكەن ئەڭ ياخشـى نەتىجە پېرودا 26% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، گۋئانـادا 17% بېلەتكە ئېرىشـتى. باشـقا جـايلاردا ئېرىشـكەن بېلىتـى تەخمىـنەن 3% تىـن 5% كـىچە بولـدى. ئارگېنتىنا ۋە بىـرازىلىيەگە ئوخشـاش چـوڭ دۆلەتلەردىمـۇ شـۇنداق بولـدى. گەرچە بىـرازىلىيەدە ئىككـى كومپـارتىيە (بىـرى سـوۋېت ئىتتىپاقىغا، يەنە بىرى ئالبانىيىگە مايىل) سـايلامغا قاتناشـقان بولسـىمۇ، ئېرىشـكەن بېلىتـى رەت تەرتىپىدە ئارقىدىن ئورۇن ئالدى. ( ئالبانىيەگە مايىل پارتىيىنىڭ بىـر نامزاتى غايەت زور نەتىجە قازىنىپ ئەڭ كـۆپ شەخسـىي بېلەتكە ئېرىشـتى. بۇ نامزات 29 ياشـلىق دوكتـور، جانـدرا فېگنـاللى (Fegnalli Dr. Jandira) ئىـدى. ئۇنىـڭ بىكىنـى سـۇ ئۈزۈش كىيىمـى كىيگەن ئـوبرازى كوپاكابانـا (Copacabana) ساھىلىدىكى سەتەڭلىكنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، ئـۇ شـۇڭا ياقتۇرۇشـقا سـازاۋەر بولغـان). ئەكسـىچە كوممـۇ نىسـتلارنىڭ ئـۆز دۆلەتلىرىـدىكى سـايلاملىرىنىڭ نەتىجىسـى بىـر قەدەر ئۇتۇقلـۇق بولـدى، كوممۇنىستلار: نىكاراگۇئادا 63%، كۇبادا 100% بېلەتكە ئېرىشتۇق دەپ جاكارلىدى.

كوممۇنىستلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدە نەچچە خىل سەۋەب بار. يىقىنقىدىن بېرى ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكىسىغا بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر سىياسەت

يۈرگۈزدى، بولۇپمۇ ئىنسانىي ھوقۇق دېگەن بۇ جەلپكار كوزىرنى چىقاردى. بۇ لاتىن ئامېرىكىسىدا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئامېرىكىنى كۈنسېرى چۈشكۈنلىشىۋاتقان، مۇستەبىت ئۇگچىل ھاكىمىيەتلەردىن يىراقلاشتۇردى. لېكىن، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى يەرلىك دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى بولدى. بۇ كۈچلەر تەدرىجىي يوسۇندا شەخسنىڭ ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى بىلەن جەددىي ئىجتىمائىي ئىسلاھات قىلىش تەشەببۇسلىرىنى بىرلەشتۈردى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نەچچە ئاساسلىق دۆلەتنىڭ دېموكراتىيىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىشقا پايدىلىق. نەتىجىدە، ھەتتا بەزى ئاشقۇن ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىرىمۇ ئىجتىمائىي ئىسلاھات بىلەت دېموكراتىيە قىممىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ياخشى-يامانىنى قارىمۇ-قارشى قويىدىغان كوممۇنىزملىق دۇنيا قارىشىنى ئۆزلۈكسىز ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، دېموكراتىيىنى يولغا قويغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاب ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى بايقاپ يېتىشتى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنقىلاب كەيپىياتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىچە «سوتسىيالىزم» نىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن سىرت، پوپ جون پائۇل (Pope John Paul II) نىڭ پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. 1979-يىلى 1-ئايدا ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىنى زىيارەت قىلغاندا:«ھە، شۇنداق، ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى، لېكىن قانداق ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى؟» دېگەن سۇئالنى قويغان. پاپانىڭ بۇ مەشھۇر سوئالى كاتولىك دىنىنىڭ ئىجتىمائىي جىنايەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى مەنىۋى داھىيلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن ماركسىزىم مىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. پاپا ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆگۈتلىرى ۋە ئۇقتۇرۇشلىرىدا باراۋەرسىز جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ھەققانىي غەزىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىش ۋە كۆپ خىللاشقان سىياسىي بىلەن سوتسىيال دېموكراتىيە ئىسلاھاتىنىڭ تەشەببۇسىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئېنىق تەلەپ قىلغان ئىدى. كاتولىك دىنى ئەنئەنىسى قويۇق بولغان لاتىن ئامېرىكىسىدا، پاپانىڭ سۆزى غايەت زور سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ،

كۆپ خىللاشقان دېموكراتىك سىياسەتنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ماركسىزم تەلىماتىنىڭ مەۋجۇدلۇق زۆرۈرىيىتىنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كرىزىس پەيدا قىلغان بىۋاستە سىياسىي تەسىرمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ شۆھرىتى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۈندىن ـ كۈنگە خارابلاشتى. ئارقىدىنلا، گورباچېۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئەيىبلىشى خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقى تەجرىبىلىرىگە بولغان ئەڭ قاتتىق تەھلىل ۋە تەنقىدلەرگە ئۇنۇملۇك ئىسپات تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، لاتىن ئامېرىكىسى زىيالىيلىرى ئاسانلا پارىژدىن كەلگەن كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، شۇڭا يېقىندا فرانسىيىدە مەيدانغا كەلگەن قاراش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كوممۇنىزمنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاتتى. بۇ كۆز قاراش سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ توختاپ قېلىشىنىڭ تىپىك سەلبىي مىسالى، دۆلەت سوتسىيالىزمى كىشىلەر ئىدىيەسىنى بوغۇپ قويىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

كۇبا بىلەن نىكاراگۇئانىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ كىشىلەرنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئېغىرلاشتۇردى. دەسلەپكى كاستروغا ئەگىشىپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقى مۇبادا يوقالسا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى كۇبا ئىنقىلابىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يېتىدۇ. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر يىلى كۇباغا بەش مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ياردەم بېرىۋاتقان بولسىمۇ، كۇبانىڭ ئىقتىسادى يەنىلا توختاپ قالدى، بارلىق ئىقتىسادىي تارماقلار دېگۈدەك ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ئورۇندىيالمىدى. كاسترو 1986 ـ يىلى كۇبانىڭ ئۈچ مىليارد بەش يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن تاشقى قەرزىنى قايتۇرۇشنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە 12 يىللىق قەرز قايتۇرۇش يېڭى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە ئالتە يىل ئۇزارتىلغان قەرەلنى قوشۇمچە قىلدى. كۇبانىڭ مېتال پۇلىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسىنىڭ بىرى سوۋېت ئىتتىپاقى نېفتىنى قايتا ئېكسپورت قىلىشتۇر. كۇبا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق لىمىسىدىن كېيىنكى

باھا بويىچە نېفىت سېتىۋېلىپ، خەلقئارا بازار باھاسىدا قايتا سېتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۇبانىڭ تازىلانمىغان شېكەر ئىشلەپچىقىرىشى نىشانىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان ئەھۋالدا، ئىقتىسادىي كوئوپېراتسىيە كومىتېتىدىكى سېتىش نورمىسىنى تاماملاش ئۈچۈن خەلقئارا بازاردىن نەچچە يۈز مىڭ توننا تازىلانمىغان شېكەر سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى.

كوبا ئىقتىسادىدىكى ئاپەت كاستىرونىڭ ستالىننىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىقتىسادىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. زور كۆلەمدىكى ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ سانى 250 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارغا قاراشلىق ئەمگەك كۈچى ئاران ئۈچ مىليون ئىدى. كاستىرو 1984-يىلى پارتىيىنىڭ 3-قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن مۇھىم نۇتقىدا كوممۇنىزم ئىقتىسادىنىڭ بىر قاتار خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ:

...يېڭى سانائەت يېزا ئىگىلىكى ئەسلىھەلىرى نوپۇس شالاڭ جايلارغا قۇرۇلدى ھەمدە ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇسى يوق؛ ماندارىن تىكىش قاتارلىق مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈرى سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى يوق تېرىقچىلىق بەلبېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ سۇ تارتىش ئەسلىھەسى ۋە ئېلېكتر كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، سۇغۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇق؛ زاۋۇت سېخلىرى ۋە باشقا ئۇسكۇنىلەر ياسالغاندىن كېيىن تولۇق ئۇلاشقا مۇمكىن بولمىدى؛ يېڭى قۇرۇلغان تۇرالغۇلاردا ھۆكۈمەتنىڭ ماس قەدەملىك سەپلەنمىلىرى (مەسىلەن: تاشيول، سودا نۇقتىسى ۋە كۆكۈل ئېچىش سورۇنلىرى) يوق... بىز نەچچە مىليارد پېسو مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۆمۈر يول تۈگۈنى قۇرۇلۇشى سىگنال سىستېمىسى، مال چۈشۈرۈش رايونى ۋە بېكەت قاتارلىقلارنىڭ يوقلىقى سەۋەبلىك ئۈنۈملۈك پايدىلىنىماي تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. دېدى.

كاستىرو كېيىن مەركىزىي كومىتېتقا «ئىقتىسادىي خاتالىق» قا ئالاقىدار كىتاب تۈزگەنلىكىنى، كىتابنىڭ «ھەممە مەزمۇنىنى ئاپەت خاراكتېرلىك ئىشلار خاتىرىلەنگەن» لىكىنى ئېيتقان.

نىكاراگۇئانىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ھەربىيلەشتۈرۈلۈشى دۆلەتنى ئۆزگىرىش مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش نامرات ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

1988 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بىر قۇتا ئىمپورت قىلىنغان ئاناناس كونسېرۋاسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشىنىڭ 20% تىنى خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. بىر ئىشتان سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق مائاشىنىڭ ھەممىسىنى خەجلەش كېرەك ئىدى. پايتەختتە ھەپتىدە ئىككى كۈن تۇرۇبا سۈيى يوق. بىر كۈندە ئۈچ سائەت توك توختاش نورمال ئىش. تاشقى قەرز بىر مىليارد 600 مىليوندىن كۆپييىپ 7 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1987 ـ يىلىدىكى پۇل پاخاللىقى نىسبىتى 1800% كە يەتكەن بولۇپ، ئەمەلىي مائاش 90% تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىقتىسادشۇناسلار 1988 ـ يىلىدا پۇل پاخاللىقى نىسبىتى 10000% گە يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، كۇبانىڭ ئىنسانىي ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشى تېز سۈرئەتتە سىرتقا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ غەزەپ ـ نەپرىتىگە قالدى. ئاران ئون مىليون نوپۇسقا ئىگە كۇبادا قامالغان سىياسى مەھبۇسلارنىڭ سانى بارلىق لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە قامالغان سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ كۆپ بولۇپ، مۇنداق رېئاللىقنى داۋاملىق يوشۇرۇپ قىلىشقا ئامالسىز. مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدە ئۇچرىغان خورلۇقلىرى ھەققىدىكى شىكايەتلىرى زور تەسىر قوزغىدى، ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ئارماندۇ ۋالادالىز (Valladares Armando) يازغان بازارلىق كىتاب «ئۈمىدسىزلىك» (Against All Hope) تۇر. بۇ كىتابتا ئاپتور ئۆزىنىڭ 20 يىللىق قاماقتىكى ھاياتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇ شىكايەتلەر كاستىرونىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ، كىشىلەرگە كوممۇنىزم پەقەتلا خەلقنى ئېزىدىغان، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات تۈزۈم ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇتتى. كىشىلەرنىڭ كۇبانىڭ ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان دىققىتىنىڭ كۈنسېرى ئېشىشى ئازادلىق ئىلاھىيەتچىلىكى تەسىرىگە ئۇچرىغان دىندارلاردا ئالاھىدە رول ئويناپ، ماركسىزمنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسى جەھەتتە يەنىمۇ يېتىم قېلىشىنى پەيدا قىلدى.

لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سىياسىي ئىستىقبالى مەسىلىسىمۇ تېخى ھەل بولمىدى. بۇ رايوندا ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئۆزگىرىشلەر

مۇقەررەر هالدا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈيۈقسىز ئۆزۈلۈشى ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېقىن كەلگۈسىدە، كوممۇنىزم ئوتتۇرا ئامېرىكىدا، بولۇپمۇ مېكسىكىدا نىسبەتەن ئوڭۇشلۇق تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات، مىللەتچىلىك ۋە خىلى كۆپ قىسىم يەرلىك زىيالىلار ۋە دېھقانلاردىكى ئاشقۇن ئىدىيىلەردىن پايدىلىنالايدۇ. سالۋادوردىكى توپىلاڭنىڭ كەسكىنلىشىشى ئېھتىمال قوشنا دۆلەتلەردىن هوندۇراس ۋە گېۋاتىمالا دىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن، كونكرېت ئىپادىسى پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ جىددىي پائالىيەتلىرى شەكلىدە بولىدۇ ، بۇ ئىككى قوشنا دۆلەت ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ پايدىلىق شەرتلىرىنى هازىرلىغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ نىكاراگۇئادىكى ساندىنىستا هاكىمىيىتىگە (Sandinista regime) قاتتىق يۇمشاق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپمۇ مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمىدى، كېيىن پاناما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا خاتالىق يۈز بەردى، نەتىجىدە ئوتتۇرا ئامېرىكىدا: ئامېرىكىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاۋاتىدۇ، ئامېرىكىلىقلار قالدۇرغان ۋاكۇئۇمنى نىسبەتەن ئاكتىپ هاكىمىيەت تولدۇرىدۇ، بۇ هاكىمىيەتلەر موسكۋانىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ، ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىدىن ساقلىنالايدۇ، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلدى.

شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۇبانىڭ بۇ رايوندىكى ئىنقىلابنى ئۇلغايتىش رولنى ئالدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئامېرىكى نىڭ بۇ ئىنقىلابقا ئىنتايىن سەزگۈر پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتىدۇ، ئەمما كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئىنقىلاب پۇرسىتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدە ئىنقىلاب ئوتىنىڭ يامرىشى كاستىرونىڭ تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ مەلۇم ئاساسى بارلىقىنى تارىخىي خاراكتېردە ئىسپاتلىدى. موسكۋانىڭ نەزىرىدىن قارىغاندا، ئىنقىلابنىڭ يامرىشى ئاساسلىق رەقىبى ئامېرىكى نىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت ئۈستۈنلۈكىنى يوققا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا موسكۋانىڭ ئىدېئولوگىيىدىكى پەيدىنپەي يوقىلىۋاتقان ئۈمىدۋارلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، موسكۋانىڭ ئىستراتېگىيىچىلىرى چوقۇم بۇ رايوننى ئامېرىكىنىڭ ئاجىز هالقىسى دەپ

قارايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقلىلىقلار ئېھتىمال ئىزىقتۇرۇشقا ئۇچراپ، بۇ رايوندا ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشى مۇمكىن.

مېكسىكا كوممۇنىزمىنىڭ مۇھىم نىشانى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى ئىنتايىن چوڭ. كوممۇنىزمنىڭ مېكسىكىدا كۈرۈلۈش كۈرۈلمەسلىكى ئاساسلىقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىنقىلابىي تۈزۈم پارتىيىسى (Institutional Revolutionary Party) نىڭ ئۆزلۈكسىز ئاجىزلىششى كۆپ قىرلىق دېموكراتىك سىياسىي كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ ياكى ئىدېئولو گىيىنىڭ ئاشقۇنلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ دېگەنگە باغلىق. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئىنقىلابىي تۈزۈم پارتىيىسى مېكسىكا ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي سىمۋولى بولۇپ، كوممۇنىزم ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى مۇۋەپپىقىيە تلىك چەتكە قاقتى. ئىنقىلابىي تۈزۈم پارتىيىسىنىڭ ئوڭچىل ۋە سولچىللارنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىنى نەزەرگە ئالغاندا، مېكسىكا كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىيسىنى ئىككى قۇتۇبقا بۆلۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا سولچىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ ئاشقۇن ئامېرىكىغا قارشى يولغا ماڭدۇرغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

1988 ـ يىلىدىكى مېكسىكا پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ نەتىجىسى يۇقىرىقى خەتەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىدىكى سولچىل كۈچلەر بۇ پارتىيىنىڭ رەسمىي نامزاتىنى يېڭەلمىدۇق دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاز دېگەندىمۇ 31% (بۇنىڭدىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن) بېلەتكە ئېرىشتى. روشەن ھالدا ماركسىزم-لېنىنىزم تۇسىدىكى بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك چاقىرىق كۈچى بولىشىدىكى سەۋەبتۇر. مەملىكەتلىك دېموكراتلار فرونتى دەپ ئاتىلىدىغان سولچىل ھەرىكەتنىڭ پروگراممىسىدا بىر نۇقتىئىنەزەر بار، ئاساسىي مەزمۇنى: «دېئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزم، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىلمىي سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل ماركسىزم-لېنىنىزم ئاساسىي تەلىماتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. بۇ تەلىماتلاردىن ئىجادىيلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھەر قايسى ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ مېكسىكا تارىخىدىكى رولىنى توغرا چۈشىنەلەيمىز ...پۈتۈن مەملىكەتتە كاردېناس فرونتىدىكى (Cardenas Front) بارلىق ئەزالارنى قايتا تەشكىللەش....

ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش....» دېگەن ئىبارەت. بۇ قاراش ئامېرىكىغا قارشى كۈچلۈك مىللەتچى كەيپىياتنى نىسبەتەن ئەنئەنىۋى (ئورسودوكسىلىق) كوممۇنىزم نەزەرىيىسى (Orthodox communism) بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەگەر مېكسىكىنىڭ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي سىستېمىسى يىمىرىلىشكە باشلىسا، كوممۇنىستلار سولچىللارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىنتايىن كەسكىن خىرىس بولۇپ قالىدۇ.

كەلگۈسىدە، ئوتتۇرا ئامېرىكا ھەتتا مېكسىكىدىكى كوممۇنىزمچىلار ئەل ئارىسىدىكى يوشۇرۇن ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ زورلۇق كۈچى ئىشلىتىدىغان ئىنقىلابنى قايتا قوزغىشى مۇمكىن. ئەمما جەنۇبىي ئامېرىكىدا، كەلگۈسى نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر نەزەرىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدۇ، ئوتتۇرىغا چىقىرالايدىغىنى ئېھتىمال ھەر خىل يەرلىك تۈس ئالغان ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر، مەسىلەن پېرودىكى «پارلاق يول(Path Shining)» ئېھتىمال ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى) بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچرىغان ھىندىئان دېھقانلىرىنىڭ نىجاد كارغا بولغان تەلپۈنۈشىنى بىرلەشتۈرۈشى مۇمكىن. باشقا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر 70 ـ يىللاردىكى ئارگېنتىنا ۋە ئۇرۇگۋايدا پەيدا بولغان شەھەرراددىكال پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش ئەندىزىسىنى دورىشى مۇمكىن. ئەمما لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بارغانسېرى يۇقىرىلاۋاتقان ئەھۋال كىشىلەر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەنئەنىۋى نەزەرىيە ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغانىدەك قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئەمدى كوممۇنىزم تەركىبلىرى بولۇنمايدۇ.

# 20-باب يەرشارىۋى ئىدىئولوگىينىڭ زور بۆلىنىشى

كوممۇنىزم ئىنقىلابى هاياتىي كۈچىنى يوقاتتى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي بىلەن زادى سىغىشالمىدى؛ كوممۇنىزم ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادتا تەرەققىياتىدىكى قىينىچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىش تىرىشچانلىقى ئاللىقاچان مەغلۇبىيەت بولۇپ قالدى؛ شەرقىي ياۋروپا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگونىڭ غايەت زور پەرقى ئالدىدا، ئىمكانىيەتلىك، بىرلىككە كەلگەن كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتا قاتمۇ-قات قىيىنچىلىق بار؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى ئەڭ ئاخىرىدا چوڭقۇر كرىزىسقا پاتقۇزۇپ قويدى. بۇ كرىزىسنىڭ ماھىيىتى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ساپلىقى ۋە بىرلىكى ئارىسىدا تاللاش چىقىرىشتۇر.

ئۇزۇندىن بويان، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ۋە بۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ شەرھىيلىگۈچىسى سۈپىتىدە ئۆزىگە تەمەننا قويدى. ھازىر ئۇلار پەقەت ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ئارىسىدىكى گۇرۇھلار مۇنازىرىسى ئارقىلىقلا ئاندىن كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ساپلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى پەندىنەپەي ھېس قىلىپ يەتتى. ئاتالمىش ساپلىقىدا چىڭ تۇرۇش چوقۇم بىرلىكلىكىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن بۇ ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش پەقەت ساپلىقىنى قوغدا شنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىدۇ، نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرىدۇ. كېرەمل سارىيىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىزم ئەقىدىسىنىڭ تەۋرىنىپ قىلىشى ھەمدە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ پەيدىنپەي ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرى كوممۇنىزم ئىدىيىسى

سىستېمىسىنىڭ ساپلىقىدا چېك تۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، بىرلىكلىكىنى تەكىتلەشكە ئۆتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى نەچچە يىللىق ئارىسالدىلىقتىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرى مەجبۇرىي ھالدا بۇ تاللاشنى چىقارغان ئىدى. بەزىدە، ئۇلار ۋاقىتنى كەينىگە بۇراپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ بايقۇت قىلىشىغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، بىرلا ۋاقىتتا يەنە يېڭى بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن، ئۇلار بۇ ئۇرۇنۇشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا، كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزى ئاجىزلاپلا قالماي، يەنە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە پەيدىنپەي چاك-چېكىدىن ئاجراپ كەتتى. ئەسلىدىكى كوممۇنىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشكە باشلىدى، ئورنىنى بولسا ئەمەلىيەتچىلىك نەزەرىيىسى ئالدى. بۇ نەزەرىيە ھەر قايسى دۆلەتلەر شارائىتىنىڭ خاسلىقى ۋە پەرقىنى تەكىتلىدى. بۇرۇن بىر مەزگىل ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالغان پىرىنسىپ، ئەقىدىلەرنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي خاسلىق ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى.

ئۆزىنى خىسلەتلىك دەۋر، دۇنيا مىقياسىدا جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ ئاتىغان نەزەرىيە مۇبادا بىر دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلىشكە باشلانسا، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تارىخىي تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلمىقى ناھايىتى تەس. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىش سەۋەبلىك يەكلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت شەرتلىرىنى ئىتراپ قىلىش ۋە ماسلىشىشى كېرەك. ئەمما، كۆپ خىللاشقان رېئاللىققا ھەر قانداق مۇرەسسەدە بولۇش مۇقەررەر بۇ نەزەرىيىنىڭ كۆپ خىللىشىش تەرەققىياتىغا ياردىمى بولىدۇ ھەمدە ھەر قايسى دۆلەتلەر ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان ئوخشىمىغان كونكرېت مەسىلە ۋە كونكرېت ئەھۋاللارنى نەزەرىيىۋى پىرىنسىپقا يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھازىر پەيدا بولۇۋاتقان كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى، بولۇپمۇ ئۆتكۈر ئىلىم-پەن ۋە يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئالاھىدىلىكى

بولغاچقا، بىر مەزگىل سىياسىيدا ئىشلىتىلگەن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ زور ئىخچاملاش نەزەرىيىسىگە گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كىشىلەر ماركسىزم-لېنىنىزم پرىنسىپ ئەقىد بىلىرىنى پۈتۈنلەي روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئۆزىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن پەيدا بولغانلىقىنى، ئەمدى ئەمەلىي ئەھمىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى پەيدىنپەي ھېس قىلىپ يەتتى.

گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقكى، كوممۇنىستىك پارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ بيۇروكرات سىياسىتىنىڭ زوراۋانلىقى، ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ قاتماللىشىشى ھەمدە كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ ئۇستازى بولغان سوۋېت ئىتتىپا قىنىڭ سىياسىيدىكى ھاماقەتلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر تەلىماتنىڭ پارچىلىنىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى. دەسلەپكى لېنىن دەۋرىدىن ستالىن ئۆلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى مەزكۇر تەلىماتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىدىكى يۈكسەك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپلا قالماي، يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ ئەمەلىي سىياسىيدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە بوي سۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ قىلمىش ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسالدى بولغانلىقىنى پەقەت ئازراقلا بىلدۈرۈپ قويسا، بۇ خىل كەيپىيات ئاشكارا ئىپادىلىنىپ چىقىشقا باشلايدۇ. 1948-يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تروتسكىينىڭ ئاسىيلىقىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك توساپ قالالمىدى، بۇ موسكۋانىڭ ئۆز تەلىماتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تولۇق قوغداشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرسىتىپ بەردى. 1953-يىلى ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، «بىدئەت رەززىللىكلەر» تېخىمۇ تېز ۋە ئاشكارا ھالدا تارقىلىپ يامراپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 35 يىلدا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىر قاتار تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ ساپلىقى ۋە بىرلىكىنى ساقلىدى. كېرمىل سارىيى ئىككى ئۇرۇش لىنىيىسىدە بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلمىسا بولمىدى. بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، چۈنكى باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر موسكۋانىڭ بىرلىككە كەلگەن تۈزۈلمىنى باشقا دۆلەتلەر قۇرۇۋاتقان كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلىيىتى

جەريانىغا مەجبۇرىي تېڭىش قىلمىشىدىن قاتتىق نارازى بولۇۋاتاتتى. باشقا بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە باشقا دۆلەتلەردىكى ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى. ستالىننىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ كوممۇنىستىك پارتىيىلەر سىياسىي جەھەتتە دۆلەت ئىچىدە ناچار ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلار ستالىنىزمنى موسكۋادىنمۇ كەسكىن تەنقىد قىلدى. بۇ ئىككى ئۇرۇش سېپىدا، موسكۋا ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ بۆلىنىشى تېخى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلمىگەن ئىدى، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ كەڭ كۆلەملىك كەسكىن ئىختىلاپى يۈز بەردى. ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ توقۇنۇشى غۇۋالاشتى. بىرلا ۋاقىتتا، كوممۇنىستىك پارتىيە دۆلەتلىرى گۇرۇھىنىڭ سىرتىدا، كۆنسېرى مۇستەقىل بولۇۋاتقان ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى باش بولۇپ رېۋىزىئونىزمغا يۈرۈش قىلىپ قالماي، يەنە ياۋروپادىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن ئاشكارا ئېغىز- بۇرۇن يالاشتى.

جۇڭگو بىلەن بولغان زىددىيەتنى ھەل قىلىش ھەمدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بىلەن ئوخشاش خىلدىكى توقۇنۇش يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ ئاخىرى ئۆزى قەتئىي چىڭ تۇرغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە داھىي بولۇش تەشەببۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ماركسىزمنى پۈتكۈل دۇنيادا تېخىمۇ كەڭرى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، موسكۋامۇ ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماھىيەتتە سوتسىيال دېموكراتىزم قارىشى بولغان يولىنى قوبۇل قىلدى، بەزى قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە لېنىنىزمنى ئىنكار قىلىش ئىدى. كېرمىل سارىيى جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇشى باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ سۆكۈتتە تۇرۇپ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى، بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قىلمىشى ئالدىقاچان قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى ھەمدە باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر تەقلىد قىلدى. مەسىلەن، 1976-يىلى ياپونىيەدە ۋە 1978-يىلى ئىسپانىيەدە يۈز بەرگەن ئىشلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يۇقىرىقى

بىلىشنى ئاساس قىلغاندا، موسكۋا ئىككى زىياندىن ئازراق بولىدىغىنىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى جانلىقلىقىنىڭ لاغايلاپ كىچىكىپ كېلىشى كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يىمىرىپ تاشلىدى. 1979ـ يىلى، ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەتتا پارتىيە نىزامىدىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى بىكار قىلدى. 1983ـ يىلى، يەنە بىر مەزگىل مۇقەددەس دەپ قارالغان ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدىن رەسمىي ۋاز كەچتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو كومپارتىيىسى باشقا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئۆكتىچى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەر قانداق «قاتمال ئەقىدە ۋە زىيانلىق ئەندىزە» لەردە چىڭ تۇرۇشقا ئاشكارا قارشى تۇردى ھەمدە ھەر قانداق «رەھبەرلىك مەركىزى» ياكى «زومىگەر پارتىيە» نىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېنىق ئىنكار قىلدى.

نەتىجىدە، باشقا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر قىلغانغا ئوخشاش، كېرىمىل سارىيىمۇ 80ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا دېموكراتىك مەركەزلەشتۈ ـ رۈش تۈزۈمى ۋە باشقا قېرىنداش پارتىيىلەر چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق بولۇشى كېرەك دېگەن تەلەپىدىن ۋاز كەچتى. دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئىزچىل لېنىنىزمنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ئىچىدە نەزەرىيىنىڭ ساپلىقىنى ساقلىغان ساقلىمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق ئۆلچىمى قىلىپ كەلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق بولۇش پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمدا چىڭ تۇرۇشنىڭ سىناق تېشى دەپ قارىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 27ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، گورباچېۋ كەمتەرلىك بىلەن: «بىزنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتىمىزدە كۆپ خىللىقنىڭ كۆرۈلۈشى بىرلىكنى يوقاتقانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئوخشاشلا، بىرلىكنىڭ بىردەكلىك بىلەن پەرقلىنىشى، دەرىجە تۈزۈمى بىر پارتىيىنىڭ باشقا پارتىيە ئىشلىرىغا ئارىلىششتىن پەرقلىنىشى، بىر پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى مونوپول قىلىۋېلىشىدىن پەرقلىنىشى كېرەك» دېدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەتتا سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيە ـ

گۈرۈھلىرىنى قارشى ئېلىش كېرەكلىكىنى، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش پۇتۇنلەي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يادرو توقۇنۇشى پارتلىشىنى توساش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ خىللىقنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە تېخىمۇ كەڭرى، ئەمما تېخىمۇ چېچىلاڭغۇ بولۇشتىن ساقلىنىش تەس ئىتتىپاق قۇرۇشقا ئۆرۈنۈشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماركىسىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۆلچەرىنىڭ ۋە لېنىنىزمنىڭ سىياسىي تاكتىكىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ياكى دەۋر بىلەن زىت ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەپ بەردى. كاپىتالىزم دۆلەتلىرىدىكى ئىشچىلار سىنىپىدا نامراتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى. مۇستەملىكىگە قارشى دولقۇنمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنقىلابىغا ئۆزگىرىپ كەتمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتىكى داھىيلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇش ئۇسۇلى ئۆزىنى يۆلەنچۈكسىز يېتىپ قويدى، ھەممىنى بىزار قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى كىشىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى نەزەرىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرىيە يېتەكچىلىك رولى بار يوقلۇقىغا قارىتا گۇمان قوزغىدى. بۇ ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ بىردىنبىر ئاقىلانە تاللىشى ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ بىردەكلىكى ۋە سىياسىيدىكى قاتتىق بىرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ۋاز كېچىشتۇر.

كوممۇنىزم بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئاللىقاچان مەغلۇپ بولدى. ئورتاق نەزەرىيىۋى ئاساستا قۇرۇش، بىرلىككە كەلگەن كوممۇنىزم ھەرىكىتى دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا، تارىخ كوممۇنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ بىرلىكىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپلا قالماي، يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە نەزەرىيىسى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكلىكىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. دەۋر تارىخنىڭ مۇھىم بۆلگۈچىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

# ئالتىنچى قىسىم كوممۇنىزمنىڭ ئازاپلىق جان تالىشىشى

كوممۇنىزم ھادىسىسى بىر مەيدان تارىخىي پاجىئە. غايىنى تېزلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشماقچى بولغان غايىۋىزمنىڭ مەھسۇلاتى، ئالاھىدىلىكى بولسا رېئاللىقتا مەۋجۇت بارلىق ئادىل بولمىغان ھادىسىلەرگە قارشى تۇرىدۇ. كوممۇنىزم تېخىمۇ گۈزەل، باي، ئىنسانىي جەمئىيەت قۇرماقچى بولدى، ئەمما كەڭ كۆلەملىك زۇلۇم ئېلىپ كەلدى. كوممۇنىزم ئۈمىدۋار ھالدا ئىدراكنىڭ كۈچى ئارقىلىق مۇكەممەل جەمئىيەت قۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. ئەخلاقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋەكىل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئادىمىيلىكىنى قەدىرلەش ۋە زۇلۇمغا نەپرەتلىنىدىغان كۈچلۈك ھېسسىياتىنى قوزغاتماقچى بولدى. شۇڭا، كوممۇنىزم بىر تۈركۈم ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋە غايىگە ئەڭ باي كىشىلەرنى جەلپ قىلدى، ئەمما 20-ئەسىردىكى ياكى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇنىڭدىن سىرت، كوممۇنىزم خاتا تەجرىبە، كوممۇنىزم كەم-كۈتىسىز ئىدراكنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مەجبۇرىي تاڭماقچى بولدى. كوممۇنىزم كېسىپلا مەدەنىيەتلىك، سىياسىي ئاڭغا ئىگە جەمئىيەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىپ، نىشانلىق ھالدا ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ئەمدى ستىخىيلىك، تاسادىپىي جەريان بولماستىن، ئىنسانلار كوللېكتىپ ئەقىل-پاراستى ۋە ئەخلاق نىشانىنى قوغلىشىشنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتقان ئىدى. شۇڭا، كوممۇنىزم تەشكىللىك ھەرىكەت ئارقىلىق سىياسىي ئىدراك بىلەن جەمئىيەت ئەخلاقىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ ئىدراكىغا زىيادە ئىشىنىش، تارىختىكى ۋاقىتىنچە ھۆكۈمنى دوگما ئېتىقادقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كەسكىن كۈرەش قىلىش، ئەخلاق ۋە ھەققانىي غەزەپ-نەپرەتنى ئۆزىنىڭكىنى توغرا

ھېسابلايدىغان سىياسىي ئۆچمەنلىك خاھىشىغا چۈشۈرۈپ قويۇش، بولۇپمۇ لېنىنىنىڭ ماركسىزم بىلەن روسىيەنىڭ قالاق مۇستەبىت ئەنئەنىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى كوممۇنىزمنى سىياسىي زۇلۇمنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، بۇ زۇلۇم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ئۆزىدىكى ئەخلاق قارىشىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

# 21- باب كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي كرىزىسى

بۈگۈنكى كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيە ۋە تۈزۈلمىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئومۇمىي كرىزىسقا پاتتى. تۆۋەندىكى 5 ئاساسلىق ئۆزگىرىش بۇ كرىزىسنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسىنى نامايان قىلدى:

1. پۈتكۈل دۇنيادىكى كوممۇنىزمچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسى ئەمدى ھەرگىزمۇ چوقۇنىدىغان مەبۇد ئەمەس، دوراشقا بولمايلا قالماستىن ئۆنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. شۇڭا، كوممۇنىزم ئەمدى باشقىلار دورايدىغان ئەمەلىي ئۈلگە بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

2. سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدىغان قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى، پەقەت سىياسىي مۇقىملىقنى قۇربان قىلغاندىلا ئاندىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش يەنىلا ئىقتىسادىي مەغلۇبىيەتنى بەدەل قىلىدۇ.

3. شەرقىي ياۋروپادا، كوممۇنىزمنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولسا كومپارتىيە چوڭ ھوقۇقنى يالغۇز ئىگىلىۋالغان، بۇنىڭ مەنبەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللىقىدۇر. شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر مەجبۇرىي ھالدا كوممۇنىزم تۈزۈمىنى قۇرغان 40 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كوممۇنىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە چەتئەلنىڭ تىزگىنلىشىنى تازىلاش جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى زۆرۈر ئالدىنقى شەرت دەپ قارايدۇ.

4. جۇڭگودا، ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ بەدىلى كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سۇسلىشىشىدۇر. زامانىۋى جۇڭگو يەنىلا كوممۇنىزم

تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا 21- ئەسىرگە قەدەم قويىدۇ ئەمما پۈتۈنلەي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى دۆلەت ئەمەس.
5. ئورتاق بىر نەزەرىيە ئاساسىدىكى دۇنيا مىقياسىدىكى كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ دەۋرى تارىخقا ئايلاندى. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىدا، كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ نەزىرىيە ۋە ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ساقلايدىغان ئەھۋالى ئەمدى مەۋجۇت بولالمايدۇ.
ئومۇملاشتۇرغاندا، يۇقىرىقى 5 تۈرلۈك ئۆزگىرىش كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسقا پاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى ئاساسىي سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە كۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئورنى تەدرىجىي ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. بۇ ئومۇمىي كىرىزىسنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى: ئىقتىساد قالايمىقانچىلىققا پاتقانلىقتىن، كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى؛ كومپارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان يۇقىرى قاتلام گورۇھىنىڭ كوممۇنىزم تەلىماتىغا نىسبەتەن ئېتىقاد كىرىزىسى شەكىللەندى. كومپارتىيە دۆلەتتىدە، سوتسىيالىزم ئەۋزەل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدەك بۇ خىل ئىدىيىگە نىسبەتەن كىشىلەر بارغانسېرى گۇمانلىنىدىغان بولدى، ھەتتا ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، دۇنيا كوممۇنىزمى ئەمدى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئەندىزە تەمىن ئېتەلمەيدۇ.
«كوممۇنىزنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسى» ماركسىزم- لېنىنىزمنىڭ كىلاسسىك ئېنىقلىمىسى. كېرمىل سارىيى 1961- يىلى بۇ كىرىزىسنىڭ ئەمەلىيەتتە كېلىپ بولغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. لېكىن، بۇ ئېنىقلىما بۈگۈنكى كوممۇنىزمنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىنتايىن لايىقىدا دەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىز پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدىكى «جاھانگىرلىك ياكى «كاپىتالىزم» نى «كوممۇنىزم» ياكى «سوۋېت ئىتتىپاقى» غا، «سوتسىيالىزم» نى «ئەركىن ئىقتىساد لىق دېموكراتىك تۈزۈمدىكى دۆلەت» كە ئالماشتۇرساقلا، ھازىرقى زامان كوممۇنىزمنىڭ ھازىرقى ھالىتى كۆز ئالدىمىزدا خاتاسىز نامايان بولىدۇ:
كوممۇنىزمنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچى سوۋېت ئىتتىپاقى

جاھانگىر لىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىش ۋە يوقۇلۇش مەزگىلىگە كىردى. كوممۇنىزم ئاساسىدىن چوقۇقسىغىچە، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىيسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىمۇ ساقلان غىلى بولمايدىغان يىمىرىلىش جەريانىدا تۇرماقتا...

تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ سوۋرت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىن ئايرىلىشى؛ كوممۇنىزم دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادى ئەركىن بولغان دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي رىقابەتتە ئىستىھكامىنىڭ ئاجىزلىششى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى گورۇھى دۆلەت تۈزۈلمى سىنىڭ پارچىلىنىشى؛ دۆلەتنىڭ سوتسىيالىزم ۋە مىلىتارىزمنىڭ تەرەققىيا تىنى مونوپول قىلىشى پەيدا قىلغان كوممۇنىزم زىددىيەتلىرىنىڭ ئۆتكۈرلىششى؛ كوممۇنىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى (ئىشلەپ چىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ئاستا، دەۋرلىنىش خاراكتېرىدىكى كىرىزىس، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ دائىم ئىشقا كىرىشتۈر ىلىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، دائىملىق ئىشسىزلىق) دىن بارغانسېرى تولۇق پايدىلىنالمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان كوممۇنىزم ئىقتىسادىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىمسىزلىق ۋە چىرىكلىششىنىڭ كۈچىيىشى؛ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى سىياسىي ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىسلىسىز كۈچىيىشى؛ كوممۇنىزم دۆلەتلىرىدە بىر قاتار فاشىستىك زالىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ كوممۇنىزمنىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىدىكى چوڭقۇر كىرىزىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم ئومۇمىي كىرىزىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يۇقىرىقى ئىنىقلىما ماركسىزمنىڭ سۆز ئىبارىلىرى بىلەن چۈشەند ۈرىلگىنى، بۇ ئېنىقلىما دۇنيا كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسىنى يىغىنچاقلىغان. لېكىن، بۇ كىرىزىسنىڭ كەڭرىلىكى ۋە چوڭقۇرلىقى ھەر قايسى دۆلەتلەردە بىردەك ئەمەس. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە يۇزەكى ھالدا، ئۆز تەسراتىدىن چىقىش قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمىغان ھالدا ھەر قايسى كومپارتىيە دۆلەتلىرىدىكى كىرىزىس دەرىجىسىنى يىغىنچاقلىغان.

كوممۇنىزم تۈزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئۇنۇملۇك تىزگىنلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەشنى ئاسراش ۋە ساقلاشتا يولغا قويۇشقا كېرەكلىك مەجبۇرلاش ۋاستىسى قانچە

ئاز بولسا مۇۋەپپەقىيەت شۇنچە چوڭ بولىدۇ. جەدۋەلدە مىسال كەلتۈرۈلگەن ھەر خىل ئەھۋاللار ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم بولمىسىمۇ، ئەمما جۇغلانغان يۇقىرى نومۇر لېنىنىزملىق سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئۇنۇملۇك يۈرۈشمىگەنلىكى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنۇملۇك مەركەزلىك پىلانلايدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كومپارتىيە دۆلەتلىرىدىكى كرىزىس دەرىجە كۆرسەتكۈچى

| | د وۋ ـت ئد تت ـپا قى | - ۇگ گو | ئ ەرق ـي گـې رما نـد يه | و ل ش ا | ې خ ـيـ ه | ه ون گـر ـيه | ۇم ـنـ ـيـ ه | ب ول غار ـيه | ي ۇگۇ سلا ۋـيه | ي ې ت نا م | ۇ ب ا | ـما لد ي كو رد يه | اد گ و لا | ه وزا مب د ك | ئ ـپفد ئو ـپد يه |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سو تسيال ىزم خەلق ئامىد سىنى جەلپ قىلىش كۈچىند ى يوقاتـ تى | 1 | 2 | 1 | | | 3 | [illegible] | 1 | 2 | | | | | 3 | 3 |
| جەم ئىيەتـ | 2 | 0 | 1 | | | 3 | [illegible] | 1 | 2 | | | [illegible] | | 3 | 3 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تە<br>تەرەقق<br>ىيات<br>ئۈستىق<br>بالىغا<br>نىسبە<br>تەن<br>ئۈمىد<br>سىزلى<br>ك<br>كەيپىي<br>اتى<br>مەۋجۇ<br>ت | | | | | | | | | | | | | | | |
| تۇر<br>مۇش<br>سەۋىي<br>ەسى<br>ئۆزلۈك<br>سىز<br>تۆۋەنل<br>ەۋاتىد<br>ۇ | 2 | 0 | 1 | | | 2 | [illegible] | 1 | 3 | | | 2 | | 3 | 3 |
| كوم<br>پارتىيە<br>نىڭ<br>جەڭگ<br>ىۋارلىق<br>روھى | 2 | 0 | 0 | | | 2 | [illegible] | 1 | 2 | | | 0 | | 3 | 1 |

| تۆۋەن | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دد نىي پائالىي ەتلەر كۈنسېر ى جانلد نۋاتىد ۇ | l | ) | ) | | | 1 | ı | ) | 1 | | | ı | | ) | 1 |
| مىل لەتچد لىك بىلەن ئىدىيئو لوگىيە توقۇنۇ شۋاتىد دۇ | l | ) | l | | | 3 | : | l | 3 | | | | | l | 2 |
| ئىق تىساد نى خۇسۇ سىيلا شتۇرۇ ش ۋەزىيد تى | l | 2 | l | | | 3 | ı | ) | 2 | | | ı | | l | 0 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بەك<br>كۈچلۈ<br>ك | | | | | | | | | | | | | | | |
| سد<br>ياسىي<br>ئۆكتىچ<br>ىلەر<br>جەمئد<br>يەتتە<br>ئاكتىپ<br>پائالىي<br>ەت<br>قىلىۋا<br>تىدۇ | 1 | 1 | 1 | | | 2 | 0 | 0 | 2 | | | 0 | | 3 | 2 |
| تۆۋ<br>ەندىن<br>يۇقىر<br>ىغا<br>سىيا<br>سىيند<br>ىكى كۆپ<br>خىللى<br>ششن<br>ى<br>ئاشكار<br>ە<br>تەلەپ<br>قىلىۋا<br>تىدۇ | 2 | 2 | 0 | | | 3 | | 0 | 3 | | | 0 | | 2 | 2 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىند<br>سان<br>ھەقلىر<br>ى<br>مەسىلە<br>ىسدە<br>ھۆكۈمە<br>ت<br>مۇداپىئ<br>ە<br>تەدبىر<br>ى<br>قوللىن<br>ىۋاتىد<br>ۇ | 2 | 1 | 1 | | | 1 | | 1 | 2 | | | | | 2 | 3 |
| جەم<br>ئى<br>نومۇر | 1<br>5 | 3 | 7 | 7 | 6 | 2<br>3 | 8 | 5 | 2<br>2 | 2 | 5 | | 9 | 2<br>1 | 2<br>0 |
| ھەر<br>قايسى<br>تۈرلەر<br>نىڭ<br>نومۇرى<br>:<br>3=ناھا<br>يىتى<br>توغرا | 1<br>0<br>نوە<br>ۇر<br>دد<br>ن<br>تۆۋ<br>ەن<br>=<br>خە<br>تەر | 1<br>~0<br>19<br>نو<br>مۇر<br>=<br>كد<br>رىز<br>د<br>س<br>مەۋ | 1<br>9<br>نوە<br>ۇر<br>دد<br>ن<br>يۇ<br>قىر<br>ى<br>=<br>ئېغ | | | | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2=توغرا<br><br>1=ئاساسەن توغرا<br><br>0=توغرا ئەمەس | يوق (4 دۆلەت) | جۇت (6 دۆلەت) | ركدرىزدس مەۋجۇت (5 دۆلەت) | | | | | | | | | | | | |

ئەڭ ياخشى نومۇر نۆل نومۇر، لىنىنىزم تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مىسال كەلتۈرۈلگەن 15 كومپارتىيە دۆلىتىدە، ھېچقانداق بىر دۆلەت ئەڭ ئەلا نومۇرغا يېقىنلىشالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 4 دۆلەتنىڭ نومۇرى 10 دىن تۆۋەن، بۇ ئۇلاردا كرىزىس يۈز بەرمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 5 دۆلەت 20 دىن يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئېغىر كرىزىسقا پاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نىسبەتەن «مۇۋەپپەقىيەت» قازانغان 4 دۆلەتنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو ئەڭ مۇھىم. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى جۇڭگو ھەر قايسى تەرەپلەردىن كوممۇنىزم يۆنىلىشىدىن

چەتئەللىكتىن، كىرىزىسنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىدە ئۇمىدۋارلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ، مەلۇم جەلب قىلىش كۈچىگە ئىگە بولدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلى كوممۇنىزمنىڭ بەزى يادرولۇق پرىنسىپلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆز يولىغا مېڭىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا 3 دۆلەت شەرقىي گېرمانىيە، بولغارىيە ۋە شىمالىي كورىيە ئىجتىمائىي زۇلۇمنى داۋاملا شتۇرۇش ۋە ھاكىم مۇتلەق ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ساھەسىدە تېخىمۇ ئۇنۇمنى كۆردى. ئۇندىن باشقا، كوممۇنىزمنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا بۇ 3 دۆلەت ئۇچرىغان جەمئىيەتنىڭ قارشىلىقى ۋە بايقۇت قىلىشمۇ نىسبەتەن يېنىك بولدى. باشقا كومپارتىيە دۆلەتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كىرىزىسقا پاتتى. ئۇلار يېڭى بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم بەرپا قىلالماقچى بولدى، ئەمما يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىگە ئىگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە قۇرالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى كۈنسېرى جەمئىيەتنىڭ، بەزىدە ھەتتا سىياسىي جەھەتتىكى نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كوممۇنىزمنىڭ كۈنسېرى ئېغىر كىرىزىسقا پاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىر كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئەڭ ئاخىرقى تارىخىي يەكۈن چىقىرىش ھەمدە كېيىنكى ئەسىردىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى پەرەز قىلىش ئىنتايىن مۇۋاپىق.

# 22- باب تارىخىي خاتىرىلەر

كوممۇنىزىم ئومۇمىي كىرزىسىنىڭ چوڭقۇر مەنبەسىنى ئۇنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى سېھرىي كۈچى ئاساسلىقى مۇنداق مۇنداق رېئاللىقتا پەيدا بولغان: 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا، دەسلەپكى كاپىتالىزم سانائەت تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەت ۋە تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى، ھەتتا دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈمىمۇ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايتتى. لېكىن، يەنە بىر مەۋجۇت رېئاللىق شۇكى، كومپارتىيە ھاكىمىيىتى قۇرغانلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەركىن ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. نەچچە ئون يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىنمۇ، كومپارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى سىياسەتتە خەلقنىڭ كوممۇنىزم تۈزۈمىنىڭ داۋاملىشىش داۋاملاشما سىلىقىنى ئەركىن تاللىشىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇلار دېموكرا تىيە ئۆلچىمى بىلەن كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى رەت قىلدى، سەۋەبى، بىرىنچىدىن ياخشى يامان قارشىلىشىدىغان تەلىماتقا ۋە مۇتەئەسسىپلىككە، ماركسىزم- لېنىنىزمچىلاردىكى بۇرۇندىن بار بولغان بۇرچ تۇيغۇسىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، چۈنكى ئۇلار ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا بولغان ئېھتىياجىنى ۋە شەخسنىڭ بەختكە بولغان ئىنتىلىشىنى قاندۇرالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. بۇگۈنگە قەدەر كوممۇنىزمنىڭ تۇرمۇش شەكلى جەلپ قىلىش سەۋەبلىك زور تۈركۈمدىكى كىشىلەر كومپارتىيە دۆلەتلىرىگە قاچىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىدى. ئەكسىچە، قۇرۇلغىنىغا 70 يىل بولغان سوۋېت تۈزۈمى ئاستىدا، كوممۇنىزمدىن ۋاز كېچىشكە بولغان تەلپۈنۈشنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ئايرىم-ئايرىم 40 يىل ۋە 15 يىل تۇرغان ۋېيتنامدىمۇ ئەھۋال شۇنداق

بۇنىڭدىن سىرت، كوممۇنىزم جەمئىيەتنىڭ بىر خىل تەشكىلىي سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىي ئەمەلىيىتى تەكپۈكلىقىنى يوقاتقان ئازابلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. كوممۇنىزم كىشىلەرنى غايەت زور قۇربان بېرىپ، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىلگىرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى.

ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان كوممۇنىستىك دۆلەتلەر بىلەن كوممۇنىزمسىز دۆلەتلەرنى سېلىشتۇرساق ، مەسىلەن شەرقى گېرمانىيە، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن غەربىي گېرمانىيىنى، پولشا بىلەن ئىسپانىيە، ھونگېرىيىنى (ۋېنگرىيە)، يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئاۋستىرىيە، ئىتالىيىنى، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننى سېلىشتۇرساق، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى، دۇنيا بازىرىدىكى سودا سوممىسى ۋە دۆلەت ئىچى تۇرمۇش سەۋىيەسى جەھەتتە كوممۇنىستىك دۆلەتلەر كوممۇنىزمسىز دۆلەتلەر ئالدىدا ناچارلىقى بىلىنىپ قالىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ئامالسىز. پەقەت جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ھىندىستاندىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن بۇ ئەھۋال بېيجىڭنىڭ ۋاقتىدا چېكىنىپ، پەيدىنپەي ماركىسىز-لېنىنىزمنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىماتلىرىدىن يىراقلاشقانلىقىدىن كېيىن يۈز بەردى. ھىندىستان بيۇروكراتلىقى ئېغىر، ئىككىلەمچى سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە ئىگە بولۇپ، زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپلا قالماي، ياپونىيىدىنمۇ كۆپ كەينىدە قالدى. ياپونىيىنىڭ نوپۇسى سوۋېت ئىتتىپاقى نوپۇسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ، 1960- يىلدىن 1988-يىلغىچە بولغان 28 يىلدا، ياپونىيىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى دەسلەپتە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچدىن بىرىدىن ئازراق كۆپ ئىدى، ئەمما ھازىر ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاساسى جەھەتتىن يېتىشىۋالدى.

يەر شارىۋى رىقابەتتە، كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى بەكلا ئارقىدا قالدى، 1985-يىلى، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا سوممىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 576 مىليارد ۋە 308 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا سوممىسى ئارانلا 66 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بۇنىڭدىن سىرت،

موسكۋانىڭ تاشقى سودىدىكى تاۋار قۇرۇلمىسى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭكىگە ئوخشاش دېگۈدەك بولۇپ، ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى دېگۈدەك قېزىش سانائىتىدىن كەلگەن، نېفت 49% نى، ئالتۇن 18% نى، ياغاچ ماتېرىياللىرى 4% نى، ئالماس 2% نى ئىگىلىگەن. كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىسىمۇ، بىراق يەرشارى سودىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاران 10% بولغان. تېخنىكا، ئىجادىيەت جەھەتتە پەقەت دۇنيانىڭ 3% نى، تەرەققىي قىلۋاتقان دۆلەتلەرگە بولغان ياردىمى ئاران 1% نى ئىگىلىگەن. بارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى سانائىتى تەرەققىي قىلغان دېموكراتىك دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان ماشىنسازلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى سىنگاپوردەك بىر كىچىك دۆلەتنىڭكىگىمۇ يەتمەيتتى

مەغلۇبىيەتلىك تارىخىي خاتىرىلەر ئوخشاشلا دۆلەت ئىچى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقىنىغا 40 يىل بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى يەنىلا نورملىق تەمىنلەيدۇ، يېقىندا شېكەرنىمۇ نورملىق تارقىتىشقا باشلىدى. سوۋېتنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ 6-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە بولغان «نېدليا» (Nedelya) ھەپتىلىكىنىڭ ئاشكارىلىشىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۋېردلوۋسك (Sverdlovsk) شەھىرى ۋە مەركۇر رايونىدىكى ئاھالىلەر «سۈس سېرىق رەڭلىك ئاشلىق نورمىسى كارتىسى ئالغان. ھەر بىر كوچىدا مەخسۇس ئادەم ئاشلىق كارتىسى تارقاتقان. ھەر ئايدا تەخمىنەن 800 گرام كولباسا... 400 گرام سېرىق ماي بىلەن تەمىنلىگەن. ھەر يىلى 5-ئاي ۋە 10-ئايدىكى بايرامدا، ئاھالىلەرگە 2 كىلوگرام گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن. يەكشەنبە كۈنلىرى كىشىلەر ھەتتا ئۈگرە بىلەن سۇلۇ يارمىسىنىمۇ يېيەلمىگەن». «نېدليا» ھەپتىلىكىدە يەنە: «ياخشىسى بۇ كىشىلەر بىلەن "ئىسلاھات" توغرىسىدا پاراڭلاشماڭ» دېيىلگەن .

ئاشكارىلىق مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىدا تەخمىنەن ئۇمۇمىي نوپۇسىنىڭ 40% تى ۋە ياشانغانلار نىڭ 79% تى نامراتلىقتا ياشايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى

يازغۇچىسى ن.م.رىماشېۋستايا (N. M. Rimashevstaya) نىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، پەقەت ئۇچتىن بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى قىلىقلارىنىڭ ئائىلىسىلا ئىسسىق سۇ تەمىنلىنىدىكەن، باشقا ئۇچتىن بىر قىسىم ئائىلىلەردە ھەتتا تورۇبا سۈيىمۇ يوق ئىكەن. «ئۇچۇر گېزىتى» 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تىپىك بىر مىسالنى خەۋەر قىلغان: بىر تېخنىك بولمىغان ئىشچىنىڭ 4 نوپۇسلۇق ئائىلىسى ياخشىراق تۇرالغۇغا ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن، 64 كۋادرات فۇتلۇق بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. شۇڭا، غەربىتىكى نامرات كىشىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ماددى تۇرمۇش سەۋىيەسىدە ياشايدۇ دېيىش ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس.

شەخسىي ماشىنىلارغا ئىگە بولۇش سانى بىر زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ . بۇ جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتلارمۇ ئوخشاشلا كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ماشىنا ئىستېمالىدا، غەرب ئەللىرى ئاساسى جەھەتتىن تويۇنغان. 1983 - يىلى، ئامېرىكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.8 ئادەمنىڭ، ياپونىيەدە 4.4 ئادەمنىڭ، غەربىي گېرمانىيەدە 2.5 ئادەمنىڭ ، ئىتالىيەدە 2.8 ئادەمنىڭ بىر ماشىنىسى بار. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران14.2 ئادەمنىڭ بىر ماشىنىسى بار، چېختا 5.8 ئادەمنىڭ، پولشادا 10.8 ئادەمنىڭ بىر ماشىنىسى بار. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نېگىرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ماشىنا سانى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىدىن ئېشىپ كېتىكەن.

بىر قىسىم كوممۇنىستىك دۆلەتلەردە، ئىقتىساد كاساتلىشىشتىن باشقا، كۆنسېرى ئېنېرگىيە ئىشلىتىشتىكى ئېكولوگىيە كرىزىسى مەۋجۇت. پولشانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ھەمدە شەرقى گېرمانىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ نەچچە رايونىدا بۇ خىل ئەھۋال بەكرەك گەۋدىلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى سانائەت رايونلىرىدا بۇلغىنىش ئومۇميۈزلۈك ئېغىر. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەرمىنىيەدە ھەر كۈنى ئۆتكۈر زەھەرلىك سانائەت كېرەكسىز سۇلىرى دەريالارغا قۇيۇپ بېرىلگەن، شۇڭا ئۇ يەردىكى بۇلغىنىش مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىر. پۈتۈن ئەس يادى بىلەن سانائەتنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى

ئەڭ ئەقەللىي بولغان ئېكولوگىيىنى قوغداش تەدبىرلىرىگە سەل قارىدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، كوّنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بۇلغىنىش مەسىلىلىرىگە قايتۇرغان ئىنكاسى تېخىمۇ قاشاق بولدى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاممىۋى سەھىيە ئەسلىھەلىرىنىڭ قالاقلىقىدىن، شەك شۇبھىسىزكى سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھىدىكى دۆلەتلەردە ھەر خىل ياشتىكىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئاشتى. خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس تەتقىقات مەركىزىدىكى نىك ئېبېرستادت (Nick Eberstadt) نىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بوگۇنكى كۈندە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئۆمرى مېكسىكىدا تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئۆمرىدىن قىسقا بولىدىغانلىقى مۆلچەر لەنگەن .

يۇقىرىقى ئەھۋاللار كوممۇنىستىك دۆلەتلەر قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلەرنى، بولۇپمۇ ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۇتۇقلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، جەمىيەت پاراۋانلىقى ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن بۇ نەتىجىلەر ئادەملەرنى غايەت زور قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش تەجرىبىسىدە ئىنسانلار تۆلىگەن بەدەل ئەزەلدىن 20-ئەسىردىكى ئىنسانلار كوممۇنىزمدىن كېيىن تۆلىگەن بەدەلدەك ئۇنداق يۇقىرى ۋە قىممىتى يوق بولۇپ باقمىغان. ھېچكىم بارلىق زىياننى تەپسىلىي ھېسابلىيالمايدۇ، چۈنكى كوممۇنىستىك دۆلەتلەر ئۆلگەنلەر سانىنى قاتتىق مەخپىي تۇتىدۇ. يەنە كېلىپ، پىسخىكا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە كەلتۈرگەن زىيانلارنى سان بىلەن ستاتىستىكىلاش قىيىن. شۇنداقتىمۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ كوممۇنىزم جەمئىيىتى بەرپا قىلىش جەريانىدا كىشىلەر ئۇچرىغان بەختسىزلىكلەرنى يەنىلا تەخمىنەن خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئاشۇرۇۋەتكەن قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى، بۇ دەل كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇش تەجرىبىسىدە ئۆلگەنلەر سانى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ سانلىق مەلۇمات تەمىنلەپ، بىزنىڭ يىغىنچاقلاپ خۇلاسە چىقىرىش خىزمىتىمىزگە

قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، ھېلىغىچە گۇمان بىلەن قاراۋاتقان غەربلىك زاتلارغا تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولغان يەكۈن تەمىنلەيدۇ.

ئۆلگەن ئادەم زىيانلىرى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1. **ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش جەريانىدا دەرھال ئېتىۋېتىش.** ئىنقىلاب ئۇرۇشى ۋە ئىچكى ئۇرۇشلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بۇگۈنگە قەدەر ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 1 مىليونغا يېتىدۇ ، جۇڭگودا نەچچە مىليونغا يېتىدۇ. شەرقىي ياۋروپادا تەخمىنەن 100 مىڭ، ۋېيتنامدا ئاز دېگەندە 150 مىڭغا يېتىدۇ .

2. **ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن سىياسىي ئۆكتىچىلەر ۋە بويسۇنمىغانلارنى ئېتىۋېتىش.**

كومپارتىيە دۆلەت ھاكىمىيتىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا، بۇ خىلدا ئۆلتۈرۈش نەچچە يىل داۋاملاشتى. ئۆلگۈچىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن بىرىنچى تۈردىكى بىلەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى تۈردە ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمى سانى تەخمىنەن 5 مىليونغا يېتىدۇ .

3. **جەمئىيەتتە يوشۇرۇن دۈشمەن گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى دەپ بېكىتىلگەنلەرنى يوقىتىش ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەمەلىي پوزىتسىيىسىنى نەزەرگە ئالماسلىق.**

بۇ كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى پېشقەدەم ھەربىي قوماندانلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئاقسۆڭەكلەر، پومېشچىكلار ، پوپلار ۋە كاپىتالىستلار ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئېتىۋېتىلدى، باشقا بىر قىسمىلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلدى، كۆپ قىسمىلىرى شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتتى. بۇ تۈردە ئۆلگەنلەرنىڭ تەخمىنىي سانىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ۋە جۇڭگو يېقىنقى يىللاردىن ئاشكارلىغان ھەقىقىي ئەھۋاللار ئىسپاتلاپ

بېرىدۇكى، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە ئادەم ئۆلگەن.

4. **باي دېھقانلار سىنىپىنى يوقىتىش.** سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئېتىۋېتىش ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈش باي دېھقانلار قاتلىمىنى يوقىتىشتىكى تىپىك ۋاسىتە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگودا بۇ خىلدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى نەچچە مىليونغا يېتىدۇ. ۋېيتنام ۋە شىمالىي كورىيىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمى سانى ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندىمۇ 10 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ .

5. **كەڭ كۆلەملىك قوغلاپ چىقىرىش ۋە مەجبۇرى كۆچۈرۈشتە ئۆلگەنلەر.** سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقى ياۋروپادىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يەر ئىنقىلابى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە خەلق كوممۇنالاشتۇرۇش دەۋرىدە، قوغلاپ چىقىرىش ۋە مەجبۇرىي كۆچۈرۈش سىياستى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. بۇ سەۋەبلىك ئېغىر ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە يامرىشى ھەمدە باشقا ئاپەتلەر يۈز بەردى. بۇ تۈردە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى مۆلچەرلىگەندە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇس مىللىتىدىن ئەمەس دەپ گۇمان قىلغانلارنى قوغلاپ چىقىرىش سىياستىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. بۇ كىشىلەر بالتىق دېڭىز رايونلىرىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى لاتۋىيىلىكلەرنى، لىتۋالىقلارنى ۋە ئېستونىيىلىكلەرنى، سوۋېت ئىتتىپا قىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پولشالىقلارنى، قىرىمدىكى تاتارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىبىرىيىنىڭ چەت رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلىنغان. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ تۈردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا 7 مىليوندىن 10 مىليونغا يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. جۇڭگودا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 27 مىليونغا يېتىدۇ. ئېھتىياتچان ئەمما يەنىلا كىشىنى چۆچۈتىدىغان سانلىق مەلۇماتلار ئۆلگەنلەر سانىنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 30 مىليونغا يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**6. ئېتنۇپتىش ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن تازىلانغان كوممۇنىستلار.** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ۋە نەچچە قېتىملىق چوڭ تازىلاشتا، بىر قىسىم كوممۇنىستلار ۋەزىپىسىدىن بىكار قىلىنىپ، 1936- يىلىدىن 1938- يىلغىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.. ئىشەنچلىك مۆلچەر سان 1 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 50- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي ياۋروپادا نەچچە ئون مىڭ كوممۇنىست ئېتىپ تاشلاندى ياكى تۈرمىگە قامالدى. جۇڭگودا، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا نەچچە مىليون ئادەم ئوخشاش ئېچىنىشلىق تەقدىرگە ئۇچرىغان.

**7. ئۇزۇن مەزگىل قاماش ۋە مەجبۇرى ئەمگەك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان جىسمانىي ۋە روھىي جاراھەت.**

20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىنىڭ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر قانچە قېتىم چوڭ كەچۈرۈم قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەچچە مىليونلىغان ئادەمنى قويۇپ بەردى. بەزى كىشلەر ئىنتايىن ناچار مۇھىتتا 20 يىلدەك تۈرمىگە قامالغان. خروشېۋ 1953- يىلى ستالىننى تەنقىدلىگەندىن كېيىن ھەمدە جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 70- يىللارنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي ياۋروپا بىلەن جۇڭگومۇ ئوخشاشلا چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلدى.

**8. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە زىيانكەشلىك قىلىش.** سوۋېت ئىتتىپاقىدا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن 6 خىلدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ھەر ۋاقىت زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ ئۇسۇل ئېتىپتىش، تۈرمىگە قاماش، سۈرگۈن قىلىش، ھەتتا ئۆي ۋە خىزمەت تەقسىماتىدا كەمستىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**9. پوتكۇل جەمئىيەت ۋەھىملىك كەيپىياتقا تولدى، ئادەملەرنى سىياسىي ۋە كىشىلىك ئالاقە جەھەتتە تەنھا قالدۇردى.** مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان

كوممۇنىزملىق جەمئىيەت ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە، ئىشچى ۋە نامرات دېھقانلاردىن باشقا، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكىلەر ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى دۈشمەنلىكى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

جەمئىيەتنىڭ تۆلىگەن بەدىلى بولسا ئاز دېگەندە تەخمىنەن 50 مىليون ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.. شەك شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەت باشتىن كەچۈرگەن جەمئىيەت قۇرۇلۇشى تەجرىبىسىدە، بۇ ئىنسانىيەت تۆلىگەن ئەڭ زور ئەمما ئەڭ ئەھمىيەتسىز بەدەل بولىدى. نۆۋەتتىكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرىدە نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماقچى بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇنىڭ مەنبەسى «خاتالىق ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قىلمىشى» ھەمدە چوقۇم زور سىياسىي تەڭشەشنىڭ زۆرۈلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كىشىلەرگە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇ پاجىئەنىڭ ماھىيىتىنى تېخمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ۋە بەزى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى كومپارتىيەنىڭ ئۆتمۈشتىكى» ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قىلمىشى» نىڭ ئەخلاق ئېتىكا جەھەتتىن كىشىنى يىرگەندۈرۈپلا قالماستىن، جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى .

يىغىنچاقلىغاندا، كوممونىزىمنىڭ زور مەغلۇبىيىتى نۇرغۇنلىغان تالانتلىق كىشىلەرنى ئىسراپ قىلۋەتتى ۋە ۋەيران قىلدى، جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى چەكلەپ قويدى، ئەمەلىيەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ئادەملەرنى غايەت زور قۇربانلىق قىلىش ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىشىنى بەدەل قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىشى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشتە ئىقتىسادنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاساسىي ئارتۇقچىلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈلمىسىدىكى بيۇروكراتىز مىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ھەمدە دوگمىچىلىقنىڭ كونتروللىقى ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھاتنى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان

كومپارتىيە رەھبەرلىرى بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك مەغلۇبىيەتنى ئېنىق ئېتىراپ قىلدى. مەغلۇبىيەتنىڭ مەنبەسى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئەپسۇسلىنارلىق خاتالىق ۋە «ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قىلمىشى» نى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى كوممۇنىزم تەجرىبىسىنىڭ ھەرىكەتتە، تەشكىلىي تۈزۈلمىسىدە ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدە كەمتۈكلۈك بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىدە.ھەتتا مەغلۇبىيەتنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى ئەمەلىيەتتە ماركسىزم-لېنىنىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىكى خاتالىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ھەرىكەت جەھەتتە، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ قارار چىقىرىش شەكلى تەلۋىلىك ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇردى ھەمدە زوراۋانلىققا تايىنىپ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. بارلىق كومپارتىيە داھىيلىرى، مەسىلەن لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدوڭ ياكى شەرقىي ياۋروپا ۋە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئۇلارغا ئەگەشكەن رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان سۇيىقەستچى گۇرۇھ ، ھەرىكەتلىرى مەخپىي بىر توپ ئاتامانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ھەمىشە سىرتقى دۇشمەن دۇنيادىن پەخەس بولۇش، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، خاراكتېرى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىمۇ سىرتقا قارىتا مەخپىي تۇتۇپ، بىر قەۋەت سىرلىق پەردە بىلەن ئوراشتۇر. بىرلا ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تەكىداشسىز، شۇڭا زورۇر تېپىلغاندا زوراۋانلىق بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقىمىز بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەرگە قىلچە ئىشەنمەيدۇ. «بىزنى قوللىمىغانلىق بىزگە قارشى تۇرغانلىق «دېگەن ئەقىدە تەنقىدىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشنى دۈشمەنلىك، قىينىچىلىق بار دېيىشنى بۇزغۇنچىلىق، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنى خائىن دەپ قاراشتەك ھەرىكەت شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەھۋالدا، خاتا سىياسەتنى پەقەت غايەت زور ئاپەت ئارقىلىقلا تونۇپ يەتكىلى ۋە تۈزەتكىلى بولىدۇ .

تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاجىزلىقى ھەرىكەتتىكى كەمتۈكلۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. كوممۇنىزمنىڭ ھەرىكەت شەكلى ئۇنىڭ بىخەتەرلىك قاپقى ۋە سىگنال بېرىش ئەسلىھەسى يوق بولۇش، كىچىك ئاپەت كىچىك كېسەللەرنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش جەريانىدا كىچىكتۈرۈلۈش، شەخسىي

مەنپەئەت ئۈچۈن يۇقىرىغا يالغان مەلۇمات بېرىش، قورقۇش پسىخىكىسى كىشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتەك جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. باشلىقلار پەقەت سىياسىي ۋە جىسمانىي ھاياتىنى ساقلاپ قالالىسىلا، ئۆزىنىڭ سىياسى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالمىشىشى ھەمىشە كىشىنى ھاردۇرىدىغان سىياسىي كۆرەشلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ياخشى-يامان قارشىلىشىدىغان يۈزلىنىش بۇنداق سىياسىي تۇقۇنۇشلاردا كۈنسېرى ئېغىرلىشىدۇ. ئىقتىدارسىز رەھبەرلەرنى ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى كەمچىل بولغانلىقتىن، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ داۋاملىشىش ياكى داۋاملاشماسلىقى قارار قىلىش سىياسەتنىڭ مەغلۇبىيىتى بولماستىن، بەلكى ھوقۇقنى ئۇنۇملۈك ھالدا كونترول قىلالامدۇ يوق دېگەنلىكتۇر.

كوممۇنىزم مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدە. ماركسىزم-لېنىنىزم سىياستىنىڭ تۈپكى مەنبەسى تارىخقا قارىتا تۈپكى خاتا ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىگە بولغان ئېغىر خاتا چۈشەنچىدۇر. شۇڭا، كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتى ئىدىيە ساھەسىدە ئىپادىلەندى. كوممۇنىزم ئادەمنىڭ كىشىلىك ئەركىن لىككە بولغان ئەڭ ئەقەللى تەلپۈنۈشلىرىنى؛ كىشلەرنىڭ سەنئەت ۋە دىن ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەش ئارزۇسىنى؛ مەدەنىيەت كەڭ تارقالغان ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرى كەڭرى تەسىر كۆچكە ئىگە دەۋردە، كىشلەرنىڭ سىياسىيدا تاللاش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتىرىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن شەخسنىڭ ماددىي بەھىرلىنىش ئارزۇسى ئوتتۇرسىدا ئورگانىك باغلىنىش بارلىقىنى ئويلاشمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىزم ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچى ۋە ئىسلاھات روھىغا باي جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، ئەمما ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىدى .

ئىدىيىدىكى مەغلۇبىيەت كوممونىزمنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى تەرەققىيات قەدىمىنى قىينىلاشتۇرۇۋەتتى. ماركسىزم-لېنىنىزم 20-ئەسىردىكى خەلقئارالىق ئىشلارنى قارار قىلىدىغان ئاساسىي كۈچلەرنى ئالدىن كۆرەلمىگەن ياكى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن. ماركسىزم- لېنىنىزم

ئىرقچىلىق بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ كومپارتىيە دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى مىللىي توقۇنۇشنى تۈيۈقسىز كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدىغا نلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغان. كومپارتىيىدىكى ھەر قايسى گۇرۇھلار باشقىلارنى ماركسىزم-لېنىنىزمغا خائىنلىق قىلدى دەپ ئەيىبلىگە نلىكتىن، مىللىي توقۇنۇش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.سوۋېت ئىتتىپاقى-يۇگوسلاۋىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى-جۇڭگو ئارىسىدىكى چوڭ تالاش-تارتىشتا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ تالاش-تارتىشلار ماركسىزم لېنىنىزم ئىدىيە سىستېمىسىغا ۋەيران قىلغۇچ ھۇجۇمدۇر. كوممۇنىزممۇ دىنىنىڭ چاقىرىق كۈچىنى تونۇپ يەتمىگەن، شۇڭا پولشادا يۈز بەرگەن رىم كاتولىك دىنىنى ئاساس قىلغان قارشىلىق ھەرىكىتىگە ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن قاتتىق چۆچىدى. ئەڭ ئاخىرىدا خېلى ئەھمىيەتلىك بىر نۇقتا شۇكى، تېخنىكا ئىنقىلابى ھوقۇقنىڭ تەقسىملەشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى، لېكىن ماركسىزم-لېنىنىزم يەنىلا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ئۇقۇملارغا چىڭ ئېسىلىۋالدى .

ئومۇمەن، ھەرىكىتى، تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيە ئامىللىرى كوممۇنىزم سىياسىتىنىڭ مۇقەررەر خاتا ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. بۇ سىياسەتلەر ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى غۇۋالاشتۇرۇپ تاشلىدى.

# 23-باب كەلگۈسكە نەزەر

2017-يىلى، بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىقىدا، ئىلگىرىكى قىزىل مەيدان (بۇ چاغدا ئەركىنلىك مەيدانى دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ) دىكى لېنىن قەبرىسى ئەتراپىغا تاختا پەن تىكىلىپ، قەبرىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى توسايدۇ. لېنىن قەبرىسى يەر ئاستى توختىتىش مەيدانىنىڭ كىرىش ئېغىزى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ، ماشىنا توختىتىش مەيدانى زور ساندىكى ساياھەتچىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن لايىھىلە نگەن. ساياھەتچىلەر كەلگۈسىدە كېرمىل سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن «بەھۇدە 100 يىل-50 مىليون ناھەق ئۆلگەن روھ» يەرمەنكىسىنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ يەرمەنكە مەڭگۈ ئۆتكۈزىلىدۇ.

بۇ پارچە بولسا 2017-يىلى موسكۋادىن كەلگەن خەۋەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە دەسلەپتە كۆرگەندەك ئۇنداق يىراقتا، غەلىتە ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئېھتىمال تامامەن باشقا بىر ئەھۋال كۆرۈلۈپ، نۆۋەتتىكى تۈزۈلمە داۋاملىشىپ، 2017-يىلغا بارغۇچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. ۋاقتى كەلگەندە، يەنە بىر سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىگە دۆلەتنى گۈللەندۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ ھەمدە بۇرۇنقى رەھبەرلەرنىڭ بىر قاتار خاتالىقلىرىنى يەنە ئەيىبلەيدۇ. ئۇ ئەيىبلەيدىغان كىشىلەر ھەم برېژنېۋ، ستالىن ھەم گورباچېۋنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گورباچېۋ قويۇپ بەرگەن كۈچ ئېھتىمال تارىخنىڭ داۋاملىشىشىنى ئەمەس بەلكى ئۈزۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كوممۇنىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كەلگۈسىنى قانداق مۆلچەر قىلىش تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشكە باغلىق: گورباچېۋنىڭ سىياسىتى كوممۇنىزمنىڭ گۈللىنىشى ياكى ئاجىزلىشىشىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ گەرچە گورباچېۋ كوممۇنىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەققىدە چوڭ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى ئېنىقلا بولۇپ، گۈللىنىش ئەمەس بەلكى ئاجىزلىشىشتۇر. بۈگۈنگە قەدەر، ئۇنىڭ ئىسلاھاتى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش

پەيدا قىلدى، بۇ ئۆزگىرىشلەر مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتىن بولسۇن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلدى. شەرقىي ياۋروپا ۋە جۇڭگودا، ئىسلاھات تېخىمۇ دادىل ئەمەلىي ئۇنۇمنى تەلەپ قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىش خاھىشى تېخىمۇ ئېغىر بولدى.

ھازىرقى زامان كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بىر مەزگىل ئاساسىي نەزەرىيە دەپ قارالغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخىمۇ شۇنداق. ئىقتىساد جەھەتتە، يېزا ئىگىلىك، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەر، ھەتتا سانائەتتىكى دۆلەت ئىگىدارلىق تۈزۈمى ياكى خەلق ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىدىن ۋاز كەچتى ياكى ئۇخشىمىغان دەرىجىدە ئاجىزلىدى؛ بىر تۇتاش پىلان ۋە مال باھاسى تەنقىدكە ئۇچرىدى، مەلۇم شەكىلدىكى بازار مېخانىزمىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىقتىسادىي تۈرمۇشقا ئېلىپ كىردى. سىياسىي جەھەتتە، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاممىۋى مېدىيەلەرنى كونترول قىلىشى پارچىلانماقتا؛ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى چېكىنىپ، «سىرتتىن كەلگەن» تەسىرنى بايقۇت قىلىشقا ئۆزگەردى؛ بىر قىسىم كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە، كومپارتىيىنىڭ «بىرلا ئادەمنىڭ گېپى گەپ بولۇش» بارغانسېرى كۆپلىگەن ھۇجۇملارغا ئۇچرىدى؛ پەقەت كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان مونوپوللۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ماركسىزم-لېنىنىزمدىن ۋاز كېچىپلا قالماي، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى كىشىلەرمۇ كوممۇنىزمنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدىن گۇمانلاندى. ئۇلار ئىزچىل تارىخىي كىيىم سېلىش ئۇسۇلى شەكلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى نەزەرىيە كىيىملىرىنى بىر قات-بىر قاتتىن ئىنكار قىلدى (ياكى سېلىۋەتتى). ھەقىقىي كوممۇنىزم مۇرىتلىرى برېژنېۋئىزمنىڭ 20 يىللىق ئىقتىسادىي كاساتچىلىق ۋە چىرىكلىك دەۋرى دەپ ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن؛ 10 يىللىق «تەنتەك پىلان» نى يولغا قويۇش سەۋەبلىك تەنقىدلەنگەن خرۇششېۋنىڭ ئەمەلىيەتتە دەۋرگە ماس كەلمىگەن «ئىسلاھات» پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن؛ ستالىنىزمنىڭ يىتەرلىك جىنايەت خاتىرىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن؛ كىشىلەرنىڭ

ئوغرىلىقچە كۆسۈرلىشىپ، گورباچېۋنىڭ رېۋىزىئونىزمى لېنىنىزمنى ئىنكار قىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئېنىقلا كوممۇنىزمنىڭ يەنە ئىشەنگۈدەك نېمىسى بار، دەپ گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. ئوخشاشلا، جۇڭگودا بىر مەزگىل مۇقەددەس دەپ قارالغان ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى تەنقىدىي خاراكتېردە قايتىدىن باھالاشقا ئۇچرىماقتا؛ شەرقىي ياۋروپادا، كۆپ قىسىم دەسلەپكى پارتىيە رەھبەرلىرى ئۆلگەندىن كېيىن ستالىنىزم قالپىقى كىيگۈزۈلدى. يۇقىرىقى بارلىق ئامىللار ماركس -لېنىن- ستالىنىزملارنى شىلىپ ئېلىپ، پەقەت ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ قۇرۇق جاھازنىلا قالدۇرۇپ قويىدى، 19-ئەسىردىكى ماركسىزم يەنە 21-ئەسىر كېلەي دەپ قالغان پەيتتە دۇنيادىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا يېتەكچى پرىنسىپ بولالىشى ناھايىتى تەس.

كوممۇنىزم شۇنداق قىلىپ تارىخىي خاراكتېردە چېكىنمەكتە. بۇ خىل چېكىنىش ئىقتىسادتا تېخمۇ مول ئۈنۈم، سىياسىيدا تېخمۇ كۆپ قىرلاشقان تۈزۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرالامدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى دۆلەت سەۋەبلىك ئوخشىمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆپىن چىلەر تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەزكۇر كىتابنىڭ دەسلەپكى ئىككى بابىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلى، گورباچېۋنىڭ سىياسىتى يەر شارى مىقياسىدا رىقابەت كۈچىگە ئىگە ئىقتىساد بارلىققا كەلتۈرەلىشى ناھايىتى تەس، ھەم كومپارتىيە بوش نازارەتچىلىكنى يولغا قويغان ئەھۋالدا خەلق ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشىمۇ ناھايىتى تەس. لېنىنىزمنىڭ دېموكراتىيىگە قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسى، دۆلەتنىڭ كۆپ مىللەتلىك بولۇشى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مەركىزىي ھاكىم مۇتلەق ئورتاق تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنى سىياسىي ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۇنۇملۇك تۆۋەنگە چۈشۈشنى قوبۇل قىلالماس قىلىپ قويۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئاكتىپ تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، سىياسىي كۆپ خىللىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇشنىڭ ئېھتىماللىقى باشقا تۆت خىل ئېھتىماللىقتەك چوڭ ئەمەس. بىرىنچى ئېھتىماللىق بولسا ئۇزۇنغا سوزۇلغان، قىلچە نەتىجىسى بولمىغان تۈزۈلمە كرىزىسى بولۇپ، تۈزۈلمە كرىزىسى نەچچە ئون يىل

داۋاملاشىسىمۇ، ئىنىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئىقتىسادتا بارغانسېرى نارازى بولغان شەھەر ئاممىسى، بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ مۇقىمسىز بولغان رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر پات-پات ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ئىككىنچى ئېھتىماللىق بولسا مالىمانچىلىق تىنجىغاندىن كېيىن، روسىيە تارىخىدىكى ئەزەلدىن بار بولغان مەركىزىي ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قايتا باش كۆتۈرىدۇ، ئەمما ئىقتىسادىي كاساتچىلىقمۇ قايتا باش كۆتۈرىدۇ. بەلگىلىك ۋاقىتتا، بۇ ئەھۋال ئېھتىمال ئۈچىنچى ئېھتىماللىقنى، يەنى ئارمىيە ۋە ك گ ب سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشىنى (ھەتتا كىشىلەر ئالدىن قىياس قىلغىنىدەك، گورباچېۋ ئالەمدىن ئۆتكەندە يۈز بېرىشى مۇمكىن) كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، سىياسىي ئۆزگىرىش ئاممىنىڭ چوڭ روسچىلىق مىللەتچىلىك كەيپىياتىدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. تۆتىنچى ئېھتىماللىق بولسا ئۈزۈلۈنغا سوزۇلغان كىرىزىس ئەڭ ئاخىرىدا تەلتۆكۈس ئېنىق بولمىغان كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىگە ئايلىنىپ، مەزكۇر بابنىڭ باشلىنىشىدىكى خىيالىي مەنزىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا، بۇ ئېھتىماللىق يوق دېيەرلىك. تۆتىنچى ئېھتىماللىق يەنە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان مىللىي توپىلاڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئۈزۈلۈنغا سوزۇلغان، قىلچە نەتىجىسى بولمىغان كىرىزىستۇر، كىرىزىس تىنجىغاندىن كېيىن قايتىدىن ئىقتىسادىي كاساتچىلىق دەۋرىگە كىرىدۇ. مۇنداق ئاقىۋەت كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، كومپارتىيە دۆلەتلىرى ئارىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىدېئولوگىيىنىڭ پارچىلىنىش مۇساپىسىنى تېزلەشتۈرىدۇ. يەنە بۆلگۈنچىلىك ئارزۇلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى جىددىي ئەھۋالنى كەسكىنلەشتۈرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ھۆكۈمەتنىڭ تەلىماتىغا بولغان گۇمان ئىدېئولوگىيىدىكى ۋاكۇئۇمنى پەيدا قىلىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنى ئىپادە قىلىدۇ. گورباچېۋ بۈيۈك رۇس مىللەتچىلىكىنى قايتا

تىرىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. ئاقىۋەت، گورباچېۋ مەقسەتسىزلا تارىخنىڭ مۇساپىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقىي پارچىلىنىشىدەك ئېھتىماللىقنى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئىنقىلابنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا، رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ كەيپىياتى شۇنچە ئۇلغىيىدۇ. موسكۋادىن ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان مىللىي توپىلاڭ يۈز بېرىپ، ھامان بىر كۈنى (ئېھتىمال ناھايىتى تېز بولىشى مۇمكىن) مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقنى ئاشكارا تەلەپ قىلىدىغان كۈرەشكە ئايلىنىدۇ. بويسۇندۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن لىتۋا، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيەدە بۇ ئەھۋال يۈز بەردى. كۆپ خىل دىن ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار بولغان ئەرمىنىيە، ئەزەربەيجان ۋە گىرۇزىيىدىمۇ بۇ ئەھۋال كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئەھۋال ئېھتىمال مۇسۇلمانلار نوپۇسى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانغا يامرىشى مۇمكىن. سلاۋيانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ئۇكرائىنا، ھەتتا رۇسلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بېلورۇسىيىدىمۇ ئوخشاش خىلدىكى مىللىي ھەرىكەت كۆرۈلىشى مۇمكىن، بۇ موسكۋاغا نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك ئىش خالاس. ئۇكرائىنا نوپۇسى كۆپ ۋە بايلىقى مول بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، 21-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۇنيادا كەسكىن مىللىي توقۇنۇش قىينچىلىقى ئەڭ چوڭ بولىدىغان رايون ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقى بولىشى مۇمكىن. بۇ ۋەزىيەت مىللەتچىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرى كوممۇنىزمنى يېڭىپ چىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

مىللىي مۇناسىۋەتلەر جىددىيلەشكەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىش مەركەزدىن قاچما كۈچى بارغانسېرى چوڭىيىدۇ، بۇ مەسىلىنى ئامال بار ھەل قىلىدىغان، يەنە ئىسلاھات بېكىتكەن نىشانغا (يەنى ئىقتىسادتا ھوقۇقنى بۆلۈشۈش ۋە سىياسىيدا كۆپ خىللىشىش) ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىجابىي لايىھە قاتتىق باستۇرۇش ۋاستىسى بىلەن سوۋېت ئىمپېرىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي سوۋېت

فىدراتسىيىسى تۈزۈمگە ئۆتتۇشتۇر. لېكىن، رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكتىن، ھەقىقىي ئۆزى خالىغان ھالدا فېدراتسىيە بولۇش ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك. بۇنىڭدىن سىرت، موسكۋا مۇبادا راستىنلا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنى قويۇپ بەرسە، موسكۋا ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە روسىيىنىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنىڭ تۈختىتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ۋەزىيەت ئەلۋەتتە رۇسلارنى خوشال قىلمايدۇ.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان كىرىزىسنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە مەركىزىي ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش كوممۇنىزمنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا يوقىلىشىغا پايدىلىق، ھەتتا يوقىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. نۆۋەتتە، ئىدېئولوگىيە ئەمەلىي مەنىسىنى يوقاتتى، روسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ كەيپىياتى ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالدا ھەربىي سىياسىي ئۆزگۈرۈشكە تايىنىپ مەركىزىي كونتروللۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندا، نەزەرىيە جەھەتتىن رەسمىي باھانە تاپقاندىن سىرت، يەنە چوقۇم چوڭ رۇسچىلىق مىللەتچىلىكىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىشكە قانۇنلۇق ئورۇن تېپىش ھەمدە رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر نىڭ ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشتا ئاممىۋى ئاساس قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. لېكىن، ستالىنىزمنىڭ كونا تاكتىكىسىنى ئىشلەتمىسە، مىللەتچى لىك ھېسسىياتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتقىلى بولىدىغان بولمايدىغانلىقى گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. مىللەتچىلىك ھېسسىياتى پاندورا قۇتىسىدىن چىقىپ كەتتى، مىللەتچىلىك ئۇستۇنلىكنى ئىگىلىگەن دەۋردە، پادورا قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتمەن دېمۇ ئەتكىلى بولمايدۇ.

بىرلا ۋاقىتتا، ئاشكارىلىقمۇ چوڭ رۇسچىلىق مىللەتچىلىكىنىڭ ئاشقۇنلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بەزىدە ھەتتا ئەسەبىي شوۋىنىزم باسقۇچىغا باردى. ھۆكۈمەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شۆھرىتى يەرگە ئۇرۇلدى، قالدۇرۇپ قويغىنى بىر پارچە ۋاكۇئۇم بولۇپ، مىللەتچىلىك دەل يوچۇقتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالدى. باشقىچە جانلانغان ۋە تەسىر كۈچى چوڭ رۇس ئاممىۋى تەشكىلاتى «خاتىرىلەش جەمئىيىتى» (Pamyat) بۇ ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلاندى، چوڭ رۇسچىلىق مىللەتچىلىك

ھېسسىياتىنى قاتتىق قۇتراتتى. بۇ كىشىلەر كوممۇنىزمنىڭ 70 يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىگە كەلتۈرگەن زىيانلىرىدىن («خاتىرىلەش جەمئىيىتى» سەۋەبىنى يەھۇدىي تىرىلدۈر گۈچلىرى ۋە ئەكىن ماسونچىلارنىڭ تەسىرىدىن دەپ قارايدۇ) بارغانسېرى نارازى بولدى، بىرلا ۋاقىتتا ئۇزۇنغا داۋاملاشقان كىرىزىسنىڭ ئېھتىمال ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلىتىۋېتىشى مۇمكىنلىكىدىن بارغانسېرى قورقىدىغان بولدى.

خېلىسىنكىدىن لېنىنگراتقىچە بولغان تۆمۈر يول ياقىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە پونكىتى گۈل بەرگىدىن تىزىپ چىقارغان «بىز تارام-تارام يوللار كوممۇنىزمغا تۇتاشقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز» ئۇمىدۋار شوئار بار. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىدا كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئۆزگۈرۈشلەر كوممۇنىزمنىڭ چېكىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كوممۇنىزمنىڭ ئۇسۇللىرىنى قاتتىق سۇسلاشتۇرىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك مالىمانچىلىق ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ھوقۇقىنى تېنچ ھالدا تېخىمۇ جانلىق ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان جەمئىيەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنە كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي كاساتچىلىق كوممۇنىز منىڭ قىلچىمۇ كەلگۈسى يوقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مىللەتچىلىك ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ تەلپىنى چىقىش قىلىپ قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارادىكى شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى تارىخىي مەغلۇبىيەتتىن بەلگە بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەغلۇپ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كەلگۈسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىدىلا كوممۇنىزمنىڭ شۆھرىتىگە ھەمدە يەر شارى مىقياسىدىكى كەلگۈسىگە پايدىسىز ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئامىللار بار.

شەرقىي ياۋروپادىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشمۇ كوممۇنىزمنىڭ ئومۇمىي كىرىزىسىنى كەسكىنلەشتۈرۈشى مۇمكىن. ئۆزگىرىش ئەھۋالى دۆلەتكە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، ئەمما مىللەتچىلىك كەيپىياتى ۋە مىللەتتىن ھالقىغان يېگى بىر خىل كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچرايدۇ. مىللەتچىلىك ھېسسىياتى ئۇزۇندىن بۇيانقى توقۇنۇشنى

كەسكىنلەشتۈردى، مەسىلەن ھونگرىيە (ۋېنگرىيە) ۋە رۇمىنىيە ئارىسىدى ترانسىلۋانىيا (Transylvania) تالاش-تارتىشى؛ مىللەت ھالقىغان كوللېكتىپ ئالاڭ ئېھتىمال بىرلىككە كەلگەن ياۋروپا كۆز قارىشىنى بارغانسېرى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كوممۇنىزمنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزم قارىشىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن. غەربىي ياۋروپا كۆنسېرى تەرەققىي قىلىپ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئورگاننىڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ قالدى، ياۋروپانىڭ سىياسىي بىر گەۋدىلىششى ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشكە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەندە، ياۋروپانىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ شەرقىي ياۋروپالىقلارنى جەلپ قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. شەرقىي ياۋروپالىقلار بىلەن ياۋروپا زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۆزلىرىگە ئىقتىسادىي پايدا ئاتا قىلىدۇ. تېخىمۇ بىر گەۋدىلەشكەن، ئىقتىسادتا ھاياتىي كۈچكە تولغان، مەدەنىيەتتە سېھرىي كۈچكە باي ياۋروپا بىلەن داۋالغۇپ تىنجىمىغان ياكى ئىقتىسادىي كاساتچىلىقتا ئالغا باسالمىغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن روشەن ھەمدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ.

شۇڭا، بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كوممۇنىزم ئەمدى شەرقىي ياۋروپاغا ماس كەلمەيدۇ. كوممۇنىزم بىر خىل نەزەرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىدىيە ساھەسىگە بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتتى؛ بىر خىل ئەندىزە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەتتا ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدا شۆھرىتى ئاللاقاچان يەرگە ئۆرۈلدى. بۇ دەل ئىككى ئالاقىدار مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: بىرىنچى، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كوممۇنىزم تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشى قانداق يۈز بېرىدۇ؟ ئىككىنچى، پارچىلانغاندىن كېيىن غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدىكىدەك تۈزۈم بارلىققا كېلەمدۇ ياكى مىللەتچى دۆلەتلەرنىڭكىدەك مۇستەبىت تۈزۈم بارلىققا كېلەمدۇ؟

ئەھۋال ئېھتىمال ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن. بارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى دېگۈدەك غەربىي ياۋروپا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى كۆزلىمەكتە، پولشا ۋە ھونگرىيە ئېھتىمال ئىزچىل بۇ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى مۇمكىن. بۇ ئىككى دۆلەت يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇلارغا مەجبۇرىي تاڭغان تۈزۈمنى پەيدىنپەي بۇزۇش جەريانىدا، باشتىن-ئاخىر

باشلامچىلىق رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. بىرلا ۋاقىتتا، ئۆز ئۆزىگە خوجا بولغان، كومپارتىيىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمىغان ئاۋام جەمئىيىتى بۇ ئىككى دۆلەتتە كۆرۈلۈپ، زالىم سىياسىي ھوقۇقنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز تارىيىپ، ھەقىقىي سىياسىي تۈرمۇشمۇ ئەسلىگە كېلىشنى تېزلىتىدۇ. شۇڭا، ئىككى دۆلەت باشقا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا ئالدى بىلەن ھەل قىلغۇچ مۇھىم بۇرۇلۇش باسقۇچىغا كىرىدۇ، پەقەتلا قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىدىغان، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن، ئىلاجىسىز قالغان (لېكىن ھاكىمىيەت شەكلىدە يەنىلا) كومپارتىيە بىر پارتىيىلىك دىكتاتۇرىلىق تۈزۈم ھەقىقىي سىياسىي تاللاش ئەركىنلىكى بولغان ئىسمى جىسمىغا لايىق كۆپ خىللاشقان دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆزگىرىدۇ.

لېكىن، بۇ بۇرۇلۇشنى تاماملاش ناھايىتى تەس. بۇگۈنگە قەدەر، بىرەرمۇ كومپارتىيە ھاكىمىيىتى بۇ بۇرۇلۇشنى تىنچلىق بىلەن تاماملىغىنى يوق. ھونگىرىيە تىنچلىق بىلەن ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت. ھونگىرىيىنىڭ يەر مەيدانى كىچىك، جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىن ئېيتقاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى چوڭ ئەمەس، شۇڭا، موسكۋا ھونگىرىيىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشىگە ئارىلىششىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك. ھونگىرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمى پولشاغا قارىغاندا تېخىمۇ ئوچۇق-يورۇق ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. بارلىق بۇ ئامىللار ھونگىرىيىنى كۆزگە كۆرۈنگەن ھالدا ئاۋام جەمئىيىتىدىن پەيدىنپەي سىياسىي جەمئىيەتكە ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي كۆپ خىللاشقان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىشى مۇمكىن. پولشا جەمئىيىتى گەرچە ھونگىرىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ قايىل قىلارلىق شەكىلدە سىياسىيدىكى ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما پولشانىڭ تىنچ ئۆتۈش ئېھتىماللىقى ھېنگىرىيىنىڭكىدەك چوڭ ئەمەس. پولشانىڭ كۈچلۈك مىللىي ھېسسىياتى ۋە كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقى كوممۇنىزمنىڭ يوقىلىش بىلەن بىرگە بىر مەزگىل مالىمانچىلىق كۆرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئەلۋەتتە، ئىشلار زادى قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىدا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جەريانىنى قانچىلىك دەرىجىدە سىغدۇرالايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا رايونلاردا، ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن. شەرقىي گېرمانىيە كومپارتىيىنىڭ پروسسىيسى بولۇپ قالدى، ئىنتىزاملىق، دادىل، ئۇنۇملۇكتۇر. بولۇپمۇ غەربىي گېرمانىيىنىڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن پۇل چىقىرىشى، شەرقىي گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەرگەندە، شەرقىي گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىشى مۇمكىن. لېكىن، شەرقىي گېرمانىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسلىقى ئالاھىدە مىللىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سەۋەبلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ كوممۇنىزم تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىدىن ئەمەس. چېخوسلوۋاكىيە پولشا، ھونگرىيىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىچە تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىپ، ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچەيتىشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق تۈپلىك «پراگا باھارى» ھەرىكىتىدىكى كەيپىياتنى قايتىدىن ئويغىتىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك سىياسىي مالىمانچىلىقنى پەيدا قىلىدۇ. رۇمىنىيە ۋە بولغارىيە ئېھتىمال ئۆزگىرىشلەردە ئەڭ ئارقىدا قېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئىككى دۆلەت مىللەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت ئىچى سىياسىتىنى بېكىتىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى سىياسىي ئۆزگىرىشكە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىش قەدىمى ۋە مۇساپىسىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۆزگىرىشىنى سىغدۇرالىسا، ئۇنداقتا ئۆزىمۇ ئېھتىمال ئۇزۇن ھەمدە تەستە يەتكىلى بولىدىغان، ئەمما چوقۇم داۋالغۇپ تىنجىمايدىغان دۆلەت ئىچى ئۆزگەرتىشىنى يۈرگۈزۈشى مۇمكىن. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۆزگىرىشىنى قاتتىق باستۇرۇش غەرىزىدە بولسا، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى ئاستىلىتىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن، ئىمپېرىيىنىڭ سىرتقى چېگرىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئېھتىمال گورباچېۋنىڭ ئىسلاھاتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىنى بەدەل قىلىشى مۇمكىن. شەرقىي ياۋروپا مەيلى ياۋروپا ئىتتىپاقى چوڭ ئائىلىسىگە كىرىشكە ئاكتىپ ئىزدەنسۇن، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باستۇرۇشىغا يەنە باش ئەگسۇن، ھەممىسى كوممۇنىزمنىڭ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئورنىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

پەقەت جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى كوممۇنىزمنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئەمما جۇڭگودا بولغان تەقدىردىمۇ، ئەڭ ئاخىرى ئويلىمىغان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئىلگىرى تەسۋىرلىگىنىدەك، جۇڭگو ھاكىمىيىتى ئۆز دۆلىتىنى تېنچ ئوكيانىنى چۆرىدىگەن گۈللەنگەن دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىرىشچانلىقى مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى مۇمكىن. لېكىن، مۇۋەپپىقىيەت قازانماقچى بولسا، جۇڭگونىڭ قوللانغان سىياسىتى چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ نەزەرىيىسىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ، كومپارتىيە دۆلىتى بولمىغان قوشنىلىرىنىڭ ئىقتىسادىكى ئىنتايىن مۇۋەپپىقىيەتلىك بولغان سىياسىتىغا (تاشقى سودىنى دۆلەت ئىچى ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى سىلجىتىش ۋاستىسى قىلىش سىياسىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بارغانسېرى ئوخشايدۇ. سودىلاشقان، قىسمەن چېرىكلەشكەن كوممۇنىزم ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي ئېشىشقا ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى قارىشى چوقۇم زور دەرىجىدە سۇسلايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا، جۇڭگومۇ باشقا كوممۇنىزم دۆلەتلىرى، مەسىلەن ۋيېتنام ياكى شىمالىي كورىيىنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ. شۇڭا، ئەنئەنىۋى كوممۇنىزم تەلىماتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ.

ئەمما بۇ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇبىيىتى كوممۇنىزمنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىش كۈچىنى يەنە بىر قېتىم قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. دەل ئەكسىچە، نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار ئېھتىمال ئىقتىسادنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىككىلەمچى كوممۇنىزم مۇھىتىدا ئىقتىسادىي مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئەنئەنىۋى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سىياسىي ئەركىنلىككە بولغان چەكلىمىسىنى تامامەن يوقاتقاندىلا ئاندىن ئىقتىسادىي مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاپ بەردى، دەپ قارىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش كۈنسېرى مۇھىملىشىدۇ، جۇڭگو ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا كەسكىن، جىددىي سىياسىي كۈرەشنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

ئىقتىساد كۈنسېرى كۆپ خىللاشقان ئۇزۇن مۇساپىدە، جۇڭگودا ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم ئۆزىنىڭ سىياسىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئاۋام جەمئىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، قاتتىق، ھەتتا بوران-چاپقۇن كەبى سىياسىي قارشىلىشىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەلۇم باسقۇچتا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادتىكى مۇۋەپپەقىيىتى سىياسىي كرىزىسنى قوزغايدۇ، سىياسىي كرىزىس ئەكسىچە ئىقتىسادتىكى مۇۋەپپەقىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ. جۇڭگو رەھبەرلىرى رېئاللىقتىن ئۆزىنى مەڭگۈ قاچۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس: مەركىزىي ھاكىم مۇتلەق كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى ۋە ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش، ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇدىغان جەمئىيەت ئارىسىدا ماگغىلى بولىدىغان ئارىلىقتىكى يول يوق.

ھازىرقى مەۋجۇت كومپارتىيە دۆلەتلىرىدىن سىرت، ئىنقىلاب ياكى سايلام ئارقىلىق يېڭى كومپارتىيە ھاكىمىيىتى قۇرۇشنىڭ پۇرسىتى يوق دېيەرلىك. ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر، بولۇپمۇ ئۈچىنچى دۇنيادىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر ئۆز رايونىدىكى ئالاھىدە سەۋەبلىك يۈز بېرىدۇ ھەمدە مەلۇم ئارىلاشما تەلىمات ئارقىلىق قوزغىلىدۇ. بۇ ئارىلاشما تەلىمات ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بەزى تەركىبلىرى بىلەن ئۆز رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاتقىلى بولىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ـ ىگە ياقىدىغان تەلىماتنى بىر گەۋدىلەشتۈرىدۇ. پېرۇنىڭ «نۇرلۇق يول» ياكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ «ئازادلىق ئىلاھىيەتشۇناسلىقى» دەل بۇ بىرىكىشنىڭ ئۈلگىسى. ئۇمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك سىياسىي زوراۋانلىق قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان رايوندا، يەنە باشقا شەكىلدىكى نەزەرىيە، بولۇپمۇ مەلۇم دىنىي مەزمۇنغا سىڭىپ كىرگەن نەزەرىيە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

ھازىر ئازلا قالغان زوراۋان ئىنقىلاب نەزەرىيىسى ۋە جەمئىيەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىشنى مەجبۇرىي يول قويۇش نەزەرىيىسىدە، مۇقەررەر ماركسىزمنىڭ بىر قىسىم تەركىبلىرى ئارىلاشقان، ماركسىزمنىڭ تارىخىي قارىشى دۇنيا بىلىم مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى، ھەر قانداق ئاشقۇن رەھبەر ئاگلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ماركسىزمنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب تەشۋىقاتلىرىغا سىڭدۈرىدۇ. ئەمما، ھېچكىم چوقۇم ماركسىزمنى چوقۇم تولۇق قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ قارىمايدۇ. ماركسىزم ئۆزىنىڭ

تارىخىي ئورنىنى ئاللىقاچان يوقاتتى، ئەمدى ئومۇمىيۈزلۈك سىستېمىلاشقان نەزەرىيە ئەمەس.

بۇنىڭدىن سىرت، ھەتتا كوممۇنىستلاردىمۇ پەلسەپەدىكى پانئىزم خاھىشى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، بۇ خاھىش كىشىگە يېقىنقى يىللاردىكى دىنىي ساھەدىكى پان-خرىستىئانىزم (ecumenism) نى ئەسلىتىدۇ. بۇنداق «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر شەكلىدە ناھايىتى ياخشى بىر مىسال بار، دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇبزور چىلىرىدا كۆرۈلگەن كونسېرى روشەنلىشىۋاتقان خاھىش بولۇپ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم قۇرۇش مۇساپىسىدە، نەزەرىيىنىڭ بۇرمىلانغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسى ئەمدى ھەممە يەرگە ماس كېلىدىغان نەزەرىيە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئىدىيىدىكى سۇيئىستېمالچىلىق (پراگماتىزم) ۋە پۇرسەتپەرەسلىك (syncretism) سىياسەتتە تېخىمۇ كۆپ بوشاشتۇرۇشنىڭ بارلىقىنى، كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما، نەزەرىيە ياكى دىنغا بارغانسېرى ئېغىر سوغۇق پوزىتسىيىدە بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى سوغۇق پوزىتسىيە ئېتىقاد كۈنسېرى يوقىلىۋاتقان بىرىنچى باسقۇچنىڭ يادروسى، بۇ بىر ئىچكى ئۆزگىرىش، مۇتلەقچىلىكتىن نىسپىيلىققا بۇرۇلۇش، دوگمىچىلىقتىن ھەر كىم ئۆز قارىشىدا بولۇشقا بۇرۇلۇشتۇر. لېكىن بۇ بۇرۇلۇش دەل كوممۇنىزمنىڭ ئازابىدۇر.

# 24-باب كېيىنكى كوممۇنىزم

نۆۋەتتە، كۆرۈلۈشكە باشلىغان يېڭى بىر ھادىسە-كېيىنكى كوممۇنىزمدۇر. گەرچە 20-ئەسىر كوممۇنىزم غەلىبە قىلغان دەۋر بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەتەن كوممۇنىزم غايەت زور خىرىس قىلغان دەۋر بولدى. بۇ خىرىس كوممۇنىزم تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ تېزلىكتە يوقاشقا باشلىدى. كەلگۈسىدە ئۆز ئارا زىددىيەتلىك ھادىسە كۆرۈلىدۇ: كوممۇنىزمنىڭ «مۇۋەپپىقىيەت» قازىنىش قازىنالماسلىقى كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ كارخانا ئەركىن تىجارەت يۆلىنىشىگە قاراپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلغان قىلمىغانلىقىغا، پارتىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان بىۋاسىتە كونتروللۇقىدىن ۋاز كەچكەن كەچمىگەنلىكىگە بارغانسېرى باغلىق بولۇپ قالدى.

شۇڭا، كېيىنكى كوممۇنىزم شۇنداق بىر تۈزۈمكى، بۇ تۈزۈمدە كوممۇنىزمنىڭ يوقىلىشى شۇنچىلىك دەرىجىدە بارىدۇ، مەيلى ماركسىزم نەزەرىيىسى بولسۇن، ياكى ئۆتمۈشتىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئەمەلىيىتى بولسۇن، ھەممىسى ئۇ چاغدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىگە ئەمدى مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا، كوممۇنىزم ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ (دۆلەت ئىقتىسادى بۇ ھاكىمىيەتتە ئالغا باسالمايدۇ) ئاساسى دېگەن كوممۇنىستلارنىڭ ئېغىزىدىكى ھەقىقىي كوممۇنىزم ئەمەلىيەتتە كوممۇنىزمنىڭ ماھىيىتىدىن چەتنەش دېگەن كوممۇنىستلار، تەپتارتماستىن كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى ئاشكارا ئىنكار قىلغان كوممۇنىستلار، ئۆزىنى «كوممۇنىست» دېگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئەستايىل ھالدا كوممۇنىزمنىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجتىمائىي سىياسەتكە يېتەكچى قىلمايدۇ. بۇلار دەل كېيىنكى كوممۇنىزم سىستېمىسىدىكى ھادىسىلەر. سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يا ئاستا ياكى تېز ھالدا كېيىنكى كوممۇنىزم باسقۇچىغا كىرىدۇ.

كېيىنكى كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ كۆرۈلىشى ئېنىقلا كىشىلەردىن ئىككى مۇھىم مەسىلىنى ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ: 1. ماركسىزم-لېنىنىزم دىكتاتۇرىسى پەيدىنپەي كۆپ خىللاشقان دېموكراتىك سىياسىيغا، ياكى مەلۇم شەكىلدىكى دۆلەت مۇستەبىتلىكىگە ئۆتەمدۇ يوق؟ 2. 20-ئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ مىراسلىرى قايسىلار؟

دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش كوممۇنىزم دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرگە قارىغاندا، كېيىنكى كوممۇنىزمغا ئۆتۈش مەسلىسى نەزەرىيىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئىنتايىن تارتىدىغان، سىياسىيدا پەۋقۇلئادە مۇھىم مەسىلە. بۈگۈندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، بۇ مەسىلە كوممۇنىزم دۇنياسىنى ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالغا پاتقۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىگە قارىتا، كوممۇنىستلار تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئەمەلىيەتتە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى توغرا پەرەز قىلىشقا ئامالسىز بولسىمۇ، ئەمما غەربتىن ئىنچىكە بىر ئىستراتېگىيە تۈزۈپ، كېيىنكى كوممۇنىزمنىڭ ئۆكۈشلۈق ھالدا دېموكراتىك سىياسىيغا ئۆتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كوممۇنىزمنىڭ زور مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، كوممۇنىزم ھاكىمىيىتى يىراقتىن قارىغاندا ئېھتىمال ئىككى خىل ئاساسىي تاللاش چىقىرىشى مۇمكىن. بىرىنچى، پەيدىنپەي كۆپ خىللاشقان جەمئىيەتكە ئۆتۈش. ئۆتكۈنچى مەزگىلدە دەرىجىسى ئوخشىمىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە شەخسىي ئىگىلىكتىكى ئارىلاشما ئىقتىساد بارلىققا كېلىدۇ. ئاۋامنىڭ ئىجتىمائىي دېموكراتىك ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكتىن، بۇ خىل ئىقتىساد قانۇنلۇق دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، بەزى كومپارتىيە دۆلەتلىرى ئەڭ ئاخىرى خەلق ئاممىسى قەتئىي تەلەپ قىلغان ئەركىن تىجارەت قىلىدىغان شەخسىي كارخانىلارنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمىگە ئۆتۈشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان يولغا قاراپ ماڭىدۇ. ئىككىنچى، ھازىرقى تۈزۈلمىگە ئاساسىي جەھەتتىن چېقىلماستىن، دۆلەت تەرەققىي قىلىشقا ئامالسىز قېلىش. بۇ دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىنى ئۆيپىراتسىيە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بەلكى ھەربىي ساقچىلارغا تايىنىپ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلار

ئەنئەنىۋى ماركسىزم-لېنىنزمدىن ئەمەس، بەلكى مىللەتچىلىكتىن بارغانسېرى پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى تاللاشتا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمما ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان مەسىلە بولسا، بۇ ئىككى يۆلىنىشكە قاراپ ئۆزگىرىش پەيدىنپەي بولىدۇ، يەنە ھەر ۋاقىت بىر قىسىم ئېغىر مالىمانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ.

بۈگۈنگە قەدەر، تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ بىرىنچى تاللاشنى چىقىرىشىنىڭ كەلگۈسى كىشىنى ئانچە خۇش قىلمايدۇ. ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە فاشىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى ھاكىمىيەت جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىنىڭ مۇستەقىل پائالىيىتىگە رۇخسەت قىلىدى، ھەل قىلغۇچ پەيتتە بۇ پائالىيەتلەر كۆپ خىللاشقان سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئۆزگىرەلەيدۇ. شۇڭا، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە پەيدىنپەي ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىچە ھاكىمىيەت قۇرغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ھاكىم مۇتلەق شەكىلدە، بۇ دەل سىياسىي كۆپ خىللىقنىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقىنى تۈپتىن چەتكە قاقتى. نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا ھاكىم مۇتلەقلىك نىسبەتەن ئاز بولغان يۇگوسلاۋىيىدە، لېنىنزمنى مەنبە قىلغان كومۇنىستىك پارتىيە بىر پارتىيىلىك تۈزۈم ئەنئەنىسى باشقا سىياسىي رەھبەرلىك كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بېسىپلا قالماستىن، يەنە بۇ دۆلەتنىڭ پەيدىنپەي مەلۇم شەكىلدىكى سوتسىيال دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتۈشكە توسقۇنلۇق قىلدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك، ئىدېئولوگىيىنىڭ سۇسلىششىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كومپارتىيىلىرىدىكى ھۆكۈمران قاتلام مىللەتچىلىك شوئارى ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى كۈچەيتىشكە بارغانسېرى يۈزلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال كوممۇنىزم پولشاسىدا ئاللاقاچان يۈز بەردى، پولشادىكى ھەربىيلەرنىڭ رەھبەرلىكى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بۇ ئەھۋالمۇ يۈز بەردى، گەرچە ئۇنچە روشەن بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ يۈزلىنىشى ماركسىزم-لېنىنزم نەزەرىيىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ كۈنسېرى كىچىكلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقكى، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ كۈچلۈك

مىللەتچىلىك ئىگىسى بار. گەرچە بۇ كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ هاياتىي كۈچىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا پايدىسىز بولسىمۇ، ئەمما مىللەتچىلىك ئەقىدىسىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك هالدا مۇستەبىت هۆكۈمرانلىققا ئۆزگەرتكەن هوقۇق ئورگانلىرىنىڭ مۇستەھكەملەپ، جۇڭگونىڭ دېموكرا ـ تىيە مۇساپىسىنى كېچىكتۈرۈشكە پايدىلىق.

لېكىن، كېيىنكى كوممۇنىزمنىڭ تېخىمۇ دېموكراتىك يۆلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىنلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش هەم خاتادۇر. بەزى كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئازاد قىلىش هەرىكىتى هەمدە ئەمدى سىياسىي تۈزۈلمە كونترول قىلمايدىغان ئاۋام جەمئىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ كېيىنكى كوممۇنىزم دۆلەتلىرىنىڭ پەيدىنپەي هەقىقىي كۆپ خىللاشقان سىياسىي تۈزۈلمىگە ئۆزگىرىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۇشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېڭىچە ئاممىۋى مېدىيە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئالاھىدە مۇھىم، چۈنكى بۇنداق قىلىش كوممۇنىستلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي تەشۋىقات مونوپوللۇقىنى بۇزۇۋېلا قالماستىن، يەنە ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشلارنىڭ تارقىلىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەل كوممۇنىزمنىڭ تارىيىش مۇساپىسىدە نەچچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە هازىرقى مەۋجۇت كومپارتىيە هاكىمىيەتلىرىنىڭ سىياسىي ئىسلاهات مۇساپىسىدا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

| ئالاقىدار دۆلەتلەر | كوممۇنىزمنىڭ تارىيىشىنىڭ هەر قايسى باسقۇچلىرى |
|---|---|
| ئالبانىيە<br><br><br>شىمالىي كورىيە | بىرىنچى باسقۇچ: كوممۇنىزم هاكىم مۇتلەقلىقكومپارتىيە سىياسىي سىستېمىنى كونترول قىلىدۇ، سىياسىي سىستېما |

| | |
|---|---|
| | جەمئىيەت بىلەن سىياسىينى |
| ۋېيتنام | كونترول قىلىدۇ.ئىككىنچى |
| شەرقىي | باسقۇچقا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى |
| گېرمانىيە | مەزگىل: ئۆتكۈنچى باسقۇچتا، |
| | ھوقۇققا ۋارىسلىق قىلىش كۈرىشى |
| | يۈز بېرىدۇ. بۇ كۈرەش ھاكىمىيەت |
| رۇمىنىيە | يۈرگۈزۈۋاتقان كومپارتىيىنى |
| كۇبا | پارچىلايدۇ، كومپارتىيىنى |
| چېخوسلوۋاكىيە | ئىجتىمائىي ئىقتىساد جەھەتتە يول |
| سوۋېتلەر | قويۇشقا قىستايدىغان جەمئىيەت |
| ئىتتىپاقى | بېسىمى ئاشىدۇ.ئىككىنچى باسقۇچ: |
| جۇڭگو | كوممۇنىزم مۇستەبىتلىككومپارتىيە |
| | سىياسىي سىستېمىنى كونترول |
| | قىلىدۇ، ئەمما يېڭىدىن |
| | رىقابەتلىشىدىغان ئاۋام جەمئىيىتى |
| | بارلىققا كېلىدۇ، سىياسىي يەنىلا |
| | ئىقتىسادقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، |
| | ئەمما مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.ئۈچىنچى |
| | باسقۇچقا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى |
| | مەزگىل: ھۆكۈمران گۇرۇھلار |
| | كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان جەمئىيەت |
| نىكاراگۇئا | بېسىمى سەۋەبلىك، يۇقىرى قاتلام |
| ھونگىرىيە | زاتلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشى |
| | مۇمكىن؛ بەزى ئالاھىدە ئەھۋالدا، |
| | بىۋاسىتە تۆتىنچى باسقۇچقا ئۆتۈشى |
| | مۇمكىن؛ باشقا بىر ئېھتىماللىق |
| | بولسا، ئەگەر ئۆزگىرىش |
| | توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، دۆلەت |
| | پارچىلىنىشى ياكى مەجبۇرىي ھالدا |

| | |
|---|---|
| پولشا<br>يۇگوسلاۋىيە | بىرىنچى باسقۇچقا قايتىشى مۇمكىن.ئۇچىنچى باسقۇچ: كېيىنكى كوممۇنىزم مۇستەبىتلىكمۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاساسلىقى مىللەتچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان، پەقەت شەكىلدىلا يەنىلا كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاۋام جەمئىيىتى سىياسىي جەمئىيەتكە ئايلاندى، سىياسىينىڭ ئىقتىسادقا بولغان ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى.تۆتىنچى باسقۇچقا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى مەزگىل: ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرىدا، توپىلاڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئەمما ئايرىم دۆلەتلەردە تىنچ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. باشقا بىر ئېھتىماللىق بولسا، ئەگەر ئۆزگىرىش توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، دۆلەت پارچىلىنىشى مۇمكىن.تۆتىنچى باسقۇچ: كېيىنكى كوممۇنىزمنىڭ كۆپ خىللىششسىياسىي، ئىجتىمائىي ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە كۆپ خىللىشىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. |

دەل يۇقىرىقى تەھلىلدە ئىپادىلەنگەندەك، كوممۇنىزمنىڭ تارىيش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغىنى ھەمدە مۇقەررەر يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان باسقۇچ-ئىككىنچى باسقۇچ (كوممۇنىزم مۇستەبىتلىكى) تا، كوممۇنىستلار مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئېھتىمال ئوخشىمىغان تۈت يۆلىنىشكە قاراپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، ئۈچىنچى باسقۇچقا، يەنى كېيىنكى كوممۇنىزم مۇستەبىتلىكى باسقۇچىغا ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ. باشقا ئېھتىماللىقى كىچىكرەك بولغان ئۈچ ئۆزگىرىش بولسا: كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ يىمىرىلىشى، ھاكىم مۇتلەق دەۋرگە قايتىشقا ئۆرۈنۈش، بىۋاستە كۆپ خىللاشقان دېموكراتىك دۆلەتكە ئۆزگىرىشتۇر.

مەيلى قايسى ئەھۋالدا بولسۇن، بۇ ئۆزگىرىش جەريانلىرىدا كومپارتىيىنىڭ ئاممىۋى مېدىيە تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا بولغان مونوپول ھوقۇقىنى يوقىتىشى، كومپارتىيىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى بۇزۇشى ھەل قىلغۇچ مۇھىمدۇر. كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە، بولۇپمۇ پەقەت كومپارتىيە بىرلا پارتىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىدىيە سىڭدۈرمىچىلىكى قىلغان ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، يەنى خەلق ئاممىسى ئىدىيىدە قاپسىلىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، ھەر خىل ئۇچۇرلارنى چۈشىنىشكە ئالدىرايدۇ. شۇڭا، ئۇلار چەتئەل رادىئو ئىستانسىلىرى، تېلېۋىزىيىسى، سىنئالغۇ لىنتىسى، مەخپىي ژۇرنال قاتارلىق يېگىچە ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە، پەيدىنپەي ھۆكۈمەت بىلەن ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشقا ئىگە بولىدۇ. ئىقتىسادتىكى مەغلۇبىيەت سەۋەبلىك سىياسىيدا جانلانغان زىيالىيلار يۇقىرىدا دېيىلگەن سىياسىي كۆز قاراشقا ئاساسەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە سىياسىينىڭ كۆپ خىللىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇرۇپلا قالماي، يەنە قانۇن تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ ئالاقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى (ئىسلاھات جەريانىدا، يول قويىدۇ ۋە ھوقۇقنى قويۇپ بېرىدۇ) مەقسەتسىزلا بۇ خىل ئىقتىساد ۋە سىياسىيدىكى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولسا، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر ھاكىم مۇتلەق شەكىلدىكى دىكتاتۇرىغا ھۇجۇم قوزغايدۇ.

كوممۇنىزم دۇنياسىدىكى بەزى دۆلەتلەر ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى باسقۇچتا تۇرماقتا. غەرب دۆلەتلىرى يىراقنى كۆرەر ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىپ، كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ كېيىنكى كوممۇنىزمدىكى دېموكراتىك يۆلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بۇ ئىستراتېگىيە كېيىنكى كوممۇنىزم ئۆتكۈنچى مەزگىلىدىكى دۆلەت مۇستەبىتلىكى باسقۇچىنى كۆپ قىسىم كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم سىستېمىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى پەيدىنپەي قۇتۇلۇپ چىقىشىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان تەرەققىيات باسقۇچى دەپ قارىشى كېرەك. لېكىن، بۇ باسقۇچنىڭ نەتىجىسى قىسقا بولۇپ، دېموكراتىيەلىشىشى مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چوقۇم پايدىلىق، چۈنكى ئىقتىسادىي كاساتچىلىق سەۋەبلىك، ئامما كومپارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئومۇميۈزلۈك نارازى بولغان ئەھۋالدا، سەۋرى-تاقىتى قالمىغان ئامما ئېھتىمال كەڭ كۆلەملىك، پەيتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، كومپارتىيىنى كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشقا قىستىشى، توپىلاڭنى باستۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كېيىنكى كوممۇنىزمنى پەيدىنپەي دېموكراتىك سىياسىيغا ئۆتكۈزۈشتىكى ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىش تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھەمدە ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە.

ئىنسانىي ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش تەسىرى غايەت زور، ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولۇپ، كوممۇنىزمنىڭ ھالاك بولۇش مۇساپىسىنى تېزلەتتىدۇ. ئىنسانىي ھوقۇق بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچى بار سىياسىي كۆز قاراش. غەرب ئىنسانىي ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى ئۈنلۈك خىتاب قىلىشى بارلىق كومپارتىيە دۆلەتلىرىنى مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدى. ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ شۇنچىلىك جەلپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، سىياسىيدا ئاللاقاچان ئويغانغان ئامما بارلىققا كەلدى، ئۇلارنى يەنە دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىش، ئۇلارغا ئىدىيە سىڭدۈرمىچىلىكى قىلىش ئىنتايىن تەسلىشىپ كەتتى. كېيىنكى كوممۇنىزم مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئىنسانىي ھوقۇق سادالىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئىنتايىن ئاسان ئۇچرايدۇ، چۈنكى بۇ خىل ھاكىمىيەتتە ئومۇميۈزلۈك، كىشىنى قايىل قىلىدىغان، مۇكەممەل

ئىدېئولوگىيە نەزەرىيىسى يوق. شۇڭا، نەزەرىيىدە يوچۇق كۆپ، سىياسىيدا بىر پەشۋاغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئىنسانىي ھوقۇقتا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىش ھازىرقى كومپارتىيە دۆلەتلىرىنى مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپلا قالماي، يەنە يەر شارى مىقياسىدىن قارىغاندا، دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن كومپارتىيە دۆلەتلىرىنى ئېنىق ئايرىش سىزىقىنى سىزىپ بېرىدۇ. دۇنيا خەلقىنىڭ نەزىرىنى كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئاۋامنىڭ ئەركىنلىكىنى تارتىۋالغا نلىقىغا، شەخسىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرز قىلغانلىقىغا، مۇكەممەل قانۇن تۈزۈلمىسى يوقلۇقىغا، ئاممىۋى مېدىيە ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا قاتتىق سىياسىي كونتروللۇق يولغا قويغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنى كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم، بازار ئىقتىسادى ۋە ھەقىقىي دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا ياردىمى بولىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كۆپ خىللىشىش ھاكىم مۇتلەقلىكنىڭ زەھەر قايتۇر غۇچىسى دەپ قارايدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى بولسا كومپارتىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەردە دېموكراتىك كوممۇنىزم ئۇقۇمى ئۆز ئارا زىت دېگەن قاراشقا كەلتۈرىدۇ.

ئىنسانىي ھوقۇقتا ھۆرمەت قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىش يەنە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىگە بىۋاستە نەزەرىيە ئاساسى تەمىنلىدى. بۇ پائالىيەتلەر مۇستەقىللىقى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان، سىياسىي ھەدى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان ئاۋام جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت كوممۇنىزم تۈزۈلمىسىدە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردىمى بار. مۇستەقىل بىر ئاۋام جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى جەمئىيەتنىڭ كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئەڭ ئاخىرى ئازاد بولۇپ چىقىشىنىڭ باشلىنىشىغا باراۋەر. بىر قىسىم كومپارتىيە دۆلەتلىرىدە، ھەتتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئۆزلىكىدىن بىر قىسىم مۇستەقىل كوللېكتىپلار يوپۇرۇلۇپ چىقتى. بۇ كوللېكتىپلار يېگىچە ئالاقە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئامما ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلارنى تارقاتتى. كومپارتىيىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدىغان بۇ خىل سىياسىي تەشۋىقات دېموكراتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىسلاھاتىنى قانداق قىلىش جەھەتتە بىردەك پىكىر قولغا كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق، ھەم ئوخشىمىغان

سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ پەيدىنپەي ئۆسۈپ يېتىلىپ ھەقىقىي سىياسىي ئۆكتىچى بولۇشىغا پايدىلىق. بەلگىلىك ۋاقىتقا كەلگەندە، ئۇلار ھوقۇقنى تىنچ ئۆتكۈزۈپ بېرىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى سىياسىيدا كوممۇنىزم ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمدىن مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان كېيىنكى كوممۇنىزم مۇستەبىتلىكىگە ئۆتۈش مۇساپىسىدىن پايدىلىنىدۇ.

دەرۋەقە، نۇۋەتتىكى بەزى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى كېيىنكى كوممۇنىزم باسقۇچى (ئاخىرقى مەزگىلىدە، بىر قىسىم تۇپىلاڭچىلار يۈز بېرىشى مۇمكىن) نى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن تامامەن بىر گەۋدىلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. كومپارتىيە دۆلەتلىرى بىلەن كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى، ئىلىم مۇناسىۋىتى، ھەتتا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقلارنىڭمۇ دېموكراتىيە مۇساپىسىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق، ئەگەر بۇ پائالىيەتلەر بىلەن ھازىرقى كومپارتىيە ھاكىمىيەتلىرىدە ھەقىقىي مۇستەقىل ئاۋام جەمئىيىتىنى قۇرۇش تىرىشچانلىقى ئۆز ئارا بىرلەشسە، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا، يىلنامىگە يېزىلىدۇ، ئازاب-ئوقۇبەت يەنە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، مەسخىرە تۈسىگە ئىگە ئەھۋال بولسا بەزى ئادەملەرنىڭ قارىشىدا، كوممۇنىزم ئالدىنقى ساناائەت جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە دېموكراتىيىلەشكەن كۆپ خىللاشقان جەمئىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىدا تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن، يۇقىرى بەدەل تۆلىگەن ئۆتكۈنچى باسقۇچ.

ماركسىزم مۇكەممەل بىر جەمئىيەت قۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ، ھەم بىر قىسىم مۇۋاپىق، ھەتتا ئىجابىي تەرەپلىرى بار. كۆپ خىللاشقان دېموكراتىك دۆلەت 20-ئەسىردە بۇ تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ تۈزۈلمىسىگە يۇغۇرۇشى كېرەك، بۇ بەزى كومپارتىيە دۆلەتلىرىنى ئەڭ ئاخىرىدا خەلقئارا جەمئىيەت قوينىغا ئەكىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. غەربنىڭ سوتسىيال دېموكراتىز مچىلىرى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتنى يۈرگۈزۈشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلغانلىقتىن، يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا ھەتتا ئەركىن كارخانا تىجارەت تۈزۈمىگە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەرمۇ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمىنى تۈزۈشكە ھەممىدە ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، خادىملارنىڭ ئۆسۈش پۇرسىتى تەكشى بولۇپ،

دەرىجىگە ئايرىلىپ باج ئېلىنىدۇ (تەقسىملەشنىڭ ئادىل بولماسلىقىنى يېڭىش ئۈچۈن)، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەرگە مائارىپ پۇرسىتى بېرىدۇ، پۇقرالارغا ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھەقسىز داۋالاش قاتارلىق كۆپ خىل پاراۋانلىق پىلانلىرىنى تەمىنلەيدى. شۇڭا، كارخانا ئەركىن تىجارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كۆپ خىللاشقان دېموكراتىك دۆلەتلەرمۇ چوقۇم پۇقرالارنىڭ دەرد ئەلىمىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

دېموكراتىك دۆلەتنىڭ پۇقرالارنىڭ دەرد ئەلىمىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك بۇ نۇقتىنى ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىش كۇنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كوممۇنىزم مىنىڭ ئەمدى ھەر قانداق تارىخىي بۇرچنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئۇنۇملۇك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. دېموكراتىك دۆلەت جەمئىيەتكە يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بار ھەممە شەخسنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىدۇ (بۇ ئەھۋالدا دۆلەت تەڭداشسىز غەلىتە مەخلۇق ئەمەس، بەلكى پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ رولىنى ئەركىن ئىپادىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان، چەكلىك قورال)، شۇڭا ھەم كىشىنىڭ ھەر خىل تەلىپىنى قاندۇرىدىغان، ھەم ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئىنتايىن ئەۋزەل مېخانىزم بەرپا قىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەگەر زالىم، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسلىق ۋاستە قىلسا، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل چۈشى ئېھتىمال قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

20-ئەسىردە، كوممۇنىزم ئىنسانىيەتكە ئاپەت كەلتۈردى، ئەمما ئېچىنىشلىق ھەم ئىنتايىن مۇھىم ساۋاق بەردى: ئۇتوپىيىچە جەمئىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مۇرەككەپ ئىنسانلار مۇھىتى ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدۇ؛ پەقەت سىياسىي ھوقۇق چەكلىمىگە ئۇچرىغاندا ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە جارى بولىدۇ. بۇ مۇھىم ساۋاققا ئاساسەن، 21-ئەسىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغىنى كوممۇنىزم ئەمەس بەلكى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن.

2013-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى تاماملاندى.

1.مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسى 2012-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى ھەمكارلىشىپ تەرجىمە قىلىشقا چاقىرىق ئېلان قىلىندى، 2012-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن باشلاپ قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرىدا ئېلان قىلىندى. 2013-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى تەرجىمە، تەھرىرلىك ۋە مۇنبەرگە يوللاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

2. كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان 12 تورداشقا سەممىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. تەرجىمە تەجرىبىسى بار باشقا تورداشلارنىمۇ ھەمكارلىششقا چاقىرىمەن.

3. كىتابنىڭ ئېنگلىزچە نۇسخىسىنى يىراق ئامېرىكىدىن تەمىنلەپ بېرىپ، تەرجىمىگە تېخىمۇ قولايلىق يارىتىپ بەرگەن دوستلاردىن كىرىس ۋالدېن (Chris Walden، ئامېرىكىلىق) ۋە ئەنتىي لى (AntyLee، جۇڭگولۇق) لارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن!
4. مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمە خۇلاسىسىنى، يەنى تەرجىمە جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئايرىم تېما قىلىپ يوللايمەن.

5. ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىشنى قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرى ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: ئوكيان توردىن نەپرەت 2009

كېيىنكى ئىنكاسلاردا كىتابنىڭ ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن گرافىكلار يوللىنىدۇ، جەمئىي 22 پارچە گرافىك بار، قىزىققۇچىلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن:

错误!




قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

错误!

### ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياپونىيەلەرنىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى ئومۇمىي سودا سوممىسى

ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سوممىسى مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى بىرلىك قىلغان




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 美国 | 36 982 | 50 763 | 85 936 | 213 992 | 477 771 | 574 771 |
| 苏联 | 2 997 | 5 055 | 8 518 | 30 791 | 67 059 | 65 967 |
| 日本 | 8 546 | 16 621 | 38 199 | 113 569 | 271 737 | 307 652 |

ئامېرىكا ■ سوۋېت ئىتتىپاقى ▨ ياپونىيە ░

قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

مەنبە: مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى

!错误

### غەربىي گېرمانىيە، شەرقىي گېرمانىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى

ئىمپورت، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى بىرلىك قىلغان




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| غەربىي گېرمانىيە | 21 587 | 35 525 | 64 235 | 165 106 | 380 863 | 342 403 |
| شەرقىي گېرمانىيە | 1 435 | 1 847 | 3 251 | 8 241 | 15 192 | 17 627 |
| چېخوسلوۋاكىيە | 1 371 | 1 743 | 2 721 | 6 091 | 10 784 | 9 529 |

غەربىي گېرمانىيە ■ شەرقىي گېرمانىيە ▨ چېخوسلوۋاكىيە ░

ئاخبارات مەنبەسى: مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

سودا سانلىق مەلۇماتى پەقەت ئەركىن بازاردا پۈتۈشكەن سودا سوممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دۆلەت كونتروللۇقىدىكى دۆلەت ھالقىغان تەشكىلاتلارنىڭ سودىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ

قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

错误!

ئىسپانىيە ۋە پولشانىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا سوممىسى




مەنبە: مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

### ئىتالىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا سوممىسى




مەنبەسى: مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا كېزىتى

قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

### ئاۋستىرىيە ۋە ھونگىرىيىنىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا سوممىسى




قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

### جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى

ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سوممىسى مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى بىرلىك قىلغان




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھىندىستان | 3 435 | 4 525 | 4 151 | 10 736 | 23 451 | 26 451 |
| جۇڭگو | ئېنىق ئەمەس | 3 715 | 4 201 | 13 961 | 38 231 | 70 805 |

مەنبەسى: مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

### ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياپونىيەلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ماشىنا سانى

ھەر 1000 ئادەمگە توغرا كېلىدىغان پىكاپ سانى




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | 342 | 385 | 433 | 491 | 520 | 540 |
| سوۋېت ئىتتىپاقى | ئېنىق ئەمەس | ئېنىق ئەمەس | ئېنىق ئەمەس | ئېنىق ئەمەس | 33 | 36 |
| ياپونىيە | 5 | 22 | 85 | 154 | 203 | 228 |

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى، ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى



قۇتادغۇبىلىك Qutad.Biz

## غەربىي گېرمانىيە ، شەرقىي گېرمانىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ماشىنا سانى




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| غەربىي گېرمانىيە | 78 | 153 | 223 | 290 | 376 | 400 |
| شەرقىي گېرمانىيە | 17 | 39 | 68 | 113 | 160 | 180 |
| چېخوسلوۋاكىيە | 20 | 29 | 58 | 102 | 149 | 163 |

غەربىي گېرمانىيە ■ شەرقىي گېرمانىيە ▨ چېخوسلوۋاكىيە □

قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

* ئېنىق سانلىق مەلۇماتنىڭ ئەڭ يېقىنقى يىللىرىدىكىسى

## جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ دۇنيا رىقابەت بازىرىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھىندىستان | 3 435 | 4 525 | 4 151 | 10 736 | 23 451 | 26 451 |
| جۇڭگو | ئېنىق ئەمەس | 3 715 | 4 201 | 13 961 | 38 231 | 70 805 |

ھىندىستان ■ جۇڭگو ▨

قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

مەنبەسى: مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ، ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

### ئىسپانىيە ۋە پولشانىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ماشىنا سانى




قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

### ئىتالىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ماشىنا سانى




قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

ئاۋسترىيە ۋە ھونگرىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ماشىنا سانى




قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى    ب د ت دۇنيا ستاتىستىكا گېزىتى

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېفون سانى




قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

## كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېفون سانى




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| غەربىي گېرمانىيە | 10.8 | 14.9 | 22.5 | 31.7 | 46.4 | 59.9 |
| شەرقىي گېرمانىيە | 7.6 | 9.8 | 12.3 | 15.2 | 18.9 | 21.1 |
| چېخوسلوۋاكىيە | 7.4 | 10.5 | 13.8 | 17.6 | 20.6 | 22.6 |

غەربىي گېرمانىيە ■ شەرقىي گېرمانىيە ▨ چېخوسلوۋاكىيە ⬚

Qutad. Biz

مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېفون سانى




مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېفون سانى




مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېفون سانى




مەنبە: ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

قۇتادغۇبىلىك Qutad.Biz

بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى




• مەنبە: ب د ت نوپۇس ستاتىستىكا يىلنامىسى، ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

قۇتادغۇبىلىك Qutad.Biz

## بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى




| | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| غەربىي گېرمانىيە | 33.8 | 23.8 | 23.5 | 19.8 | 14.7 | 8.9 |
| شەرقىي گېرمانىيە | 33.8 | 24.5 | 20.0 | 15.7 | 12.1 | 9.2 |
| چېخوسلوۋاكىيە | 23.5 | 25.3 | 22.1 | 20.9 | 16.6 | 15.3 |

غەربىي گېرمانىيە ■ شەرقىي گېرمانىيە ▨ چېخوسلوۋاكىيە ⬚

قۇتادغۇبىلىك Qutad. Biz

• مەنبە: ب د ت نوپۇس ستاتىستىكا يىلنامىسى، ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى




• مەنبە: ب د ت نوپۇس ستاتىستىكا يىلنامىسى، ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى




• مەنبە: ب د ت نوپۇس ستاتىستىكا يىلنامىسى، ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى




قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

• مەنبە: ب د ت نوپۇس ستاتىستىكا يىلنامىسى، ب د ت ستاتىستىكا يىلنامىسى

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران، 2013-يىلى 5-ئاي

## قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرىدىن رەتلەندى